مەھمۇت قەشقەرى

تۈركى تىللار دىۋانى

بىرىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇت قەشقەرى

تۈركى تىللار دىۋانى

ديوان لغات الترك

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 خەلقئارا مەھمۇت قەشقەرى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

http://www.orkhun.com/bbs

محمود كاشغرى

ديوان لغات الترك

جلد ١

ئېل كىتاپ تەييارلىغۇچى: ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن ياۋۇز

اورومچى ١٤٠٠

http://www.orkhun.com/bbs

مەھمۇت قەشقەرى

تۈركى تىللار دىۋانى

(دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)

بىرىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 1981

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:

(ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە)

ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، داموللا ئابدۇلھېمىت يۈسۈفى، خەلىل سالىخ، ھاجى نۇر ھاجى، ئوسمان مەھەممەتنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى (مەسئۇل مۇھەررىر)، ئىمىن تۇرسۇن (مۇھەررىر)، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى
ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى
«تۈركى تىللار دىۋانى»

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخى جەريانىدا، كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە، تۈرلۈك - تۈمەن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى؛ جۈملىدىن ئىلىم - پەن، ھۈنەر-سەنئەت ساھەسىدە ياراتقان ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن بىرى بولغان ئەمگەكچان ۋە ئىجاتچان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگا - رەڭ ۋە ئەلۋەك مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىشتا ھەم ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تارىختا ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنداق ئۆچمەس تۆھپىلەردىن بىرى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى».

بۇ ئەسەر 10 — 12 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن قاراخانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادى ۋە يۈكسەك مەدەنى ھاياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

1

11 - ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا دۇنخۇاڭ-دىن كۇچاغىچە بولغان رايوندا قوچۇ (تۇرپان)نى پايتەخت قىلغان

ئىدىقۇت خانلىقى؛ كۇچادىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان قاراخانىلار خانلىقى مەۋجۇت ئىدى[1].

ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى قارا بالغاسۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى 839 - يىلى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن خانلىقلار ئىدى.

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاساسىنى 8-ئەسىر ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر خانزادىلىرىدىن يۈرۈن تېكىن قۇرغان ئىدى[2]. بۇ خانلىق «قوچۇ» نى مەركەز قىلغانلىقى ۋە بۇ يەردە خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە مەنبەلەردە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى[3]. ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە جەنۇبىي تۈرك ۋە شىمالىي تۈرك، چوڭ جۇگيۇن ۋە كىچىك جۇگيۇن، ياغما، قارلۇق، قىرغىز، مومانغۇت، يۈرۈن دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى[4]. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بەشبالىق، قوچۇ دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرىدىن باشقا، چانبالىق، ياڭى بالىق، سۇلمى، ئۆمۈرغۇل (قۇمۇل) قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىمۇ بار ئىدى.

840 - يىلدا ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىلىرىدىن

---

[1] «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6 - دەپتەر، جۇڭخۇا خەرىتىشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ نەشرى، 1974 - يىل، بېيجىڭ.

[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 - جىلد، «بارچۇق ئارتىق تېكىن تەزكىرىسى».

[3] «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى».

[4] «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى. ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى».

بولغان ياغمىلار ۋە قارلۇقلار ئېلى، يەتتە سۇ ۋە چۇ رايونلىرىدا، يەنى ئىلگىركى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنىدە، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بىر ھاكىمىيەت قۇردى. كېيىنچە بۇ ھاكىمىيەتكە قەشقەر رايونىمۇ تەۋە بولدى. 893-يىلدىن باشلاپ، خاقان ئوغۇلچاق قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا چوڭ بىر ھاكىمىيەت شەكىللەندى. بۇ ھاكىمىيەت «ئۇلۇغ»، «كەڭ» ۋە «كۈن پېتىش ياق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانىلار» دەپ ئاتالدى. بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۆك ئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرى» دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تەركىبىدە كۆك ئارت ئۇيغۇرلىرى (شۇ جۈملىدىن ياغمىلار ۋە قارلۇقلار)دىن باشقا، يەنە قارلۇقلاردىن ئايرىلىپ چىققان چىگىل ياكى چىگىللەر، ئاندىن باسمىل، توخسى، چارۇق، چۇمۇل، تۈرگەش، قىرغىز قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى. خانلىقنىڭ تەۋەسىدە سوغداقلار، كەنچەكلەر ۋە شۇنىڭدەك ئىران تىلىنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ ياشايتتى.

قاراخانىلار تۇتقان كەڭ زېمىن مەمۇرىي جەھەتتىن 3 چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى: بىرىنچىسى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى، سەمەرقەنت ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم. بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەر — ئىقتىسات ۋە مەدە-

نىيەت مەركەزلىرى راۋاجلاندى. شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىي تەرەپلىرىدە قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، بارسغان؛ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدە تالاس، ئوترار، مەرغىنان، سەمەرقەنت، تېرمىز ۋە باشقىلار.

«قەشقەر "ئوردۇكەنت" دېيىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان.»[1] قەشقەر — ناھايىتى قەدىمقى شەھەر، ئۇ غەربىي خەن زامانىسىدىلا «سۇلى دۆلىتى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 581 — 618) شەھەرنىڭ سېپىلى 5 چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى.[2] قاراخانىلار دەۋرىدە بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. پۈتكۈل قاراخانىلارنىڭ سىياسىي مەركىزىلا ئەمەس، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى.

بالاساغۇن قاراخانىلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى ئىدى. 10 - ئەسىردىكى جۇغراپىيۇنلاردىن مەقدىسى بالاساغۇن ھەققىدە: «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە: «ئوردۇ — بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ "قۇز ئوردۇ" دېيىلىدۇ.»[3]

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 173 - بەت.

② «سۈي سۇلالىسى تارىخى»نىڭ «غەربىي ئەل تەزكىرىلىرى».

③ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 74 - بەت. بۇ يەردىكى «قۇز ئوردۇ» دېگەن سۆز «تەسكەي ئوردا» دېگەن بولىدۇ.

ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى تەمىن قىلدى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى بىلەن قاراخانىلارنىڭ مەركىزى قىسمى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىسىدە باش تۈگۈننى ئىگىلىگەن ئىدى. قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسى قوچۇ (تۇرپان)، ئاگنى (يەنجى)، كۇچا بىلەن قەشقەرگە كېلەتتى-دە، كۆك ئارت ئارقىلىق پەرغانە ۋە خۇراسان تەرەپ بىلەن ئىراندىن ئۆتۈپ، غەربىي دېڭىزغا چىقىپ كېتەتتى. يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بالاساغۇن ۋە بارسغاننى تۈگۈن قىلغان ئىدى. بۇ يوللار شەرقتە قىتان (لياۋ) پايتەختى شياڭجىڭفۇچە، شىمالىي سۇڭ پايتەختى بيەنجىڭ (كەيفىڭ) غىچە باراتتى. دەسلەپتە يىپەك سودىسى بىلەن نام قازانغان بۇ قاتناش يولى ئارقىلىق قىتان خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىلارنىڭ غەربتىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب ۋە شەرقىي روما بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلىرىنى ناھايىتى قويۇقلاشقان ئىدى. شەرق بىلەن بولغان سودىدا دورا-دەرمەك، خۇشبۇيلۇق، بېزەك بۇيۇملىرى ۋە قۇرال-ياراقلاردىن باشقا، ئىنچىكە-سۈپەتە يۇڭ توقۇلمىلار، كەندىر ۋە پاختا توقۇلمىلار، كۆن-بۇلغار، موي-تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، شۇنىڭدەك يىلقا تىجارىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئىدى[1]. غەربنىڭ تاۋار ماللىرىنى يەتكەشتە ئاساسىي رول ئوينىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قىتان يەرلىرىدە ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قەدىمى يەتمىگەن جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى؛ شۇنداقلا باغدات، دەمەشق ۋە كونستانتىنوپوللارمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ تونۇشلۇق شەھەرلەردىن ئىدى.

① «قىتان مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالى» 21-جىلدكە قارالسۇن.

قاراخانىلار 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇردى. ئىسلام دىنى قەشقەر ئەتراپىدا توختاپ قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى كۇچادىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغىمۇ يەتتى. ئەمما ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي دىن سۈپىتىدە كەڭ تارقىلىشىغا يول قويمىدى. ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى ئىدى.

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بىرەر ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ يېزىق قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللىنىلدى. مەسىلەن، قاراخانىلارنىڭ 1067 - يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان تەڭگە پۇللىرىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئەرەب يېزىقىمۇ ئىشلىتىلگەن.

ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە، ئىگىلىك ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىللە، ئىلمىي ئەدەبىيات بۇرۇنقى توققۇز ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز) ئەنئەنىسى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلاندى.

كۇچانىڭ شەرقىدە — ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ئەھلى قوچۇ ۋە بەشبالىقتا «توخار» ۋە سانسكرىت تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، خەنزۇچىدىن پەلسەپە ئەسەرلىرى، ئىدىيە ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، كۇچانىڭ غەربىدە قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسى ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۈرلۈك مىللەت ئالىملىرى توپلىغان دۇنيا ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنداق تەتقىقاتچىلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى

كەڭ بولدى؛ ئىسلام قانۇنىنى شەرھلەش، يۇنانىنىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى شەرھلەش، تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتلار نۇرغۇن ئالىملارنى جەلپ قىلغان ئىدى.

شۇنىسى روشەنكى، دىنىي جەھەتتىكى كەسكىن ئايرىمىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

لېكىن ئومەۋى ۋە ئابباسى خەلىپىلىرى ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىندا، بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ئاھالە ئەرەبلەردىن ھەرقانچە مەدەنىيەتلىك بولسىمۇ، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا، ئەرەب تىلىنى «مۇقەددەس تىل» دەپ ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەرەب يېزىقى ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلىناتتى. دىن، سىياسەت، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر مۇتلەق ئەرەب تىلىدا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. خەلىپىلىكنىڭ مەركەزلىرىدە، ئەرەب تىلى ئالىي ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن باشقا، ئىلىم-پەن تىلى قىلىنغان ئىدى. شۇڭا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە ۋە خۇراساندا، دەسلەپ تارىخىي سەۋەبلەر نەتىجىسىدە پارس تىلى ئەدەبىي تىل ئىدى. 10 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا جۇغراپىيەۋى ئەسەر يازغان ئىستەخرى بۇخارادا سوغد تىلى بىلەن بىر قاتاردا «دارى تىلى» مۇ بار ئىدى، دەپ ئەسلەتكەن. ئەنە شۇ «دارى تىلى» سامانىلار دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇ جايلاردا ئەرەب ئېلىپبەسى قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، بۇ تىل خۇراساندىن ئىراننىڭ باشقا جاي-

لىرنىڭمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئىراندا تۈركىي قەبىلىلەر
تەشكىل قىلغان خانلىقلارمۇ پارس تىلىنى رەسمىي ۋە ئەدەبىي،
تىل قىلىپ قوللانغان ئىدى.

ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسى زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەندە،
كېيىنكى خەلىپىلەر جەڭگىۋار مىللەتلەرگە تايىنىپ، ئۆز سەلتە-
نەتلىرىنى ساقلاپ، ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ داغدۇغىسىنى قوغ-
داپ قالماقچى بولدى. خەلىپىلىك دەسلەپتە خۇراسانلىقلاردىن،
كېيىنچە مەرۋىلىكلەردىن (تۈركىي خەلقلەردىن) ئۆزىگە قوشۇن
تەشكىل قىلدى①. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئوغۇز تۈركمەنلىرى
ئىراق ۋە شام تەرەپلەرگە، كىچىك ئاسىياغا تۈركۈملەپ كۆچتى.
شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى
ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىمپېرىيىنىڭ
غەربىي قىسمىدا ئوغۇز تۈركمەنلىرى قۇرغان سالجۇقىلار خانلىقى
ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى،
بارا - بارا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ دىۋان ۋەزىرلىرى ۋە ئەمىر-
سەركەردىلىرى ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىن بولۇپ، خەلىپىلىكنىڭ
ئەمەلىي ھوقۇقى شۇلارغا ئۆتتى. خەلىپە بولسا، دىنىي جەھەتتىكى
داھىلىق ئورنىنىلا ساقلاپ قالدى.

ئىمپېرىيىنىڭ غەربتىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى سالجۇقىلار
ئارقىلىق، شەرقتىكى سودا مۇناسىۋىتى قاراخانىلار ئارقىلىق
بولاتتى. بولۇپمۇ ئىمپېرىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھر
خەلقلىرى (ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر) مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھ-

① خۇددى شۇ مەزمۇندىكى پاكىت «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»
221 - جىلد، 2 - كىتاب، 146 - «تەزكىرە»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىمۇ
بايان قىلىنغان.

سۇلالىلىرى بىلەن تەمسىلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلىپىلىكنىڭ
ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى، ئاساسەن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىغا
ئۆتكەن ئىدى. بۇ ھال مۇتەناسىپ رەۋىشتە، سىياسىي ۋە مەدەنىي
تۇرمۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئىمپېرىيىنىڭ غەربىدە ۋە
شەرقىدە كۈندىن-كۈنگە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىۋاتقان ئەرەب-
ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا، قەدىمقى تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ قايتىدىن باش كۆتەرگەن ئىدى.

غەربىي ئاسىيادا، سالجۇقلاردىن ئالپ ئارسلاننىڭ ھەم
ئۇنىڭ ئوغلى مەلىكشاھنىڭمۇ باش ۋەزىرى بولغان نىزامۇلمۇلۇك
ئالىملارنى ۋە ئەدىبلەرنى قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات
بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ھۈنەر-
ۋەن-ئۇستىكارلار توپلانغان ئىدى. سالجۇقلار خانلىقىنىڭ ئە-
مەلىي ھوقۇقىغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغۇچى
تەرىكەن خاتۇن (قاراخانىلار جەمەتىدىن بولۇپ، سۇلتان مەلىك-
شاھنىڭ ئايىلى) مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەر، بالاساغۇن ۋە
شۇنىڭدەك تۈرك يۇرتلىرىدىن باغداتقا نۇرغۇن ئۇيغۇر-قارلۇق
زىيالىلىرى بارغان ئىدى. بۇلار نىزامۇلمۇلۇك باغدات ۋە ئىسپە-
ھانلاردا تەشكىل قىلغان مەدرىسە-كۇتۇپخانىلاردا پائالىيەت ئېلىپ
باردى. باغداتتا نىزامۇلمۇلۇك «نىزامىيە مەدرىسىسى»نى تەشكىل
قىلغاندا، قەشقەردە يۇسۇپ قادىرخان زامانىسىدىلا «ساجىيە مەد-
رىسىسى» تەسىس قىلىنغان[1] ۋە يۇقىرى بىلىم مەركىزى بو-

---

[1] قەشقەردە ھازىرمۇ «ساج مەدرىسىسى» دېگەن جاي بار،
مىلادى 1300-يىلى پۈتۈلگەن «سۇراھ» دېگەن كىتاب-
نىڭ ئاپتورى جامال قارشى نۇرغۇن ئىزدىنىپ يۈرۈپ،
جەۋھەرىنىڭ «سۇھاھ» دېگەن مەشھۇر كىتاۋىنى قەشقەردىكى

لۇپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىن نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر تەر-
بىيىلىنىپ چىققان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»
نى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن «الشيخ الامام
الزاهد» دەپ ئاتىغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتەك ئالىملار شۇ
مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان؛ شۇنداق قىلىپ، قاراخانىلار قە-
دىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەرقتىن ئەرەپ-
ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. 11-ئەسىر شارائى-
تىدا، گەرچە سالجۇقىلار ئەرەپ خەلىپىلىكىدە زور تەسىرگە ئىگە
بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىلارنىڭ تۈزۈمى سامانىلار ۋە سالجۇقىلار-
نىڭكىدىن ئىلغارراق ئىدى. مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق
دەيدۇ: «... قاراخانىلار، دەرۋەقە، سالجۇقىلاردىن ئىلغار ئىدى،
چۈنكى تۈركىستاندا، ھېچبولمىغاندا، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئارقىلىق چىن
مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ياشىغان ئىدى.»① نەتىجىدە قاراخانىلار
جارى قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تۈركى
خەلقلەرنىڭ ئومۇمى تىل-ئەدەبىياتىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئۈلگە
بولۇش رولىنى ئوينىدى.

ئەشۇنداق سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىي
مۇھىت ئەرەپ ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىمۇ، سىياسەت، مەدەنىيەت
ئەرباپلىرىنىمۇ، ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلىمىنىمۇ تۈركى تىلىنى
ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى. «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە
يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈركى تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق
يول يوق»؛ «تۈركى تىل ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن

«ساجىيە مەدرىسىسى»نىڭ كىتاپلار خەزىنىسىدىن تاپقانلىقىنى
ئۆز كىتاۋىدا قەيت قىلغان.

① بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان».

ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى»①.

ئەنە شۇنداق شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەيدانغا كەلگەن. «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۈكسەك مىللى ئىپتىخارىنىڭ مىۋىسى.

2

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇت قەشقەرى ئۆز تەرجىمھالى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن، ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭمۇ بۇ توغرىدا بىر نەرسە يازغانلىقى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس. بۇ ھەقتە پەقەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇچرىغان ئايرىم سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بەزى ئەھۋاللارنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە «بارسغان» شەھىرى ھەققىدە تەبىر بەرگىنىدە، مۇنداق قەيت قىلغان: «بارسغان — ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە يىلقا باققان؛ كېيىن بۇ يەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن بارسغان دەپ ئاتالغان.»②

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بارسغان — قاراخانىلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، ئۇ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ، يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، مۇقەددىمە.
② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، III جىلد، 625- بەت.

مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەردىن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشكەن، قوشۇن سەركەردىلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەھمۇتنىڭ ئاتىسىنى شۇلاردىن بىرى دىيىش مۇمكىن.

مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بارسغاندىن قەشقەرغە كوچۈپ كەلگەن. مەھمۇت ئۆزى قەشقەردە تۇغۇلغان. لېكىن تۇغۇلغان يېرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. «دىۋانۇ لۇغاتىت تورك» نىڭ I جىلدىدا «آذِغْ» يېزىسىغا «اِسمِ قَرْيَةٍ لَنَا» («بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ نامى» ياكى «يېزىمىزنىڭ نامى»)① دەپ ئىزاھ بېرىلگەن؛ «اُبل» (*opal*) سوزىگىمۇ شۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن②. لېكىن باشقا يېزا ياكى جايلارنىڭ ناملىرى ئىزاھلانغاندا، «بىزنىڭ» دىگەن ئېنىقلىغۇچى ئىبارە ئىشلىتىلمىگەن. مەسىلەن: «اَلْشْ — اِسمُ قَرْيَةٍ لَكَاشغَر» («ئالۇش — قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى»)؛ «اَلغُق — اسمِ قَرْيَةٍ لِكَاشغَرْ» («ئالغۇق — قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى»)؛ «قِزِل اُزْ — مُشْتَاة فى جبالِ كَاشْغَر» («قىزىل ئۆي — قەشقەر تاغلىرىدا بىر قىشلاق»③ ۋە باشقىلار.

مۇشۇلارغا ئاساسەن، مەھمۇت قەشقەرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ياشىغان يۇرتىنى قەشقەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېزىلىرىدىن ئاتۇشتىكى

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 44- بەت.
② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 49- بەت.
③ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 43-، 63-، 53- بەتلەر.

«ئازاق» ياكى توققۇزاقتىكى «ئوپال» دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن[1].

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان بەزى ئىشارەتلەردىن باشقا ئېنىقراق مەلۇمات يوق.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ III جىلدىدا، مەھمۇت قەشقەرى «بُكا بُذْرَج *bөkə buẑraq*» ھەققىدە ئىزاھلىغىنىدا، ئارسلان تېگىن غازىنىڭ قىرىق مىڭ ئەسكىرى بىلەن ياباقۇلارنىڭ يەتتە يۈز مىڭ ئەسكىرىگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شۇ جەڭگە قاتناشقانلاردىن جەڭدە نېمە ئۈچۈن يېڭىپ چىققانلىقىنى سورىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[2]. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئارسلان تېگىن غازى» ئېھتىمال ھىجرى 408 - يىلى (مىلادى 1017—1018- يىلى) بۇرادىرى توغان خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان «ئەبۇل مۇزەپپەر شەرەفىد دولە» ئۇنۋانىدىكى ئارسلان خان بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىلىرى»دىن بىرى ئېھتىمال «شەمسىد دولە» ئۇنۋانىدىكى ئەبۇنەسر ئەھمەت ئىبنى ئەلى ئىلىك خان بولسا كېرەك. بۇ كىشى ھىجرى 383- يىلى (مىلادى 993 — 994 - يىلى) بۇرادىرى ھارۇن ھەسەن

---

① ياغمىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن دەپ تەخمىن قىلىنغان يېڭىسار خەلقى ھەر يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى، يېڭىساردىكى ئوردا خېنىم، ھەزرىتى بېگىم مازىرىنى ۋە ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىنى (بۇ مازارنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى بولۇشى مۇمكىن دىگەن تەخمىنلەر بار) تاۋاپ قىلىدۇ.

② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، II جىلد، 545 - بەت.

بۇغراخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپ، 403 - يىلى (مىلادى 1012 — 1013 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئەبۇنەسر ئەھمەت ئىلىك خان 999 - يىلى بۇخارانى قولغا كەلتۈرگەن ۋە 1008 - يىلى سامانىيلارنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن يىللار بويىچە، مەھمۇت قەشقەرىنى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنياغا كەلگەن دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەمدى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ III جىلدىدا «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىدا يەتكۈزدى» دېگەن جۈملىگە ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ پۈتكەن ۋاقتىغا قاراپ، مەھمۇت قەشقەرىنى 11 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ۋاپات بولغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

«مەن شۇ تۈركلەرنىڭ... ئەڭ ئاسىلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دەپ ئۆزى توغرىسىدا تەرىپلىگەن ئىبارىسى بويىچە، مەھمۇت قەشقەرىنى خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولدا تۇتقان ياكى قوشۇنىنىڭ گۋاردىيە قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاسالىق قەبىلىدىن ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىلىرىمىز...» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

3

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىلى ھەققىدە، تارىختا بىرىنچى

بولۇپ، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. مەھمۇت قەشقەرى شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل (چىيىل)، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى.»[1]

مەھمۇت قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شىۋە لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ، تىزىپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرگەن. ئۆز تىلىنىڭ ئەڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ خۇددى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن.

مەھمۇت قەشقەرى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاپتور كىتابىنى تۈزۈشكە كىرىشىشتىن بۇرۇن، تۈركىي تىلدا ۋە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان لۇغەتشۇناسلىققا دائىر ھەرخىل ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇغان؛ جۈملىدىن، ئەرەبلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپىسىنى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە ئۆگەنگەن.

مەھمۇت قەشقەرى باغدادقا كەلگىنىدە، كىتابىنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يېزىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن. نەتىجىدە، ئۆز

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 3 - بەت.

زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل، يەنى زامانىسىغىچە تېخى قوللىنىلمىغان ئۇسۇل بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن. ئاپتور بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمەگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم». «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرى پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىۋىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم؛ تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم.»

شۇنىڭدەك، ئاپتور ئۆز كىتاۋىغا كىرگۈزگەن ھەربىر سۆز - ئىبارىنى كونكرېت، جانلىق مىساللار ئارقىلىق، ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدا ئىنچىكە - نازۇك ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى چۈشىنەرلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرگەن. ئاپتور ئۆزى يازغان مۇقەددىمىسىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك" —— "تۈركىي تىللار دىۋانى" دەپ ئات قويدۇم.»①

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا قايسى يىلى كىرىشكەنلىگى ھەققىدە كېسىپ ئېيتىش تەس. ئاپتور «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ I جىلدىدا، تۈرك مۇچەل يىللىرىنى ئىزاھلىغاندا: «بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز توت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ، يىلان يىلى كىرگەن ئىدى...» دەپ

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 3 - بەت.

يازغان. بۇ سۆزگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى بۇ كىتابنى ھىجرى 466 - يىلدىن بۇرۇنراق يېزىشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، كىتابنى ئاپتورنىڭ قولىيازمىسىدىن كۆچۈرگەن كاتىپ مۇھەممەت ئىبنى ئەبى بەكرى كۆچۈرگەن نۇسخىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويغان: «كىتابنىڭ ئاپتورى ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇ نۇسخىنىڭ ئاخىرىدىكى جۈملىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم: كىتاب 464 - يىلى جامادىل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىلىشقا باشلاپ، تۆت قېتىم تۈزىتىلىپ ۋە تەھرىر قىلىنىپ، 466 - يىلى جامادىل ئاخىرنىڭ 10- كۈنى دۈشەنبە تامام بولدى».

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «بۇ كىتابنى ھاشىم ئۇرۇغىدىن چىقىپ، ئاباسىلار سۇلالىسىدە يولباشچى بولغان... مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم.» بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، ئاپتور كىتابنى باغداتتا مۇقتەدى بىللانىڭ بوۋىسى قائىم بىئەمرىللا خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن؛ قائىم بىئەمرىللا ھىجرى 467 - يىلى (مىلادى 1075 - يىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللا خەلىپە بولغان. بۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتى ھىجرى 467 — 488 - (مىلادى 1075 — 1094 -) يىللارغىچە 19 يىل 5 ئاي داۋام قىلغان.

دېمەك، بىزنىڭ تەخمىنىمىزچە بولغاندا، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى ھىجرى 464 — 466 - (مىلادى 1072 — 1074 -) يىللىرى يېزىپ، تەھرىرلەپ بولۇپ، ھىجرى 467 - (مىلادى 1075 -) يىلىدا

قايتا تولۇقلاپ چىققان. ئاندىن ئابباسى خەلىپىلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچىسى بولغان ۋە جالالىدىن سالجۇقنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەختكە ئولتۇرغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان. بىر رىۋايەتتە، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان — ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يېڭى خەلىپىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن باغداتقا بارغاندا، مەھمۇت قەشقەرى مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان تاغىسى بىلەن بىللە خەلىپە ھوزۇرىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەلىپىگە تۇتقان ئىكەن.

4

مەھمۇت قەشقەرى تۈركى تىلىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە، مەنىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، «تۈركى تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ چىققان. «تۈركى تىللار دىۋانى» ئەرەبلەرنىڭ تۈركى تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر.

«تۈركى تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن تەخمىنەن يەتتە

مالىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) مەزمۇنى جەھەتتىن ناھايىتى كەڭدۇر. ئاپتور ھەربىر سۆزنى، ھەربىرلەرنىڭ ئاز-كوپلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەرەبچە ھىجا ئۇسۇلىدىكى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىپ، سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىخچام جۈملىلەرنى تۈزگەن؛ گاھىدا بىر سۆزلەمگە تەئەللۇق ھېكمەتلىك سۆز، قاپىيىلىك نەسر، تەمسىل، قوشاق-بېيىت، شېئىرغا ئوخشاش ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلانغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا خەلق تىلى، قەدىمقى تىل ۋە باشقا تىل ئامىللىرىنى بىر مەنبە سۈپىتىدە يۇغۇرۇپ بەرگەن.

بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا تۈركى قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇ زامانلاردا تارىختا ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن قاراش ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى، لېكىن مەھمۇت قەشقەرى دىنىي ئىدىيىۋى چەكلىمىگە قارىماي، تۈركى خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇمكىن قەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇت قەشقەرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب، پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ، بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار ۋە راۋايەتلەر

ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن يىگانە ئاپتور.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن خوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن، ھەتتا بۇ ناملار پەقەت ئادەتتىكى نام سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە بېغىشلاپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: ئومۇمەن، مەھمۇتنىڭ تۈرلۈك شەھەرلەرگە دائىر بەرگەن قىسقا مەلۇماتلىرىدىن، ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر بۇ زاتنىڭ قولىدا بارلىقى ئوقۇلىدۇ... مەسىلەن: «المقنع» (مۇقەننا) دېگەن ئادەم ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلار تۇرىدىغان «ئىنجۇكەنت» شەھىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شەھەر ئەشۇ قوۋمنىڭ تەۋەسىگە ئەرەپ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن خاراپ بولغان.[1] دەرۋەقە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلىشتىن 300 يىل بۇرۇن، يەنى مىلادى 776 — 784 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا، قارشى دەريا ۋادىسىدا ئەرەپ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى مۇقەننا رەھبەرلىكىدە خەلق ھەركىتى بولغان ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرى شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ ئۆتكەن. بولۇپمۇ «خاقانىيە ئۇلكىسى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا مۇھىم يېزىلارنى ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنى، تاغ - سۇلارنى تولۇق يازغان. مەھمۇت قەشقەرى ئىسلام ئەللىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى (ئەپسانىۋى قىسسىلەرنى) يازغاندا، ئەرەپ - ئىسلام ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى»، 88 - بەت.

بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جۇغراپىيىسىگە دائىر بېرىلگەن مەلۇماتنى، شۈبھىسىز، ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان.

مەھمۇت قەشقەرى يەنە تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمۇلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە، قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمقى خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كوللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن؛ مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستىمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلار بىز ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ.

تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئوغۇز ۋە ئافراسىياپقا ئوخشاش قەھرىمانلار توغرىسىدىكى مەرسىيە ۋە مەدھىيىلەردىن مەھمۇت قەشقەرى بىزگە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئىنتايىن قىممەتلىك پارچىلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا تۈزلۈك تېمىدا جەمئى 242 كۇبلىت (I جىلدىدا 117، II جىلدىدا 48، III جىلدىدا 77) ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن 4 چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى، داستانلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان «تۈرك»

لەرنىڭ ئۇيغۇر «تات»لارغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى، تۈرگەشلەر ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، جۈملىدىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا جەڭ-جېدەللىرى ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار؛ ئىككىنچى، مەرسىيىلەر، يەنى ئالىپ ئەرتوڭا ۋە نامەلۇم بىر قەھرىمان توغرىسىدىكى مەرسىيە؛ ئۈچىنچى، قوشاقلار، يەنى مۇھەببەت ۋە ئەمگەك، تەبىئەت تەسۋىرلىرى، تۇغۇلغان ئەل-يۇرتنىڭ مەنزىرىلىرى توغرىسىدىكى قوشاقلار؛ تۆتىنچى، ساقىنامە ۋە ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار (مۇنداق قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ).

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال-تەمسىللەر 200 دىن ئاشىدۇ. بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى مەزمۇنلۇق ئىبارىلەردۇر.

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزا ئىگىلىكىگە دائىر سۆزلەر (زىرائەتلەر، ھەر جايدا ئۆسىدىغان گىيا-دەرەخلەر)، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇققا دائىر سۆزلەر، ھەر خىل ھايۋاناتلار، ئۇچار-قاناتلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن ھۈنەر-سەنئەتكە دائىر سۆزلەردىن 10—11-ئەسىرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ

ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى، قول سانائەتتە ئىش تەقسىماتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەھەر-قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلارمۇ بار. مەسىلەن: ياخشى كۆرىدىغان ئايرىم غىزالارنى ئېتىش يوللىرى، مەي ئېچىش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم-كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرىغا دائىر ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئاپتور پەقەت سۆزلەم تەرىقىسىدىلا بېرىپ قالماي، بەلكى چۈشەندۈرۈپ يازغان. ھەتتا مەدەنىي ھاياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئاددىي پاكىتلارنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن: ئاياللارنىڭ ياغىرداق تاقايدىغانلىقى، كىيىم-كېچەكلەرگە دەزمال سالىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىبابەتچىلىككە دائىر مەلۇماتلارمۇ بار. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال دورىلىرىنى كەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدەك، ئادەتتىكى ۋە كەڭ تارقىلىدىغان كېسەللەر توغرىسىدىمۇ چۈشۈنۈكلەر بېرىلگەن. مەسىلەن: «سىغىن ئاتى» (خەنزۇچە —— رېنشېن، پارسچە —— ئىستەرەنگ)دىن پايدىلىنىشنىمۇ خېلى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنغانلىقى مەلۇم.

بۇلاردىن باشقا، تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنى-

لىدىغان ئەرلەر ئىسىملىرىنىمۇ تونۇشتۇرغان. چۈنكى ئاپتور ياشاۋاتقان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادەتكە ئايلىنىۋاتقان ئىدى. شۇڭا، مەنىلىك تۈركىي ئىسىملارنىمۇ ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرغان.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمقى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن، ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار. ھەربىي قوشۇنغا دائىر «سۇ بېتىك» (قوشۇننىڭ ئايلىق دەپتىرى) دېگەندەك ئاتالغۇلار شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ زاماندا قەدىمقى چارۋىچىلىق - كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىكىدەك ھەربىي يۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن پۈتۈن قەبىلە ئەسكەر بولماستىن، بەلكى مۇنتىزىم قوشۇن بارلىققا كەلگەن؛ ھەربىي تاكتىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ھەربىي مەشق ئۆگەتكۈچى مەخسۇس ئەمەلدارلار بولغان.

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. يىللارنى مۈچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى بىزگە يېزىپ قالدۇرغان. شۇنىڭدەك، مەھمۇت قەشقەرى كۆچمەنچى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاي ۋە ھەپتە-كۈنلەرگە ئات قويۇشنى چەتتىن (سوغدلاردىن) ئۆگەنگەنلىكىنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتكەن.

ئاللىقاچان ئولتۇراقلىشىپ بولغان شەرقىي ئۇيغۇرلار، شۇنىڭدەك «خاقانىيە» خەلقى ئورخۇن ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

ئابىدىلەر (مەڭگۈ تاشلار)دا پۈتۈلگەن ۋە تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي(972 — 1049) قايتا رەتلەپ چىققان تۈركىي كالىندارنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئون ئىككى ھايۋانلىق كالىندار يەنى «مۇچەل يىلى»نى تۈركىي خەلقلەر قانداق ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنى مەھمۇت قەشقەرى تۈرك خاقانى ئوۋغا چىقىپ، پۈتۈن ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا ھەيدەتكەن دېگەن مەزمۇندىكى رىۋايەت بىلەن بەرگەن.

11 - ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە خېلى تەتقىقات ئېلىپ بارغان. پەلەك بۇرجلىرى ۋە سەييارىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغان ئىدى.

يۇقىرىدىكى ساھەلەرگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلاردىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يەنە بىر ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىدە (كىتابنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە زورۇر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە) «خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېتىكىلىق، گىرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ فونېتىكا، گىرامماتىكا قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىخچام، ئوقۇشلۇق چۈشەندۈرگەن. ئورخۇن ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ۋە ئۇيغۇرچە تۇرپان تېكىستلىرى 19 - ئەسىر ئاخىرىدىن باشلاپ تېپىلىپ، ياۋروپادا تۈركىي تىللار تەتقىقاتى كەڭ قانات يايغاندىن بۇيان مۇجمەل بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر «تۈركىي تىللار

دىۋانى»نىڭ تېپىلىشى بىلەن ئايدىڭلاشتى. شۇ چاغقىچە كۆزقاراشلىرى مۇجمەل بولغان مەشھۇر تۈركولوگلارمۇ چۈشەنچىلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن روشەنلەشتۈرۈۋالدى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەڭ ئومۇمىي بولغان فونېتىكىلىق، گراممatikىلىق قائىدىلەرنى بەرگەندىن باشقا، يەنە «كتاب جواهر النحو فى لغات الترك» («تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى») دېگەن مەخسۇس كىتاب يازغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب تېخىچە يورۇقلۇققا چىقمىدى.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋروپادا 19 - ئەسىردە باشلانغان بولسا، شەرقتە خېلى بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەلگەن. 11 - ئەسىردە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى بۇ پەننى يېڭى باسقۇچقا كۆتەرگەن. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئۆلمەس ئەسىرىدە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرغاندىن باشقا، يەنە تۈركىي تىللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. بۇ ئىلمىي پائالىيەت مەملىكىتىمىزدە كېيىنمۇ داۋام قىلدى. مەسىلەن، 15 - ئەسىردە مىڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرما لۇغىتى ئىشلەندى؛ 18 - ئەسىردە چىڭ سۇلالىسىدىن چيەنلۇڭ خانىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تۈزۈلدى.

قىسقىسى، مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئېنسىكلوپېدىيە دېسىمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن بىر زاماندا، ئۇيغۇر

ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تىما قىلغان «قۇتاتقۇ بىلىك» ناملىق داھىيانە ئەسەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى «قۇتاتقۇ بىلىك» بىزگە بەدىي ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. «قۇتاتقۇ بىلىك» 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىي ئىپادىسى؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا، ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلنىڭ مۇجەسسىمى.

ئەپسۇسكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەدەبىي تىلنىڭ ئەشۇنداق نادىر يادىكارلىقى بولغان «قۇتاتقۇ بىلىك» توغرىسىدا ھېچنەرسە دېيىلمىگەن. ھالبۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىگە مەلۇم بولغان تۈرك يەرلىرىدىن چىققان ئالىملارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەسلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن: «تَرْكَنْ tərkən» — «شاش»نىڭ ئىسمى دەپ كېلىپ، «ئەبۇ بەكرى قەففال شاشى مۇشۇ شەھەردىندۇر» دەيدۇ؛ شۇنىڭدەك، «چۇچۇ» دىگەن بىر شائىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، «بىر تۈرك شائىرنىڭ ئىسمىدۇر» دەيدۇ.

5

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈشتە، پۈتۈن تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان بىر ئەدەبىي تىل نورمىسى ئاساس قىلىنىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ۋە ئەرەپلەرگە تۈركىي تىلنى

تونۇشتۇرۇشتا ئەلۋەتتە ئەنە شۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى تىلنى تونۇشتۇرۇش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن. شۇڭا، ئاتاقلىق تىلشۇناس لۇغەت ئۈچۈن تىل ماتېرىياللىرى توپلاشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، تاكى ئۇنى رەتلەپ، كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەنگە قەدەر، ھەربىر سۆز ۋە ھەربىر تاۋۇش مەسىلىسىدە ئەدەبىي تىل نورمىسىغا قاتتىق رىئايە قىلغان.

11 - ئەسىردە بارلىق تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان يېزىق ئەدەبىي تىلى بار ئىدى. بۇ تىل 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا، يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل ئىدى.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئەھۋالىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، 4- ئەسىردىن كېيىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ بۆلۈنۈش ھەم بىرلىشىش ۋە يەنە پارچىلىنىش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنىڭ تىللىرىغىمۇ تەسىر قىلدى.

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر زېمىن جەھەتتىن بىر قەدەر تۇراقلاشقان دەۋردىن، يەنى 5 - ئەسىردىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ تىللىرى شەرقىي تۈركچە ۋە غەربىي تۈركچە دەپ ئىككى چوڭ قاناتقا بۆلۈندى. ئىسسىق كۆلنى مەركەز قىلغان «تىيلې»لەرنىڭ ئوڭ قانىتى غەربىي تۈركىي تىلدا، سول قانىتى شەرقىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر توپلىرى ئىدى. غەربىي قاناتتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى ئوغۇز تۈركمەنلىرى، قىپچاقلار تەشكىل قىلاتتى؛ شەرقىي قاناتتىكى قەبىلىلەر توپىنىڭ ئاساسىنى توققۇز ئوغۇزلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. بۇلارنىڭ تىلى «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى» ئىدى.

10 - ئەسىردىن كېيىن ۋە مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىلىدىن غەربىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «ئوغۇز تىلى» دەپ، شەرقىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۈرك تىلى» قەدىمقى تۈرك (كۆك تۈرك) ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى بولۇپ، ئۇ قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى چوڭ شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇڭا، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ ھېساپلىغان ۋە ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن.

مەھمۇت قەشقەرى «توققۇز ئوغۇز» تىلىنى، يەنى يېقىنقى زامان تۈركولوگلىرى تىل كىلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە «ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتىغان تىلنى پەقەت ئۆزىنىڭ تىلى شۇ تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈنلا، «خاقانىيە تىلى» دىگەن نام بىلەن يېزىق ئەدەبىي تىلى دەپ كۆرسەتكىنى يوق، بەلكى ھەقىقىي تىل پاكىتلىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى پىرىنسىپال سۈرەتتە توغرا خۇلاسە چىقارغان. مەھمۇت قەشقەرى مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ:

1. «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلى بۇزۇق بولىدۇ. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ». «ئىسپىجاپ شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلق-

لەرنىڭ تىللىرىدا نۇقسان بار». «بالاساغۇنلۇقلار سوغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ»؛ «تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق».

2. «تىللارنىڭ ئەڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، ئەڭ توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار ۋە ئەتىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر». «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل خاقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»، قەشقەر «... شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ.»①

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ھۆكمى بويىچە، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن «تۈرك» — «خاقانىيە تۈركلىرى» دۇر؛ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىغا نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن «تۈرك تىلى» ئومۇمى ئەدەبىي تىل بولغان «خاقانىيە تىلى» نىڭ قىسقارتىلغان ئاتالغۇسىدۇر. بۇ تىل 14—15 ـ ئەسىرلەردە «چاغاتاي تىلى»، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، «كاشغەر تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان تىلدۇر.

ھەقىقەتەنمۇ «خاقانىيە تىلى» قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى، بۇنداق بولۇشىغا بىرقانچە ئاساسلار بار ئىدى:

بىرىنچىدىن، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى پۈتكۈل شەرق ۋە غەرب ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىنىڭ ئالمىشىش نۇقتىلىرى

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 25 ـ بەت.

بولغىنىدەك، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش تۈگۈنى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، «خاقانىيە تىلى»دا ناھايىتى باي ئەدەبىي مىراسلىق قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى رولى بولغاندىن باشقا، غەربىي تۈركىي تىللىرىنىڭ ئوبدان ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، بۇ تىل شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىلىق رولىنى ئوينىغان. تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان فونېتىكىلىق، مورفو- لوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر يېتەكچى شەكىلدە مەركەز- لىك ئىپادىلەنگەن. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق، ئەدەبىي تىلنىڭ سۆزلىرى بىلەن شېۋىلەردىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەت- لەردىكى پەرقلىرى ھەم گرامماتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈش- تىكى ئايرىمىلىرىنى ئېنىق ئاجرىتىۋالغىلى بولاتتى. تارىخىي تە- رەققىيات نەتىجىسىدە، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدىكى سۆزلەردە بارا - بارا ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھى- دىلىكلەر، سېمانتىكىلىق پەرقلەر كېلىپ چىققان؛ بۇ نۇقتىلارنى پەقەت «خاقانىيە تىلى»دىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىقلاش مۇمكىن ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئورتاق يېزىق — تۈركولوگىيە ساھەسىدە «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يېزىق بار ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىمۇ بۇنى كىتاۋىنىڭ بېشىدىلا ئېنىق كۆرسەتكەن: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت - ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن.»[1] ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا

[1] «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 8 - بەت.

ئىشلىتىلىپ، پۈختا ئەدەبىي قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن بۇ يېزىق ئومۇ-
مى تۈركىي تىللار ئۈچۈن خېلى مۇكەممەل يېزىق ئىدى، بۇ
يېزىقتا ناھايىتى نۇرغۇن دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات نەمۇنە-
لىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن. قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىقى دۆلەت يېزىقى ئىدى.

دىمەك، «قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى
ئۇيغۇر تىلى... ئۇيغۇر، تۈرگەش، ياغما، قارلۇق قەبىلىرى ئوت-
تۇرىسىدا شەكىللەنگەن» ئەدەبىي تىل①. مەھمۇت قەشقەرى بۇ
تىلنى «خاقانىيە تىلى» ياكى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىغان ۋە
«ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە»② دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ئۆتكەن. بۇنىڭدىن ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
نەزىرىدە «خاقانىيە تۈرك تىلى» بىلەن «ئۇيغۇر تىلى» بىر تىل،
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. پەقەت شۇ زاماندا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىياسى ۋە دىنىي زىددىيەت تۈپەيلىدىن،
مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي
قەبىلىلەرنى «ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەر» دەپ
ئاتىغان، قوچۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بولسا،
«مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي خەلقلەر» ياكى «ئۇيغۇر كاپىرلىرى»
دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر-
لارنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن بولغان سىياسى ۋە دىنىي مۇجا-
دىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە توختالغاندا، «ئەشەددىي
كاپىرلار»، «تاتلار» دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن.
ساپ ئۇيغۇر شىۋىلىرىگە ئائىت سۆزلەرگىمۇ خۇددى «چىگىلچە»،

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، 1960-يىل، موسكۋا.

② مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مۇقەددىمە.

«ئوغۇزچە» دېگەندەك «ئۇيغۇرچە» دېگەن ئىزاھاتنى بەرگەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلى ھەققىدە سۆزلىگەندە بولسا، ئۇلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ ئۆتكەن. بۇ نۇقتا بولۇپمۇ «ئۇيغۇر» ۋە «ئوگە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

11 - ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېتىكا، گىرامماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسىدا، بۇ تىلنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىرى، بىر قىسىم تۈركىي تىللاردىكى «e» ئورنىغا «ə» تاۋۇشىنىڭ قوللىنىلىشىدۇر. «خاقانىيە تىلى» بىلەن باشقا تۈركىي تىل شېۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىيدىغان بۇ ئالاھىدىلىكنى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەربىر باپ ۋە بۆلۈملەرنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا، بۇ تاۋۇشنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىپ ماڭغان①. بۇ ھالەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شېۋىلىرىنىڭ بىرقانچە رايونلىرىدىكى ئاھالە جانلىق تىلدا ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالغان. لېكىن، مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ə» تاۋۇشىنىڭ «ə» ۋارىيانتىمۇ بولغان.

سۆزنىڭ بىرىنچى ئوچۇق بوغۇمىدىكى «a» ياكى «ə» تاۋۇشلىرى ئۆز ئۇرغۇسىنىڭ ئاياقىدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلگەنلىكىدىن ئاجىزلىشىپ، «e» ياكى «i» غا ئالمىشىش ھادىسىلىرى

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، II جىلد، 504 - بەت.

كۆرۈنۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: اَڤْدى *əvdi* — ئالدىرىدى، اِڤَكْ *əvək* — ئالدىراڭغۇ[1]. «بۇرۇن قَنَدى» *burun kanadi* — بۇرۇن قانىدى» دېگەن جۈملىدىكى «قَنَدى» (*kanadi*) نى «قانىدى» (*kanidi*) دەپمۇ يازغان[2]. بۇنداق ئۇچۇق بوغۇمدا «*a*»، «*ə*» نىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ھادىسە بولۇپ، بۇ ھادىسە كېيىنكى چاغلاردا كۈچىيىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە بىر قانۇنىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش، «خاقانىيە تىلى» دىمۇ، ئاساسەن، ئىككى سوزۇقتىن تەركىب تاپقان سۆزگە ئىككى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، تۈپ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يُغُر (*yuoqur*) — يُغْرُم (*yuoqrum*) — بِير يُغْرُم اُونْ (*bir yuoqrum un*)؛ يُكُر (*yügür*) — يُكْرُم (*yügrüm*) — بِير يُكْرُم بِير (*bir yügrüm yər*) ۋە باشقىلار[3].

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسى بويىچە، ئەدەبىي تىل بىلەن شېۋىلەرنى پەرق ئېتىشتە، تۈپ سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ، سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىپ كېلىش ھادىسىلىرىنى نەزەردە تۇتقان، ئەدەبىي تىلدا، سۆزنىڭ بېشىدا

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، I جىلد، 93-، 51-بەت.

② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، III جىلد، 665-بەت.

③ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، II جىلد، 464-بەت.

كەلگەن «y» تاۋۇشىنى ئوغۇز، قىپچاق شىۋىلىرىدە، ئېگىز سو-
زۇق «i» نىڭ ئالدىدا كەلگەندە، ئومۇمەن، چۈشۈرۈپ قالدۇراتتى
ياكى «ج-j»غا ئالماشتۇراتتى، گەرچە بۇ دەۋردە «خاقا-
نىيە تىلى» ئېگىز سوزۇقلار ئالدىدا «y» نى كۆپىنچە ساقلاي-
دىغان، بەزىدە ئارىلاش قوللىنىدىغان تىل بولسىمۇ، «خاقانىيە
تىلى»نىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرىدىن بولغان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى
بۇ خۇسۇسىيەتنى تولۇق ساقلاپ كەلمەكتە، يەنى ئۇلار ئېگىز
سوزۇقلار ئالدىدا «y» ئورنىغا «j» بىلەن يېقىن تاۋۇش «ž»
نى قوللىنىدۇ.

ئەدەبىي تىلدا، سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدە كەلگەن «ذ-ž»
تاۋۇشى توغرىسىدا مەھمۇت قەشقەرى خۇلاسىلەپ: «ž»
تاۋۇشى ياغما، توخسى ۋە بەزى ئارغۇ تىللىرىدا، شۇنىڭدەك
چىگىلچە سۆزلىگەن يەرلەردە ياشىغۇچى ھەممە قەبىلىلەرنىڭ
تىللىرىدا «ي-y»لاشتۇرۇلىدۇ؛ رۇمغىچە بولغان قىپچاق ۋە ئۇلارغا
يېقىن جايلاشقان قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدا بۇ تاۋۇش «z»غا ئالما-
شىدۇ، دەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، مەھمۇت
قەشقەرى زامانىدىكى ئەدەبىي تىل ۋە شىۋىلەردىكى ئەشۇنداق
ئالمىشىش ھادىسىلىرى ساقلانغان ھالدا، تۈرلۈك فونېتىكىلىق
سەۋەبلەردىن كۆپىنچە «ي-y» ۋە بەزىدە «z»، «q (j)»،
«g»، «d (t)» ھەم «n»لار بىلەن ئالماشقان. بۇ ئۇزاق
زامانلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق
ھادىسە.

«خاقانىيە تىلى»نىڭ يېتەكچى شىۋىسىدە، كىچىك تىل
جاراڭلىق تاۋۇشى «غ-q» ياكى «گ-g»لار سۆزنىڭ بېشىدا
كەلمەي، كۆپىنچە كېيىنكى بوغۇم بېشىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا سوزۇق

تاۋۇش ئالدىدا ئىشلىتىلەتتى. بۇ — پۈتۈن ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپ-
پىسى (جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسمى) شىۋىلىرىنى بىر-
لەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئېنىق بەلگىلەردىن بىرى.

«خاقانىيە تىلى» دا «k، k، p» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى سو-
زۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەندە، جاراڭلىقلاشماي ئۆز ھالىتىدە
ساقلىناتتى، ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر
تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شىۋىلىرىدىلا بۇ خۇسۇسىيەت بۇزۇلماي
ساقلىنىپ كەلمەكتە. سۆز ياكى بوغۇم ئاخىرىدا «q»، «g» تاۋۇشلى-
رىنى قوللىنىشتا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىل پاكىتلىرىدىن
قارىغاندا، ئۇ زامانلاردىمۇ ھازىرقىدەك ئارىلاش ئەھۋال بارلىقى
مەلۇم. بەزى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا «g» ئورنىغا «k»،
«غ - q» ئورنىغا «ق - k» ئارىلاش قوللىنىلغان. بۇ ھالەت
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شىۋىلىرىدە
(بولۇپمۇ خوتەن شىۋىسىدە) ساقلانماقتا.

گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «خاقانىيە
تىلى» دىكى ئومۇمىي شىۋىلەرگە ئورتاق بولغان تۈپ سۆزلەرنى،
ياسالما سۆزلەرنى ئۆز تەرتىۋى بويىچە ئىزاھلاپ بەرگەن ۋە
ياسالما سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىلىرىنى كېيىن كەلگەندە
چۈشەندۈرۈپ ماڭغان؛ بولۇپمۇ پېئىللارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە رايى-
لىرىنى ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسى بويىچە ئىنتايىن تەپسىلىي كۆر-
سەتكەن. تۈركىي تىللاردا، بولۇپمۇ «خاقانىيە تىلى» دا پېئىل ئەڭ
مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمىدۇر. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا، خۇسۇسەن ئۇنىڭ II جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەدەبىي
تىلدا پېئىلنىڭ دەرىجىلىرى ئاساسەن 4 تۈرلۈك بولۇپ، جۈملىلەردە

مەنىلەرنى ئىنچىكىلەپ پەرقلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن پېئىل دەرىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدى-غانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا، سۆزلۈككە شۇنداق باي بولغان ۋە بىر سۆزنىڭ ئاللىقانچە تۈس-لىرى بولغان ئەرەپ تىلىمۇ «تۈركىي تىل»دىكى پېئىل دەرىجە-لىرىنى ئىزاھلاشقا يېتىشسىزلىك قىلغان. ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەرەپ تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەرەپ تىلى گىرامماتىكىسىدا بول-مىغان قائىدە ۋە ناملارنى ياساشقا مەجبۇر بولغان.

«خاقانىيە تىلى»دىكى پېئىل دەرىجىلىرىگە ئوخشاش پېئى-لنىڭ رايلىرىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەردىن دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ئىش-ھەر-كەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى «*oquluk* ‖ *gülük*» «خاقانىيە تىلى»دا داۋاملىق ۋە كەڭ قوللىنىلغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە، «خاقانىيە تىلى»دا بىرەر ئىش-ھەر-كەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلە-گۈچىنىڭمۇ شۇ ئىش-ھەركەتنى ئورۇنداشقا قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا «غُلُق *oquluk*» (قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە)، «كُلُك *gülük*» (يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە) قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

«ال بَرغُلُق اَردى *ol barǫuluk ərdi*» دېگەن جۈملە «ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بارماقچى بولدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1]. مۇنداق بۇيرۇق رايىغا «*ǫuluk || gülük*» ياكى «*kuluk || külük*» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن ياسىلىپ، مەھمۇت قەشقەرى ئېيتقاندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداشلار ئىزچىل تۈردە ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شېۋىسىدە ئاھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

بۇلاردىن تاشقىرى، «خاقانىيە تىلى» دىكى ئىسىملارنىڭ كوپلۇك، كېلىش، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ھەرخىل سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ تولىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ياكى ئۇنىڭ چوڭ شېۋىلىرىدە ئەينەن ياكى فونېتىكىلىق ئوزگىرىشلەر بىلەن ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىل» ۋە ئۇنىڭ «شېۋىلىرى» دىكى لېكسىكا بايلىقىنى توپلاش ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە چوكۇپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەن. خەلقنىڭ ماددى ھاياتى ۋە مەنىۋى بايلىقىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەرنى ئىلمى تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە، مەھمۇت قەشقەرى ئەدىبى تىلنىڭ ئورتاق سوزلىرىنى ئولچەم قىلغان ھالدا، ئاپتورنىڭ ئوز سوزى بويىچە ئېيتقاندا، «ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سوز ياساشقا بولىدىغان توپ سوزلەرنى ئالغان» ۋە سوزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيە-سىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ، «تۈركى تىللارغا كېيىن كىرگەن

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، II جىلد، 295-بەت.

سۆزلەرنى يازمىغان». «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن سۆز بايلىقلىرى جەھەتتە، «خاقانىيە تىلى»نىڭ لېكسىكىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئۈچۈن ئورتاق بولۇشنى نەزەردە تۇتقان. نۇرغۇن ئەدەبىي تىلدىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئوغۇز، قىپچاق ۋە ئارغۇ «شىۋىلىرى»گە خاس سۆزلەرنى ئۆز جايىدا ئىزاھلىغان. ھەتتا ئايرىم مەھەللىۋى سۆزلەرنىمۇ (شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىدىكى رولى-نى نەزەردە تۇتۇپ) كىرگۈزۈپ ئەسكەرتىش بەرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋە لوپنۇر شىۋىلىرىدە) تەلەپپۇزى كۆپ ئۆزگەرمىگەن ھالدا قوللىنىلماقتا.

مەسىلەن: اَيْنَكْ *aypang*—ئايپاڭ، اَرْقَارْ *arkar*—ئارقار، اَدَشْ *adax*—ئاداش، اُولْ *ul*—ئۇل، اُلَاغْ *ulaƣ*—ئۇلاغ، اُنْكْ *ɵŋ*—ئوڭ، اَرْكُزْ *ərgüz*—ئەگۈز، بُشْكَالْ *pɵxkəl*—پوشكال، بَقْلَانْ *paklan*—پاخلان، بَغِشْ *baƣix*—بېغىش، جُغْمُرْ *qaƣmur*—چامغۇر، جَشْ *qəx*—چەش، جُنْكْ *qünük*—چۈنۈك، تَفْلْقُو *tavilku*—تىۋىلغا، تَغَايْ *taƣay*—تاغا، تُغَاقَاقْ *tuƣaklik*—تۇۋاقلىق، تُنْكْرَا *toŋra*—توڭرا، قُشْغَاجْ *kuxƣaq*—قۇشقاچ، قِنْكْرَاقْ *kiŋrak*—قىڭراق، كَرْكِي *kərki*—كەكە، سُكْسُكْ *sɵksük*—سوكسۆك.

بۇنداق سۆزلەردىن ھەتتا بىرمۇنچىسى (مەسىلەن: ئارقار،

ئاداش، ئۆل، ئۆلك، تاغاي، سوكسۇك ۋە باشقىلار) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى (ئورخۇن مەڭگۈ تاش تىلى)دىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكسىكا جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئارقىلىق «ئورخۇن» تىلىغا باغلىنىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

لېكسىكىدا شۇنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قاراخانىلار تەۋەسىدە، بولۇپمۇ «خاقانىيە» ئۆلكىسىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ، يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»غا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئاساسەن كىرگۈزۈلمىگەن (ئوغۇزلار تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ ياكى «خاقانىيە تىلى»دىكى ئايرىم كىشىلەر ناملىرىنىڭ ئەرەبچە ياكى پارسچىگە ئوخشايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھ بېرىلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). لېكىن، ئۇزاق زامانلىق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇر - تۈرك تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەر «خاقانىيە تىلى»نىڭ سۆزلۈك تەركىبىدىكى ئۆز سۆزلىرىدىن قىلىپ كىرگۈزۈلگەن.

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، «تۈركى تىللار دىۋانى» 11 - ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن.

6

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇنيادا «دىۋانشۇناس»لارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تېخى يېقىنقى

چاغلاردىكى ئىش.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر مەزگىل باغداتتىكى ئەرەب خەلىپىسىگە خاس ئوردا كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغاندىن كېيىن، قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كوچۈرۈپ تارقىتىلغان. ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىردىن بىر نۇسخا بولسا، ئەسلى ئىراننىڭ «ساۋە» دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە كېيىن دەمەشقتە ياشىغان مۇھەممەت ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى تەرىپىدىن كوچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. بۇ كاتىپنىڭ كىتاپ ئاخىرىدا قەيت قىلىشىچە، بۇ قوليازمىنى مەھمۇت قەش- قەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلى نۇسخىسىدىن كوچۈر- گەن ئىكەن. كوچۈرگۈچى مۇنداق دەپ ئەسكەرتكەن: «بۇ كىتاپنى ئەسلى نۇسخىدىن يۆتكەپ بولغان كۈن 664 - يىلى شەۋۋالنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە ئىدى». دېمەك، بۇ نۇسخا «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلىپ بولۇپ، 190 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1266 - يىل 1 - ئاۋغۇستتا (بروككېلماننىڭ ھېساۋىچە، 2 - ئاۋ- غۇستتا) كوچۈرۈلۈپ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كوپ نۇسخا كوچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. تۈركىيىلىك م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر «بۈيۈك تۈرك تىلچىسى قەشقەرلىق مەھمۇت» دېگەن كىتاۋىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى بولغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ:

مىسىر قازىسى، مەشھۇر تارىخشۇناس بەدرىددىن مەھمۇد ئىبنى ئەھمەت ئىبنى مۇسا ئەينى — ئەينتەبى (مىلادى 1360 - يىلى ۋاپات بولغان) «عقد الجمان فى تاريخ اهل الزمان» («زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ھەققى ئۈنچىلەر») دېگەن كىتاۋىدا، تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا بايان قىلىپ، ئوغۇزلارنىڭ ھەر خىل قەبى-

لىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تامغىلىرى، تۈركىي تىللار ۋە ئۇيغۇر يېزىقى، ھەتتا تۈركمەن سوزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىخچام مەلۇمات بەرگەن ۋە بۇنى «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كوردۇم» دىگەن. ئەينىنىڭ قېرىندىشى شاھابىددىن ئەھمەتمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ «تاريخ البدر فى اوصاف اهل العصر» («زامانداشلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھىسسى تارىخ») دىگەن كىتاۋىدا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت تولۇق مەلۇمات بەرگەن. يەنە مىسىردا «بنى بارسىيە» خانىقاسىنىڭ شەيخ (مۇدەررىس — پروفېسسور) لىرىدىن ئالىم ئىبنى مەھەممەت قەشقەرى مىلادى 1363 - يىلى تۈزگەن «تاج السعادات وعنوان السيادات» («سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى») دىگەن ئەسىرىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بەزى ئۆزۈندىلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئەندەلىسلىك ئەبۇ ھەييان «كتاب الادراك السان الاتراك» («تۈركلەرنىڭ تىللىرىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاپ») دىگەن كىتاۋىدىمۇ يۇقۇرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئاپتورلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كورگەنلىكىنى ئەسلەتكەن. بۇلاردىن باشقا، مۇستەفا ئىبنى ئابدۇللا «كاتىپ چەلەبى» (1591 — 1656) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «كشف الظنون» («گۇمانلارنى ئېچىش») دا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان: «مۇھەممەت ئوغلى ھۈسەيىن پەرزەندى مەھمۇتنىڭ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركى بىر جىلددۇر. بېشى "الحمدلله ذى للفضل الجزيل" دۇر. مۇئەللىپ (مەھمۇت قەشقەرى) ئۆز ئەسىرىنى ئەرەپچە ئىزاھلىغان ۋە تۈركىي تىل 18 ھەرىپ بىلەن يېزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ... ئەسىرىنى مۇقتەدى بىئەمرىللا ئوغلى خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا ئارمىغان قىلغان».

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» خەلىپە ئوردىسىدىلا قېلىپ قالماي، كېيىنكى ئەرەپ ۋە تۈرك ئالىملىرىغىمۇ مەلۇم بولغان. مەھمۇت قەشقەرى باشلاپ بەرگەن بۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىككى يۈز يىل كېيىن ياشىغان ئەرەپ تىلشۇناسلىرىدىن جامالىددىن ئىبنى مۇھەننا ئۆزىنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شاگىرتى ھېساپلاپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، تۈركولوگىيىگە دائىر «حلية السان وحلبة البيان» («چىرايلىق تىل ۋە گۈزەل باياناتلار») دېگەن كىتابىنى يازغان.

ھازىر ئىستانبۇل كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىردىن بىر نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بېينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتاپپۇرۇش ئارقىلىق مىلادى 1914 - يىلى دىياربەكىرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان؛ ئاخىر مەتبۇئاتچىلاردىن كىلىسلى رىفئەت ھىجرى 1333 — 1335 - يىللىرى مىنخ مەتبەئەدە تىزدۇرۇپ باستۇرغان، شۇنىڭ بىلەن «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» دۇنياغا مەلۇم بولغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىيىدە بېسىلىپ تارقىتىلغانغا قەدەر، شەرقتە يېقىندىلا مەلۇم بولغىنىدەك، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگىمۇ يېقىنراقتا مەلۇم بولغان. بۇ ھەقتە پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە يازغان ماقالىسىدا شۇنداق دەيدۇ: «1904 - يىلى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل بىلىمى شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان تىل بىلىمى مەجمۇئەسىدە، مىلادى 11- ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى كىتابلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا، ئەڭ

كونا تۈركچە - ئەرەبچە تۈزۈلگەن "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك" نامدىكى بىر ئەسەر كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ بار - يوقلۇغى ھەققىدە ئېنىق بايان قىلىنمايدۇ... مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋروپا ئىلىم - پەن ساھەسىدە "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك"نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر يېزىلغان ماقالا شۇ. بۇ ماقالىنى يازغان ئاپتور بۇنداق ئەسەرنىڭ بارلىقىنى كاتىپ چەلەبىنىڭ "كشف الظنون" دىگەن ئەسىرىدىن بىلگەن بولسا كېرەك»①.

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، ياۋروپا ئىلىم - پەن ئالەمىدە، بولۇپمۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە چوڭ بىر ۋەقە بولدى. ئۇنى تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. ياۋروپادا، بولۇپمۇ گېرمانىيىدە تىلشۇناس ۋە تۈركولوگ ئالىملار «تۈركى تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئالدى. جۈملىدىن، «تۈركى تىللار دىۋانى» توغرىسىدا نېمىسچە، ۋېنگىرچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە كىتاپ ۋە ماقالىلار يېزىلدى. شەرقشۇناس مارتىن ھارتمان (*Martin Hartman*) «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرككە دائىر بىرقانچە مۇلاھىزە» دىگەن ماۋزۇدا ماقالا يېزىپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ I جىلدىنى تونۇشتۇردى. گېرمانىيىدە «تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم سام تىللىرى مۇتەخەسسىسى كارل بروككېلمان بولدى. ئۇ 1919 - يىلدىن باشلاپ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلار يازدى؛ بولۇپمۇ 1928 - يىلى ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»نى نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن ئىشلەپ چىققان ئىندېكسى ئەھمىيەتلىك بولدى.

① م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر كەلتۈرگەن نەقىل (تۈركىيە «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ 1933 - يىلى 24 - ساندىن).

بروككېلمان بۇ كىتاۋىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا ئوقۇشقا تىرىشقان ۋە بەزى ئىزاھلارنىمۇ بەرگەن. لېكىن بېسىم ئاتالاي ۋە م. شاكىر ئۈلكۈتاشىرنىڭ ئېيتىشىچە، بروككېلمان بەزى سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالغان. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مەشھۇر تۈركولوگ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى ئوبدان تونۇشتۇرغان.

تۈركىيىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەڭ ئاۋال كىلىسلى رىفئەت بىلگە، ئاندىن تەۋفىق بىي، خوجا ئاتىپلار تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلغان. لېكىن بۇ تەرجىمىلەر نەشر قىلىنمىغان. ئاخىردا بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ۋە 1939 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە 3 جىلد ۋە بىر ئىندېكىسنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىلىنى (فوتو نۇسخىسىنى)مۇ نەشر قىلدۇرغان. بېسىم ئاتالاي بۇ ئەسەرنى تۈركىيە تۈركچىسىگە توغرا ۋە مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىشقا ئىجتىھات قىلىش بىلەن، قولىيازمىدىكى بەزى ئېنىقسىزلىقلارنى مۇمكىن قەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھاشىيىدە تېگىشلىك ئىزاھلارنى بەرگەن. بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسى ھەقىقەتەن ئىلمىي تەرجىمىدۇر. جۈملىدىن، ئۇ ئىشلەپ چىققان ئىندېكىستە بروككېلماننىڭ ئىندېكىسىدە كەتكەن خاتالار تۈزىتىلگەن؛ شۇنىڭدەك «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدىغان ئەھمىيەتلىك شەخس ۋە يەر ناملىرىنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە قوشۇمچە قىلىپ قويغان ھەمدە تۈركچە I، II، III جىلد تەرجىمىلىرىدە كەتكەن خاتالار ئىندېكىستە تۈزىتىلگەن. بۇ ھەقتە بروك-

كىلمان ئوزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك تەرجىمىسى» دېگەن ماقالىسىدا، بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ تۈزىتىشلىرىنىڭ كەمچىلىكىنى مۇۋاپىق تاپقانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ شۇنىڭدەك «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەلۇم بولغان تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىچىدە بەزى پەرقلەر بارلىقىنى، بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن.

كونا، يېڭى تۈركى تىللار ۋە ئەرەب تىلى بويىچە يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولغان ھۆرمەتلىك ئالىم بېسىم ئاتالاينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى مۇمكىن قەدەر يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ھالال ئەمگىكىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ھۆرمەتلەش بىلەن بىرلىكتە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە ساقلانغان بەزى نۇقسانلار ۋە خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى شۇكى، «خاقانىيە تىلى»غا خاس بولغان ھەممە «ð» تاۋۇشىنى «c» بىلەن بەرگەن (بۇنىڭدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىلىنىڭ بۈگۈنكى تۈركىيە تۈركچىسىگە يېقىنلىقىنى كۆرسىتىش نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك)؛ ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىغان ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە خاتالىقلارغا يول قويغان.

تاشكەنتتە، 1960 - يىلدىن ئېتىبارەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن ئۆزبەك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، بۇ تەرجىمان ئۆزبەك تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 1933 — 1935 - يىللىرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان باسما نۇسخى-

سىنى ئاساس قىلغان ۋە بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تولۇق پايدىلانغان. ئۆزبېك تىلىدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ I جىلدىدا سالىھ مۇتەللىپوۋ «XI ئەسىرنىڭ بۈيۈك فىلولوگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى» دېگەن مەۋزۇدا ئۇزۇن ماقالا، II جىلد بېشىدا «سۆز بېشى ئورنىدا» دەپ كىرىش سۆز بەرگەندىن باشقا، ئاخىرلىرىدا يەر، قەبىلە، شەخس ناملىرى ۋە ئايرىم سۆزلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئىزاھلار بەرگەن. س. مۇتەللىپوۋ ئۆزىنىڭ بۇ ماقالا ۋە ئىزاھلىرىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزبېك ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى پەقەت ئۆزبېك تىلىنىڭ نەمۇنىسى دەپ «ئىسپاتلاش»قا نۇرغۇن ئەقلىي كۈچ سەرپ قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مورفولوگىيىلىك، دىالېكتولوگىيىلىك، لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق تەرەپلەردىن پۇختا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئاساس قىلىنغان تىلنى «ئۇيغۇر تىلى»دەپ ھۆكۈم چىقارغان بىروككېلماننى ۋە باشقىلارنى ئەيىبلىگەن. بۇندىن تاشقىرى، س. مۇتەللىپوۋ بەزى «قەدىمقى تۈركىي ئىبارە»لەرنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكى، بەزى سۆزلەرنىڭ ئەرەبچە ئىزاھىنى ياخشى پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىرمۇنچە جايلاردا خاتالىققا يول قويغان.

شۇنداقتىمۇ، بىز قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئالدى بىلەن، بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ۋە ئاندىن سالىھ مۇتەللىپوۋنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىنى بىزدىن بۇ ساھەدە بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان پېشقەدەملەرنىڭ ئەمگەكلىرى دەپ قاراپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىمىزدا ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلاندۇق، شۇڭا ئۇلاردىن مىننەتدارمىز. لېكىن، شۇنى

ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىشلەشتە، ئەسلى قولىيازمىنىڭ فاكسىمىلىسىنى ئاساس قىلدۇق. شۇنىڭدەك، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كە كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن سۆز - ئىبارىلەر، ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (ئايرىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ چوڭ شىۋىلىرىدە) ئۆز پېتىچە ساقلانغانلىقى ۋە قوللىنىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىزگە كۆپ ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇڭا، كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن پاكىتلارنى ئىزدەپ ئولتۇرمىدۇق ۋە ئارتۇقچە ئىزاھ بەرمىدۇق.

11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇناسىپ بۇرچىمىزدۇر. لېكىن، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇتنى قەشقەرلىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نادىر مەدەنىي مىراسى دېيىش بىلەن بىللە، يەنە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنى ئاساس قىلغان ھالدا، پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەر تىللىرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ تۈزۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بايلىق دەپ قارايمىز.

1955 - يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى قولغا ئېلىنغان ۋە قەشقەردە ئاكا-ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن ئەخمەت زىيائىي تەرىپىدىن بىرىنـ-

چى تەرجىمە ئارگىنالى قولدىن چىققان ئىدى. 1963 — 1966 - يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە ئىككىنچى تەرجىمە نۇسخىسىمۇ ئىشلەنگەن ئىدى. لېكىن سول خاتا لۇشيەن تۈپەيلىدىن بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنماي، ئاخىر نابۇت بولۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئالدۇق. بۇ ئىشقا پەقەت، مەملىكىتىمىزدە ئىلىم - پەن باھارى قايتا يېتىپ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندىلا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 11 - ئەسىردىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى ۋە سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇھىم نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىلمىي كۈچلەر جەلپ قىلىندى. ناھايىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ I جىلدىنى نەشرگە تەييارلىدۇق. قالغان II ۋە III جىلدلىرى ۋە ئىندېكسىمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرىدە ھەر جەھەتتىن سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە كىتابخانلارنىڭ تۈزەتمىلەر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە
تەييارلاش گۇرۇپپىسى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىزاھات

1. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەيمىز)نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قولىيازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ 1941-يىلى بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان فاكسىمىلى (فوتو نۇسخىسى) ئاساس قىلىندى.

2. «دىۋان»دىكى سۆزلەملەر ۋە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ئەرەبچە ئىملاسى ئەينەن ساقلاندى.

3. ئەرەبچە ئىملاسىدا ئىككى خىللىق بولغان ئايرىم سۆزلەم ۋە مىساللار ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ، زورۇر تېپىلغاندا ھاشىيىدە ئىزاھلاندى.

4. ئەرەبچە ئىملاسى ئېنىق بولمىغان ياكى خاتا كۆچۈرۈلگەن سۆزلەم ۋە مىساللارنىڭمۇ ئەسلى ئىملاسىنى ساقلىدۇق، ئەمما «دىۋان»نىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدا بېرىلگەن تۈزىتىشلەردىن مۇۋاپىق تاپقانلىرىمىزنى، شۇنىڭدەك، ئۆزىمىز ھېس قىلغان خاتالىقلارنى ترانسكرىپسىيىدە تۈزىتىپ، ھاشىيىدە ئىزاھلىدۇق.

5. بەسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، «دىۋان»نىڭ يازما نۇسخىسىدا بەزى سۆزلەر قارا سىيا بىلەن، بەزى سۆزلەر قىزىل سىيا بىلەن تۈزىتىلگەن (رەسىمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى قارا

ۋەگدە چىققان). بېسىم ئاتالاي قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان تۈزىتىشلەرنى ئىشەنچسىز ھېساپلاپ، بىر قىسمىنى تۈزەتكەن. بىز بېسىم ئاتالاينىڭ بىر قىسىم پىكىرلىرىنى ماقۇل كۆردۇق، يەنە بىر قىسمى ھەققىدە بولسا، يازما نۇسخىدىكى تۈزىتىشنى توغرا تاپتۇق. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ھاشىيىدە ئىزاھ بېرىلدى.

6. يازما نۇسخىدىكى ئەرەپچە سۆزلەردە كۆچۈرۈشتە سادىر بولغان ئىملا ۋە سۆز خاتالىقلىرىدىن سېزىلگەنلىرى تۈزىتىلىپ تەرجىمە قىلىندى ۋە بۇ ھەقتە ھاشىيىدە ئىزاھ بېرىلدى.

7. «دىۋان»نىڭ ئەرەپچە باسما نۇسخىسى ۋە باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدا بەزى مىساللارمۇ قۇر بېشىغا چىقىرىلىپ ئايرىم سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان. مۇنداق قىلىش مەھمۇت قەشقەرى مەزكۇر باپتا كۆرسەتكەن ئۆلچەمگە توغرا كەلمىگەچكە، بىز مۇنداق مىساللارنى مۇستەقىل سۆزلەم قاتارىدىن چىقىرىپ، مىسال قىلىپ ئېلىنغان سۆزلەم ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتۇق.

8. «دىۋان»دا بەزى كۆپ مەنىلىك پېئىللارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان مۇستەقىل مەنىلىرى بىرلا سۆزلەم ئىچىدە ئىزاھلانغان. بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىر مۇستەقىل سۆزلەم قىلىپ، قۇر بېشىغا چىقاردۇق. لېكىن مۇنداق پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەسدەر شەكىللىرى ئاخىرىدا بىرلا قېتىم بېرىلدى.

9. سۆزلەملەرنىڭ تىزىلىش تەرتىۋى يازما نۇسخىدا ئوخشاش ھەرپ بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرنى بىر قاتارغا تىزىش يولى بىلەنمۇ ئىپادىلەنگەن ۋە مەزكۇر ھەرپ شۇ خىل سۆزلەرنىڭ باش تەرىپىگە چىقىرىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا ئىزچىللىق يوقلۇغىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز بۇ خىل ھەرپلەرنى قۇر بېشىدا ئايرىم كۆرسەتمىدۇق.

10. «دىۋان»دىكى ھەر بىر تۈركىي سۆز ۋە مىسالنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەتكەن ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە بېرىلدى. بۇ بەلگىلەر مۇنۇلار (تىرناق ئىچىدىكى مەزكۇر بەلگىنىڭ خەلقارا ترانسكرىپسىيىدىكى تەڭدىشى):

،(æ:) ǝ̄ - (æ) ǝ		، (a:) ā - (a) a	
(g) g ،	(f) f ،	(e) e ،	(ɛ) ǝ̣
، (i) i ،	(h) ḥ ،	(x) h ،	(ʁ) ɣ
،(ʤ) j ،	(ɨ) ï ،	(ɪ) ï ،	(i:) ī
،(m) m ،	(l) l ،	(q) ḳ ،	(k) k
،(o:) ō ،	(o) o ،	(ŋ) ŋ ،	(n) n
،(c) q ،	(p) p ،	(ɸ:) ɵ̄ ،	(ɸ) ɵ
،(u) u ،	(t) t ،	(s) s ،	(r) r
،(w) w ،	(y:) ǖ ،	(y) ü ،	(u:) ū
،(z) z ،	(j) y ،	(ʃ) x ،	(v) v
		.(ʒ) ż ،	(ʒ) z

قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «i» ئۈچۈن «ï» بەلگىسى ئىلىندى. ھەربىر سۆزدىكى تاۋۇشنىڭ ئىخچام سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ۋارىيانتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇ ھەرپنىڭ ئۈستىگە توغرا سىزىق سىزىلدى (مەسىلەن: ā، ǝ̄). «ژ» تاۋۇشىنى ئادەتتىكى «z»دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «z»نىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلۇپ، «ż» شەكلىدە ئىپادىلەندى. «دىۋان»دا «ǝ» تاۋۇشىنىڭ بىر ۋارىيانتى «اِ» بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ «ǝ»نىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇلۇپ، «ǝ̣» شەكلىدە ئىپادىلەندى.

11. «دىۋان»دا ئەرەپ ھەرپلىرىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن «p-b» تاۋۇشلىرى بىرلا «ب» ھەرپى بىلەن، «g-k» تاۋۇشلىرى بىرلا «ك» ھەرپى بىلەن، «q-j» تاۋۇشلىرى بىرلا «ج» ھەرپى بىلەن يېزىلغان. شۇنىڭدەك، ئەرەپچە يېزىق ۋە دىاكرىتىك بەلگىلەرگە قاراپ «o» بىلەن «u»نى، «ɵ» بىلەن «ü»نى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىن. ترانسكرىپسىيەدە ئاپتورنىڭ ئۆز ئىزاھاتى، تۈركى تىللارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ۋە خاقانىيە تىلى ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ (بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ) ھازىرقى جانلىق تەلەپپۇزى ئاساسىدا، بۇلار مۇمكىن قەدەر ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىلدى.

مەسىلەن: «دىۋان»دىكى «ك» ھەرپىنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى بېرىشتە تۆۋەندىكىچە يول تۇتۇلدى:

(1) «دىۋان» دەۋرىدە خاقانىيە تىلىدا «ŋ» ۋە «g» بىلەن باشلانغان تۈركى سۆزلەرنىڭ يوقلۇغى نەزەردە تۇتۇلۇپ، سۆز بېشىدىكى «ك» ھەرپى تامامەن «k» بىلەن ئىپادىلەندى.

(2) كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ك» ھەرپى تامامەن «k» بىلەن ئىپادىلەندى.

(3) بىر بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەر ئاخىرىدىكى «ك»نىڭ ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا «ɣ»غا ئايلىنىپ كەتكەنلىرى «g» بىلەن، قالغانلىرى «k» بىلەن ئىپادىلەندى.

(4) پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «ك (ياكى بۇنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىرى ik، ük، ək)»نى ئىپادىلەشتە:

بىرىنچى، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ كىرىش قىسمىدا يۇمشاق كاف (g) قا «tirig، ɵlüg» سۆزلىرىنى مىسال قىلىپ بەرگەنلىكىنى:

ئىككىنچى، «isig — ئىسسىق» سۆزىنىمۇ يۇمشاق كاف (g) بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى؛

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىمۇ بۇ قوشۇمچىنىڭ ئىسىملارنى بىلدۈرگەندە «k»، سۈپەتلەرنى بىلدۈرگەندە «g» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى؛

تۆتىنچى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «لِكْ» قوشۇمچىسى ھەققىدىكى قائىدىدە (يازما نۇسخا 254 - ۋە 225 - بەتلەر) بۇ قوشۇمچىنىڭ «بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولغان يېرى، بىر نەرسە ياساشقا تەييارلانغان نەرسە، كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى (ئومۇمەن ئىسىم)» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرگەندە قاتتىق كاف (k) بىلەن كېلىدىغانلىقىنى، «ئېيتىلغان نەرسىگە ئىگە بولغانلىق، مەجھۇل دەرىجىدىكى سۈپەتداش (ئومۇمەن سۈپەت)» مەنىسىنى بىلدۈرگەندە يۇمشاق كاف (g) بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتتۇق ۋە ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرگەن سۆزلەردە «k» بىلەن، سۈپەت ياكى ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى خىل مەنىدە كەلگەن سۆزلەردە «g» بىلەن ئىپادىلىدۇق.

12 . مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈركىي سۆزلەرگە بەرگەن ھەممە ئىزاھلىرىنى ئاپتورنىڭ ئىپادە فورمىلىرىنى ۋە ئۇسلۇبىنى ساقلاش ئاساسىدا تولۇق تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتۇق. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى يول تۇتۇلدى:

A. بىر سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلىتىلىۋاتقان بولسا، تەرجىمىدە شۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا بېرىلدى.

مەسلـەن: اِتْ *it* ــــ ئىت.

B. «دىۋان»دىكى سوزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىـ دىكى ئىستېمال مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان بـولسا، تـەرجىمىدە ئالدى بىلەن شۇ سوزنىڭ ئوزى بېرىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھازىر- قى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان تەگدىشى بېرىلدى.

مەسلەن: اَتْ *at* ــــ ئەت، گوش.

C. «دىۋان»دىكى سوز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىشلىتىلمەي، شىۋىلەردە ساقلانغان بولسا، ئالدى بىلەن شۇ سوزنىڭ شىۋىلەردە ساقلانغان شەكلى بېرىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان تەگدىشى بېرىلدى. ئەمما قايسى شىۋىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئايرىم ئىزاھ بېرىلمىدى.

مەسلەن: اُلُقْ *uluk* ــــ ئۇلاق ~ ئۇۋلاق، قىيىق، قولۋاق.

D. تارىخىي ئاتالغۇلار ۋە جۇغراپىيىۋى ئىسىملارنىڭ ئاۋال ئوزى بېرىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىزاھاتى تەرجىمە قىلىندى.

مەسلەن: تَرْخانْ *tarhan* ــــ تارخان. ئىسلامىيەتتىن ئاۋال قوللىنىلغان ئىسىم، «بەگ» مەنىسىدە، ئارغۇچە.

جُرْجانْ *qurqan* ــــ چەرچەن. چىن يـولىدا مۇسۇلمانلار چېگىرىسىغا جايلاشقان بىر شەھەر ئىسمى.

13. ماقال ـ تەمسىللەر، شېئىر ـ بېيىتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مۇنداق يول تۇتۇلدى:

A. مـاقال ـ تەمسىل، شېئىر ـ بېيىتلەرنىڭ ئەرەبچە ئىزاھـاتى

ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىنغاندا، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەسلى تۈركى تېكىستتىن يىراق كەتمىسە، ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىندى:

تَزَكْ قارْدا يَتْماسْ اَذْكُو اِيسِيزْ قَتْماسْ

təzək karda yatmas əżgü əsiz katmas

تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى-يامان قېتىلماس.

قُتْ قُفْغْ بِرْسا اِذِمْ قُولِنْكا
كُنْدا اِيشِي يُكْسِبِنْ يُوقارْ آغارْ

kut kuvïq bərsə iżim kulïŋa
kündə ïxï yüksəpən yukar ąojar

بەخت-دۆلەت بەرسە ئىگەم قۇلىغا،
كۈندە ئىشى يۈكسىلىپ يۇقىرى ئۆرلەر.

B. ماقال-تەمسىل، شېئىر-بېيىتلەرنىڭ ئەرەپچە ئىزاھاتى تۈركى تېكىستنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى بولماي، ئۇمۇمىي مەفھۇمىدىنلا ئىبارەت بولسا، ئاۋال تۈركى تېكىست ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بېرىلىپ، چاسا تىرناق ئىچىگە ئېلىندى، ئاندىن ئۇنىڭ مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەرەپچە ئىزاھى تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن:

قِيزْ بِرْلا كُرَشْما
قِسْراقْ بِرْلا يَرِشْما

kiz birlə kürəxmə
kisrak birlə yarixma

[قىز بىلەن چېلىشما،
تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما.]

قىز بىلەن چېلىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ۋە چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

اَلْپْ اَرْتُنْكا اُلْدِيمُو
اِيسِيزْ اَزُونْ قَلْدِيمُو
اُذْلَكْ اُوجِنْ اَلْدِيمُو
اَمْدِي يُرَكْ يِرْتِلُورْ

alp ərtoŋa əldimu
əsiz azun kaldimu
əzlək əqin aldimu
əmdi yürək yirtilur

[ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
يامان دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.]

خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.

C. ماقال-تەمسىللەرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەرەبچە تەگدىشى كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئەرەبچە تەگدىشى ئەينەن بېرىلدى، تەرجىمە قىلىنمىدى. مەسىلەن:

يِراقْ يِرْ ساڤِنْ آرْقِشْ كَلْدُرُرْ

yïrak yər savïn arkïx kəldürür

يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرەر. بۇ ماقال ئەرەبلەرنىڭ «وَيَأْتِيكَ بِالأَخْبارِ مَنْ لَمْ تُزَوِّدِ» دېگەن ماقالىغا توغرا كېلىدۇ.

14. «دىۋان»دىكى ئەرەبچە گىرامماتىك ئاتالغۇلار مۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى:

A. سۆزلەملەرنىڭ تىزىلىش تەرتىۋىگە ئائىت بولغان ئەرەبچىگە خاس گىرامماتىك ئاتالغۇلار ئۆز پېتى ئېلىنىپ، بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان جايدا ھاشىيىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. مەسىلەن:

مەنقۇس — ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلۈپ، ئاخىرقى ھەرپى ئىللەت (ا، و، ى) بىلەن كەلگەن سۆزلەر.

B. تۈركى تىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئائىت ئەرەپچە گىرامماتىك ئاتالغۇلاردىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەنلىرى ياكى ئىلگىرى ئىشلىتىلگەنلىرى ئىستېمال مەنىلىرىدە سەل پەرق بولسىمۇ، يەنە ئۆز پېتى ئېلىندى. بۇلاردىن مەنىدە پەرق بارلىرىنى ياكى ھازىرقى كىتاپخانلارغا ياتراق بولغانلىرىنى بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

ئىسىم — بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەقەت ئاتلارنىلا بىلدۈرىدۇ، ئەرەپچىدە، شۇ جۈملىدىن «دىۋان» دا زامان بىلەن تۈرلەنمەيدىغان ھەممە سۆز تۈركۈملىرى (مەسىلەن: ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش ۋە رەۋىشلەر)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فائىل — جۈملىدە ئىش - ھەرىكەتنى (پېئىلنى) ئىجرا قىلغۇچى ئىگە.

ئىسمى فائىل — ئاددى دەرىجىدىكى سۈپەتداش.

مەفئۇل — ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى، تولدۇرغۇچى.

ئىسمى مەفئۇل — مەجھۇل دەرىجىدىكى سۈپەتداش.

مىفئال — ئىشنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش.

ئىدغام — ئىككى تاۋۇشنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇشى ياكى بىر خىل ئوقۇلۇشى، ئاسسىمىلاتسىيە. مەھمۇت قەشقەرى بەزىدە تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيىنىمۇ مۇشۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدۇ.

ھەرپ — (حرف) «دىۋان»دا بۇ ئاتالغۇ ئادەتتىكى «ھەرپ»

دىگەن ئۇقۇمدىن باشقا يەنە «تاۋۇش»، «فونېما» دىگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

قاتتىق ھەرپلەر (حرف الصَّلابة) — بۇنىڭدا «ب-*p*، ت-*t*، ج-*q*، ك-*k*، ق-*ⱪ*»غا ئوخشاش پارتلىغۇچى ۋە پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر (اشباع) — بۇ سۆز سوزۇق تاۋۇشلاردا ئارقا سوزۇقلارنى، ئۈزۈك تاۋۇشلاردا جاراڭسىز تاۋۇشلارنى بىلدۈرىدۇ.

يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر (رَكِيكَة) — بۇ سۆز سوزۇق تاۋۇشلاردا ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنى، ئۈزۈك تاۋۇشلاردا جاراڭلىق تاۋۇشلارنى بىلدۈرىدۇ.

ئېلىف (ا) — ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. «دىۋان»دا بۇ ھەرپ تۈركى سۆزلەردىكى «*a*، *ə*، *e*، *i*، *ï*، *ê*» تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ۋاۋ (و) — ئەرەپ ئېلىپبەسىدە يىگىرمە يەتتىنچى ھەرپ. «دىۋان»دا بۇ ھەرپ تۈركى سۆزلەردىكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش (*w*) ۋە تۆت سوزۇق تاۋۇش (*o*، *ɵ*، *u*، *ü*)قا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

15. سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا تۆۋەندىكى شەرتلىك بەلگىلەر ئىشلىتىلدى:

A. تەگداش مەنىلىك سۆزلەر پەش بىلەن، مەنىلىرىدە پەرق بار سۆزلەر چېكىتلىك پەش بىلەن ئايرىتىلدى.

B. ئايرىم ئىشلىتىلمەي، سۆز بىرىكمىلىرىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر ئايرىم ئىزاھلانماي، ترانسكرىپسىيەدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلۇپ، سۆز بىرىكمىسى ئىچىدە ئىزاھلاندى.

C. بەزى مىساللارغا مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھتا تۈركى تېكىستنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان سۆزلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

D. تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇلغان ئىزاھلار تىرناق ئىچىگە بېرىلدى.

E. بىر سۆز ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنسا، ئوتتۇرىسىغا // بەلگىسى قويۇلدى.

F. بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ~ بەلگىسى قويۇلدى.

بسم الله الرحمن الرحيم وبه العون



[illegible] يوما على مدارج [illegible] الكرم والنعم حتى [illegible]
[illegible] وأوصل الشامل الكامل الجامعة فيه الأشياء المذكورة واللغات
المشهورة فبلغ الكتاب في الجودة [illegible] الألفاظ [illegible]
والله أسأل التوفيق فيما نويت وعليه توكلت ولا حول ولا
قوة إلا بالله العظيم وهو حسبنا ونعم الوكيل

الباب في الحروف التي يشتمل عليها اللغات
[illegible] وعليها [illegible] التركية [illegible] ثمانية عشر حرفا
[illegible] كتابة التركية [illegible] احرف
[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] الأمومة [illegible] منه د
تعالى [illegible]
[illegible] في
الرابع منه تعالى [illegible]
والخامس منه تعالى [illegible]
[illegible] في [illegible] منه ت تعالى
[illegible] في [illegible]
منه تعالى [illegible]
[illegible] منه ث تعالى [illegible]
[illegible] تعالى [illegible]
في [illegible] وتعالى [illegible]
[illegible] وتعالى [illegible] الجارية [illegible]
[illegible] وتعالى [illegible]
[illegible] تعالى [illegible]
[illegible] وتعالى
[illegible] وتعالى
[illegible] وتعالى



بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ
وَبِهِ الْعَوْنْ

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن
پەقەت تەڭرىلا ياردەم بېرەلەيدۇ

ھەممە ماختاش - ئالقىشلار يۈكسەك پەزىلەت ۋە كۆركەم سەنئەت ئىگىسى بولغان تەڭرىگە خاس. زامان ئەھلىنىڭ ئەڭ ساغلاملىرى كېسەل، ئەڭ سۆزمەنلىرى كېكەچ بولۇپ قالغان بىر چاغدا، تەڭرىم ھالال بىلەن ھارام ئىشلار ئېنىق ۋە تولۇق بايان قىلىنغان قۇرئاننى جەبرائىل ئارقىلىق مۇھەممەتكە چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن توغرا يولنى كۆرسىتىپ، مەشئەل ۋە يول كۆرسەتكۈچ بەلگە تىكلەپ بەردى.

مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ ھەممىگە پېشىۋا بولغان ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىغا تەڭرىم رەھمەت قىلسۇن، ئەبەدى ئېسەنلىك بەرسۇن.

ئەمدى، مۇھەممەت ئوغلى ھۈسەيىننىڭ پەرزەندى مەھمۇد-نىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز:

مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى

ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پانا تاپىدۇ.

ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا بىر ئالىمنىڭ تەگرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغان ئىدىم: پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىكەن.

بۇ ھەدىسكە شۇ ئېيتقۇچى كىشىلەرنىڭ ئۆزى جاۋابكار. بۇ ھەدىس راست بولسا، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. راست بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى

ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زىرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھ- رالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.

ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دِيوانُ لُغَاتِ التُّرْك — تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويدۇم.

بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇر- غان، ھاشىم ئۇرۇغىدىن ۋە ئابباسلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم. تەڭرى ئۇنىڭ مەرتى- ۋىسىنى دائىم يۇقىرى، ئۆمرىنى راھەت-پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن قىلسۇن؛ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى يوق سەلتەنەت ئاساسلىرىنى تەۋرەنمەس دەرىجىدە مۇستەھكەملىسۇن؛ ئۇنىڭ پەرمان دائىرى- لىرىنى كېڭەيتسۇن ۋە يۈكسەلدۈرسۇن؛ ئادەم باللىرى ئۇنىڭ بىھېساپ ساخاۋىتى شاراپىتىدىن يۇلتۇزلاردەك يۈكسەك بەخت- سائادەتكە ئىگە بولسۇن؛ ئۇنىڭ دەۋەتلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر- بىر غەلىبىسى سادىق دوستلىرىنى خوشال قىلسۇن؛ تەڭرى ئۇنىڭ

قەھر ـ غەزىپىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ خار قىلسۇن؛ ئۇنىڭ سايىسىنى، كوركىنى، قۇدرىتىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن يىراق قىلمىسۇن.

مەن بۇ كىتاپنى ھېكمەتلىك سوزلەر، سەجئىلەر[①]، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر[②] ۋە نەسرى پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىۋىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۇگەنگۇچى ۋە ئىزدەنگۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سوزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىرنەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ، سوزلەرنى جاي ـ جايىغا قويدۇم. تۈتۈقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم. ئاخىر، بۇ لۇغەت كىتاۋىنى تۇۋەندىكى سەككىز بولۇمگە يىغىنچاقلىدىم.

بىرىنچى، ھەمزە بولۇمى[③]. تەگرى كىتاۋىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، مەنمۇ كىتاۋىمنى ھەمزە بىلەن باشلىدىم.

ئىككىنچى، سالىم بولۇمى[④].

---

① سەجئە — قايىيەلىك نەسر.

② رەجەز — شېئرىيەتتە ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرىدىن بىرى؛ بۇ يەردە «قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار» دىگەن مەنىدە كەلگەن.

③ ھەمزە — ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ تۇنجى ھەرپى «ا ـ ئېلىف» ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان بەلگىلەر بىلەن تۇرلۇك سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىسە، «ھەمزە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

④ سالىم — تەركىۋىدە ئەرەپچىدىكى «ھەرپى ئىللەت» دەپ ئاتالغان «ا ـ ئېلىف، و ـ ۋاۋ، ى ـ يا» ھەرپلىرىدىن بىرەرسى بولمىغان ۋە ھەرپ تەكرارلانمىغان سوزلەر.

ئۈچىنچى، مۇزائەف بولۇمى[1].
ئوتىنچى، مىسال بولۇمى[2].
بەشىنچى، ئۈچ ھەرپلىكلەر بولۇمى.
ئالتىنچى، توت ھەرپلىكلەر بولۇمى[3].
يەتتىنچى، غۇننىلىكلەر بولۇمى[4].
سەككىزىنچى، ئىككى ساكىن[5] بىللە كەلگەن سوزلەر بولۇمى.

ھەربىر بولۇمنى ئىسىملار ۋە پېئىللار شەكلىدە ئىككىگە ئايرىدىم. ئاۋال ئىسىملارنى، ئاندىن پېئىللارنى كەلتۈردۈم ۋە ھەربىرىنى ئوز ئورنىغا قاراپ، باپلارغا ئايرىدىم. ئالدىدا كېلىدىغانلىرىنى ئالدىغا، كېيىن كېلىدىغانلىرىنى كەينىگە قويدۇم. كىشىلەرگە تونۇش بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بولۇم ۋە باپلاردا ئەرەبچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتتىم.

تۈركى تىلىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق

① مۇزائەف — بىر ھەرپى تەكرارلىنىپ، بىرىنچىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكە (ئەرەبچىدە سوزۇق ھەرپلەر ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەر — زىر، زەۋەر، پەش ۋە باشقىلار) لىك سوزلەر.

② مىسال — «ا - ئېلىف، و - ۋاۋ، ى - يا» ھەرپلىرىدىن بىرى بىلەن باشلانغان سوزلەر.

③ ئۈچ ھەرپلىك، توت ھەرپلىك، بەش ھەرپلىك ياكى ئالتە ھەرپلىكلەر دىگەندە، ئەرەپ ھەرپلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

④ غۇننە — دىماق تاۋۇشى؛ غۇننىلىكلەر — تەركىۋىدە دىماق تاۋۇشى بولغان سوزلەر.

⑤ ساكىن — ھەرىكە بىلەن ئوقۇلمايدىغان ئۈزۈك تاۋۇش، يەنى يېپىق بوغۇم ئايىغىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش.

كۆرسىتىش ئۈچۈن، خەلىلنىڭ «كِتَابُ الْعَيْن①» دېگەن ئەسىرىدە قىلىنغىنىدەك ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنىمۇ بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈش كۆڭلۈمگە كەلگەن ئىدى. مۇنداق قىلغاندا، ئىش تېخىمۇ تەرتىپلىك بولغان بولاتتى. لېكىن سۆزلەرنى ئاسان تېپىشنى ۋە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىخچاملاشتۇردۇم، ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. مېنىڭ تۇتقان بۇ يولۇم تېخىمۇ توغرا.

تۈركى تىلدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بىلەن ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنى تونۇتۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتىمەن:

اَرِقْ	*arïk*	ئېرىق	ئىشلىتىلىدۇ.
اَقُرْ	*akur*	ئۇقۇر	〃 〃
قَارْ	*kar*	قار	〃 〃
قَرَا	*kara*	قارا	〃 〃
رَقَا	*raka*		ئىشلىتىلمەيدۇ.

① خەلىل ئىبنى ئەخمەت بەسرى — ئىلمى نۇجۇم (ئاسترولوگىيە)، پەلسەپە ۋە تىلشۇناسلىقتا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ «كِتَابُ الْعَيْن»، «كِتَابُ الْعَرُوض» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر. «كِتَابُ الْعَيْن» دېگەن ئەسىرى «ع - ئەين» ھەرپى بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئالىمنىڭ ۋاپاتى ھىجرى 170 - (مىلادى 786—787 -) يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

راق	*rak*	راق	(سۇپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى) ئىشلىتىلىدۇ.
ئازق	*azuk*	ئوزۇق	ئىشلىتىلىدۇ.
ئاقز	*akuz*		ئىشلىتىلمەيدۇ.
قزى	*kozi*	قوزا	ئىشلىتىلىدۇ.
قيز	*kiz*	قىز	" "
زقى	*ziki*		ئىشلىتىلمەيدۇ.
زيق	*zik*		" "

«قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كورسىتىدۇ» دىگەندەك، بۇ پەقەت بىر ئورنەكتىنلا ئىبارەت. تۇت ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە ھەرپلەردىن تەركىپ تاپقان سوزلەرنىمۇ، مۇشۇ ئورنەك بويىچە قىياس قىلىش مۇمكىن.

مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دىگەن نىيەت بىلەن، بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى-يېڭى ئولچەملەرنى قويدۇم. ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سوز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سوزلەرنىلا ئالدىم. چۈنكى سوزنىڭ قىسقىسى ياخشى، ئىلگىرىلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كورسىتىپ، كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىگىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. جۈملە-

دىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كورگەن - بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خوشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۈم، تاكى بۇنىڭدىن پايدىلانغانلار كېيىنكىلەرگە، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىرمۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاپ يېگىلىقلار بىرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى. كوڭۈل باغلىغان بۇ ئىشىمدا تەڭرىدىن ياردەم سورايمەن.

لَاحَوْلَ وَلَاقُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ وَهُوَ حَسْبُنَا وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

(پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس، تەڭرى بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىمىز).

تۈركى سوزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە قوللىنىلىدىغان ھەرپلەر توغرىسىدا

ھەممە تۈركى تىللاردا قوللىنىلىدىغان ئاساسىي ھەرپلەر ئون سەككىز. تۈركى يېزىق شۇ ھەرپلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ ھەرپلەر تۆۋەندىكى سوزلەرگە جەملەنگەن:

اخوك، لف، سمج، نزق، بلدر، شتيّا

ئايرىپ كورسەتكەندە مۇنداق بولىدۇ:



بۇ ھەرپلەر ئەرەپچىدىكى «ا، ب، ت، ث...» گە ئوخشايدۇ.
يۇقۇرىدىكى ئاساسىي ھەرپلەردىن تاشقىرى، يېزىقتا يوق، پەقەت
ئېغىزدىلا ئىشلىتىلىدىغان، يەنى ئاساسىي ھەرپ ھىساپلانمايدى-
غان يەنە يەتتە ھەرپ بار، تۈركى تىللار بۇلارسىز بولمايدۇ.
بۇلار قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان«ب-p»، ئەرەپچە «ج-j»
ھەرپى—بۇ ھەرپ تۈركى سوزلەردە ئاز ئىشلىتىلىدۇ—، «ز-z»
بىلەن «ش-x» ئارىلىغىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ژ-z» ھەرپى،
ئەرەپچە «ف-f» ھەرپى، چېكىتلىك «غ-q» ھەرپى، «ق-k»
بىلەن «ك-k» ئارىلىغىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان يۇمشاق «ك-g»
ھەرپى، «ن-n» بىلەن «غ-q» ئارىلىغىدا ۋە «ن-n» بىلەن
«ق-k» ئارىلىغىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «نك-$ŋ$» ھەرپىدىن
ئىبارەت. بۇ ھەرپنى تەلەپپۇز قىلىشتا تۈركلەردىن باشقىلار
قىينىلىدۇ.
بۇ يەتتە ھەرپ يۇقۇرىدا كورستىلگەن ئاساسىي ھەرپ-
لەرگە ئوخشاش يېزىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت چېكىت قويۇلۇش
بىلەن پەرقلىنىدۇ. تۈرك قەبىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا «ث»
ھەرپى يوق. شۇنداقلا «اطباق» ھەرپلىرىدىن بولغان
«ط، ظ ص، ض»، بوغۇز تاۋۇشلىرىدىن بولغان «ح، ه، ع»
ھەرپلىرىمۇ يوق. «ئۆكە—ھۇقۇش»نى «اهي uhi» دەيدىغانلار بەك
ئاز. بۇ سوزنىڭ ئەسلى قىپچاقچىدا بولغىنىدەك «ك-k» بىلەن
ئېيتىلىدىغان «اُكي $üki$» دۇر. كەنچەكلەر چاقماقنى «جَها
$qaha$» دەيدۇ، بۇ تىل ساپ ئەمەس، كوز ئاغرىغىنى«اُوه uh»
دەيدۇ، بۇمۇ بۇزۇلغان سوز.
مۇندىن باشقا، تىنىشۋىلىش ئۈچۈن، بەزىدە سوز ئاخىرىغا

«ھ - *h*» قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: لاچىننى چاقىرىشتا «تاھ تاھ *tah tah*»، تايىنى چاقىرىشتا «قىرە قىرە *kurrih kurrih*» دېيىلىدۇ. ئەمما تەركىۋىدە «ھ - *h*» كېلىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق، بۇ تاۋۇش گايىدا خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا ئۇچرايدۇ. چۈنكى خوتەن تىلىدا ھىند تىلىنىڭ تەسىرى بار، كەنچەك تىلىدىمۇ «ھ - *h*» تاۋۇشى ئۇچرايدۇ، چۈنكى كەنچەك تىلىمۇ ساپ تۈركچە ئەمەس. ئەگەر «ث» ھەرپىنى يېزىش لازىم بولسا، تۈركى يېزىقىنىكى «ذ - *z*» شەكلىدە يېزىلىپ، ئۈستىگە چېكىت قويۇلىدۇ. «ض» ھەرپىمۇ «ۓ - *z*» شەكلىدە يېزىلىپ، چېكىت قويۇلىدۇ. «ص» ھەرپىمۇ «ۍ - *s*» شەكلىدە يېزىلىپ، چېكىت قويۇلىدۇ. «ح، ع، ھ» ھەرپلىرى تۈركچە «ۃ - *h*» شەكلىدە يېزىلىپ، ئايرىم بەلگىلەر بىلەن ئايرىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەرپلەر پەقەت ئەرەپ تىلىغا خاس. بۇ ھەرپلەرنى تۈركى يېزىق بىلەن يېزىشقا توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى تۈركى ھەرپلەرنىڭ شەكلى يېزىلىپ، چېكىت ۋە بەلگىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. تۈركى ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى توپلانسا، تۆۋەندىكى شەكىل ھاسىل بولىدۇ:



بۇنىڭ يېزىلىش قائىدىسى مۇنداق: تەلەپپۇزدا گورنى يوقلۇغىغا قارىماي، فەتھە① گورنىدا «ا - ئېلىف»، زەممە②

① فەتھە — «*a*, *ə*» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ئەرەپچە دىاكرىتىك بەلگە: ـَـ (زەۋەر).

② زەممە — لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ئەرەپچە دىاكرىتىك بەلگە: ـُـ (پەش).

ئورنىدا «و-ۋاۋ»، كەسرە[1] ئورنىدا «ى-يا» كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەرەبچىدىكى مىسالى ئىزافەت[2] ھالىدىكى «اَخْ، اَبْ» سۆزلىرىدە كۆرۈلىدۇ: هَذَا اَبُوكَ وَرَأَيْتُ اَبَاكَ وَمَرَرْتُ بِاَبِيكَ[3]. بۇ سۆزلەرنى يازغاندا، ھەرىكە ئۈچۈن ھەرپ قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقۇرى چىنفىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت-ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن.

تۈركى سۆزلەردە ئىمالە، ئىشبا، ئىشمام[4] لارنىڭ ھەربىرى

---

[1] كەسرە — «i , ī» تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ئەرەبچە دىياكرىتىك بەلگە: ـِـ (زىر).

[2] ئىزافەت — ئىككى ئىسىمنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىرى يەنە بىرىنى ئېنىقلاپ كېلىشى.

[3] بۇ ئەرەبچە ئىبارىدىكى «اَبْ»دىن تۈرلەنگەن بىرىنچى سۆزگە (اَبُوكَ) «و-ۋاۋ»، ئىككىنچىسىگە (اَبَاكَ) «ا-ئېلىف»، ئۈچىنچىسىگە (بِاَبِيكَ) «ى-يا» قوشۇلغان.

[4] ئىمالە (اِمالە) — ئەسلىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ قائىدىسى بويىچە غەيرى تەبىي ھالدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش، بۇ يەردە بىرەر تاۋۇشنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا قارىتىلغان؛ ئىشبا (اِشباع) — ئەسلىدە ئەرەپ شېئىرىيىتىدە ۋەزن ۋە قاپىيە ئۈچۈن بىر سۆزگە بىرەر ھەرپ قوشۇپ ئوقۇش، بۇ يەردە تاۋۇشلارنى قاتتىق ياكى قېلىن تەلەپپۇز قىلىشقا قارىتىلغان؛ ئىشمام (اِشْمام) — تاۋۇشلارنى يۇمشاق ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىش.

ئۈچ ھەرپكە بلەن كېلدۇ؛ قاتتىق تەلەپپۇز قىلنىدىغان غۇننە[1] بلەن خەيشۇم[2] مۇ شۇنداق. مۇندىن تاشقىرى، ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپ- لەردىن ئىككىسىنىڭ قاتار كېلشى، «ق - *k*» بلەن «ج - *q*» ھەرپلەرنىڭ برلىشىشى، «ب» ھەرپىنىڭ «م - *m*» بلەن، «ن - *n*» ھەرپىنىڭ «ل - *l*» بلەن ئالمىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا سۆزلىنىدۇ.

پېللاردىن ياسالغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئىسىملار ئىككى خىل بولىدۇ: برى تۈپ ئىسىم، ئىككىن- چىسى ياسالما ئىسىم. پېللاردىن ياسالغان ئىسىملار پېل ئاخىرىغا ئون ئىككى ھەرپتىن برىنى ئۇلاش يولى بلەن ياسلىدۇ.

قىلىج *kiliq*، ئوق *ok* دېگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسالغان ئەمەس. ياسالما ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسلىدۇ. مۇنداق ئىسىم- لارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن شۇ ئىسىم- لارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى يازدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى

---

① غۇننە (غُنّە) — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «ن - *n*» بلەن «ق - *k*» ياكى «ن - *n*» بلەن «غ - *ol*» نىڭ برلىشىشىدىن ھاسىل بولغان «نڭ - *ŋ*» تاۋۇشى.

② خەيشۇم (خَيْشُومْ) — دىماق تاۋۇشى.

تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ. پېئىللاردىن ياسالغان ئىسىملار تۆۋەندىكى ئون ئىككى ھەرپتىن بىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. بۇ ھەرپلەر ا - ئېلىف، ت - *t*، ج - *q*، ش - *x*، غ - *ƣ*، ق - *k*، قاتتىق كاف (ك - *k*)، ق - *k* بىلەن ك - *k* ئارىلىقىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان يۇمشاق كاف (ك - *g*)، ل - *l*، م - *m*، ن - *n*، و - ۋاۋلاردىن ئىبارەت.

ا - ئېلىف

بِلْگا *bilgə* —— «ئالىم، ھېكىم، ئەقىللىق» دېگەن مەنىلەردىكى بۇ سۆز «بِلْدِي *bildi*» سۆزىدىن ياسالغان. اُگا *ogə* —— ئەقىل ۋە تەجرىبىدە بەك يۇقىرى بولغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بۇ سۆز «اُودِي نانْگْنِي *odi nəŋni* —— نەرسىنى ياخشى چۈشەندى» دېگەن ئىبارىدىكى «اُودِي *odi*» سۆزىدىن ياسالغان. «اُوا *uwa*» سۆزىمۇ شۇنداق. بۇ ئىچىگە شېكەر تۆۋۈتۈپ سېلىنىدىغان بىر خىل غىزانىڭ نامى. بۇ سۆز «اُودِي *uwdi*» سۆزىدىن ياسالغان.

«ا - ئېلىف» كۆپىنچە «م - *m*» بىلەن بىرلىكتە («*ma*» «*mə*» شەكلىدە) كېلىدۇ. «كوكۇلا» مەنىسىدىكى «كَسْما *kəsmə*» سۆزى «كَسْدِي *kəsdi*» سۆزىدىن ياسالغان. كۆزنى يېپىۋالمىسۇن دەپ كېسىلگەن ماڭلاي چاچمۇ «كَسْما» دېيىلىدۇ. «اُورْما

سَنْج ormə saq» دىگەن سوزمۇ شۇنداق. بۇ سوز «اُورْدى ordi»
سوزىدىن ياسالغان.

t - ت

«قاچقۇن» دىگەن مەنىدىكى «قَچْتْ kaqut» سوزى «قَچْدى kaqdi» سوزىگە «ت - t» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«كىيىم - كېچەك» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان «كَذْتْ kəzüt» سوزىمۇ «كىيدى» دىگەن مەنىدىكى «كَذْتى kəzti» سوزىگە «ت - t» قوشۇلۇپ ياسالغان.

q - ج

«كۆلگە كومۇپ پىشۇرۇلغان نان» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان «كُمَجْ koməq» دىگەن سوز كۇل ۋە كۆلگە ئوخشاش نەرسىلەرگە بىرەر نەرسىنى كومگەندە ئىشلىتىلىدىغان «كُمْدى komdi» سوزىگە «ج - q» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«سَڤِنْج saving — سويۇنچ» سوزىدىمۇ شۇنداق. بۇ سوز «سَڤِنْدى savindi» سوزىدىن ياسالغان.

x - ش

ئۆزىگە تونۇش ئادەم مەنىسىدە ئىشلىتىدىغان «بِلِش bilix» سوزى «بِلْدى bildi» سوزىگە «ش - x» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«سوقۇشماق»، «توقۇنۇشماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇرۇش» ۋە «تەقىش» سۆزلىرىمۇ «ئۇردى *urdī*»، «تەقىدى *tokīdi*» سۆزلىرىگە «ش - *x*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

ƣ - غ

«غ - *ƣ*» ھەرپىدە ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

1 - پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى ئىسىملارغا ئايلاندۇرىدۇ. «تازا، پاكىز» دېگەن مەنىلەردىكى «ئارىغ *arïƣ*» سۆزى «ئارىندى ناڭ *arindi naŋ* — ئېرىندىلغان نەرسە» سۆزىدىن ياسالغان. بىرەر نەرسىنىڭ قۇرۇقلۇغىنى بىلدۈرىدىغان «قۇرۇغ *kuruƣ*» سۆزىمۇ «قۇرىدى *kurīdi*» دېگەن سۆزدىن ياسالغان.

2 - تۈپ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، ماكان ئىسىملىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن: «يايلاغ *yaylaƣ*» سۆزى «ياز» مەنىسىدىكى «ياي *yay*» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «غ - *ƣ*» ھەرپىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. شۇنىڭدەك «قىشلايدىغان يەر» دېگەن مەنىدىكى «قىشلاغ *kïxlaƣ*» سۆزىمۇ «قىش *kïx*» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «غ - *ƣ*» ھەرپىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. دېمەك، بۇ سۆزلەر ئاخىرىغا «غ - *ƣ*» ھەرپىنىڭ قوشۇلۇشى

بىلەن ماكان ئىسىملىرىغا ئايلانغان①.

3 - پىل تومۇرىغا ئاۋال «غ - ƣ»، ئاندىن «و - ۋاۋ» قوشۇلۇش بىلەن قورال - سايمان ئىسىملىرى ياسىلىدۇ. بۇ تۈركى تىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئومۇمى قائىدە. مۇشۇ يول بىلەن پېئىللار ئىسىمغا ئايلىنىپ، بىرەر نەرسىنى ياسايدىغان قورال - سايماننىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ. «بىچْدى pïqdï» پېئىلىنىڭ تومۇرىغا «غو - ƣu» قوشۇلۇپ ياسالغان «بىچْغو pïqƣu — بىرەر نەرسىنى كېسىدىغان ئەسۋاپ» سۆزى شۇنىڭغا مىسالدۇر. «بىرەر نەرسىنى ئۇرىدىغان قورال» دىگەن مەنىدىكى «ئۇرْغو نانىڭ urƣu nəŋ» سۆزى «ئۇرْدى urdï» سۆزىدىن ياسالغان.

«غ - ƣ» ئورنىدا يۇمشاق كاف «ك - g» نى ئىشلىتىش ھادىسىسىمۇ بار. «كەسْدى kəsdi» پېئىلىدىن ياسالغان «كەسْكو نانىڭ kəsgü nəŋ — كېسىدىغان نەرسە» سۆزى ئەنە شۇنىڭغا مىسال.

«بىرەر نەرسىنى تاسقايدىغان ئەسۋاپ» دىگەن مەنىدىكى «ئاۋۇسْكو əvüsgü» سۆزىمۇ «ئاۋۇسْدى əvüsdi — تاسقىندى» پېئىلىدىن ياسالغان.

---

① بۇ يەردە بىرئاز ئېنىقسىزلىق بار. ئەسلىدە «يايلاغ yaylaƣ»، «قىشْلاغ kïxlaƣ» سۆزلىرى «yay»، «kïx» سۆزلىرىگە «غ - ƣ» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان بولماي، بەلكى «yayla»، «kïxla» دىگەن پېئىللارغا «غ - ƣ» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان. بۇ ھەقتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يازما نۇسخا 43 - بەتتە «لا la||lə» توغرىسىدا بەرگەن چۈشەنچىسىگە قارالسۇن.

ئەمدى «غ - ɑ» بىلەن «ك - g»نىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئور-
نىغا كەلسەك، قاتتىق سوزلەردە «غ - ɑ»، ئۇنىڭ ئەكسىچە،
يۇمشاق سوزلەردە «ك - g» ئۇلىنىدۇ. تۈركى سوزلەرنىڭ ئاخىرىغا
«غ - ɑ» ياكى «ك - g» ھەرپلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئەرەپچە
پېىللارنىڭ بېشىغا «م - m» ھەرپى ئۇلانغىنىغا ئوخشايدۇ.
«ئوغاق» مەنىسىدىكى «مِنْجَلْ» سوزى «ئوت ئوردى»
مەنىسىدىكى «نَجَلَ» پېىلىنىڭ ئالدىغا «م - m» قو-
شۇلۇپ ياسالغان. «ئەگلەك» مەنىسىدىكى «مُنْخُلْ»
سوزى «ئەگلىدى» دىگەن مەنىسىدىكى «نَخَلَ» پېىلىنىڭ
ئالدىغا «م - m» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان؛ «ئوتكەمە» دىگەن
مەنىدىكى «مِنْسَفْ» سوزىمۇ، «تاسقىدى» دىگەن مەنىدىكى «نَسَفَ»
پېىلىنىڭ ئالدىغا «م - m» قوشۇلۇپ ياسالغان.
ئوغۇزلار «غ - ɑ» ياكى «ك - g»نىڭ ئورنىغا «ا - ئېلىف»
نى، «و - ۋاۋ» ئورنىغا خۇددى شۇ مەنىدە «س - s» بىلەن
«ى - يا»نىڭ قوشۇلمىسى بولغان «سى si // si»نى ئىشلىتىدۇ. «ياغاچ
كېسىدىغان نەرسە»نى «يِغاچ بِجاسِي نانْكْ yïɑaq piqəsi nəŋ»،
«ئوتۇن يارىدىغان پالتا»نى «اُتونْكْ كَاسِي بَلْدُو
otuŋ kəsəsi baldu» دەيدۇ.
زامان ۋە ماكان ئىسمىلىرى بىلەن مەستەرلەرمۇ شۇ قائى-
دىلەر بويىچە تۈزۈلىدۇ. خاقانىيە تۈركلىرى بىلەن باشقا تۈركلەر،
ئوغۇز تۈركمەنلىرى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇ نۇقتىدا

پەرق بار. بۇ ئۆزگەرمەس بىر ئۆلچەم. خۇدا خالىسا، بۇلار ئۆز تىۋىشىدە سوزلىنىدۇ.

k - ق

«تەرغاق» *tarojak* دېگەن سوز «سەخ تەرادى» *saq taradi* دېگەن جۇملىدىكى «تەرادى» *taradi* سوزىگە «ق - *k*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«ئورغاق» *orojak* دېگەن سوزمۇ شۇنداق بولۇپ، «ئوت ئوردى» *ot ordi* دېگەن جۇملىدىكى «ئوردى» *ordi* سوزىدىن ياسالغان.

قاتتىق كاف (ك - k)

«كېسىلگەن نەرسىنىڭ بىر پارچىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كەسەك ناڭ» *kəsək naŋ* ئىبارىسىدىكى «كەسەك» *kəsək* سوزى «كەسدى» *kəsdi* سوزىگە «ك - *k*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«پۇركەنچە» مەنىسىدىكى «ئاشۇك» *əxük* سوزى «پۇركەندى، يېپىندى» دېگەن مەنىدىكى «ئاشۇدى» *əxüdi* سوزىدىن ياسالغان.

يۇمشاق كاف (ك - g)

«تِرِك *tirig*» سوزى «تِرِلدى *tirildi*» سوزىگە، «اولۈك *ɵlüg*» سوزى «اولدى *ɵldi*» سوزىگە «ك - *g*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

ل - l

«كاۋاك، يېرىق يەر» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «پىچغىل يىر *pïqqïl yər*» ئىبارىسىدىكى «پىچغىل *pïqqïl*» سوزى «پىچىلدى نانىڭ *pïqïldï nəŋ* — پىچىلغان نەرسە» دىگەن ئىبارىدىكى «پىچىلدى *pïqïldï*» سوزىگە «ل - *l*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«ئالا - تاغىل نەرسە» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تَرغىل *tarqïl*» دىگەن سوزمۇ شۇنداق. بۇ سوز «تَرىلدى *tarïldï*» پېلىدىن ياسالغان بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسە بىلەن، ئاقنىڭ قارا بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇشىغا ئىيتىلىدۇ.

م - m

«سىلىنچا» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «يَذِم *yazïm*» سوزى «يايدى» دىگەن مەنىدىكى «يَذتى *yazïï*» سوزىگە «م - *m*» قوشۇلۇپ ياسالغان. «بىر تىلىم قوغۇن» دىگەن

مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بىرْ بىچِمْ قاغُونْ *bir piqim kaojun*»

ئىبارىسىدىكى «بىچِمْ *piqim*» سۆزى «كەستى» مەنىسىدىكى

«بىچْدِى *piqdi*» سۆزىگە «م - *m*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

n - ن

«سەل» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «آقِينْ *akin*» سۆزى

«سُفْ آقْدِى *suv akdi*» دىگەن جۈملىدىكى «اقْدِى *akdi*» سۆزىگە

«ن - *n*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«يىغىندى تۇپراق ياكى ئۆيۈم تۇپراق» دىگەن مەنىنى

بىلدۈرىدىغان «يىغِنْ تُبْراقْ *yiojin toprak*» دىگەن ئىبارىدىكى

«يىغِينْ *yiojin*» سۆزى «تُبْراقْ يِغْدِى *toprak yiojdi*» دىگەن

جۈملىدىكى «يِغْدِى *yiojdi*» سۆزىگە «ن - *n*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

و - ۋاۋ

بۇ ھەرپنىڭ بىرەر بىرىكمىگە قوشۇلماي يالغۇز ھالدا كې-

لىشى بەك ئاز ئۇچرايدۇ. «قان ئالىدىغان ئەسۋاپ» دىگەن

مەنىنى بىلدۈرىدىغان «سُرْغُو *sorqu*» سۆزى «بىرەر ھايۋاننىڭ

سۈتىنى ئىمىشى ياكى قانىنى شورىشى» مەنىسىدىكى «سُرْدِى

sordi — شورىدى» سۆزىگە «و - ۋاۋ» قوشۇلۇپ ياسالغان. «تۇرار

جاي» مەنىسىدىكى «تُرْغُو يِيرْ *turoju yər*» دىگەن سۆزمۇ شۇنداق.

خۇددى پەلەك قۇتۇپ يۇلتۇزى ئەتراپىدا ئايلانغاندەك، تۈركى تىللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قائىدىلەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بۇ قائىدىلەر ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. بىز بۇ يەردە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرى خالىسا، كېيىنكى باپلاردا بۇ ھەقتە تېخىمۇ كەڭ توختىلىپ ئۆتىمىز.

سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپتىن تۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا

بەزى سۆزلەر تەشتىتسىز ئىككى ھەرپتىنلا تۈزۈلىدۇ: «اَتْ *at* — ئات» ۋە «اَرْ *ar* — ئەر» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلىدۇ: «ئوزۇق» مەنىسىدىكى «اَزُقْ *azuk*» ۋە «گۇناھ» مەنىسىدىكى «يَزُقْ *yazuk*» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

تۆت ھەرپتىنمۇ تۈزۈلىدۇ: «يَغْمُرْ *yaƣmur* — يامغۇر»، «جَغْمُرْ *qaƣmur* — چامغۇر» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەش ھەرپتىنمۇ تۈزۈلىدۇ: «قُرْغَساقْ *kuruƣsak* — قورساق» ۋە «قُذُرْغاقْ *kuzurƣak* — چاپاننىڭ ئىككى پېشىنىڭ بىرى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئالتە ھەرپتىنمۇ تۈزۈلىدۇ: «كُمُلْدُرُكْ *kɵmüldürük* —

كەمەلدۈرۈك» ۋە «قىدىرغۇن *kuźurqun* — قۇشقۇن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ھەتتا يەتتە ھەرپتىنمۇ تۈزۈلىدۇ. لېكىن ئىسىملارنىڭ يەتتە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىرى ئاز ئۇچرايدۇ: «زىرغىنجمۇد *zarqunqmud* — رەيھانى چىنى. خۇش پۇراق بىر خىل ئوسۇملۇك» دېگەنگە ئوخشاش. تۈركى تىللاردا سوزلەر يەتتە ھەرپلىكتىن ئارتۇق بولمايدۇ.

ئىسىملاردىكى زىيادە ھەرپلەر توغرىسىدا

سوزۇپ ئوقۇش بەلگىسى بولغان «مَدْ»[1] ياكى يۇمشىتىپ ئوقۇش بەلگىسى بولغان «لِينْ»[2] ئىسىملاردىكى زىيادە ھەرپلەر ھېساپلىنىدۇ. مەسلەن: «قاپ» مەنىسىدىكى

[1] بۇ يەردە ئەرەپ تىلىدىكى «ھەرپى مەد (مەدلىك ھەرپلەر) — ا-ئەلىف، و-ۋاۋ، ى-يا» كوزدە تۇتۇلغان. بۇ ھەرپلەر ئۈزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ھەرپلەرنى سوزۇپ ئوقۇشقا خىزمەت قىلىدۇ.

[2] ئەرەپچىدىكى «ا-ئەلىف، و-ۋاۋ، ى-يا» ھەرپلىرى سوزۇپ ئوقۇلماي، ساكىنلىق ئوقۇلسا (بۇ يەردە ئاساسەن «و-ۋاۋ» بىلەن «ى-يا» كوزدە تۇتۇلىدۇ)، «ھەرپى لىن» بولىدۇ. مەسلەن: «صَيْفْ، خَيْفْ، خَوْفْ، عَيْنْ» سوزلىرىدىكىگە ئوخشاش. ئەرەپچىگە خاس بۇ خۇسۇسىيەت تۈركى تىللاردا يوق. شۇڭا مەھمۇت قەشقەرى بۇ يەردە «ھەرپى لىن» دەپ ئوتتۇرىدىكى سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ئۇرغۇسىز «و-ۋاۋ، ى-يا» ھەرپلىرىنى كوزدە تۇتسا كېرەك.

«تَغارْ *taqar*»، «تۇترۇق» مەنىسىدىكى «جَڤارْ *qavar*» سوز-
لىرىدىكى «ا - ئېلىف» سوزۇپ ئوقۇش بەلگىسىدۇر؛ «قورۇق
يەر» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قُرِيغْ *koriq*»، «تازا،
پاكىز» دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «اَرِيغْ *ariq*» سوزلىرى-
دىكى «ى - يا» هەرپى بىلەن «تەييار، هازىر» دىگەن مەنى-
لەرنى بىلدۈرىدىغان «اَنُوقْ *anuk*» ۋە «شاهىت، گوۋا»
دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «تَنُوقْ *tanuk*» سوزلىرىدىكى
«و — ۋاۋ» هەرپى يۇمشىتىپ ئوقۇش بەلگىسىدۇر.

ئىسىملاردىكى زىيادە هەرپلەرنىڭ يەنە بىرى «اْ - هەمزە»
دۇر. مەسىلەن: «ئايغىر» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «اَذْغِيرْ
ażoqir»، رەۋەنىڭ بىر خىلى بولغان «اِشْغُنْ *ixoqun*» سوزلە-
رىدىكى «اْ»گە ئوخشاش.

ئىسىملاردا زىيادە بولۇپ كېلىدىغان يەنە بىر هەرپ
«ن - *n*» هەرپىدۇر. مەسىلەن: «بَزْغانْ *bazoqan* — مېرىسىن
دەرىخىنىڭ مېۋىسى» ۋە «قَزْغانْ *kazoqan* — سۇ قېزىۋەتكەن يەر»
دىگەن سوزلەردىكى «ن - *n*» هەرپىگە ئوخشاش.

ئىسىملاردىكى يەنە بىر زىيادە هەرپ «و - ۋاۋ» هەرپى-
دۇر. مەسىلەن: «يىپەك رەخت» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان
«تُرْقُو *torku*»، «تەنتەك» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قُرْغُو
kuroqu» سوزلىرىدىكى «و - ۋاۋ» هەرپىگە ئوخشاش.

«ى - يا» ھەرپىمۇ ئىسىملاردىكى زىيادە ھەرپلەرنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن: «دوڭ» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كُتْكِي kotki» ۋە «تۈرتۈك چىراي» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بُرْقِي burki» سوزلىرىدىكى «ى - يا» ھەرپىگە ئوخشاش.

بۇ سوزلەردىن «فَعالْ fəal، فُعالْ fual، فِعالْ fial، فَعُولْ fəul، فَعِيلْ fəil» شەكىللىرىدە كەلگەنلىرىنى ئوقۇغاندا، يۇمشىتىش ھەرپلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇش مۇمكىن. «يِغاجْ yïqaq» سوزىنى «يِغَجْ» شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك «دەريا ۋە جىلغىنىڭ ئىرىقى تەرىپى» دىگەن مەنىدىكى «يُغُوجْ yuquq» سوزىنى «يُغُجْ» شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ؛ «قُرِيغْ korïq — قورۇق» سوزىنى «قُرِغْ» شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ.

سوزنىڭ قىسقىسى ئۈزۈنىدىن ياخشىراق. قالغانلىرى خۇدا خالىسا، كىتاپنىڭ باشقا جايلىرىدا سوزلىنىدۇ.

پېئىللاردىكى زىيادە ھەرپلەر ۋە پېئىللارنىڭ تۈزۈلۈشى

پېئىللار ئىككى ھەرپلىك، ئۈچ ھەرپلىك، توت ھەرپلىك،

بەش ھەرپلىك ۋە ئالتە ھەرپلىك بولىدۇ. پېللارغا كەينىمدىن قوشۇلىدىغان ھەرپلەر ئون:

ا - ئېلىف، ت - *t*، ر - *r*، س - *s*، ش - *x*، ق - *k*، ك - *k*، ل - *l*، ن - *n*، لا - *la*//*lə*، ى - يا.

بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى پېللارغا بىرەر يېڭى مەنىنى بېرىش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ.

ا - ئېلىف

«ھەسەت قىلدى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تَبزادى *təpzədi*» سوزى «ئۇنۇمسىز يەر» دىگەن مەنىدىكى «تَبز *təpiz*» سوزىگە «ا - ئېلىف» قوشۇلۇپ ياسالغان.

«قۇبۇز چالدى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قُبزادى *kobzadi*» سوزى «قُبُز *kobuz*» سوزىگە «ا - ئېلىف» قوشۇلۇپ ياسالغان.

ت - t

بۇ ھەرپ پېلىنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسىنى ياساشقا خىزمەت قىلىدۇ. «ئارپا، بۇغداي قاتارلىق نەرسىلەرنى تازىلىدى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تَرِغ آرِتّى *tariq aritti*» دىگەن جۈملىنىڭ «آرِتّى» سوزىدىكى «ت - *t*» ھەرپىگە ئوخشاش. «تون قرتّى *ton kurutti*—تون قۇرۇتتى» دىگەن جۈملىنىڭ «قرتّى» سوزىدىكى «ت - *t*» ھەرپىمۇ شۇنداق.

«ت ـ *t*» ھەرپى قوشۇلماستىن بۇرۇن، بۇ سوزلەر «آريدى *arīdī*»، «قُريدى *kurīdī*» شەكىللىرىدە ئىدى.

r — ر

كوپ ھالالاردا پېلىنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسىنى ياساش ئۇچۇن، «ر ـ *r*» ھەرپى «ت ـ *t*» ھەرپىگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «كەتتى» مەنىسىدىكى «بَرْدى *bardī*» پېلىنىڭ «بَرْتُرْدى *barturdī*» شەكلىدە ۋە «كَلْدى *kəldi* — كەلدى» پېلىنىڭ «كَلْتُرْدى *kəltürdi*» شەكلىدە مەجبۇرى دەرىجىگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش.

s — س

بۇ ھەرپ پېللارغا قوشۇلۇپ، ئارزۇ ـ ئىستەك مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: «سُوْق اِچْسَدى *suv iqsədi* — سۇ ئىچكۇسى كەلدى»، «آشْ يِيسَدى *ax yəsədi* — ئاش يېگۇسى كەلدى» دىگەنگە ئوخشاشلار. بەزىدە «س ـ *s*» ھەرپى ئەرەپچىنىڭ «تَفاعُلْ *tafaul*» بابىدىكىگە ئوخشاش، ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئىش ـ ھەركەتنى خۇددى بولۇۋاتقاندەك قىلىپ كورسىتىش ئۇچۇنمۇ پېللارغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنْدِينْ يَرْماقْ اَلِمْسِنْدى *ol məndin yarmak alīmsīndī* — ئۇ ئوزىنى مەندىن يارماق

ئىپلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئەچىدە ئەمەس، ئوچۇق كۆرسەتتى»؛ «ئال مَنكا كُلُمسِندى — ئۇ ئۆزىنى ماڭا كۈلۈۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى» ol maŋa külümsindi.

x - ش

بۇ ھەرپ پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئەرەپچىدىكى «مُفاعَلَة mufaələ» بابىدىكىگە ئوخشاش، ئىش - ھەركەتنىڭ ئىككى كىشى تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: «اوردى urdi» پېئىلىدىن «ارشدى uruxdi» پېئىلى، «تردى turdi» پېئىلىدىن «ترشدى turuxdi» پېئىلى ياسالغىنىغا ئوخشاش. پېئىللارغا «ش - x» ھەرپى قوشۇلۇپ كەلگەندە، بەزەن ماختىنىش، بەسلىشىش مەنىلىرىنىمۇ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئوز ئورنى كەلگەندە سوزلىنىدۇ.

k - ق

بۇ ھەرپ پېئىللارغا قوشۇلۇپ، مەغلۇپ بولغانلىق ياكى خورلانغانلىق مەنىسىنى بېرىدۇ ۋە «مَفْعول məf'ul» ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: «ار اجيقدى ər aqïkdi — قاماقتا ياكى قورشاۋدا قالغانلىقتىن، ئادەم ئاچ قالدى»؛ «يلقى بتقدى yïlkï yutukdi — يىلقا ئوت - چۆپسىز قالغانلىقتىن، ئورۇقلاپ ئولەي دېدى».

شۇنىڭدەك كوپىنچە «ق - k» ھەرپى «س - s» ھەرپى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ: «اَرْ اَرْسِـقْدىِ *ər arsikdi* — ئادەم ئالداندى»؛ «اَرْ سَيسُقْـدىِ *ər soysukdi* — ئادەمنىڭ مېلى تالاندى».

k - ك

يۇمشاق ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ياكى تەركىۋىدە «ك» ھەرپى بولغان سوزلەردە «ق - k» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ك - k» ئىشلىتىلىدۇ: «قَجْـغِـنْ اَرْ يِـتْـسِـكْـتىِ *kaqoјin ər yətsikti* — قاچقۇن ئادەمگە يېتىشىۋېلىندى»؛ «اُلْ اَرْ بِـلْـسِـكْـتىِ *ol ər bilsikti* — ئۇ ئادەم بىلىندى، يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئوزى ۋە يوشۇرغان نەرسىلىرى بىلىنىپ قالدى».

l - ل

بۇ ھەرپ مەجھۇل پېئىل ياساشقا خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ اُوقْ اَتّىِ *ər ok atti* — ئادەم ئوق ئاتتى» دېگەن جۈملىدىكى «اَتّىِ *atti*» پېئىلىدىن ياسالغان «اُوقْ اَتِـلْـدىِ *ok atildi* — ئوق ئېتىلدى» دېگەنگە ئوخشاش. «بُوزْ تُقِيدىِ *bøz tokidi* — بوز توقىدى» دېگەن جۈملىدىكى «تُقِـيـدىِ

«*tokidi*» پېيلىدىن ياسالغان «بۇز تۇقىلدى *boz tokildi* — بۇز توقۇلدى» دىگەنگە ئوخشاش.

n - ن

بۇ ھەرپ پېيللارغا قوشۇلۇپ، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى باشقىلار ئارىلاشمىغان ھالدا ئورۇنلىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: «ال يىرماقىن الىندى *ol yarmakīn alīndi* — ئۇ يارمىقىنى ئوزى ئالدى»؛ «ال مەندىن تەۋارىن قولىندى *ol məndin tavarīn kolundi* — ئۇ مەندىن تاۋىرىنى ئوزى تەلەپ قىلدى» دىگەنگە ئوخشاشلار.

la // lə - لا

بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، پېيل ياسايدۇ. مەسىلەن: «بېيك قۇشلادى *bəg kuxladi* — بەگ (قۇش) قۇشلىدى» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ جۇملىدىكى «قۇش *kux*» سوزى ئىسىم بولۇپ، ئەسلىدە پېيلغا ئوخشاش تۇرلەنمەيتتى، ئەمما «لا ـ *la//lə*» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن پېيلغا ئايلىنىپ، خۇددى باشقا پېيللاردەك تۇرلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ بەك مۇھىم بىر قائىدە. بۇنى ئېسىڭدە تۇت.

«بَلْ كَنْددا قيشْلادي *bəg kəndda kixladi* — بەگ شەھەردە قىشلىدى» دېگەن جۈملىدىكى «قيشْلادي *kixladi*» سۆزىمۇ «قيش *kix*» سۆزىگە «لا - *la // lə*» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن پەيدا ياسالغانلىقىغا مىسالدۇر.

ى - يا

بۇ ھەرپ «ل - *l*» بىلەن بىرلىكتە (لي *li // li* شەكلىدە) كېلىدۇ[①]. پەيلگە قوشۇلۇپ، ئىش - ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىشقا ئاز قالغانلىقىنى، لېكىن تېخى ئورۇنلىنىپ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «اُولْ تُرْغالي قَلْدي *ol turoqali kaldi* — ئۇ تۇرغىلى قالدى»؛ «اُولْ بَرْغالي قَلْدي *ol baroqali kaldi* — ئۇ بارغىلى قالدى» دېگەن جۈملىلەردىكى «تُرْغالي *turoqali*»، «بَرْغالي *baroqali*» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

بۇ قائىدىلەرنى ئۇيدان ئۇگەن.

سۆزلەرنىڭ ئۆز تۈزۈلۈشى بويىچە ئىلگىرى - كېيىن كېلىش تەرتىۋى توغرىسىدا

ئاۋال ئىككى ھەرپلىك سۆزلەردىن باشلايمەن، ئاندىن ئۈچ، تۆت، بەش ۋە ئالتە ھەرپلىك سۆزلەرنى بېرىمەن. ئوتتۇ-

① بۇ يەردە «غالي - *oqali*، كالي - *gəli*» شەكلى كۆزدە تۇتۇلغان.

رىسى ساكىنلىق سوزلەرنى ھەرىكىلىك سوزلەردىن بۇرۇن بېرىمەن؛ ئاندىن ئوتتۇرىسى ھەرىكىلىك بولغان سوزلەرنى ئوز ھەرىكىلەرىنىڭ تەرتىۋى بىلەن بېرىمەن. ئاندىن كېيىن، باش تەرىپەگە ھەمزە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرپلەر قوشۇلغان سوزلەرنى بېرىمەن. ئاندىن، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەرپلىرى ئارىسىغا ھەرپ قوشۇلغان سوزلەرنى ئوز ئورنى بىلەن بېرىمەن؛ ئاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ ئاخىرىغا ھەرپ قوشۇلغان سوزلەرنى بېرىمەن.

كىتاۋىمىزدا سوزلەرنىڭ ئوز تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئىلگىرى-كېيىن كېلىش تەرتىۋى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. كىتاپنىڭ ھەممە بولۈملىرىدە ئىسىملارمۇ شۇ تەرتىپتە بېرىلىدۇ.

ھەرپلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىن قويۇلۇش تەرتىۋى توغرىسىدا

ئىلگىرىكى ئەدىپلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ۋە ئەرەپ لۇغەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشىتىپ، بۇ كىتاپنى «ب» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردىن باشلايمەن، ئاندىن كېيىن، قالغان ھەرپلەرنى ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوزلەرنىڭ باش-ئايىغىنىمۇ نەزەردە تۇتىمەن. قايسى ھەرپ ھەمزىگە يېقىن بولسا، ئۇنى باشقىلاردىن بۇرۇن بېرىمەن. مەن سوزلەرنىڭ ئارىسىدا «واو عاطفە *wawi atifa* — باغلىغۇچى ۋاۋ ھەرپى»نى ئىشلەتمىدىم. چۈنكى تۈركى تىللاردا ئۇنىڭغا ئورۇن يوق. بۇنى ياخشى چۈشەن.

رىسى ساكىنلىق سوزلەرنى ھەرىكىلىك سوزلەردىن بۇرۇن بىرىمەن؛ ئاندىن ئوتتۇرىسى ھەرىكىلىك بولغان سوزلەرنى ئوز ھەرىكىلىرىنىڭ تەرتىۋى بىلەن بىرىمەن. ئاندىن كېيىن، باش تەرىپىگە ھەمزە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرپلەر قوشۇلغان سوزلەرنى بىرىمەن. ئاندىن، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەرپلىرى ئارىسىغا ھەرپ قوشۇلغان سوزلەرنى ئوز ئورنى بىلەن بىرىمەن؛ ئاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ ئاخىرىغا ھەرپ قوشۇلغان سوزلەرنى بىرىمەن.

كىتاۋىمىزدا سوزلەرنىڭ ئوز تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئىلگىرى-كېيىن كېلىش تەرتىۋى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. كىتاپىنىڭ ھەممە بولۇملىرىدە ئىسىملارمۇ شۇ تەرتىپتە بىرىلىدۇ.

ھەرپلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىن قويۇلۇش تەرتىۋى توغرىسىدا

ئىلگىرىكى ئەدىپلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ۋە ئەرەپ لۇغەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشىتىپ، بۇ كىتاپنى «ب» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردىن باشلايمەن، ئاندىن كېيىن، قالغان ھەرپلەرنى ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن بىرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوزلەرنىڭ باش-ئايىغىنىمۇ نەزەردە تۇتىمەن. قايسى ھەرپ ھەمزىگە يېقىن بولسا، ئۇنى باشقىلاردىن بۇرۇن بىرىمەن. مەن سوزلەرنىڭ ئارىسىدا «واو عاطفه *wawi atifə* — باغلىغۇچى ۋاۋ ھەرپى»نى ئىشلەتمىدىم. چۈنكى تۈركى تىللاردا ئۇنىڭغا ئورۇن يوق. بۇنى ياخشى چۈشەن.

سۈپەت قاتارىدا بايان قىلىنمىغان سۈپەتلەر توغرىسىدا

بۇ سۈپەتلەر تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن، تۈرلۈك سۆزلەردىن تۈرلۈك يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش-ھەركەتنى ئاندا-ساندا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِي اَرْ *bardi ər* — بارغان ئادەم» دېگەن ئىبارىدىن ياسالغان «بَرْدَجِي اَرْ *bardaqi ər* — بېرىپ قالىدىغان ئادەم»؛ «كَلْدِي اَرْ *kəldi ər* — كەلگەن ئادەم» دېگەن ئىبارىدىن ياسالغان «كَلْدَجِي اَرْ *kəldəqi ər* — كېلىپ قالىدىغان ئادەم» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىلدىكى سۈپەتلەر بايان قىلىنمىدى.

ئىككىنچىسى، ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش-ھەركەتنى داۋاملىق ۋە كۆپ قېتىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ اَرْ اُلْ اَفْكا بَرَغانْ *ol ər ol əvgə baraƣan* — ئۇ ئۆيىگە بېرىۋېرىدىغان ئادەم ئۇ»؛ «اُلْ كِيشِي اُلْ بِيزْكا كَلَكانْ *ol kixi ol bizgə kələgən* — ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىۋېرىدىغان كىشى ئۇ» دېگەن جۈملىلەردىكى «بَرَغانْ *baraƣan*»، «كَلَكانْ *kələgən*» دېگەنلەرگە ئوخشاش. سۈپەتنىڭ بۇ تۈرىمۇ بايان قىلىنمىدى.

ئۈچىنچىسى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلىشىـ
نى ۋە قىلىش ئىستىگىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ اَرْ اُلْ اَفْكَا
بَرِغساقْ *ol ər ol əvgə barïqsak* — ئۇ ئۆيگە بېرىشنى بەك ئارزۇ
قىلىدىغان ئادەم ئۇ»؛ «اُلْ كِشِي اُلْ بِيزْكا كَلِگْساكْ *ol kixi* —
ol bizgə kəligsək ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغان
ئادەم ئۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلارمۇ سۆھبەت قاتارىدا بايان
قىلىنىدى.

تۆتىنچىسى، بىر ئىشنى قىلىش شۇ شەخسنىڭ بۇرچى
ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ اَفْكَا بَرْغُلُقْ اَرْدِي *ol* —
əvgə barquluk ərdi ئۇ ئۆيگە بارغۇلۇق ئىدى» دېگەندىكىگە
ئوخشاش. بۇمۇ بايان قىلىنىدى. ئوغۇزلار بۇنداق سۆزلەردە
«ل - *l*» ھەرپى ئورنىدا شۇ مەنىدە «س - *s*» نى ئىشلىتىدۇ.
يەنە بىر مىسال: «اُلْ يِكِتْ بِيزْكا كَلْكُولُوكْ اَرْدِي *ol yigit* —
bizgə kəlgülük ərdi ئۇ يىگىت بىزنىڭكىگە كەلگۈلۈك ئىدى»
دېگەن جۈملىدىمۇ شۇنداق.

بەشىنچىسى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش ئۈستىدە
تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مَنْ اَفْكَا بَرِيغْلِي مَنْ
mən əvgə barïqli mən — مەن ئۆيگە باراي دەپ تۇرىمەن»؛
«مَنْ سِيزْكا كَلِگْلِي مَنْ *mən sizgə kəligli mən* — مەن سىزنىڭكىگە
كېلەي دەپ تۇرىمەن» دېگەندەكلەرگە ئوخشاش. بۇلارمۇ سۆھبەت
قاتارىدا بايان قىلىنىدى.

مۇنداق سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى پېلدىن ياسالغان، ھەر-قانداق پېلدىن شۇ مەنىدە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سۆپەت ياسىلىدۇ. بۇ سۆپەتلەرنىڭ سۆپەتلەنگۈچىلىرىمۇ ئالاھىدە ئېيتىلمىدى. ئەگەر قائىدىنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىغىنى ۋە بۇ سوزلەرنىڭ خەلق تىلىدا قانداق كېلىدىغانلىغىنى كورسىتىش لازىم بولسا، شۇ قائىدىلەرگە توختالغاندا سوزلەپ ئوتىمەن.

بىرلىك، كوپلۇك، ئاشۇرۇش-سېلىشتۇرۇش، كىچىكلىتىش ۋە تۇرلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرمۇ سوزلەنمىدى. چۇنكى بۇلار ئۇچۇن ئايرىم بىر كىتاپ يېزىپ، ئۇنىڭغا «كِتَابُ جَوَاهِرِ النَّحْوِفِي لُغَاتِ التُّرْكْ — تۇركى تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر» دەپ ئات قويدۇم. تەگرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن، نەھۋىگە ئائىت قائىدىلەر شۇ كىتاپتا سوزلەندى.

مەستەر قاتارىدا بايان قىلىنمايدىغان مەستەرلەر توغرىسىدا

مەستەرلەر① ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، تۈپ مەستەرلەر. بۇ خىل مەستەرلەر پېئىللار بولۇمىدە ئوتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرى بىلەن بىللە كورسىتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئەسلىدە مەستەر بولماي، ئىزافەت يولى بىلەن ياسالغان مەستەرلەر. مۇنداق مەستەرلەردە ھال مەنىسىمۇ

① مەستەر — ھەركەتنام ياكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى.

بولىدۇ. بۇلارنى پەقەت لازىم بولغاندىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

«بَرْدى *bardï*، بَرِىر *barïr*» شەكىللىرىدىن ياسالغان «بَرْماقْ *barmak*»؛ «كَلْدى *kəldi*، كَلِىرْ *kəlir*» شەكىللىرىدىن ياسالغان «كَلْمَكْ *kəlmək*» بولسا، تۆپ مەستەرلەردۇر.

ئىزافەت يولى بىلەن ياسالغان مەستەرلەرگە كۆرنەك قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن: «مَنىڭ بَرْغِمْ بُلْسا مَنْكا تُشْغِىلْ *məniŋ barojïm bolsa maŋa tuxojil* — مەن بارىدىغان چاغدا ماڭا يولۇق»؛ «كَيِكْ كَلِكى بُلْسا اُقْتا *kəyik kəliki bolsa okta* — كېيىك كەلگەن چاغدا ئوق ئات» دېگەن جۈملىلەردىكى «بَرِغْ *barïoq*»، «كَلِكْ *kəlik*» دېگەن سۆزلەر ياسالما مەستەرلەردۇر. «تازْ كَلِكى بَرْكْجِيكا *taz kəliki bərkqigə* — تازنىڭ كېلەر يېرى بۆكچىنىڭ دوكىنى» دېگەن ماقالىدىكى «كَلِكى *kəliki*» سۆزىمۇ شۇنداق.

مۇنداق مەستەرلەرنىڭ ياسىلىش قائىدىسى شۇكى، قاتتىق سۆزلەرگە «ق - *k*» ياكى «غ - *oq*» ھەرپلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: «بَرِغْ بَرْدى *barïoq bardï* — ئۇ قاتتىق باردى (ماڭدى)»؛ «اُلْ قُلِنْ اُرُغْ اُرْدى *ol kulïn uruoq urdï* — ئۇ قولىنى قاتتىق ئۇردى» دېگەن جۈملىلەردىكى «بَرِغْ *barïoq*»، «اُرُغْ *uruoq*» مەستەرلىرى پېئىل يىلتىزىغا «غ — *oq*» ئۇلىنىش

بىلەن ياسالغان. «ق-k» ياكى «ك» ھەرپلىرى ھەرقاچان ئىزافەت ياغلىغۇچىسى بىلەن بىرلىكتە كېلىدۇ، «غ-ɣ» ھەرپىگە ئوخشاش يالغۇز كەلمەيدۇ. مەسىلەن: «آنِكْ يُرُقِي نَتَاكْ — anïŋ yoruki nətəg ئۇنىڭ يورۇقى قانداق» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ جۈملىدىكى «يُرُقِي yoruki» سوزىنىڭ تەركىۋىدە بولغان «ق-k» ھەرپى «غ-ɣ» نىڭ ئورنىدا كەلگەن.

تەركىۋىدە «ك-k» بولغان سوزلەرگە ياكى يۇمشاق سوزلەرگە «ك-k» ھەرپى ئۇلىنىدۇ. «آنِي سُكُكْ سُكْتِي —anï sөkük sөkti ئۇنى قاتتىق سوكتى»؛ «اُلْ قُلِنْ تَپِكْ تَپْدِي —ol kulïn təpik təpdi ئۇ قولىنى قاتتىق تەپتى» دىگەن جۈملىلەردىكى «سُكُكْ sөkük»، «تَپِكْ təpik» سوزلىرى «ك-k» قوشۇلۇپ ياسالغان مەسدەرلەرگە مىسالدۇر. مۇنداق مەستەرلەر تەكىتلەش، جىكىلەش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ، «وَكَلَّمَ اللّٰهُ مُوسٰى تَكْلِيمًا — تەڭرى مۇساغا جېكەلەپ ئېيتتى» ئايىتىدىكىگە ئوخشاش.

سوزنى قىسقارتىپ، قائىدىلەرنى بىر تەرتىپتە يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ يەردە قائىدىلەر ئۈستىدە قىسقىچىلا توختالدىم، قالغانلىرىنى شۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە مەن كورسەتكەن قائىدىلەر، مەن ئىشارەت قىلغان ئاساسلار ھەممە تۈركى تىللار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. خۇدا خالىسا، بۇلار ئوز ئورنىدا چۈشەندۈرۈلىدۇ.

كىتاپتا ئېيتىلغان ۋە ئېيتىلمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا

مەن كىتاپتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم. چۈنكى بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق. تۈركى تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ يازمىدىم. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭمۇ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ھەممىگە تونۇش بولغانلىرىنىلا توغرا شەكلىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

تۈرك خەلقلىرى ۋە قەبىلىلىرى توغرىسىدا

تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەگرى ئەزىز كۆرگەن نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەگرى ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاق ئوغلى عِيصو (ئىسۇ) ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا بېرىپ تاقالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەگرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلار-

دىن ئاساسى ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمى-سۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە بَجَنَكْ *pəqənək* — پەچەنەك، ئاندىن قالسا قِفْجاقْ *kitqak* — قىپ-چاق، اُغُزْ *oquz* — ئوغۇز، يَماكْ *yəmək* — يەمەك، بَشْغِرْتْ *baxqirt* — باشقىرت، بَسْمِلْ *basmil* — باسمىل، قايْ *kay* — قاي، يَباقُو *yabaku* — ياباقۇ، تَتارْ *tatar* — تاتار، قِرْقِزْ *kirkiz* — قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان. ئاندىن جِكِلْ *qigil* — چىگىل، تُخْسِي *tohsi* — توخسى، يَغْما *yaqma* — ياغما، اُغْراقْ *uqrak* — ئوغراق، جَرُقْ *qaruk* — چارۇق، جُمُلْ *qomul* — چومۇل، اُيْغُرْ *uyqur* — ئۇيغۇر، تَنْكُتْ *taŋut* — تاڭغۇت، خِتايْ *hitay* — خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي — چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تَفْغاجْ *tavqaq* — تاۋغاچ، بۇ — ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى مۇشۇ دائىرىدە بىر-بىرلەپ كۆرسەتتىم.

تۈركى تىللار توغرىسىدا

ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەتئەللەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سُغْداق *soojdak* — سوغداق، كَنْجاكْ *kənqək* — كەنچەك، أَرْغُو *aroju* — ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ. چەتئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان خُتَنْ *hotən* — خوتەن، تُبُتْ *tübüt* — تۈبۈت خەلقلىرى ۋە تَنْكُتْ *taŋut* — تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن. بۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆز ئورنىدا ئايرىم يازىمەن. جابَرْقا *qaparka* — ياپونىيىلىكلەر يىراقتا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركى يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ-دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن، يَأْجُوجْ وَ مَأْجُوجْ — يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. تۈبۈتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار. شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم

تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركى
تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشە-
دىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش
قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركى يېزىقنى
قوللىنىدۇ. كىتاپ ۋە خەت-چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل
يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت-چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىق-
تا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن
چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ. مەن يۇقۇرىدا شەھەر
خەلقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدىم.

سەھرا-قىر خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالا-
ھىدە بىر تىل بولۇپ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قاي،
ياباقۇ، تاتار، باسمىل قەبىلىلىرىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭمۇ ھەر بىرد-
ىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار، جۈملىدىن تۈركچىنىمۇ ياخشى
بىلىدۇ. قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق،
چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدۇ.
يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن. رۇم ئۆلكىسى يېنىد-
ىكى بۇلغار، سۇۋار، پەچەنەكلەرنىڭ تىللىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى
ئىخچاملاشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر.

تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما
تىللىرى، شۇنىڭدەك ايلا *ila* — ئىلى، آرتِش *ərtix* — ئېرتىش، يَمار
yamar — يامار، آتِل *ətil* — ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىد-
ىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ



الغبر الانهار
الخضر البحار
الصفر الرمال
الحمر الجبال
ارض يأجوج ومأجوج
ماصين
جابرقا
ارض خرا سان
ارض العراق
ارض الحجاز
ارض اليمن
ارض القيروان
ارض الشام
ارض الاكراد
الاسكندرية
بلاد الزنج
بلاد الحبشة
بلاد خوزستان
بلاد فارس
بلاد كرمان
بلاد سجستان
بلاد السند
بلاد الهند
جيحون
خوارزم
روس
بلاد الغزية
طراز
برسخان
كاشغر
بلاد ختن
اوزكند



ماصين
ارض يأجوج ومأجوج
جيحون
سيحون
بلاد سجستان
بلاد كرمان
بلاد فارس
بلاد خوزستان
ارض اليمن
بلاد الزنج
بلاد سند
بلاد بربر
بلاد الزط
بلاد الحبشة
رمل
خوارزم
ارض خرا
سان
ارض
العراق
ارض الاكراد
ارض الشام
ارض
الحجاز
ارض القيروان
الاسكندرية



الغبر الانهار
الخضر البحار
الصفر الرمال
الحمر الجبال
ارض ياجوج وماجوج
ماصين
جيحون
سيحون
بلاد كرمان
بلاد فارس
بلاد خوزستان
ارض اليمن
بلاد الحبشه
بلاد الزنج
ارض خرا سان
العراق
الحجاز
ارض القيروان
ارض الشام
ارض الاكراد
حدود مصر
الاسكندريه
ارض المغارب وبها اندلس
طراز
برسغان



ماصين
ارض ياجوج وماجوج
طراز
جيحون
بلاد سجستان
بلاد كرمان
بلاد سند
بلاد فارس
بلاد خوزستان
بلاد بربر
ارض اليمن
بلاد الحبشه
بلاد الزنج
ارض خراسان
ارض العراقين
الحجاز
ارض الاكراد
ارض الشام
الاسكندريه
ارض القيروان
وغيرها
خوارزم
روس
صقالبه

ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ. بَلاساغُونْ *balasaoqun* — بالاساغۇن-لۇقلار سوغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. طِرازْ *tiraz* — تىراز، بَيضا *bəyza* — بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق. اِسْبيجابْ *ispijab* — ئىسپىجاپ شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بۇزۇقلۇق بار، قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ. رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ[1]، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بولۇپ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەممىسىنى يەر يۈزى شەكلىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

شىۋىلەردىكى پەرقلەر توغرىسىدا

ئەسلى سۆزلەردە پەرق ئاز بولىدۇ. سۆزلەردىكى پەرقلەر بىرقانچە ھەرپلەر ئورنىغا باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالمىشىپ كېلىشىدە ياكى چۈشۈپ قېلىشىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ بېشىدا كەلگەن «ى - يا» ھەرپىنى «ا - ئېلىف»قا ياكى «ج - q»غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركلەر «مۇساپىر»نى «يَلْكِنْ *yəlkin*» دېسە، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار

---

① پەرسەخ (فَرْسَخْ) پارسچىدا يول ئۆلچىمى بولۇپ، بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

«يِلِغْ سُوڧْ» ɘlkin «ئِلكِنْ» دەيدۇ؛ تۈركلەر «ئىللمان سۇ»نى «يِلِغْ سُوڧْ» yiliq suv دىسە، ئۇلار «اِلِغْ سُوڧْ» iliq suv» دەيدۇ؛ شۇنىڭدەك تۈركلەر «ئۈنچە - مەرۋايىت»نى «يِنْجُو yinqü» دىسە، ئۇلار «جِنْجُو qinqü» دەيدۇ؛ تۈركلەر «توگە جۇغدىيى»نى «يغْدُو yuqdu» دىسە، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار «جغْدُو juqdu» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئارغۇلار سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا كەلگەن «ى - يا» ھەرپىنى «ن - n»غا ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەر «قوي»نى «قُويْ koy» دىسە، ئارغۇلار «قُونْ kon» دەيدۇ. تۈركلەر «كەمبەغەل»نى «چِيغايْ qiqay» دىسە، ئۇلار «جِغانْ qiqan» دەيدۇ. تۈركلەر «قايُو نانْكْ kayu nɘŋ —— قايسى نەرسە» دىسە، ئۇلار «قانُو kanu» دەيدۇ.

ئوغۇز، قىپچاق ۋە سۇۋارلار سۆزنىڭ بېشىدىكى «م - m» ھەرپىنى «ب - b» غا ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەر «مَنْ بَرْدِمْ mɘn bardïm —— مەن باردىم» دىسە، ئۇلار «بَنْ بَرْدُمْ bɘn bardum —— مەن باردىم» دەيدۇ. تۈركلەر «شورپا»نى «مُونْ mün» دىسە، ئۇلار «بُونْ bün» دەيدۇ. ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقانلار سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ت - t» ھەرپىنى «د - d» غا ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەر «توگە»نى «تَڤَيْ tɘvɘy»

دىسە، ئۇلار «دَوَى *dəvəy*» دەيدۇ، شۇنىڭدەك «توشۇك» دىگەن
سوزنى تۈركلەر «اُوتْ *ɵt*» دىسە، ئۇلار «اُوذْ *ɵd*» دەيدۇ. ساپ
تۈركچىدە «د - *d*» بىلەن ئېيتىلىدىغان سوزلەر ئوغۇزچىدا
كوپىنچە «ت - *t*» بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار «خەنجەر»
نى «بُكْدا *bügdə*» دىسە، ئوغۇزلار «بُكْتا *büktə*» دەيدۇ.
ئۇلار «جىگدە»نى «يِكْدا *yigdə*» دىسە، ئوغۇز تۈركمەنلىرى
«يِكْتا *yiktə*» دەيدۇ. مۇنداق سوزلەر خېلى كوپ، ئۇلارنى
بىر - بىرلەپ سوزلەپ ئولتۇرمايمەن.

ساپ تۈركلەر «ف - *f*» بىلەن «ب - *b*»نىڭ ئارىسىدا
تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ڤ - *v*» ھەرپىنى ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا
يېقىن جايلاشقانلار «و - *w*»غا ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار
«ئوي»نى «اَڤْ *əv*» دىسە، ئوغۇزلار «اَوْ *əw*» دەيدۇ؛ ئۇلار
«ئوۋ»نى «اَڤْ *av*» دىسە، ئوغۇزلار «اَوْ *aw*» دەيدۇ.

مەن سوزلەرنىڭ ئەڭ توغرا شەكلىنىلا بېرىمەن. ھەرپ
ئالماشتۇرۇپ سوزلەيدىغانلارنىڭ تىللىرىدىكى ھەرپ ئالمىشىشلى-
رىنى قىياس بىلەن ئوزەڭ بىلىۋالارسەن.

ياغما، توخسى، قىپچاق، ياباقۇ، تاتار، قاي، چومۇل ۋە
ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى «ذ - *ẑ*» ھەرپىنى ھەر زامان «ى - يا»
غا ئالماشتۇرىدۇ ۋە ھىچقاچان «ذ - *ẑ*» بىلەن سوزلىمەيدۇ.
مەسىلەن: تۈركلەر «قېيىن دەرىخى»نى «قَذِنْكْ *kaẑiŋ*» دىسە،
ئۇلار «قَيِنْكْ *kayiŋ*» دەيدۇ. تۈركلەر «قېيىن - بويان»لار-

نى «قَذِنْ» *każin* دېسە، ئۇلار «قَيِنْ» *kayin* دەيدۇ. شۇ-نىڭدەك، چىگىل ۋە باشقا تۈركلەر تىلىدا «ذ - ż» بىلەن ئىپادىلەنگەن سۆزلەر رۇس ۋە رۇم ئۆلكىلىرىگە قەدەر سوزۇلغان قىپچاق، يەمەك، سۇۋار، بۇلغارلار تىللىرىدا «ز - z» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەر «ئاياق» نى «أَذَقْ *ażak*» دېسە، ئۇلار «أَزَقْ *azak*» دەيدۇ. چىگىل تۈركلىرى «قېرىن تويدى» دېگەننى «قَرِنْ تُذْتِي *karin tożti*» دېسە، ئۇلار «تُزْدِي *tozdi*» دەيدۇ. قالغان ئىسىم ۋە پېئىللارنىمۇ مۇشۇ مىساللار بويىچە قىياس قىلىش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، چىگىل تىلىدىكى «ذ - ż» ھەرپى ياغما، توخسى، ئوغۇز ۋە بەزى ئارغۇلاردىن باشقا چىنچىگە سوزۇلغان يەرلەردە ياشىغۇچى ھەممە قەبىلىلەر-نىڭ تىللىرىدا «ى - يا» غا ئۆزگىرىدۇ؛ رۇمغىچە بولغان قىپچاق ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقان باشقا قەبىلىلەردە بۇ ھەرپ «ز - z» غا ئۆزگىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئورنىدا كۆرسىتىمەن.

خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى «ا - ئېلىف» نى «ھ - *h*» غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركى تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېساپلىمايمىز. مەسىلەن: تۈركلەر «ئاتا» نى «آتا *ata*» دېسە، ئۇلار «ھَتا *hata*» دەيدۇ؛ تۈركلەر «ئانا» نى «آنا *ana*» دېسە، ئۇلار «ھَنا *hana*» دەيدۇ.

«ر - *r*» ھەرپى بەزىدە «ل - *l*» غا ئالمىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆز ئورنى كەلگەندە سۆزلەيمەن. بەزىدە «ز - z» ھەرپى «س-

s»غا، «س - s» ھەرپى «ز - z»غا ئۆزگىرىدۇ. بۇلارنىمۇ ئۆز
ئورنىدا سۆزلەيمەن.

زامان ۋە ماكان ئىسىملىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان
«غ - ƣ» ھەرپىنى ئوغۇزلار «ا - ئېلىف»قا ئالماشتۇرىدۇ.
تۈركلەر «بارىدىغان يەر»نى «بَرغو يِير» «barƣu yər» دېسە،
ئوغۇزلار «بَراسى يِير» «barasi yər» دەيدۇ؛ تۈركلەر «تۇرۇش
ۋاقتى»نى «تُرغو اُغُور» «turƣu oƣur» دېسە، ئوغۇزلار
«تُراسى اُغُور» «turasi oƣur» دەيدۇ.

«ق - k» ھەرپى «ك - k»گە، «ك - k» ھەرپى «ق -
k»غا ئالمىشىدۇ. بۇنى ئۆز ئورنى كەلگەندە سۆزلەيمەن. ھەرپ-
لەرنىڭ ئالمىشىشى ھەققىدىكى گەپنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىمەن.

سۆزلەردە ھەرپلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا كەلسەك، ئىسىملار-
نىڭ ۋە ئىش - ھەركەتنىڭ داۋام قىلمۇاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان
پېئىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «غ - ƣ» ھەرپىنى ئوغۇزلار
بىلەن قىپچاقلار ھەممە يەردە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىسىملارغا
مىسال: تۈركلەر «ئالا قاغا»نى «جمغق» «qumƣuk» دېسە،
ئۇلار «جمق» «qumuk» دەيدۇ؛ تۈركلەر «تاماق، بوغۇز»نى
«تمغق» «tamƣak» دېسە، ئۇلار «تَمَق» «tamak» دەيدۇ. پېئىل-
لارغا مىسال: تۈركلەر «ئۇ ئۆيىگە بېرىۋېرىدىغان ئادەم»
دېگەن جۈملىنى «اُلْ اَفِكا بَرَغانْ اُلْ» «ol əvigə barƣan ol»
دېسە، ئوغۇزلار شۇ جۈملىدىكى «بَرَغانْ اُلْ» «barƣan ol»

دېگەن ئىبارىنى «بَرانْ اُلْ *baran ol*» دەيدۇ؛ تۈركلەر «ئۇ قۇلىنى ئۇرۇۋېرىدىغان ئادەم ئۇ» دېگەن جۈملىنى «اُلْ اَرْ قُلِنِي اُرَغانْ اُلْ *ol ər kulini uraqan ol*» دېسە، ئوغۇزلار شۇ جۈملىدىكى «اُرَغانْ *uraqan*» سۆزىنى «اُرانْ *uran*» دەيدۇ. شۇنىڭدەك يېنىك بولسۇن ئۈچۈن، ئوغۇزلار ئىسىم ۋە پېئىللاردا «غ - *q*» نىڭ ئورنىدىكى «ك - *g*» نىمۇ چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ھەممە تۈركى تىللاردىكى ئاساسىي قائىدىلەر شۇ. قالغان قائىدىلەرنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەيمەن. مەن كىتاۋىمنى يېنىك ۋە ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، زەممىلىك، فەتھىلىك، كەسرىلىك سۆزلەرنى، يەنى «ا - ئېلىف» بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ھەر بابتا بىر يەردە بەردىم. لَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ اِلَّا بِاللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ (پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس).

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كويۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

ھەمزىلىك ئىسىملار بولۇمى
ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

أَبْ ap//əp تەكىتلەش ۋە ئاشۇرۇش قوشۇمچىسى. بىرەر نەرسىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەنمەكچى بولسا، أَبْ آذْكُو نانْكْ *əp əẑgü nəŋ* — بەك ياخشى نەرسە. دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار «ناھايىتى ئاق» دېيىش ئورنىدا «أَبْ أَقْ *ap ak*» دەيدۇ.

أَبْ ap «يوق، ئەمەس» دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان ياردەمچى سۆز. أَبْ بُو أَبْ اُلْ *ap bu ap ol* — بۇمۇ ئەمەس، ئۇمۇ ئەمەس.

أُبْ üp رەڭنى ئاشۇرۇپ ئېيتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى سوز.

أُبْ اُرُنْكْ *üp ürüŋ* — ئۇپ - ئۇرۇك، ئاپ - ئاق. چىگىلچە.

أُبْ أُبْ op op هوپ - هوپ. ئېشەك تېيىلىپ چۇشكەندە، ئۇنى تۇرغۇزۇش ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان سوز. بۇ سوز ئەرەپلەرنىڭ «لَعاً — قوپ» دىگەن سوزىگە توغرا كېلىدۇ.

أُبْ op خامان تېپىشكە قېتىلىدىغان ئوكۇزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوكۇز. ئارغۇچە.

آتْ at («ا - ئېلىف» قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئات. «قُوشْ قَنَتِنْ اَرْ اَتِنْ *kux kanatin ər atin* — قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» دىگەن ماقالدىكىگە ئوخشاش.

أَتْ ət («ا - ئېلىف» يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئەت، گوش.

أَتْ يِيرْ *ət yər* — ئەت يەر، يۇمشاق يەر، يۇمشاق توپراق.

أُتْ ot ئوت، ئوسۇملۇك. اُتْ اُنْدِي *ot ündi* — ئوت ئۇندى.

أُتْ ot مال يەيدىغان ئوت - چوپ. آتْقا اُتْ بِيرْكِيلْ *atka ot bərgil* — ئاتقا ئوت بەرگىن.

أُتْ ot دورا ئوت. اُتْ اِجْتِمْ *ot iqtim* — دورا ئىچتىم. تېۋىپ

مەنىسىدىكى «اُتاجِي *otaqi*[1]» دىگەن سوز ئەنە شۇ سوز-دىن ياسالغان.

اُتْ ot ئوغا، زەھەر. بَكْ اَنكارْ اُتْ يِيرْدِي *bəg aŋar ot bərdi* — بەگ ئاڭا ئوغا بەردى.

اِتْ it ئىت.

اَجْ aq «هاي، هەي، هوي» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇندەش سوز. اَجْ بَرُو كَلْ *aq bərü kəl* — هوي، بېرى كەل.

اُجْ üq ئۈچ. اُجْ يَرْماق *üq yarmak* — ئۈچ يارماق.

اُجْ uq («١ - ئېلىپ» قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئۇچ. مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى[2].

اُجْ oq ئوچ. تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ. تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە يىلىك، هاسا

---

[1] «ئوتاچى» سوزى خوتەن دىيالېكتىدا ھازىر «مال دوختۇرى» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

[2] ئۇچتۇرپان تاھىيىسىنىڭ قەدىمقى نامى. ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى جايلاشقان يەر «ئۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. يازما نۇسخا 256 - بەتتە «تَفْشْقَانْ اُكُزْ *tavuxkan ɵgüz* — ئۇچ شەھەرىدىكى بىر دەريا» دەپ كورسىتىلگەن. بۇ دەريا ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئوتىدۇ، ھازىرمۇ «توشقان دەريا» دەپ ئاتىلىدۇ.

قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ياسىلىدۇ.

اِچْ iq ھەر نەرسىنىڭ ئىچى. اِچْ قُرْ iq kur — (ئورۇمە) ئىشتانباغ. اِچْ سُوزْ iq soz — كوڭۈلدىكى يوشۇرۇن سوز، ئىچ گەپ.

اِچْ iq : اِچْ آتْ iq ət — ئىچ ئەت، جىگەرگە يېپىشىپ تۇردىغان نىپىز گوش.

آرْ ər ئەر، ئەركەك، ئادەم. بۇ سوز كوپلۈكتە «آرَنْ ərən» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن مۇنداق قىلىش قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى كوپلۈك قوشۇمچىسى «لار lar//lər» دۇر.

اِرْ ir ئىزا، خىجالەت مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان سوز. آرْ اِرْ بُلْدِي ər ir boldi — ئادەم ئىزا تارتتى.

اُزْ üz ياغ. اُزْلُكْ مُونْ üzlüg mün — ياغلىق شورپا.

اُسْ us ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىش. ئوغۇزچە. اُلْ اُسْ بُلْدِي ol us boldi — ئۇ ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئەتتى.

آسْ əs يىرتقۇچ ھايۋانلارغا كېسىپ بېرىلىدىغان گوش، يەم.

اُسْ us تاپقۇش، مادا، قۇماي. شېىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْدِى مَنْكا تاتْ
اَيْـدِمْ اَمْدِى ياتْ
قُشْقا بُلُبْ اَتْ
سَنِى تِلارْ اُسْ بِرِى

kəldi maŋa tat
aydïm əmdi yat
kuxka bolup ət
səni tilər us bəri

[كەلدى ماڭا تات①،
ئېيتتىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس، بورى.]

ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ قۇش، بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ، ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتىم.

أُشْ ux خۇددى. أُشْ مُنْدَغْ قِيلْ *ux mundaq kil* — خۇددى مۇشۇنداق قىل.

① تات — بەزى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا «مۇسۇلمان بولمىغان (كاپىر) ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدىكى، ئومۇمى تۈرك خەلقلىرى تىلىدا «پارسلار» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

اُشْ ux هازىرلا، ھېلىلا. اُشْ كَلْدُكُمْ بُو *ux kəldükum bu* —
هازىرلا كېلىشىم، كېلىشىم مۇشۇ.

اُشْ اُشْ üx üx ھۇش-ھۇش. ئۇكۇزنى سۇ ئىچىشكە ئۈند-
دەيدىغان سۆز.

اُشْ ux دەرەخ، شاخ ۋە مۈڭگۈزگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
ئوتتۇرىسى (ئۆزىكى). مُنْكُزْ اُشِي *müŋüz uxi* — مۈڭگۈز
ئۆزىكى. قۇش ۋە ئاتلارنىڭ تۇغۇرى (قۇيمۇچىقى) مۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ.

اِشْ ïx ئىس، چىراق ئىسى؛ تۈرخۇن ۋە تامدىكى قورۇم.
تُونْ اِشْ بُلْدِي *ton ïx boldï* — تون ئىس بولدى، يەنى
ئىسلاندى.

اُقْ ok ئوق.

اُقْ ok ئوق؛ ئوۋۇق. اَڤْ اُقِي *əv oki* — ئۆينىڭ تىرەك يا-
غىچى. اُقْ يِلاَنْ *ok yïlan* — ئوق يىلان، ئادەمگە
ئېتىلىدىغان يىلان.

اُقْ ok ئوق، ئونچە، ئۆلۈش، ھەسسە. يەر ۋە باشقا مۈلۈك
تەقسىماتىدا تېگىدىغان ئۆلۈش.

اُقْ ok پېيلاردا تەكىت ئۆلانمىسى. بَرْغِلْ اُقْ *barqïl ok* —

بارغىن-ھە، بارغىن جۇمۇ.

اُقْ ok رەۋىشكە قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئۇلانما. بَيَا اُقْ كَلْدِيمْ baya ok kəldim — بايىلا كەلدىم. اَمْدِي اُقْ اَيْتْدِيمْ əmdi ok aydim — ئەمدىلا ئېيتتىم.

اِقْ ik ھىق. سوغاق سۇ ئىچىپ، ئۇستىدىن نان يېگەندە مەيدىدىن چىقىدىغان ھىق. اَنِي اِقْ تُتِي anī ik tutti — ئۇنى ھىق تۇتتى.

اُلْ ol ئۇ. اُلْ اَنْدَغْ اَيْدِي ol andaq aydi — ئۇ شۇنداق دىدى.

اُلْ ol ئۇ، شۇ، ئاۋۇ. اُلْ اَرْ ol ər — ئۇ ئادەم، ئاۋۇ ئادەم.

اُلْ ol ئىسىم ۋە پېئىللارغا قوشۇلىدىغان تەكىت ئۇلانمىسى. اُلْ مَنِكْ اُغْلُمْ اُلْ ol məniŋ oqlum ol — ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئۇ. اُلْ اَفْكَا بَرْمِيشْ اُلْ ol əvgə barmīx ol — ئۇ ئۆيگە بارغان ئۇ.

اَمْ əm ئەم، داۋا. داۋالىغۇچىنى «اَمْجِي əmqi» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

اَمْ əm ئەم. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە.

أُمْ öm ئۆشتان، تامبال.

إِمْ im ئىم. ھەربىي قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپىي بەلگە (پارول). مۇنداق بەلگىلەر قۇش ۋە قوراللارنىڭ ئېتى ياكى باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا، بىر-بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلىدۇ. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىدىن ئىم سورايدۇ، سورالغان كىشى ئىمنى بىلسە ئۆز كىشىسى ھېساپلىنىدۇ؛ بىلمىسە ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: إِمْ بِلْسا آرْ أُلْماسْ *im bilsə ər ölməs* — ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس.

أُنْ ün ئۈن، ئاۋۇش، ئاۋاز. بۇ سۆزنى «و - ۋاۋ» قوشۇپ، «اُونْ» شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

آرّ ərrə ھەررە، سۈيدۈك. بۇ ئېشەكلەرنى جۈپلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلگەندە، ئېشەكلەر جۈپلىشىدۇ. بۇ سۆز مەنا جەھەتتىن ئەرەپچىدىكى «جِماع — جۈپلىشىش» سۆزىگە توغرا كېلىدۇ.

أرّ urra ئەرلەردە بولىدىغان چىقىق كېسىلى. ئوغۇزچە.

إرّ irra ھىر، ئۇيۇلۇش، ئىزا تارتىش. بۇ سۆز ھەم قاتتىق، ھەم يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىشى مۇمكىن.

بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر①

أاْ ā ھەيران قېلىش ۋە ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

اُلْ مَنِي أاْ قِلْدِي *ol məni ā kīldī* — ئۇ مېنى ھەيران قالدۇردى.

اُذُو uzu ئۇيقۇ. اُذِيدِيمْ *uzīdīm* — ئۇخلىدىم. بۇ سۆزدە «ا - ئېلىف» بىلەن «ذ - ż» ئارىسىدىكى «و - ۋاۋ»

① «بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر» دېگەن ماۋزۇ باشقا باپلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىدە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى، «تۆت ھەرپلىكلەر» دېيىلگەن بولسىمۇ، بېرىلگەن سۆزلەر تۆت ھەرپلىك ئەمەس.بۇ يەردە بېرىلگەن سۆزلەرگە ياكى يازما نۇسخىنىڭ 32 - بەت 5 - قۇر، 36 - بەت 13 - قۇر، 55 - بەت 12 - قۇر، 70 - بەت 2 - قۇر ۋە 71 - بەت 6 - قۇرلىرىدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، «ئاخىرىدا ھەرپى ئىللەت — ا، و، ى ھەرپلىرى كەلگەن سۆزلەر» دېمەكچى بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا شۇ ئۈچ ھەرپنىڭ بىرى بار.

زەممە بىلەن كەسرە ئارىسىدا كەلگىنى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان.

اُوا uwa چاقىرغۇچىغا جاۋاپ تەرىقىسىدە ئېيتىلغان «خوش، لەۋەي» دىگەن مەنىلەردىكى سوز. بىرەر كىشى «ھەي مۇھەممەت» دىسە، ئۇنىڭغا جاۋابەن «خوش، نىمىگە بۇيرۇيدىلا؟» دىگەنگە ئوخشاش.

اُوقا oka كېپىللىك، كاپالەت. مَنْ آنِى اُوقا آلْدِمْ *mən ani oka aldim* — مەن ئۇنى كېپىللىككە ئالدىم.

أَوْ aw («ا - ئېلىق» قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بۇيرۇغۇچىنىڭ بۇيرۇغىدىن باش تارتىشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سوز، ئا - ئا.

آىْ ay تۇق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت.

آىْ ay: آىْ بِتِكِى *ay bitiki* — ئايلىق دەپتەر، ئەسكەرلەرنىڭ ئىسمى ۋە تەمىناتى يېزىلىدىغان دەپتەر.

اِىْ əy «أَوْ *aw*» دىگەن سوزگە ئوخشاش بۇيرۇقنى ئالماسلىقنى بىلدۈرىدىغان سوز، ئەھ.

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

آنْكْ əŋ ئەڭ، مەڭىز، ياڭاق. قِزِلْ آنْكْ *kizil əŋ* — قىزىل مەڭىز.

آنْڭ aŋ يىغى دورا بولىدىغان بىر خىل قۇش، قوداي. بۇ قۇشنىڭ يىغى ئالقانغا سۇرۇلسە، قولنىڭ كەينىدىن سىزىپ چىقىدۇ.

آنْڭ aŋ «ياق، ئەمەس» دىگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدىغان سوز. ئوغوزچە. بىرەر ئىشقا بۇيرۇلغان كىشى «آنْڭ آنْڭ *aŋ aŋ*» دىسە، «ياق - ياق» دىگەن بولىدۇ.

اُنْڭ ɵŋ ئوڭ، ئالد، ئاۋال. اَلْ مَنْدَنْ اُنْكُدُنْ بَرْدِي *ol məndən ɵŋdün bardï* — ئۇ مەندىن ئاۋال كەتتى.

اُنْڭ ɵŋ ئوڭ. بىرەر نەرسىنىڭ رەڭگى. ياشِلْ اُنْڭْلُكْ تُونْ *yaxïl ɵŋlüg ton* — يېشىل رەڭلىك تون، يېشىل تون.

اُونْڭ oŋ ئوڭ. اُونْڭ اِيشْ *oŋ ïx* — ئوڭ ئىش، ئوڭاي ئىش. بۇ «اُنْگَاى *oŋay*» دىگەن سوزنىڭ قىسقارتىلغىنىدۇر.

اُنْڭ oŋ ئوڭ. اُنْڭْ آلِكْ *oŋ əlik* — ئوڭ قول، چەگملچە.

ئىككى ھەرپلىكلەر تۈگىدى.

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعْلٍ fə'l، فُعْلٍ fu'l، فِعْلٍ fi'l شەكلىدە

ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق

سوزلەر بابى

اَلْبْ alp باتۇر، قەھرىمان. اَلْپْ يَغِيدا اَلْجَقْ جُغِيد — alp yaojida alqak qoojida باتۇر يېغىدا بىلىنەر، ئالچاق ① جاڭجالدا. شېردا مۇنداق كەلگەن:

اَلْپْ اَرْتُنكا اُلْديمُو
اِيسِيز آزُونْ قَالْديمُو
اُذْلَكْ اُوجِنْ اَلْديمُو
آمْدِي يُرَكْ يِرْتِلُورْ

---

① ئالچاق: 1) يۇۋاش، مۇلايىم، يۇمشاق كۆڭۈل؛ 2) يامان، بۇزۇق، ئەسكى، خائىن.

alp ərtoŋa əldimu
əsiz azun kaldimu
əẑlək əqin aldimu
əmdi yürək yirtilur

[ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
زامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.]

خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە - پارە بولماقتا.

أَرْتْ art : أَرْتْ سَجْ *art saq* — گەردەن چىچى. چۈنكى «أَرْتْ» سوزى «بويۇن، گەردەن» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

أَرْتْ art ئارت، داۋان. «أَرْمَكُوكا اَشِكْ أَرْتْ بُلُورْ -ər- — *məgügə əxik art bolur* ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كورۈنەر» دىگەن ماقالدىكىگە ئوخشاش.

أُرْتْ urt يىڭنە توشۇكى.

أُرْتْ ərt ئوت، يالقۇن.

آسْتْ ast تار كوچا. چىگىلچە.

آنْدْ and ئانت، قەسەم. «قەسەم ئىچ» دىيىش ئورنىغا «آنْدِقْ *andīk*» دىيىلەدۇ.

آرْقْ ark چىقىرىندى، تاشلاندۇق. تَمُرْ آرْقِي *təmür arki*— تومۇر چىقىرىندىسى. تومۇر پوقى.

اُرْقْ urk: «اُرُقْ *uruk* — ئارغامچا» سوزىنىڭ قىسقارتىلمىسى. ئوغۇزچە. بۇ ئەرەپچىدە «عُنُقْ»نى «عُنْقْ» دىگەنگە ئوخشاش.

اِرْقْ īrk رەممالىق، پالچىلىق. بىراۋنىڭ كوڭلىدىكىنى تاپەق.

آرْكْ ərk ئەرك، سەلتەنەت، ئوز بەگ - ئوز خانلىق.

اُرْكْ ɵrk باشۋاغ، ئات - ئۇلاقنىڭ باشۋېقى؛ ئات چۇشىگى.

اِرْكْ irk ئىرك. توت ياشقا تولاي دەپ قالغان ئەركەك قوي.

اِلْكْ ilk ئىلگىرى، ئاۋال، بۇرۇن. اِلْكْ سَنْ بَرْغِيلْ *ilk sən barqīl* — ئاۋال سەن بارغىن.

بۇ باپتىكى مەنقۇسلار①

اُوبْ اُوبْ ɵp ɵp ھوپ - ھوپ. بىرەر ئىشتا ماختىنىپ،

---

① مەنقۇس — ئەرەپچىدە ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلۈپ، بىرەر ھەرپى «ھەرپى ئىللەت» بىلەن كەلگەن سوزلەر.

ئاخىرى مات بولۇپ قالغان كىشىگە «اُوبْ اُوبْ *op op*» دېيىلىدۇ.

اُوتْ ot ئوت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُوتْ تِيسا آغِيزْ كُيْماسْ *ol təsə aoiz kəyməs* — ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس. بۇ ماقال قىلىپ تاشلىغان سوزىگە ئوززە ئېبىتقان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

اُوتْ Ɵt («و - ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تام ياكى ياغاچ توشۇگى.

اُوتْ Ɵt («و - ۋاۋ» ھەرپى يۇقۇرىدىكىدىنمۇ يۇمشاقراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئوت، ئوت خالتىسى.

اُوجْ Ɵq ئوچ، ئاداۋەت، كەك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُوجْ كَكْ قَمْغْ كِشِي نِنْكْ يَلِنكُوقْ اُوزا آلِيمْ بِيلْ
آذْكُولُوكُوكْ اُوغَنْجا آلِكِينْكْ بِيلا تَلِيمْ قِيلْ

əq kək kamuoı kixiniŋ yaliŋuk üzə alim bil
əžgülükük uoıanqa əlikiŋ bilə təlim kil

[ئوچ - كەكنى ھەممە كىشىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ئېلىمى (دەپ) بىل، ياخشىلىقنى قولۇڭدىن كېلىشىچە كوپ قىل.]

ئوچ - ئاداۋەت تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كەچ؛ شۇنى بىلىپ، چەتتىن كېلىپ

قالغانلارغا ۋە مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشى-
لىق قىل.

أُوجْ uq ئۈچ. نەرسىنىڭ ئۈچى. بُتَقْ أُوجِي *putak uqi* — پۇتاق ئۇچى، شاخ ئۇچى.

أُوجْ uq : اوج ايل *uq əl* — چېگرا، چېگرىدىكى ئەل.

أُوجْ uq بىرەر نەرسىنىڭ تۈگەپ كېتىشى. ئوغۇزچە. بويدا نا اوج بار *boyda nə uq bar* — كىشىلەر توپى-قەبىلە (كۆپ بولغىنى ئۈچۈن) تۈگىمەيدۇ.

أُوذْ ɵd («و-ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) زامان، ۋاقىت. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

اُوذْ كَجارْ كِشِي تُوِيماسْ
يَلِنكُوقْ اُوغْلِي مَنْكُو قَلْماسْ

ɵd kəqər kixi tuymas
yalïŋuk oƣli məŋgü kalmas

زامان ئۆتەر، كىشى تۇيماس،
ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس.

أُوذْ ud ئۇي، كالا. چىشلىچە. تۈرك خەلقلىرى قوبۇل قىلغان ئون ئىككى يىلنىڭ بىرى «اوذْ ييلي *ud yili* — ئۇي يىلى» دېيىلىدۇ.

اُورْ or: اُورْ آتْ or at ــــ ئورۇل ئات. توق قىزىل بەلەن سېرىق رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئات.

اُورْ ɵr («و-ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تون ياكى كەمزۇلنىڭ قولتۇغى.

اِيرْ ər توشۇك تېشىدىغان ئۈشكە.

اِيرْ ər يەر. بەزى شېۋىلەردە «يِرْ yər»مۇ دېيىلىدۇ.

اُوزْ üz («ا-ئېلىف» يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئۈز ياغ. اُوزْلُكْ آشْ üzlüg ax ــــ ئۈزلۈك ئاش.

اُوزْ üz گاس، پاك. اُوزْ كِشِي üz kixi ــــ گاس ئادەم.

اُوزْ ɵz ئۆز. شېىردا مۇنداق كەلگەن:

كُورْكْلوكْ تنوغْ اُوزْنْكا
تَتْلِيغْ اَشِيغْ آذِينْقا
تُوتْغِيلْ قنوقْ آغِيرْلِيغْ
يَذْسونْ جَفِينْكْ بُذْنْقا

kərklüg tonuoɪ əzüŋgə
tatlïoɪ axïoɪ ażïnka
tutoɪïl konuk aoɪrlïoɪ
ɣażsun qavïŋ bożunka

[كۆركەم تونىنى ئۈزەڭگە (قالدۇر)،
تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە،
مېھماننى ئىززەتلە،
داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.]

كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۈزەڭ كىي، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن.

أُوزْ ɵz جىلغا. «تاغ أُوزِى *taƣ ɵzi*» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

أُوزْ ɵz : أُوزْ كِشِي *ɵz kixi* — ئۆز كىشى، يېقىنى. بُو بِزْنِكْ أُوزْ كِشِي أُولْ *bu bizniŋ ɵz kixi ol* — بۇ بىزنىڭ ئۆز كىشىمىز ئۇ.

أُوزْ ɵz يۈرەك، ۋە قوساقتا ئوخشاش ئىچكى ئەزالار.

أُوزُمْ اَغْرِيدِي *ɵzüm aƣridi* — قوسىقىم ئاغرىدى.

أُوزْ ɵz ئۆزەك، تومۇر. «يِغاجْ أُوزِى *yiƣaq ɵzi*» — ياغاچ ئۆزىكى»مۇ دېيىلىدۇ. خورما دەرىخىنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئاق ماددىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

أُوزْ uz : أُوزْ كِشِي *uz kixi* — قولى ئەپلىك كىشى، ئىش-ھۈنەرگە ماھىر ئادەم.

أُوزْ ɵz : أُوزْ قُنُقِي *ɵz kunuki* — بەدەندە (گەۋدىدە) ھەر-

كەت قىلىدىغان نەرسە، روھ، جان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْدِي كُوزُومْ يَرُوقِي
آلْدِي اُوزُمْ قُنُقِي
قَنْدا آرِنْجْ قَنِيقِي
آمْدِي اُودِينْ اُوذْغُرُورْ

bardī kөzüm yaruki
aldi өzüm konuki
kanda ərinq kanïki
əmdi udïn ożoqurur

[كۆزۈمنىڭ يورۇغى كەتتى،
جېنىمنى ئالدى،
ئۇ قەيەردە بولغاي،
ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغىتار.]

كوز نۇرۇم (سۆيگەن يارىم) كەتتى، ئۇ مېنىڭ روھىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەرلەردىكىن؟ (ئۇنىڭ پىراقىدىن) كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

اِيشْ ïx ئىش. نا اِيشِنْكْ بارْ *nə ïxïŋ bar* —— نېمە ئىشىڭ بار؟

اِيشْ əx ئەش، ھەمراھ، يولداش؛ دوست - بۇرادەر. جىنى بار كىشىمۇ «اِيشِلِكْ *əxlig*» دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آنِنْكْ ايشِينْ كَچُورْدُمْ
ايشِينْ يَما قَچُورْدُمْ
اُولُومْ اُوتِنْ اِيچُورْدُمْ
اِيچْتِي بُلُبْ يُوزِي تُرُنْ

anïŋ ïxin kəqürdüm
əxin yəmə ķaqurdum
ɵlüm otïn iqürdüm
iqti bolup yüzi türün

[ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتۈردۈم،
ھەربىيىسىنىمۇ قاچۇردۇم،
ئۆلۈم زەھرىنى ئىچۈردۈم،
تەرى تۈرۈلۈپ ئىچتى.]

ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئىشىنى تۈگەتتىم، ھەربىيە-
سىنىمۇ قاچۇردۇم، ئۇنىڭغا ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچۈردۈم، ئۇ
تەرىنى تۈرۈپ ئىچتى.

اُوغْ uq ئوق، ئۇۋۇق، كىگىز ئۆينىڭ ئۇۋۇغى، تىرەك ياغىچى.

اُوقْ ok ئوق، ئۈنچە، ئۆلۈش، ھەسسە. مىراس تەقسىماتىدا
ئېگىدىغان ئۆلۈش. آنكارْ بيرْ اُوقْ تَكْدى — *aŋar bir*
ok təgdi ئاڭا (مىراستىن) بىر ئوق تەگدى.

اُوكْ øg ئەقىل، پەم، زېھىن. ئەقىللىق، زېھىنلىك ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر «اُوكا øgə» دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان ھەرقانداق ھايۋانمۇ «اُوكْ øg» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: توت ياشتىن ئاشقان ئات «اُوكْ اَتْ øg at» دېيىلىدۇ.

ايكْ ik يىڭ. «يِيكْ yik»مۇ دېيىلىدۇ.

ايكْ ig كېسەل.

اُولْ ul ئۇل ~ ھۇل. مەسىلەن: «تامْ اُولِي tam ulï — تام ئۇلى» دېگەندەك.

اُولْ øl ھول. اُولْ نانْكْ øl naŋ — ھول نەرسە؛ اُولْ تُونْ øl ton — ھول تون. ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ.

اِيلْ əl ئەل، مەملىكەت. بَكْ اِيلِي bəg əli — بەگ ئېلى.

اِيلْ əl ئوچۇقچىلىق، بوشلۇق. قَبغْ اِيلِي kapuq əli — قوۋۇق ئالدىدىكى بوش يەر.

اِيلْ əl ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى «اِيلْ əl» دەپمۇ ئاتايدۇ. «ئاتباقار»نى «اِيلْ باشِي əl baxi» دېيىش شۇنىڭدىن

كەلگەن. بۇ «ۋىلايەت باشلىقى» دېگەن سوز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن «ئاتباقار» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ.

اِيلْ əl ئەل، ئىككى خان ياكى بەگ ئارىسىدىكى يارىشىش.

ايكي بَكْ بيرْلا اِيلْ بلْدي *iki bəg birlə əl boldi* — ئىككى بەگ بىر - بىرى بىلەن ياراشتى.

اِيلْ əl: اِيلْ كِشي *əl kixi* — پەس ئادەم، ئەسكى ئادەم.

اِيلْ قُوشْ *əl kux* — تازقارا.

اُومْ um: آرْ اُومْ بلْدي *ər um boldi* — ئادەمنىڭ مەيدىسى بۇزۇلدى، گوشنى كوپ يېگەنلىكتىن، ئادەمنىڭ مەيدىسى بۇزۇلدى.

اُونْ on ئون.

اُونْ ün ئۈن، تاۋۇش، ئاۋاز (ئۇزۇن ياكى قىسقا تەلەپپۇز قىلىشقىمۇ بولىدۇ).

اُونْ un ئۇن.

اِينْ ən: اِينْ يِيرْ *ən yər* — ئەن يەر، ئېنىش، ئويمان يەر. اِينْ يُقْ *ən yuk* — ئوي - دوڭ.

اِينْ ən بىر نەرسىنىڭ ئېنى. بُو بُوزْ اِينِي نَجا *bu boz əni nəqə* — بۇ بوزنىڭ ئېنى نەچچىلىك؟

اِينْ in ئىن. شىر، تۈلكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرتقۇچ هاي-
ۋانلارنىڭ ئۇۋىسى. بۇ سوز «يِينْ *yin*» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

اِينْ in يىن. قوي ژىنى. «يِينْ *yin*» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

بۇ باپتىكى توت هەرپلىكلەر

اُوىْ oy ئوي، ئويمان.

اُوىْ oy: اُوىْ آتْ *oy at* — قارا توروق ئات.

ئوتتۇرا هەرپى ساكىنلىق سوزلەر تۈگىدى.

ئوتتۇرسى ھەرىكىلىك سوزلەر باپلىرى

فَعْلٌ fəəl، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەرِ خىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

أَذُتْ aźut ئوچ، ئوچچۇم. بىرْ أَذُتْ نانْكْ *bir aźut nəŋ*— بىر ئوچچۇم تەرسە.

أَرُتْ arut: أَرُتْ أُتْ *arut ot* — يىل ئاتلىغان (يىللىغان) ئوت.

أُجُتْ əqüt ئوچ، ئىنتىقام. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «أُوجْ *əq*».

أُغُتْ uqut بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ. بۇ ئېچىتقۇ بىرمۇنچە دورا - دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇنىدۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ، بۇ خېمىر كېسىپ كومۇلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى

قۇرۇتۇلغان كۆمۈلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ، قاينىتىلغان بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، بۇ بۇغداي پاكىز بىر نەرسىگە ئورىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئوبدان دۈمىلىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆپكە سېلىنىپ، ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە، ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ. تىرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان سۇيۇقلۇق «بۇغداي شارابى» بولىدۇ.

آڤَتْ əvəl «ھەئە، خوش، توغرا، شۇنداق» دىگەن مەنىلەردىكى سوز بولۇپ، بۇ سوز ئۈچ خىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: ياغما، توخسى، قىپچاق قەبىلىلىرى «آڤَتْ əvəl» دەيدۇ؛ ئو-غۇزلار «اَمَتْ əmət» ياكى «اَوَتْ əwət» دەيدۇ؛ باشقا تۈرك قەبىلىلىرى «يَمَتْ yəmət» دەيدۇ.

اُڤُتْ uvut ئۇۋات، ئۇيات، ھايا.

اُڤُتْ uvut زىياپەتكە ياكى بەگ ھۇزۇرىغا چاقىرىش.

اَكِتْ əgit داغ چۈشۈشتىن ياكى كوز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا زەپەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

اُكُتْ ogüt ئۈگۈت، نەسىھەت، شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آلغيل اُكُتْ مَنْدِين اُغول اَرْدَمْ تيلا

بُويْدا اُولُغْ بِلْكا بُلُبْ بِلْكِيْنْك اُولا

aloqïl ögüt məndin oqul ərdəm tilə

boyda uluq bilgə bolup bilkiŋ ülə

[ئوغۇل، مەندىن ئۈگۈت-نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارقات.]

ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۈگۈت-نەسىھەت ئال، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم-ھېكمەت تارات.

اُكِتْ ügit ئۈگۈت[1]. بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئۈن تارتىش.

اُكِتْجِي ügitqi ئۈن تارتقۇچى، تۈگمەنچى.

اَكَتْ əgət تويي كېچىسى كېلىن بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتىلىدىغان خىزمەتچى خوتۇن، يەڭگە.

اِيكِتْ igit يالغان، ئوغۇرچە. اِيكِتْ سُوز igit söz — يالغان سۆز.

اُلُتْ ölüt بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش. ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى

---

① بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاشلىقنى تۈگمەندە تارتىش ئۈچۈن ئېرىغداپ تەييارلاش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(قاتىل) «اُلُتْجِى ölütqi» دىيىلىدۇ.

اُلُتْ ölüt : اُلُتْ اَرْ ölüt ər — كۆچتىن قالغان قېرى كىشى.

اَتَجْ ataq ئاتاقچا. ئۆزىنى يۇرتىنىڭ مۇيەسسەپتى قىلىپ كۆرسىتىدىغان بالا «اَتَجْ اُغُولْ ataq oqul» دىيىلىدۇ.

اَتِجْ atiq ئۆدىكام، كولۇپ.

اَشِجْ axiq قازان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَشِجْ اَيُورْ تُوبُمْ اَلْتُونْ قَمِجْ اَيُورْ مَنْ قَيْدَامَنْ — axiq ayur tüpüm altun kamiq ayur mən kaydamən قازان ئېيتۇر تۈۋۈم ئالتۇن، چۆمۈچ ئېيتۇر مەن نەدىمەن؟ بۇ ماقال ئۆزىنى تونۇيدىغانلار ئالدىدا ماختانغۇچى كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

اَكَجْ əgəq ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۆز سىڭلىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق. بۇ سۆز قىزچاقلارنى ئامراق كۆرۈش ۋە ئەركىلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

اَمَجْ amaq ئاماچ، نىشان، قارا.

اَمَجْ amaq ئاماچ، بوقۇسا، ياغاچ ساپان.

اُلِجْ oliq ئوغۇل بالىلارغا ئامراقلىق قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئەر-

كىلتىش سوزى. اُلِجمْ *oliqim* — ئوغۇلچىقىم. قارلۇقچە.

آنَجْ anaq كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئوزىنىڭ زىرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئوز ئانىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق، ئانىقىز. بۇ سوز قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۇچۇن ئىيتىلىدۇ.

آنُجْ ənüq كوزگە ئوسكەن گوش پەردە.

آغِرْ aqir ئېغىر. آغِرْلِيغْ كِشِي *aqirliq kixi* — خەلق ياكى بەگ ئالدىدا قەدىرلىك كىشى. تَنكْرِي مَنِي آغِيرْلادي *təŋri məni aqirladi* — تەڭرى مېنى ئەزىز قىلدى. آغِيرْ آذاقْ آمْرُلْدي *aqir ażak əmrüldi* — ئېغىر ئاياق تىنچىدى، يەنى «قەدىمى ئېغىر ئادەم ئاستا ماڭ-سىمۇ، مەنزىلگە يەتتى» دىمەكچى.

آغِيرْ aqir : آغِيرْ نانْكْ *aqir nəŋ* — قىممەتلىك (قىممەت باھالىق) نەرسە.

اُغُرْ oqur : اُغُرْ آتْ *oqur at* — قاشقا ئات. بۇ سوز ئىپ-تىلىشى ھەم مەنىسى جەھەتتىن ئەرەپچىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرىپى ئەرەپچىدە فەتھە، تۇركچىدە زەممە بىلەن كەلگەن، خالاس.

اُغُرْ oqur ۋاقىت. نا اُغُرْدا كَلْدِينْكْ *nə oqurda kəldiŋ* — قايسى ۋاقىتتا كەلدىڭ؟

اُغُرْ oƣur دولەت. بَـكْ اُغُرِيندا مَنِـڭْ اِيشِمْ اِيتِلْدِى bəg — oƣurinda məniŋ ixim ətildi بەگنىڭ دولىتى سايە-
سىدە مېنىڭ ئىشىم ئوڭشالدى.

اُغُرْ oƣur بىرەر ئىشتىكى ئىمكان ۋە پەيت. بُو اِيشْ اُغُرْلُغْ بُلْدِى — bu ix oƣurluƣ boldi بۇ ئىش دەل ۋاقتىدا بولدى.

اُغُرْ oƣur بەدەل. ئوغۇزچە. آتْقَا اُغُرْ آلْدِيمْ — atka oƣur aldim ئاتقا بەدەل ئالدىم.

اُغُرْ oƣur ئوڭۇشلۇق، خەيرلىك. ئوغۇزچە. بۇ سوز يولۇچىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. يُولْ اُغُرْ بُلْسُونْ — yol oƣur bolsun ئاق يول بولسۇن، سەپەر ئوڭۇشلۇق بولسۇن.

اَكِرْ əgir ئېگىر. قوساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوسۇملۇك يىلتىزى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَكِرْ بُلْسَا اَرْ اُلْمَاسْ — əgir bolsa ər əlməs ئېگىر بولسا، ئەر ئولمەس. يەنى ئېگىر ساقلىغان ئادەم قوساق ئاغرىقىدىن ئولمەيدۇ، چۈنكى قوساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم ئۇنى يېسە ساقىيىدۇ. بۇ ماقال «ھەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم» دىگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

اُكُرْ ügür تېرىق. بۇ سوز تۈركچىدۇر. ئوغۇزلار بۇ سوزنى بىلمەيدۇ.

اُكُرْ ügür : ياغ اُكُرِى *yaq ügüri* — كۈنجۈت. ئوغۇزچە.

اُكُرْ ügür ئۆيۈر، توپ. قوي، كېيىك، توگە قاتارلىق تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ، چىل ۋە كەكلىك قاتارلىق قۇش- لارنىڭ توپى.

آمِرْ əmir تۇتەك، تۇمان. ئوغۇزچە.

اُبُزْ obuz دوڭ. اُوىْ اُبُزْ *oy obuz* — ئوي-دوڭ يەر.

آتِزْ atïz ئېتىز. ئىككى ئېرىق ئارىسىدىكى تېرىلغۇ يەر.

اُجْزْ uquz : اُجْزْ ناننڭ *uquz nəŋ* — ئەرزان نەرسە، خار ۋە پەس كىشىمۇ «اُجْزْ *uquz*» دېيىلىدۇ. بَكْ آنِى اُجْزْلادِى *bəg ani uquzladï* — بەگ ئۇنى خارلىدى.

اُذْزْ užuz قوتۇر. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تِلْكُو اُوزْ اِينِكا اُرْسا اُذْزْ بُلُورْ *tilkü øz inigə ürsə užuz bolur* — تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۆرسە، قوتۇر بولار. بۇ ماقال ئۆز ئېلىدىن، ئۆز ئۇرۇغىدىن ۋە ئۆز شەھىرىدىن تانغان يامان ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

آذِيزْ əžiz ئېگىز. آذِيزْ يِيرْ *əžiz yər* — ئېگىز يەر. باشقا ئېگىز نەرسىلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. آذِيزْ تاغْ *əžiz taq* — ئېگىز ياكى ئاشقىلى بولمايدىغان تاغ.

آغُزْ aoquz ئوغۇز. ئىنەك ياكى قوي تۇغقاندىن كېيىن چە-
قىمدىغان يېڭى سۈت. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ بۇنى «ز - z» بىلەن يازسىمۇ بولىدۇ.

آغِزْ aoqīz ئېغىز. دەريا، تۇلۇم، كوزا، كۈپ، قۇدۇق ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئاغزى.

آغِزْ aoqīz ئېغىز. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاغزى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آغِزْ يِيسا كُوزْ اُياذُور — *aoqīz yəsa kөz uyażur* ئېغىز يېسە، كۆز ئۇيىلار. بۇ ماقال بىراۋنىڭ بىرەر نەرسىسىنى يېگەن ياكى ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقالماي خىجالەتتە قالغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

اُغُزْ ooquz ئوغۇز. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەن-
لەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ.

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قِنِقْ *kïnïk* — قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ماللىرىنىڭ تامغىسى: .

ئىككىنچىسى: قَيِغْ *kayïq* — قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ١٧١ .

ئۈچىنچىسى: بايُنْدُرْ *bayundur* — بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

تۆتىنچىسى: اِڤا *iva* — ئىۋا، ئۇلار «يِڤا *yiva* — يىۋا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تامغىسى: .

بەشىنچىسى: سَلْغُر *salɣur* — سالغۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

ئالتىنچىسى: اَفْشار *afxar* — ئافشار. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

يەتتىنچىسى: بَكْتِلِي *bəktili* — بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

سەككىزىنچىسى: بُكْدُز *bügdüz* — بۈگدۈز. ئۇلار-نىڭ تامغىسى: .

توققۇزىنچىسى: بَيَاتْ *bayat* — بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئونىنچىسى: يَزْغِر *yazɣïr* — يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون بىرىنچىسى: اَيْمُر *aymür* — ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون ئىككىنچىسى: قَرا بُلُكْ *kara bəlük* — قارا بولۇك. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

ئون ئۈچىنچىسى: اَلْقا بُلُكْ *alka bəlük* — ئالقا

بولۇك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون تورتىنچىسى: اِكْدِرْ *igdir*[①] — ئىگدىر. بۇلار نىڭ تامغىسى: .

ئون بەشىنچىسى: اُرَكِرْ *ürəgir* — ئۈرەگىر. بۇلار «يُرَكِرْ *yürəgir* — يۈرەگىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

ئون ئالتىنچىسى: تُوتِرْقا *tutïrka* — تۇتىرقا. ئۇ-لارنىڭ تامغىسى: ٧٨.

ئون يەتتىنچىسى: اُولاَيُنْدْلُغْ *ulayundluq* — ئۇلا-يۇندلۇغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

ئون سەككىزىنچىسى: تُوكَرْ *tügər* — تۈگەر. بۇ سۆز بەزىدە «و - ۋاۋ» ھەرپى تاشلىنىپ، «تُكَرْ» شەك-لىدىمۇ يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ١٧ .

ئون توققۇزىنچىسى: بَجَنَكْ *pəqənək* — پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

يىگىرمىنچىسى: جُولْدُرْ *quwuldar* — چۇۋۇلدار. ئۇ-لارنىڭ تامغىسى: .

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اكْدَرْ» شەكلىدە «د» ھەرپىگە ھەم كەسرە ھەم فەتھە قويۇپ يېزىلغان. بىز بىسىم ئاتالايىنىڭ ئىزاھاتىنى توغرا تېپىپ، بۇ سۆزنى «اِكْدِرْ *igdir*» دەپ ئالدۇق.

يىگىرمە بىرىنچىسى: جَبْنِي *qəbni* — چەبنى. ئۇلار-
نىڭ تامغىسى: .

يىگىرمە ئىككىنچىسى: جُرُقْلُغْ *qarukluoq* — چارۇق-
لۇغ. بۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم.

مەھمۇت ئېيتىدۇكى، كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۇرۇق-
لىرىنى بىلىشكە مۇھتاج بولغاچقا، مەن ئۇلارنى بىرمۇ-
بىر يېزىپ چىقتىم. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاق ۋە
ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەل-
گىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ.

يۇقۇرىدا ساناپ ئۆتكەنلىرىم ئوغۇزلارنىڭ تۈپ
ئۇرۇقلىرىدۇر. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئايماقلىرى
بار. گەپنى قىسقا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېيتىپ ئول-
تۇرمىدىم. بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى
قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. ئەرەپ-
لەردە بَنُو سَلِيْم (سەلىم ئوغۇللىرى)، بَنُو خَفَاجَه (خەفاجە
ئوغۇللىرى) دەپ يۈرگۈزۈلگىنىدەك، ئۇلارمۇ ئوز نام-
لىرىنى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ.

اُكُزْ ögüz جەيھۇن ۋە فىراتقا ئوخشاش ھەممە چوڭ ئېقىن-
لارغا بېرىلگەن نام. بۇ سۆز يالغۇز قوللىنىلغاندا، ئوغۇز-
لارچە «بَنَاكِتْ *bənəgit* — بەنەگىت» دەرياسى دىگەن
ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى شۇ
دەريا قىرغاقلىرىغا جايلاشقان؛ ئۇلارنىڭ كوچمەنلىرىمۇ

شۇ دەريا قىرغاقلىرىدا ياشايدۇ. تۈرك خەلقلىرى ياشاي-
دىغان ئۆلكىلەردىكى باشقا بىرمۇنچە دەريا ۋە ئېقىنلارمۇ
«اُكُزْ *ɵgüz*» دەپ ئاتىلىدۇ. «اِلا *ila* — ئىلى» ۋادىسى
بىلەن «يَفِنْجْ *yafīnq* — يافىنچ» ۋادىسى ئارىلىقىدا چېگرىغا
جايلاشقان بىر شەھەرگىمۇ «اِيكِي اُوكُوزْ *iki ɵgüz* —
ئىككى ئۆگۈز» دەپ نام بېرىلگەن.

اُكُزْ ɵküz ئۆكۈز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُكُزْ آذاقِي بُلْغِنْجا
بُزاغُو بَشِي بُلْسا يِيكْ —*ɵküz ażakī boloqinqa buzaoqu baxī bolsa yəg* ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغۇچە، موزاينىڭ
بېشى بولغان ياخشى. بۇ ماقال «بېقىندىلىقتىن مۇستە-
قىللىق ياخشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

آفُسْ avus مۇم، بۇلغارچە.

اُولاسْ ulas: اُولاسْ كُوزْ *ulas kɵz* — خۇمار كۆز. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن:

بُلْنارْ مينِي اُولاسْ كُوزْ
قَرا مَنكيزْ قِيزِيلْ يُوزْ
آنْدِينْ تَمارْ تُوكَالْ تُوزْ
بُلْناب يَنا اُولْ قَجارْ

bulnar məni ulas køz
kara məŋiz kïzïl yüz
andïn tamar tügəl tüz
bulnap yana ol kaqar

[ئوۋلار مېنى خۇمار كوز،
قارا خاللىق قىزىل يۈز،
تامار ئاندىن تۈگەل تۈز،
ئوۋلاپ يەنە ئۇ قاچار.]

قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كوز مېنى ئەسىر قىلىدۇ، ئەسىر قىلىدۇ-دە، يەنە قېچىپ كېتىدۇ.

اُپُشْ øpüx ئوپۇشۇش، سويۇشۇش.

آتِشْ atïx ئېتىشىش.

آتِشْ atïx ئاتىش. ئەرلەر ئىسمى.

اُتُشْ utux ئۇتۇش. ئەرلەر ئىسمى.

اُتُشْ øtüx («۱-ئېلىق» يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئويۇندا ئۇتۇش. بۇ ئويۇن مۇنداق بولىدۇ: باللار هالقا شەكلىدە ئولتۇرۇپ، ئارىدىن بىرى يېنىدىكىسىنى تۇرتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «اُتُشْ اُتُشْ *øtüx øtüx*» دەيدۇ، يەنى «سەنمۇ يېنىڭدىكى باللىنى تۇرت» دەيدۇ. ئۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ،

ھالقىنىڭ تاكى ئاخىرىغىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

اِتِشْ itix ئىتتىرىشمىش. ئىككى ئادەمنىڭ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشمىشى.

اُچَشْ əqəx ئۆچەكىشمىش، بەسلىشمىش، باغلىشمىش. اُولْ مَنِنْكْ بِرْلا اُچَشْدِي ol məniŋ birlə əqəxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۆچەكەشتى.

آدَشْ adax ئاداش.

اِدِشْ idix ئىدىش، قاچا-قۇچا، ياغىما، توخسى، يەمەك، ئوغۇز، ئارغۇ تىللىرىدا داس، چوگۈن ۋە لېگەن-تاۋاقلا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «ئىدىش» دېيىلىدۇ.

آرِشْ arīx ئۇرۇش ~ ئارىش. «آرِشْ آرْقاغْ arīx arkaq — ئۇرۇش-ئارقاق» دەپ قوللىنىلىدۇ.

اُرُشْ urux ئۇرۇش، ئۇرۇشۇش.

آغِشْ aqīx ئورلەش، ئېشىش.

اُغُشْ oqux ئۇرۇق-جەمەت.

اُڤُشْ uvux ئۇۋاق نەرسە. اُڤُشْ اَتْماكْ uvux ətmək — ئۇۋاق نان.

ئۇقۇش ukux ئۇقۇش، چۈشىنىش. ئۇقۇشلۇغ كىشى ukuxluƣ kixi ئۇگلۇق كىشى، غەرەز ئۇقىدىغان كىشى.

ئۈكۈش ükü x: ئۈكۈش ناڭ ükü x nəŋ — كوپ نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تىرىك ئەسەن بولسا تاڭ ئۈكۈش كۆرۈر tirig əsən bolsa taŋ ükü x kөrür — جان ئېسەن بولسا، تاڭ (قالارلىق) ئىشلارنى كوپ كورەر، ئادەمنىڭ بېشى ئامان بولسا، قىزىق ئىشلارنى كوپ كو- رىدۇ، دېمەكچى.

ئۆكۈش өkü x: ئۆكۈش يىلقى өkü x yılki — توسۇن يىلقا.

ئالىش alıx ئېلىش. دەريا ياكى كوللەردىن سۇ ئاچىدىغان ئېغىز.

ئالۇش alux ئالۇش. قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

ئالىش alıx ئېلىش. قەرزدارىدىن قەرزىنى ئېلىش. ئالىش بېرىش alıx bərix — ئېلىش - بېرىش، يەنى ئالىدىغاننى ئېلىش، بېرىدىغاننى بېرىش.

ئۈلۈش ülü x ئۈلۈش، ئۈق، ئۈنچە، ھەسسە («ش - x» ھەرپى ئەسلىدە «ك - k» دۇر).

ئۈلۈك ülük «ئۈلۈش ülü x» سوزىنىڭ ئۈرنىدىكى سوز. ئەرەپ- چىدىمۇ مۇئەننەسنى① بىلدۇرىدىغان «ك - k» ھەرپى

① مۇئەننەس — ئايالار سىيغىسى.

«ش ـ x» ھەرپىگە ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: مەجنۇننىڭ «نَعَيْناشِ عَيْناهَا وَجِيْدُشِ جِيْدُهَا» دېگەن سۆزلىرىدىكى «عَيْنَاشِ جِيْدُشِ» سۆزلىرى «عَيْنَاكِ جِيْدُكِ» ئورنىدا قوللىنىلغانغا ئوخشاش.

اُلُشْ **ulux** يېزا، قىشلاق. چىگىلچە. بالاساغۇن بىلەن كۈننىڭ پېتىشىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا «ئۇلۇش» شەھەر دېمەكتۇر. شۇڭا بالاساغۇن شەھىرى «قُوزْ اُولُوشْ *kuz ulux*»مۇ دېيىلىدۇ.

اُلُشْ **ülüx** ئۈلۈش، ئۈق، ئۈنچە، ھەسسە. خەلق ئارىسىدا ھەسسە ئايرىش. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «ش ـ x» ھەرپى «ك ـ k»دىن ئالماشقان. ئەرەبچىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار. مەسىلەن: «رَبُّكِ وَ تَحْتَكِ» دېگەن سۆزلەرنى «قَدْ جَعَلَ رَبُّشِ وَ تَحْتَشِ سَرِيًّا» دېگەن ئىبارىدە «رَبُّشْ وَ تَحْتَشْ» دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

اَجِغْ **aqïq** خان مۇكاپاتى. خانْ مَنْكا اَجِغْ بِيرْدِى — *han maŋa aqïq bərdi* خان ماڭا مۇكاپات بەردى.

اَجِغْ **aqïq** ياخشى ئوزۇقلىنىش. اُوزُونْكْنِى اَجِغْلِغْ تُتْ — *özüŋni aqïqlïq tut* ئۆزەڭنى ياخشى ئوزۇقلاندۇر، ئۆزەڭنى ياخشى كۈت.

اَجِغْ aqïq ئاچچىق. تەمى ئاچچىق بولغان نەرسىلەر.

اَذِغْ ażïq ئېيىق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَفْجِي نَجا اَلْ بِلْسا اَذِغْ اَنْجا يُولْ بِلِيرْ — avqï nəqə al bilsə ażïq anqa yol bilir ئوۋچى قانچە ھىلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ. بۇ ماقال ئىككى تەجرىبىلىك كىشى بىر-بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ قالغاندا ئېيتىلىدۇ.

اَذِغْ ażïq مەسلىكى يېشىلگەن، ھوشيار كىشى. اَسْرُكْ اَذِغْ əsrük ażïq — مەس ۋە ھوشيار.

اَذِغْ ażïq ئازىغ. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى[①].

اُذُغْ ożuq ئويغاق. اُذُغْ اَرْ ożuq ər — ئويغاق ئادەم. اُذُغْ كُونْكُلْلُوكْ اَرْ ożuq kəŋüllüg ər — ھوشيار ئادەم، سەزگۈر ئادەم.

اَرِغْ arïq چېدىر يوپۇغى. بارسىغانچە.

اَرِغْ arïq ئېرىق، پاكىز. اَرِغْ نَانْكْ arïq nəŋ — ئېرىق نەرسە.

① ھازىرقى ئاتۇش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە «ئازاق» دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار. مەھمۇت قەشقەرى بۇ يېزىنى «اسم قرية لنا — بىزنىڭ يورتىنىڭ نامى» دەپ شەرھلىگەن.

اُرُغْ uruƣ ئۇرۇق. يەرگە چېچىلغان دانىمۇ «اُرُغْ» دېيىلىدۇ.

اُرُغْ اَكْتي *uruƣ əkti* — ئۇرۇق چاچتى. يېقىن تۇغ-قانلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ «اُرُغْ تَرِغْ *uruƣ tarïƣ* — ئۇرۇق - تۇغقان» دېيىلىدۇ.

آزِغْ azïƣ ئېزىق. ھايۋاننىڭ مەرگەن چىشى.

آسِغْ asïƣ ئاسىق، پايدا، نەپ.

اُسُغْ osuƣ ئەپ، ئۇسۇل، يول. بُو ايشْ اُسُغي مُنْدَغْ *bu ïx osuƣï mundaƣ* — بۇ ئىشنىڭ ئېپى مۇنداق.

آلِغْ alïƣ ھەر نەرسىنىڭ يامىنى، ئەسكىسى. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە.

اُلُغْ uluƣ ئۇلۇغ. ھەر نەرسىنىڭ چوڭى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُلُغْلُوقُغْ بُلْسا سَنْ اَذْكُو قِلِينْ
بُلْغِيلْ كِشِيكْ بَكْلارْ قَتِنْ يَخْشِي اُولانْ

uluƣlukuƣ bulsa sən əzgü kïlïn
bolƣïl kixig bəglər katïn yahxï ulan

[ئۇلۇغلۇققا ئېرىشسەڭ، ياخشى قىلىقلىق بول،
بەگلەرنىڭ قېشىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچى بول.]

مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەن ھامان خۇلقۇڭنى تېخىمۇ ياخشىلا، بەگلەر ئالدىدا باشقىلار ئۈچۈن دائىم ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى بول.

اِلِغْ ilïq ئىللىق، ئىللىمان. اِلِغْ سُوِقْ *ilïq suv* — ئىللىق سۇ. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «يِلِغْ *yilïq*».

آجُقْ aquk ئوچۇق. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «آجُقْ قَبُغْ *aquk kapuq* — ئوچۇق قوۋۇق» دېيىلىدۇ. ئاسمان بۇلۇتسىز بولسا، «آجُقْ كُوكْ *aquk kɵk*» دېيىلىدۇ؛ ئېنىق ۋە روشەن ئىش «آجُقْ اِشْ *aquk ix*» دېيىلىدۇ.

اُجَقْ oqak ئوچاق.

آجِقْ aqik چوڭ ئاكا. خاقانىيلىكلەر چوڭ ئاكىسىنى «آجِقِمْ *aqikim*» دەپ چاقىرىدۇ. «ق - *k*» ھەرپى پەقەت بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى «م - *m*» بىلەنلا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئىككىنچى شەخسكە «آجِقِنْكْ *aqikiŋ*» دېيىلمەيدۇ.

آذَقْ ażak ئاياق، پۇت.

آذُقْ ażuk : آذُقْ نانْكْ *ażuk nəŋ* — تونۇش ئەمەس نەرسە، «آذُقْ» سوزىنىڭ ئەسلى «بۇزۇق، ئۆزگىرىشچان» دېگەن مەنىلەردىكى «آغْدُقْ *aqduk*» بولۇپ، بۇ سوز «آنِنْكْ

مەنگزى آغدى *aniŋ məŋzi aɣdi* — ئۇنىڭ چىرايى ئۆز-
گەردى» دىگەن جۈملىدىكى «آغدى *aɣdi*» سۆزىدىن
ئېلىنغان. يېزىكلىتىش ئۈچۈن «غ-*ɣ*» هەرپى چۈشۈ-
رۈپ قالدۇرۇلغان.

ئۇذق uzïk : ئۇذق آر *uzïk ər* — ئۈيقۇ باسقان ئادەم.

اذق ïzuk قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە. ئۆز
ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال «اذق *ïzuk*» دىيىلىدۇ.
ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى
قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ.

اذق ïzuk : اذق تاغ *ïzuk taɣ* — ئوتكىلى بولمايدىغان تاغ.

آرق arïk ئېرىق، ئۆستەڭ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آغىلدا
اغلاق تغسا ارقدا اوتى اونار *aɣïlda oɣlak tuɣsa*—
arïkda otï ünər ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى
ئۈنەر. بۇ ماقال «ئوزۇق ياكى رىزىق ئۈچۈن ئارتۇقچە
قايغۇرۇشنىڭ ئورنى يوق» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

آرق aruk : آرق آر *aruk ər* — هارغىن ئادەم. بۇ سۆز باش-
قىلارغىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. آرق ترق *aruk*—
turuk ئارۇق تۇرۇق. پەرغانە بىلەن قەشقەر ئارىسىدىكى
بىر داۋاننىڭ نامى.

أَرُقْ aruk ئورۇق، جۇدەڭ. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە.

أُرُقْ uruk ئارغامچا.

أَزُقْ azuk : أَزُقْ أُوقْ *azuk ok* — ئازغان ئوق، نەدىن ۋە كىم تەرىپىدىن ئېتىلغانلىقى نامەلۇم ئوق.

أَزُقْ azuk : أَزُقْ مُنُقْ *azuk munk* — ئازغان - تازغان.

أَزَقْ azak ئازاق، ئوغۇز بەگلىرىدىن بىر چوكىنىڭ ئىسمى.

أَزُقْ azuk ئوزۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سَرْتْ نِنْكْ أَزُقِي أَرِغْ بُلْسا يُولْ أُوزا يِيرْ — *sartnïŋ azuki arïq bolsa yol üzə yər* سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ئېرىغ بولسا، يول ئۈستىدە يەر. بۇ ماقال ئوزىنى پاك ۋە توغرا ھېساپلاپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

أُزَقْ uzak ئۇزاق. بىرەر ئىش ئارقىغا سوزۇلۇپ كەتسە «أُزَقْ إِيشْ *uzak ïx*» دېيىلگىنىدەك، بىر يەرگە ئەۋەتىلگەن كىشى كېچىكسە، «يَلاوَجْ أُزَقْ بَرْدِي *yalawaq uzak bardï* — ئەلچى ھايال بولدى» دېيىلىدۇ.

أُزُقْ ozuk : أُزُقْ أَتْ *ozuk at* — ئوزار ئات، بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئوتۇپ كېتىدىغان ئات.

آشَقْ axak تۆۋەن، پەس. ئۇغۇزچە.

آشُقْ axuk ئوشۇق. ئادەم ۋە ھايۋان ئوشۇغى.

اُشَقْ uxak ئۇششاق. اُشَقْ نانْكْ *uxak nəŋ* — ئۇششاق نەرسە. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، كىچىك بالىلار «اُشَقْ اُغْلانْ *uxak oqlan*»، ئۇۋاق ئوتتۇن «اُشَقْ اوتُنْكْ *uxak otuŋ*» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپلۈككىلا ئىشلىتىلىدۇ.

آشُقْ axuk تۆمۈر قالپاق، دوبۇلغا. بۇ سۆزدىكى «ا - ئېلىف» ھەرپى «ى - يا» ئورنىدا كەلگەن. ئەرەپچىدىمۇ بەزى سۆزلەر شۇنداق. مەسىلەن: «اَلْمَعِيْ وَ يَلْمَعِيْ»غا ئوخشاش.

اُغُقْ ooquk ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق، يەختە ~ دەكتە.

اِقْقْ īvīk تاغ ئۆچكىسى. چۆل ۋە تاشلىق جايلاردا ياشايدىغان بىر خىل كېيىك.

اَلُقْ aluk : اَلُقْ اَرْ *aluk ər* — تېقىر باش ئادەم. ئۇغۇزچە.

اُلُقْ oluk ئولاق. كۆتەكتىن ئويۇپ ياسىلىپ، ئات - ئۇلاق سۇغىرىش ۋە ئۈزۈم شىرنىسى سۈۋۈتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئولاق.

اُلُقْ uluk : اُلُقْ تُونْ *uluk ton* — كونىرىغان تون. كونىراپ

كەتكەن ھەرقانداق نەرسە «اُلُقْ *uluk*» دېيىلىدۇ.

اُلُقْ oluk ئۇلاق، قولۋاق، قېيىق. بۇ سوزنىڭ ئەسلى يۇقۇردىكى[1] سوز بىلەن بىر.

اُلُقْ uluk ئاتنىڭ ئۇچىسى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُلُقْ يَغرى اُغُولْقا قَلِيرْ — *uluk yaqiri oqulka kalir* ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار. چۈنكى ئۇكە ۋە سىڭىرلار شۇ يەرگە جايلاشقانلىقتىن، ئۇ يەردىكى يېغىر ئاسان ساقايمايدۇ.

اَلِقْ alik ئۇچار قاناتلار تۇمشۇغى. ئوغۇزچە.

اَنُقْ anuk: اَنُقْ نَاْنكْ *anuk nəŋ* — تەييار نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَنُقْ اُتْرُ تُتْسا يوقّا سانْماس *anuk utru tutsa yokka sanmas* — تەييار (بارى) ئالدىغا قويۇلسا، يوقتا سانالماس. بۇ ماقال ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمانغا بار نەرسىسى بىلەن كۈتۈشى لازىملىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

اَبَكْ əpək باللار تىلىدا «نان» دېمەكتۇر.

اَتَكْ ətək ئېتەك.

---

[1] بۇ يەردە «يۇقۇرىدىكى» دەپ «اُرُلُقْ *oluk* — ئۇلاق» سوزى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

أَتُكْ ətük ئوتۇك.

أُتُكْ ɵtük ھىكايە، چۆچەك؛ ئۆتۈنۈش. بىرەر مەقسەتنى خانغا ئېيتىپ ئۆتكۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەسلى «بىرەر نەرسىنى ھىكايە قىلىش» دىگەن مەنىدىكى سۆز.

أُتُكْ ɵtük ئۆتۈگ ~ ئۆتۈك. ئىچ ئۆتۈش ۋە قۇسۇش كېسىلى.

اَنكارْ أُتُوكْ تُتّي *aŋar ɵtük tutti* — ئاڭا ئۆتۈگ كېسىلى تەگدى.

أُتُكْ ütük دەزمال. ھاندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر. كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزدىتىپ باسىدۇ.

اِجُكْ iqük ئىچىك ~ ئۈچۈك. بۆلىقۇن، سېسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا.

اُذِيكْ üzik ئۈدۈك، كويۈك. ئىشق - مۇھەببەتنىڭ قوزغىلىشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُوذِيكْ مِيني قَمَتِي
سَقِنجْ مَنكا يُمَتِي
كُونكُلُمْ اَنكارْ اَمَتِي
يُوزُمْ مَنِكْ سَرغَورْ

üzik məni komitti
sakinq maŋa yumitti
kөŋlüm aŋar əmitti
yüzüm məniŋ saroqarur

[ئۈدۈك (سويگۈ) مېنى هاياجانغا سالدى،
قايغۇ ماڭا توپلاندى،
كۆڭلۈم ئۈنىڭغا تەلپۈندى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار.]

يارغا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىم مېنى هاياجانغا سالدى، قايغۇ - ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا.

أَرُكْ ərük شاپتۇل، ئورۇك ۋە قارائورۇككە ئوخشاش مېۋە-لەرنىڭ ئومۇمى نامى. بۇ مېۋىلەر بىرەر سۈپەت بىلەن قايرىپ ئېيتىلىدۇ: تُولُكْ أَرُكْ *tülüg ərük* — شاپتۇل، سارِغْ أَرُكْ *sarïq ərük* — ئورۇك، قَرا أَرُكْ *kara ərük* — قارائورۇك.

أُرُكْ өrük ئورۇك. أُرُكْ سَغْ *өrük saq* — ئورۇك (ئورۇمە) چاچ.

أُرُكْ ürük بىر يەردە مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ قېلىش. سُو أُونْ كُونْ أُرُكْ بُلْدى — *sü on kün ürük boldi* قوشۇن بىر جايدا ئون كۈن تۇرۇپ قالدى، يەنى قوز-

غالمىدى، ئۇرۇش قىلمىدى. بىرەر بەگ ياكى قەبىلە بىر يەردە تۇرۇپ قالسىمۇ، شۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اِرِكْ irik : اِرِكْ نانْكْ *irik nəŋ* — چىرىك نەرسە. اِرِكْ اتُونْكْ *irik otuŋ* — چىرىك ئوتۇن.

آرِكْ ərik : آرِكْ نانْكْ *ərik nəŋ* — ئېرىيدىغان نەرسە، ياغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېرىيدىغان نەرسە. توڭلىغاندىن كېيىن ئېرىيدىغان ھەرقانداق نەرسە «آرِكْ نانْكْ *ərik nəŋ*» دېيىلىدۇ.

اِرُكْ ərük يېرىق. تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىكى يېرىق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُنْدا اِرُكْ يُقْ بَكْدا قِيقْ يُقْ — *kündə ərük yok bəgdə kiyik yok* كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىشۋېلىش يوق. بۇ ماقال بەگلەرنى ئۆز سۆزىدىن قايتماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

آرُكْ ərük تېرە ئاشلىغۇچ. تَرِي آرُكْلادِي *təri ərüklədi* — تېرە ئاشلىندى.

آرِكْ ərik : آرِكْ يِلْقِي *ərik yïlki* — يورغا يىلقا. ئويناق ئاتمۇ «آرِكْ آتْ *ərik at*» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ.

اَرِكْ ərik : اَرِكْ اَرْ *ərik ər* — ئىشچان، يۈرەكلىك ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن. اَرِكْ اِيرِنِي ياغْلِيغْ اَرْمَكُو باشِي قاڭْلِيغْ — *ərik ərini yaƣlïq ərməgü baxï kanlïq*

ئىشچاننىڭ ئېرىنى ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق. ئىش-چان ئادەم تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى تاماقلارنى، سېمىز گۆشلەرنى كۆپ يېيىپ يىگەچكە، كالپۇكى ياغلىشىدۇ؛ ھورۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ئېرىنچەكلىكىدىن ئىشتىن قېچىپ، تاياق يەپ بېشىنى قانىتىدۇ. بۇ ماقال ھورۇنلۇقنى تاشلاپ، ئىشچان بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اِرِكْ irik يىرىك. اِرِكْ ناڭْ *irik nəŋ* — يىرىك نەرسە. تاز ۋە قوتۇر باشمۇ «اِرِكْ *irik*» دېيىلىدۇ.

اَزِكْ əzik تېرىدىكى ئۆزۈنچاق تىرناق ئىزى.

اُزُكْ øzük خوتۇنلارغا بېرىلگەن لەقەم. ساپ ئالتۇندەك ئاق كۆڭۈل خوتۇن «اَلْتُونْ اُزُكْ *altun øzük*» دېيىلىدۇ. بەدىنى مەرۋايىتتەك پاكىزە بولغان خوتۇن «اَرْتِنِي اُزُكْ *ərtini øzük*» دېيىلىدۇ. چۈنكى مەرۋايىتنىڭ چوڭى «اَرْدِنِي *ərdini*» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزدىكى «د - *d*» ھەرپى «ت - *t*» ھەرپى بىلەن ئالماشقان. بۇ لەقەم چە-

گىمل خوتۇنلىرى ئۈچۈن قويۇلغان. بۇ سوز ئەسلىدە «ئۆزى» دىگەن مەنىدىكى «اُوزْ ɵz» سوزىدىن ئېلىنغان، سوزنىڭ ئاخىرىدىكى «ك - k» ھەرپى شۇ نەرسىنىڭ ئوزىلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: اُلْ اَرْنِي اُكْ كَلْدُرْ *ol ərni ɵk kəldür* — ئۇ ئادەمنىڭ ئوزىنىلا كەلتۈر، دىگەنگە ئوخشاش. قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزلەر بىلەن تەركىۋىدە «ق - ⱪ» ۋە «غ - ƣ» تاۋۇشلىرى بولغان سوزلەردە «ɵk» ئورنىدا «oⱪ» ئىشلىتىلىدۇ.

اُزُكْ ɵzük ئويۇلۇپ كېتىپ كول بولۇپ قالغان يەر. دەريالاردىن بولۇنۇپ چىققان قولتۇقلارغىمۇ. «اُزُكْ سُوۋْ *ɵzük suv*» دىيىلىدۇ.

اُزَكْ ɵzək ئوزەك، گۈرەن تومۇر. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ «مَازَالَتْ اُكْلَةُ خَيْبَرَ تُعَاوِدُنِي فِي كُلِّ عَامٍ حَتّٰى كَانَ هٰذَا اَوَانُ قَطْعِ اَبْهَرِي» دىگەن ھەدىسىدىكى «اَبْهَرْ» سوزى ئەنە شۇنداق مەنىدە كەلگەن.

اُزُكْ üzük بوغۇم، ھىجا. بِتِكْ اُزُكْلَادِي *bitik üzüklədi* — كىتاپنى ھەجىلىدى. ھىجا ھەرپلىرىنىڭ ھەر بىرىمۇ «اُزُكْ *üzük*» دىيىلىدۇ. «ز» ھەرپى ئىككى مەخرەج ئوتتۇرىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بُو نَا اُزُكْ اُلْ *bu nə üzük ol* — بۇ قانداق ھەرپ؟

اِسِكْ isik : اِسِكْ يِيرْ *isik yər* — قاغجىراپ ياتقان دالا.

اِسِكْ isig ئىسسىق. اِسِكْ نانْكْ *isig nəŋ* — ئىسسىق نەرسە.

اِسِكْ كُونْ *isig kün* — ئىسسىق كۈن.

آشُكْ əxük يىپىنچا.

آشُكْ əxük كوشۇك، يوپۇق. خانلار ۋە بەگلەر ئولگەندە، ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرى ئۈستىگە يىپىلىپ، كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان يىپەك يوپۇق.

اُشِكْ üxik ئۈششۈك. مىۋىلەرنى ئۈششۈتۈۋېتىدىغان سوغۇق.

آلِكْ əlik ئىلىك، قول. اُنْكْ آلِكْ *oŋ əlik* — ئوڭ قول. ئوغۇزلار بۇنى «ساغ آلِكْ *saŋ əlik*» دەيدۇ. سول قولنى تۈرك خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى «سُولْ آلِكْ *sol əlik*» دەيدۇ.

اُولُكْ əlüg ئولۈك.

اُولُكْ ülük («ا - ئىلىق» يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئۈلۈش، ئوق، ھەسسە، ئونچە.

اِلِكْ ilik ئىلىك، ئوغۇزچە، باشقا تۈرك خەلقلىرى «يِلِكْ

«yilik» دەيدۇ. ئوغۇزچىدىكى «ا - ئېلىف» ھەرپى «ى - يا» دىن ئۆزگەرگەن.

آمِكْ əmik ئېمىك ~ ئەمچەك. ئەرلەرنىڭ ئەمچىكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آمِكْ əmik: آمِكْ كُونْ *əmik kün* — ئىللىق كۈن. سوغۇقتىن كېيىن ئىسسىغان، لېكىن ھارارىتى يۇقۇرى بولمىغان نەرسىلەرمۇ «آمِكْ *əmik*» دېيىلىدۇ.

آنُكْ ənük ئارسلان (شىر) بالىسى. سىرتلان (يال بۆرە)، بۆرە ۋە ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىمۇ «آنُكْ *ənük*» دېيىلىدۇ.

آنُكْ ənük: كِرِتْلِكْ آنُكِي *kiritlik ənüki* — ئاچقۇچ چىشلىرى.

ابُل opal① ئوپال. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ھەرىكىسى ئېنىق ئەمەس. «ا - ئېلىف» بىلەن «ب» ئوتتۇرىسىدىكى زەممىنى بىروككېلمان ھەم بېسىم ئاتالاي «ب»غا تارتىپ، «*abul*» دەپ ئوقۇغان. بىزچە «ا - ئېلىف»قا تارتىپ، «*opal*» دەپ ئوقۇش توغرا. چۈنكى مەھمۇت قەشقەرى بۇ سۆزگە «اِسْمُ قَرْيَةٍ لَنَا — بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. مەھمۇت قەشقەرى «بىزنىڭ يۇرت» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن بۇ چوڭ يېزا قەشقەردىن 36 كىلومېتىرچە غەربىي جەنۇپ تەرەپتە بولۇپ، تا ھازىرغىچە «*opal*» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

اَتِلْ ətil ئېدىل (ۋولگا)، قىپچاق ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا بۇلغار (كاسپىي) دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ؛ بىر تارمىقى رۇس ئېلىدىن ئېقىپ كېلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَتِلْ سُفِي اَقَا تُرُورْ
قَيَا تُبِي قَقَا تُرُورْ
بَلِيقْ تَلِيمْ بَقَا تُرُورْ
كُولُوْنْكْ تَقِي كُشَارُورْ

ətil suvï aⱪa turur
ⱪaya tüpi ⱪaⱪa turur
balïⱪ təlim baⱪa turur
kolüŋ taⱪï küxərür

[ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.]

ئېدىل دەرياسى تاغ قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا، دەريا سۈيىنىڭ تېشىشىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە بېلىق ۋە پاقىلار كۆپەيمەكتە.

اَغِلْ aƣïl ئېغىل. ئوغۇزلار قوينىڭ قىغىنىمۇ «اَغِلْ *aƣïl*»

دەيدۇ. بۇ ئىككى چۈشەنچە بىر-بىرىگە يېقىن بولغانلىقى-
تىن شۇنداق بولغان. بۇ ئەرەبلەرنىڭ يامغۇرنىمۇ، بۇلۇت-
نىمۇ «سَماء» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

اُغُلْ oqul ئوغۇل. ئۆز ئوغلى بولمىغان ھەرقانداق ئەركەك
بالىمۇ «اُغُلْ *oqul*» دېيىلىدۇ. بُو اُغُلْ نا تِيرْ *bu oqul*—
nə tər بۇ ئوغۇل نېمە دەيدۇ؟ قائىدىگە خىلاپ ھالدا،
«ئەر» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى «اَرَنْ *ərən*» شەكلىدە قول-
لىنىلغىنىدەك، «اُغُلْ *oqul*» سۆزىنىڭ كۆپلۈكىمۇ «اُغْلانْ
oqlan» بولۇپ قالغان. ئەسلىدە «اُغُلْلارْ *oqullar*»
بولۇشى كېرەك ئىدى. «*oqlan*» ۋە «*ərən*» سۆزلىرى
بىرلىك ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

اُكِلْ ɵkil كۆپ، قىپچاقچە. اُكِلْ كِشِي *ɵkil kixi* — كۆپ
كىشى.

اَمُلْ amul قىمىرلىماي جىم تۇرغان نەرسە. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ،
يۇمشاق تەبىئەتلىك يۇۋاش ئادەممۇ «اَمُلْ *amul*» دېيى-
لىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَنْجا بَرْدِنْكْ اَىْ اُغُلْ
اَرْدِنْكْ مُنْدا اِنْچ اَمُلْ

دەيدۇ. بۇ ئىككى چۈشەنچە بىر-بىرىگە يېقىن بولغانلىقى-
تىن شۇنداق بولغان. بۇ ئەرەبلەرنىڭ ياغمۇرنىمۇ، بۇلۇت-
نىمۇ «سَماء» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

أُغُلْ ooqul ئوغۇل. ئوز ئوغلى بولمىغان ھەرقانداق ئەركەك
بالىنىمۇ «أُغُلْ *ooqul*» دېيىلىدۇ. بُو أُغُلْ نا تِيرْ *bu ooqul nə tər* —
بۇ ئوغۇل نېمە دەيدۇ؟ قائىدىگە خىلاپ ھالدا،
«ئەر» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى «آرَنْ *ərən*» شەكلىدە قول-
لىنىلغىنىدەك، «أُغُلْ *ooqul*» سۆزىنىڭ كۆپلۈكىمۇ «أُغْلانْ
oqlan» بولۇپ قالغان. ئەسلىدە «أُغُلْلارْ *ooqullar*»
بولۇشى كېرەك ئىدى. «*oqlan*» ۋە «*ərən*» سۆزلىرى
بىرلىك ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

أُكِلْ ekil كۆپ، قىيچاقچە. أُكِلْ كِشِي *økil kixi* — كۆپ
كىشى.

آمُلْ amul قىمىرلىماي جىم تۇرغان نەرسە، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ،
يۇمشاق تەبىئەتلىك يۇۋاش ئادەممۇ «آمُلْ *amul*» دېيى-
لىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَنْجا بَرِدِنْكْ اَیْ أُغُلْ
آرْدِنْكْ مُنْدا اِنْجْ آمُلْ

101

اَتِّنْ اَمْدِى سَنْ تونكول

قيلدينك ارسا قيلماغو

kanqa bardïŋ əy ooqul
ərdiŋ munda inq amul
attïn əmdi sən tüŋül
kïldïŋ ərsə kïlmaqu

[ئەي ئوغۇل، نەگە كەتتىڭ،
بۇ يەردە تېچ - خاتىرجەم ئىدىڭ،
ئەمدى سەن ئاتتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز،
قىلمايدىغان (ئىش)نى قىلىپ قويدۇڭ.]

بۇرۇن ئوزىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ يامانلاپ كېتىپ، كېيىن تاشلاپ كەتكەن ئېتىنى ئىزلىشقا كەلگەن بالىغا قايىپ، ئاتنى بەرمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى: «مېنىڭ قېشىمدا تېچ - ئامان، راھەت - پاراغەتتە ئىدىڭ، ھالىڭ ياخشى ئىدى، نېمىشقا مەندىن يۈز ئورۇدۇڭ» دېمەكچى.

اُبُمْ opüm يۇتۇم، بير اُبُمْ مُونْ — *bir opüm mün* — بىر يۇتۇم شورپا.

آتِمْ atim : اَتِمْ آرْ — *atïm ər* — ئاتقۇچى ئەر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئادەم، مەرگەن.

اُرُمْ orum ئورۇم، بير اُرُمْ اُتْ — *bir orum ot* — بىر ئورۇم ئوت.

اُزُمْ üzüm ئۈزۈم.

اَغِمْ aoqïm: بِيرْ اَغِمْ يِيرْ *bir aoqïm yər* — بىر ئاتلاپلا ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان يەر.

اَقِمْ akïm ئېقىم. بِيرْ اَقِمْ سُوْقْ *bir akïm suv* — بىر ئېقىم سۇ.

اَكِمْ əkim: بِيرْ اَكِمْ يِيرْ *bir əkim yər* — بىر ئېكىم يەر، بىر قېتىمدا تېرىلىپ بولىدىغان يەر.

اُكُمْ ügüm ئۆيۈم، توپ، دۆۋە. بِيرْ اُكُمْ يَرْمَاقْ *bir ügüm yarmak* — بىر دۆۋە يارماق. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «م - *m*» ھەرپى ئورنىغا «ن - *n*» ھەرپىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

اَلِمْ alïm ئېلىم، ئېلىنىدىغان قەرز. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَلِيمْجِي اَرْسْلَانْ بِيرِيمْجِي سِجْغَانْ - *alïmqi arslan bərimqi siqoan* — ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان. ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئالغۇچى ھۇجۇم قىلىشتا گويا ئارسلان بولىدۇ، قەرز تۆلىگۈچى قورققانلىقتىن چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

اُلُمْ ölüm ئۆلۈم.

اَتَنْ atan ئاتان، ئاتان تۆگە. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

اَتَنْ يُوكِي اَشْ بُلْسا اَجْقا اَزْ كُرُنُورْ — atan yüki ax bolsa aqka az kərünür ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنەر.

اُجُنْ üqün ئۈچۈن. ئىش ـ ھەركەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى سۆز. سَنِكْ اُجُنْ كَلْدِمْ — sənin̡ üqün kəldim سېنىڭ ئۈچۈن كەلدىم.

اِجِنْ iqin «ئۆز ئىچىدە، ئۆزئارا» دېگەن مەنىلەردىكى ياردەمچى سۆز. اُلارْ اِجِنْ اَيِتْشْدِي لارْ — olar iqin aytixdilar ئۇلار ئىچىدىكىنى ئېيتىشتى، ئەپلەشتى.

اُدُنْ üdün ئۈدۈن. خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ «üdün» دېيىلىدۇ.[1]

آذِنْ azïn «باشقا، بولەك» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز. چىگىلچە.

اَرَنْ: ərən اَرَنْ تُوزْ — ərən tüz تارازا (مىزان) يۇلتۇزىنىڭ نامى. ئاي مەنزىللىرىدىن بىرىنىڭ نامى شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

اَرَنْ ərən ئەرلەر. «ئەر» سۆزىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل كوپلۇك شەكلى.

① ھازىر خوتەن (ئىلچى) دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئەسلى نامى «üdün»، شۇڭا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «于阗» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. كېيىنرەك «üdün» سۆزى «hüdün» تەلەپپۇز قىلىنىپ، بارا ـ بارا «خوتەن» بولۇپ كەتكەن.

أَرَنْ aran («ا - ئېلىق» قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئېغىل، ئاران، قوتان.

أُرَنْ θrən ھەر نەرسىنىڭ ئەسكىسى، يامىنى. ئوغۇزچە. بۇ سوز پارسچىدىن ئېلىنغانمىكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى خاراپ بولغان نەرسە پارسچىدا «وَيْرانْ» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار پارسلار بىلەن كوپ ئارىلىشىپ تۇرغانلىقتىن، بىرمۇنچە تۈركى سوزلەرنى ئۇنتۇپ، ئورنىغا پارسچە سوز- لەرنى ئىشلىتىدۇ، بۇ سوزمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

اِرِنْ ərin ئېرىن، كالپۇك، لەۋ.

أُزُنْ uzun ئۇزۇن.

آَژُنْ azun (ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ» بىلەن) دۇنيا. بُو آَژُنْ bu azun — بۇ دۇنيا. اُلْ آَژُنْ ol azun — ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت. چىگىلچە.

آَسَنْ əsən ئېسەن. اَسَنْمُو سَنْ əsənmu sən — ئېسەنمۇسەن؟ بۇ سوز «ساقلىق، سالامەتلىك» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. اَسَنْدا اِيڤَكْ يُوقْ əsəndə əvək yok — ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق. بۇ ماقال ئىش - ھەركەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقنى ئۆگىتىپ ئېيتىلىدۇ.

آسِنْ əsin سەلكىن، يۇمشاق شامال.

اُشُنْ oxün ئۆشنە، دولا.

آغَنْ aoqan : آغَنْ اَرْ *aoqan ər* — خىلۋ ـ خىلۋ ئادەم، دىمە ـ
مىدا گەپ قىلىدىغان ئادەم. بۇ سۆز ئېيتىلىشتا ۋە مەنىدە
ئەرەپچىگە ئوخشايدۇ.

اُغَنْ uoqan ھەرنىمىگە كۈچى يېتىدىغان، ھەممىگە قادىر،
قۇدرەتلىك. اُغَنْ تَنْكْرِى *uoqan təŋri* — قۇدرەتلىك تەڭرى.

اَڤِنْ əvin ئۇرەن، ئۇرۇق.

آقِنْ akïn ئېقىن، سەل. تۇيۇقسىز كەلگەن سەل «مُنْدُزْ اَقِنْ
munduz akïn» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كېچىسى سەلدەك
تۇيۇقسىز كەلگەن قوشۇنغىمۇ ئىشلىتىلىپ «اَقِنْجِى كَلْدِى
akïnqi kəldi» دېيىلىدۇ.

آكِنْ əgin دۈمبە، غول، دولا.

آكِنْ əkin ئېكىنلىك، ئوغۇزچە.

آكِنْ əgin ئېنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى توت گەزلىك بىر خىل
بوز. سوۋار قەبىلىسى شۇنىڭ بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىدۇ.

اُكُنْ ügün پۇل ياكى گۈل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
توپى. بىر يەرگە توپلانغان توپىمۇ «اُكُنْ تبْراقْ *ügün*
toprak» دېيىلىدۇ.

آَلِنْ alïn پىشانە، ماڭلاي.

آَلِنْ alïn تاغنىڭ دوقىسى.

اُلُنْ ulun باشاقسىز ئوق.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

اُبُبْ өpüp ھوپپۇپ. بۇ «اُبْكُكْ» *өpkük*مۇ دېيىلىدۇ.

أَكَكْ əkək: أَكَكْ اِشْلارْ *əkək ixlar*—بۇزۇق خوتۇن.

اُكَكْ ükək تاۋۇت، ساندۇق.

اُكَكْ ükək قاراۋۇل تۇرا. ئۇرۇش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە سېلىنغان قورۇق تام.

اِلَلْ iləl خوش، لەۋەي. خاقانىيە شىۋىسىدە بەگلەرگە ۋە خانلارغا جاۋاپ بەرگەندە ئېيتىلىدىغان سوز.

بۇ باپتىكى مىساللار

آَاتْ āt ئات، ئىسىم.

آَاتْ āt لەقەم، ئۇنۋان. بَكْ اَنكارْ آَاتْ بِيرْدِي —*bəg aŋar*

āt bərdi بەگ ئاگا ئۇنۇۋان بەردى. قەبىلىنىڭ چوڭلىرى «اَتْلِغْ atlïq» دېيىلىدۇ.

آجْ āq ئاچ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آجْ نا يِماسْ تُقْ نا تِيماسْ āq nə yəməs tok nə təməs — ئاچ نېمە يىمەس، توق نېمە دىمەس. ئاچ ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىدۇ، توق ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ.

آذْ āz يىپەك رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قول ھۈنەر بۇيۇملىرى. بۇ سۆز بەزىدە قىسقارتىلىپ «آذْ az» مۇ دېيىلىدۇ. توغرىسى شۇ. آذْكُو آذْ əzgü az — ياخشى ئىشلەنگەن بۇيۇم.

آذْ āz ياخشىلىق بەلگىسى، ياخشى كۆڭۈل. اِكْلِكْ تُتْرُغِي آذْ بُلُورْ iglig tutruqï āz bolur — ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. بۇ كېسەل ياتقان كىشىنى ۋەسىيەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان ماقال.

آرْ ār : آرْ بُرِي ār bori — سېرتلان (يال بورە). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُرُبْ تَجُكْ قَجْمَدِنْكْ
يَمَرْ سِقِنْ كَجْمَدِنْكْ

تَوارِنْگْنِی سَچْمَدِنْكْ

يِسُونْ سَنِی آرْ بِرِی

kərüp nəqük kaqmadïŋ
yamar suvïn kəqmədiŋ
tavarïŋnï saqmadïŋ
yəsün səni ār bəri

[كورۇپ نېچۈك قاچمىدىڭ،
يامار سۈيىن كەچمىدىڭ،
تاۋىرىڭنى چاچمىدىڭ،
يېسۇن سېنى يال بورە.]

يېڭىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان كىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: مېنى كورۇپلا نېمىشقا قاچمىدىڭ؟ نېمىشقا يامار سۈيىنى كەچمىدىڭ؟ نېمىشقا ماللىرىڭنى چېچىۋېتىپ، جېنىڭنى قۇتۇلدۇرمىدىڭ؟ ئەمدى سېنى سىرتلان يېسۇن.

آرْ ār: آرْ نانْكْ *ār nəŋ* — بور رەڭ نەرسە. گايىدا قو-شۇمچە قوشۇلۇپ «آرْسَلْ» *arsal*① مۇ دېيىلىدۇ.

آزْ āz ئاز. آزْ نانْكْ *āz nəŋ* — ئاز نەرسە.

آزْ āz ئەرس، ئاق سوسەر. بۇ سوز «س - *s*» بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ، بۇ توغرا.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «آرْسَلْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بېسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھاتىنى توغرا تېپىپ «*arsal*» دەپ ئالدۇق.

اِزْ īz ئىز. يەردە ۋە تېرىدە ئۆزۈنىسىغا قالغان سىزىق.

اُزْ oz: قِزِلْ اُزْ *kïzïl oz* — قىزىل ئوز. قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق①.

آاسْ ās ئەرس، ئاق سوسەر. «ز ـ z» بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ. چورىلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آاشْ āx ئاش، غىزا. كونەلگۈمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اَيَقْ آشلا *ayak axla* — ئاياقىا ئاش سال.

آاغْ āƣ ئاغ، چاتارا، چات. يُوزْ اَتْ مَنِكْ اَغْدِنْ كَچْتِي *yüz at məniŋ aƣdīn kəqti* — مېنىڭ چاتارامدىن يۈز ئات ئۆتتى. بارماقلارنىڭ ئارىلىقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آاقْ āv ئوۋ. بَكْ آاقْقا چِقْتِي *bəg avka qïktï* — بەگ ئوۋغا چىقتى.

اُقْ ov ئوي («ا ـ ئىلىق»نى يۇمشىتىپ قىسقا تەلەپپۇز قىلسا، تېخىمۇ چىرايلىق چىقىدۇ).

آاقْ āk ئاق. ھەر نەرسىنىڭ ئېقى. ئوغۇزچە. باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئاق بوز ئاتنى «آاقْ آتْ *āk at* — ئاق ئات» دەيدۇ.

آاقْ ak: آاقْ سَقالْ آرْ *āk sakal ər* — ئاق ساقال ئادەم، چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان كىشى. ئوغۇزچە.

---

① بۇ يېزا قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ھازىر «قىزىل ئوي *kïzïl oy*» دەپ ئاتىلىدۇ.

اِزْ iz ئىز. يەردە ۋە تېرىدە ئۆزۈنىسىغا قالغان سىزىق.

اُزْ oz : قِزِلْ اُزْ kizil oz — قىزىل ئوز. قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق[1].

آسْ ās ئەرس، ئاق سوسەر. «ز - z» بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ. چورىلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آشْ āx ئاش، غىزا. كونەلگۈمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اَيَقْ آشلا ayak axla — ئاياققا ئاش سال.

آغْ āoq ئاغ، چاتارا، چات. يُوزْ آتْ مَنِكْ اَغْدِنْ كَجْتِي yüz at mənin aoqdin kəqti — مېنىڭ چاتارامدىن يۈز ئات ئۆتتى. بارماقلارنىڭ ئارىلىقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آڤْ āv ئوۋ. بَكْ اَڤْقا جِقْتِي bəg avka qikti — بەگ ئوۋغا چىقتى.

اُڤْ Θv ئۆي («ا - ئىبلىق»نى يۇمشىتىپ قىسقا تەلەپپۇز قىلسا، تېخىمۇ چىرايلىق چىقىدۇ).

اَقْ āk ئاق. ھەر نەرسىنىڭ ئېقى. ئوغۇزچە. باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئاق بوز ئاتنى «آقْ آت āk at — ئاق ئات» دەيدۇ.

اَقْ āk : اَقْ سَقَالْ آرْ āk sakal ər — ئاق ساقال ئادەم، چاچ - ساقىلى ئاقارغان كىشى. ئوغۇزچە.

---

[1] بۇ يېزا قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ھازىر «قىزىل ئوي kizil oy» دەپ ئاتىلىدۇ.

آاقْ ساىْ āk say ئاقساي. بىر يەرنىڭ نامى.

آاقْ تَراكْ āk tərək ئاقتېرەك. ياغما ئېلىدە «اِلا — *ila* ئىلى» دەرياسىدىكى بىر كېچىك.

آالْ āl خانلار بايراق قىلىشقا، ئەمەلدارلار ئېگەر قاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان هال رەڭ يىپەك رەخت. ئاچ قىزىل رەڭمۇ «آالْ *āl* — هال» دېيىلىدۇ.

آالْ āl هىلە، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آلِينْ آرْسْلانْ تُتارْ كُوجِنْ اىِۆقْ تُتْماسْ — *ālïn arslan tutar küqin uyuk tutmas* هىلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس. هىلە بىلەن ئارسلاننى تۇتقىلى بولىدۇ، كۈچ بىلەن كوكتاتلىقتىكى قارانچۇقنىمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال كۈچ يەتمىگەندە، هىلە-تەدبىر ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

آلا ala ئالا، پېسە ئادەم. آلا آتْ *ala at* — ئالا ئات. بَاكْ خانقا آلا بُلْدى — *bəg hanka ala boldï* بەگ خانغا ئالىلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

آلا ala ئالا. پەرغانىگە يېقىن بىر يايلاقنىڭ نامى. آلا يِغاچْ — *ala yïqaq* ئالاياغاچ. چېگرىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

بۇ باپنىڭ باشقا بىر تۈرى

آايْ āy ئاي. تُولُنْ آايْ *tolun āy* — تولۇن ئاي.

آايْ āy ئاي. ئوتتۇز كۈندىن ئىبارەت ۋاقىت. شېئىردا مۇن-داق كەلگەن:

قِشْقا اِتِنْ كَلْسا قَلِي قُتْلُغْ يايْ
تُنْ كُنْ كَجا اَلْقِنُورْ اُذْلَكْ بِلا آايْ

kïxka ətin kəlsə kalï kutluq yay
tün kün kəqə alkïnur əzlək bilə āy

[قىشقا راسلان كېلىش بىلەن قۇتلۇق ياز،
تۈن - كۈن كېچىپ تۈگەيدۇ زامان بىلەن ئاي.]

قۇتلۇق ياز كېلىشى بىلەنلا قىشقا تەييارلىق قىل، چۈنكى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاي ۋە زامانمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىر ئايلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئاينىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېساپلانغاچقا، يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىر بولۇگىمۇ «آايْ *āy* — ئاي» دېيىلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

آايْ تُلُونْ بُلْسا اِلْكِنْ اِمْلاماسْ — *āy tolun bolsa* *əlkin imləməs* تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرسىتىل-

مەس. چۈنكى ئۇنى كوزى ئوچۇق ھەممە ئادەم كورەلەيدۇ. بۇ ماقال ھەربىر مەشھۇر نەرسىگىمۇ تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

اَوُتْ awut ئوچ، ئوچۇم. «اَذُتْ» *ażut* مۇ دېيىلىدۇ.

اُوُتْ uwut ئۇۋات ~ ئۇيات، ھايا. «اُفُتْ» *uvut* مۇ دېيىلىدۇ.

اَوَتْ əwət توغرا، ماقۇل. «اَفَتْ» *əvət* مۇ دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ۋ - *v*» ھەرپى ھەرقانداق ئورۇندا «و - *w*»غا ئالمىشىشى مۇمكىن. خۇددى «پەيغەمبەر» ياكى «ئەلچى» مەنىسىدىكى «يَلاوَجْ *yalawaq*» سۆزىنىڭ «يَلافَجْ *yalavaq*» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنغىنىدەك. «ياۋا پىياز» دېگەن ئىبارىدىكى «يَڤا *yava*» ۋە «يَوا *yawa*» سۆزلىرىمۇ شۇنداق. سايرام (ئىسپىجاپ) تىلىدا «دەرەخ» مەنىسىدىكى «ااون *āwun*» سۆزىمۇ شۇنداق. «دانە» مەنىسىدە كېلىدىغان «اَوِنْ *əwin*» ۋە «اَفِنْ *əvin*» سۆزلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

بۇ باپتىكى «ى-يا» بىلەن كەلگەن سوزلەر

اُيَزْ ɵyəz بىر خىل پاشا. ئوغۇزچە.

آيِغْ ayïq ئېيىق. ئوغۇز، قىپچاق، ياغما تىللىرىدا «آذِغْ *aẑïq*» دېيىلىدۇ.

آيِغْ ayïq «نەقەدەر، ئېيىمىدىگەن، نە قاتارلىق» دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان ياردەمچى سوز. «اَيِغْ اَذْكُو ayïq əẑgü — ئېيىمىدىگەن ياخشى»، «آيِغْ يَفُزْ نَانْكْ ayïq yavuz nəŋ — ئېيىمىدىگەن ياۋۇز نەرسە» دىيىلىدۇ. بۇ سوز «ياخشى» ۋە «ياۋۇز» دىگەنگە ئوخشاش سوز- لەرنى تەكىتلەپ كورسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

آيَقْ ayak ئاياق، قاچا. ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇلار مۇنداق نەرسىنى «جَنَقْ *qanak*» دەيدۇ.

آيَقْ ayak ئاياق، پۇت. «آذَقْ *aẑak*»مۇ دىيىلىدۇ.

آيِقْ ayïk ۋەدە. اَنِكْ مَنْكَا اَيِقِي بارْ *anïŋ maŋa ayïki bar* — ئۇنىڭ ماڭا ۋەدىسى بار.

اُيِقْ uyuk بەلگە، قارانچۇق، قارا؛ شەپە. ئوغۇزچە. شېىردا مۇنداق كەلگەن؛

بَرْدِي اَرَنْ قُنُقْ كُرُبْ قُتْقا سُقارْ
قَلْدِي يَفُزْ اُيُقْ كُرُبْ اَفْنِي يِقارْ

bardï ərən konuk kərüp kutka sokar
kaldï yavuz uyuk kərüp əvni yïkar

[مېھمان كەلسە، قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى،
قارا كورسە، ئۆيىنى چۇۋار پەسلەر قالدى.]

بىر مېھمان كەلسە، ئۇنى بەخت ۋە دۆلەت دەپ بىلىدىغان ئەرلەر ئۆلۈپ كەتتى، چولدىكى بىر قارىنى كورسە، مېھمان كېلىپ قالمىسۇن دەپ، كىگىز ئۆيىنى چۇۋۇۋېتىدىغان ئەسكىلەر قالدى.

اُيُكْ üyük دوك، توپە. يەردىن كوتىرىلىپ تۇرغان ئېگىزلىك. ئوغۇزچە.

اُيُكْ üyük : اُيُكْ يِيرْ *üyük yər* —— دەسسەش بىلەن پېتىپ قالىدىغان ۋە ئاياقنى تارتىپ چىقىرىشى تەس بولغان قۇملۇق، پېتىق يەر.

ايكْ ik يىك. «ييك *yik*»مۇ دېيىلىدۇ.

اُيُنْ oyun ئويۇن.

بۇ باپتىكى ھەرپى ئىللەت بىلەن ئاخىرلاشقان سوزلەر

آيا aya ئالقان.

اُيا uya ئۇۋا، قۇش ئۇۋىسى، چاڭگا.

اُيا uya قېرىنداش، تۇققان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَڤَرْ اُجُنْ تَنْكْرِى اَذْلَمَذِبْ

اُيا قَدَشْ اُغْلِنى جِنْلا بُغَارْ

tavar üqün təŋri əzləməzip
uya kadax oƣlïnï qïnla booƣar

[تاۋار ئۈچۈن تەڭرىنى يادىغا كەلتۈرمەي،
ئۇرۇق - تۇققىنىنىڭ ئوغلىنى راستىنلا بوغىدۇ.]

قېرىنداشلار ئارىسىدىكى رەھىمسىزلىكنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: مال ۋە دۇنيا ئۈچۈن تەڭرىدىن تەپ تارتماي، بىر تۇققانىنىڭ بالىسىنىمۇ بوغۇۋېتىدۇ.

بۇ باپتىكى توت ھەرپلىكلەر

آبا aba ئاپا، ئانا. ئوغۇزچە. قارلۇق تۈركمەنلىرى بۇ سوزنى قاتتىق «ب - p» بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ.

آبا aba («ا - ئېلىف» قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئېيىق. قېپچاقچە.

آبا aba دادا، ئاتا. تۈبۈتچە. بۇ سۆز ئۇلارغا گەرەپچىدىن قالغان بولسا كېرەك. ئۇلار يەمەندىن تۈرك يۇرتىغا قېچىپ كېلىپ، يەرلىشىپ قالغان «ثابت *sabit*»نىڭ ئەۋلادى ھېساپلىنىدۇ.

آبا aba : آبا بَشي *aba baxi* — تاغلاردا ئۆسىدىغان، تەرخەمەككە ئوخشايدىغان، يىلىنگىدە تىكىنى بار ئوت. تاغلىقلار ئۇنى يەيدۇ.

آبِي abī ئابى. ئەرلەر ئىسمى.

اُبا oba قەبىلە. ئوغۇزچە.

اُبو upu ئۇپا.

آتا ata ئاتا، دادا.

آتا ata : آتاساغُونْ *atasaqun* — تېۋىپ.

آجا əqə ئاچا، ھەدە، ئېگىچە. بۇ سۆز «آكا *əgə*»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ج - *q*» ھەرپى «ك»دىن ئۆزگەرگەن. پارسچىدىمۇ «جَرْمْ» نى «كَرْمْ»، «جُنْبَدْ»نى «كُنْبَدْ» دەپ سۆزلىگەنگە ئوخشاش.

آجي aqi ياشانغان خوتۇن. بارسغانچە.

اُجا uqa ئۇچا، دۈمبە.

اِجي iqi ئاكا. ياشتا چوڭ بولغان ئەر قېرىنداش.

اُذو użu توپە، دوڭ. قۇم دوۋىسى «قُمْ اُذو *ḳum użu*» دېيىلىدۇ. ئارغۇلارنىڭ يۇرتىدىكى بىر شەھەرمۇ «اُذو كَنْدْ *użu kənd* — ئۆزۈكەنت» دېيىلىدۇ.

اُذو użu ئۇدا، ئارقا. «مَنْ اَنِنْكْ اُذو كَلْدِمْ *mən anïŋ użu kəldim* — مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدىم»، شۇنىڭدەك «مَنْ سَنِنْكْ اُذو بَرْدِمْ *mən səniŋ użu bardim* — مەن سېنىڭ كەينىڭدىن ماڭدىم، مەن ساڭا ئەگىشىپ باردىم» دېيىلىدۇ.

اِذي iżi ئىگە. «اِذِمْ نا تيِرْ *iżim nə tər* — ئىگەم نېمە دەر؟» تەڭرىمۇ «اِذي *iżi*» دېيىلىدۇ. «اِذِمِزْ يَرلِغي *iżimiz yarlïƣi* — تەڭرىمىزنىڭ يارلىغى».

آرا ara ئارا. «كِشي آرا كِرْدِمْ *kixi ara kirdim* — خەلق ئارىسىغا كىردىم».

آرِي ari ھەرە. بۇ سۆز ئەرەپچىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەرەپلەر

ھەسەلنى «آرى *ari*» دەيدۇ. تۈركى تىلدا بۇ سوز ھەسەل ھەرىسىنى بىلدۈرىدۇ. چىگىل تۈركلىرى ھەسەلنى «ارى يغى *ari yaqi* — ھەرە يېغى» دەيدۇ.

اورو oru ئورا. بۇغداي، چامغۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە-لەرنى ساقلاش ئۈچۈن قېزىلغان ئورا.

ارى urï ئۈر-ئۈر، چۇقان، سۈرەن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

ارى قبسا اغش اقلشور يغى كلسا امرم تبرشور — *urï kopsa oqux aklïxur yaqï kəlsə imrəm təbrəxür*

سۈرەن چىقسا، ئۇرۇق-تۇققان جەملىشەر، يېغا كەلسە، خەلق توپى تەۋرىشەر. بىر چۇقان كۆتىرىلسە، ئۇرۇق-تۇققانلار ياردەم بېرىش ئۈچۈن توپلىنىدۇ؛ دۈشمەن كەلسە، خەلق توپى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. بۇ ماقال ئىشلاردا سەگەك-لىك ۋە ھەمدەملىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ارى urï ئوغۇل بالا، ئەر جەمەت. ارى اوغلان *urï oqlan* — ئوغۇل باللار.

آزو azu يا، ياكى. ئىككى نەرسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى سوز. اۇزوم يىكل آزو قاغون يىكل *üzüm yəgil azu kaqun yəgil* — ئۈزۈم يېگىن يا قوغۇن يېگىن. بۇ سوز تەكرار سوراق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كلرمو

سَنْ أزُو بَرِيرْمُوسَنْ — *kələrmusən azu barïrmusən*
كېلەمسەن يا كېتەمسەن؟

أُزا oza ئوزا، ئوزاقى، ئوتكەنكى. أُزاقى بِلْگا اَنْچا اَيْمِش — *ozakï bilgə anqa aymïx* — ئوتكەن ئالىملار شۇنداق دىگەن. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرْدِي أُزا اَرَنْلارْ
اَرْدَمْ بَكِي بِلِكْ تاغْ
اَيْدِي اُكُشْ اُكُتْلارْ
كُنْكُلُمْ بُلُرْ اَنكَرْ ساغْ

ərdi oza ərənlər
ərdəm bəgi bilik taƣ
aydï üküx ügütlər
kөŋlüm bolur aŋar saƣ

[ئۆتمۈشتە (شۇنداق) ئادەملەر بار ئىدى:
(ئۇلار) تاغدەك بىلىملىك، پەزىلەت ئىگىلىرى ئىدى.
(ئۇلار) نۇرغۇن ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ئېيتتى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم ئېچىلىپ كېتىدۇ.]

بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم، ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلار جىق ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ئېيتقان ئىدى. بۇ ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى ئەسلىسەم، كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ.

أزِي ɵzi ئۆزە. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كەڭ يول. چىگىلچە.

اِزِي izi ئىسەن. كىلەر يىلدىن كىيىنكى يىل. آرقىن ازِي *arkïn izi* — ئىسەن.

آشو axu روشا، قىزىل توپا.

آغُو aƣu ئوغا، زەھەر.

آغِي aƣï يىپەك رەخت. آغِيجِي *aƣïqï* — يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى، خەزىنىچى.

آڤا ava ئاھ - ئۇھ. ئاھ ئۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق. ئەرەپ- لەرنىڭ «واوَيلِي» دىگەن سوزىگە ئوخشاش. كىشى بىر يىرى ئاغرىسا، «آڤا آڤا *ava ava* — ئاھ - ئۇھ» دەيدۇ.

اُڤا uva بىر خىل غىزانىڭ ئىسمى. گۇرۇچ قاينىتىلىپ سوغاق سۇغا سېلىنىدۇ، كىيىن سۇزۇۋېلىنىپ شېكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ. بۇ غىزا سوغاقلىق ئۈچۈن يىيىلىدۇ.

اِڤا ïva ئىمۋا. ئوغۇزلارنىڭ بىر ئۇرۇغى.

آقِي aki سەخى، قولى ئوچۇق.

آقِي aki ئاقلانغان، تازا. آقِي يَغاق *aki yaƣak* — ماك بولغان، پوستى ئاجرالغان ياڭاق.

ئاكا **əgə** ئېگىچە، ئاچا، ھەدە. ئوغۇزلار بۇنى «ئازا *əzə*» دەيدۇ.

ئۆكا **ɵgə** تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كادالڭ. ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان قىرى - سال كىشىلەرگە بېرىلىگەن، تېگىمىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنەينىڭە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۆكا *ɵgə*» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۆگەنمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەينىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىچە ئىككىگە بولۇۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان *altun kan* — ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى

چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كوچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۇلھ تۈزگەن.

آلا ala ئالا، بەدىنىدە ئېقى بار ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

كِشي آلاسي اِچْتِنْ يِلْقي آلاسي تَشْتِيْنْ —*kixi alasi iqtin yïlki alasi taxtïn* ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا. بۇ ماقال يېقىملىق كورۈنۈپ، دىلىدىكى يامان نىيىتىنى يوشۇرغۇچىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

آلا ala «ئاستا، ئالدىرىماي» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغان ياردەمچى سوز. آلا آلا *ala ala* — ئاستا-ئاستا. بۇ سوزگە «ك-*k*» بىلەن «ل-*l*» ھەرپلىرى قوشۇلۇپ، «آلاكِلْ *alakil*»مۇ دېيىلىدۇ.

اُلا ula چولدە يول كورسىتىدىغان بەلگە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اُلا بُلْسا يُول اَزْماسْ بِلِكْ بُلْسا سُوزْ يَزْماسْ — *ula bolsa yol azmas bilik bolsa sɵz yazmas* بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سوزدىن قايماس. چوللەردە يول كورسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا، سوزدە يېڭىلىشمايدۇ.

اِلا ila ئىلى. بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىل-لەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.

اِلي ili : اِلي قَبغ *ili kapuoq* — ئىلىقلىق قوۋۇق، تاقاق بىلەن ئېتىلگەن ئىشىك.

اُما uma ئانا. تۈبۈتچە. بۇ سۆز ئۇلارغا ئەرەپلەردىن قالغان بولسا كېرەك.

اُما uma ئۆيگە كەلگەن مېھمان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اُما كَلْسا قُتْ كَلير *uma kəlsə kut kəlir* — مېھمان كەلسە، قۇت كېلەر. مېھمان بىلەن تەڭلا بەرىكەت كېلىدۇ، مېھمان ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ئۇنى ئېغىر ئالغۇلۇق ئەمەس. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْسا قَلي يَرْلِغ بُلُبْ يُنْجِخ اُما
كَلْدُر اَنُق بُلْمِيش اَشِغ تُتْما اُما

kəlsə kali yarliq bolup yunqiq uma
kəldür anuk bolmix axiq tutma uma

[(ساڭا) يوقسۇل بىر مېھمان ھاجىتى چۈشۈپ كېلىپ قالسا، تەييار بولغان ئاشنى (ئالدىغا) كەلتۈر، ئۇنى كۈتتۈرمە.]

ھالى پەرىشان، كۆڭلى يېرىم بىر مۇساپىر كەلگىنە-

دە، تەييار بولغان تامىقىنى دەرھال ئالدىغا قوي، كېچىكتۈرمە.

آنا ana ئانا.

اِنِي ini ئىنى، ياشتا كىچىك ئەر قېرىنداش.

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

آنِكْتْ aŋït ھاڭگىت ~ ھاڭغىت، ئودەككە ئوخشاپراق كېتىدىغان قىزغۇچ قۇش.

آنُكْتْ aŋut پەركا، شاراپ پەركاسى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

يُرْتْ كِچُكْ بُلْسا اَنُكْتْ بَدُكْ اُورْ — *yurt kiqüg bolsa aŋut bədük ur* — قاچىنىڭ ئاغزى كىچىك بولسا، پەركانىڭ چوڭىنى قوي. بۇ ماقال كىشىلەر ئالدىدا كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

آنْكَرْ aŋar ئاڭا، ئۇنىڭغا. اَنْكَرْ آيْدِمْ *aŋar aydïm* — ئاڭا ئېيتتىم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آيْدِمْ اَنْكَرْ ساقُكْ
بِزْنِي تَبا نا اَلُكْ

كَجْتِنْكْ بَلْزِى كارِكْ

قِرْلاز اَذِزْ باذُكْ

aydïm aŋar səvük
bizni taba nə əlük
*kəqtiŋ yazï*① *kərik*
kïrlar əziz bəzük

[ئۇنىڭغا ئېيتتىم: سويۇملۇگۇم،
بىزنىڭ تەرەپكەكەلگ يېزىق
ۋە ئېگىز-بۈيۈك قىرلارنى
كېچىپ قانداقمۇ (كەلگەنسەن)؟]

سويگىنىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:
ئەي سويۇملۇگۇم، شۇنچە كەڭ دالىلارنى كېزىپ، ئېگىز
تاغلاردىن ئېشىپ بىز تەرەپكە قانداق كەلدىڭ؟

اُنْكُرْ ɵŋür ئۆڭكۈر، غار.

اِنْكِرْ iŋir ئىمىر-چىمىر. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئوزئارا قوشۇلمىسى. ئوغۇزلار بۇنى «اِمِرْ *imir*» دەيدۇ.

آنْكِزْ aŋiz ئېگىز. بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتلەر-

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «بَلزى» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىسىم ئاتالاي بۇنى توغرىسى «يازي» دەپ ئىزاھلىغان. بىز شۇنى توغرا تاپتۇق.

ئىلىق ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەردە قالغان تۇپچەك-
لىرى.

اِنكَسْ iŋəs ھاڭۋاقتى. اِنكَسْ كِشي *iŋəs kixi* — يېڭىيا-
چىدەك ئۆياق-بۇياقا قاراپ ماڭىدىغان كىشى.

آنكِلْ aŋil ھاللاك. آنكِلْ آجُقْ قَبغْ *kapuoq aquk aŋil* —
ھاللاك ئۇچۇق قوۋۇق.

اُنكِنْ əŋin باشقىسىنى. بۇ آتّا اُنكِنْ كَلْدُرْ *attan bu* —
əŋin kəldür بۇ ئاتتىن باشقىسىنى كەلتۈر.

مۇجەررەت[1] باپلىرى تۈگىدى.

[1] مۇجەررەت — ئوشۇقچە ھەرپلىرى بولمىغان سۆزلەر.

ئوشۇقچە ھەرپلىكلەر باپلىرى

اَفْعَـلْ əf'əl شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكلىك سوزلەر بابى

اَرْمُتْ armut ئامۇت.

اَرْتُجْ artuq ئارتۇچ، ئارتۇش دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار.

اُجْلُجْ üqlüq توشقان تۇزىقى. ئۇچلىرى بىر تومۇرگە بەكە-تىلگەن ئۈچ تال چىۋىقتىن قۇرۇلىدۇ.

اُذْغُجْ ożoquq يالقۇن، ئوتقاش.

اَرْغُجْ aroquq ئازدۇرغۇچ. كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، ئازدۇرىدىغان نەرسىلەر. اَرْغُجْ اَزُنْ *aroquq azun* — قايمۇقتۇرغۇچى، ئازدۇرغۇچى دۇنيا.

اَرْكَجْ ərkəq ئەركەچ. بىر ياشلىق تېكە، ماقالدا مۇنداق كەل-

گەن: اَرْكَجْ اَتِي اَمْ بُلُورْ اَجْكُو اَتِي يَلْ بُلُورْ — *ərkəq əti əm bolur əqkü əti yəl*[①] *bolur* ئەركەچ گوشى ئەم بولار، ئۆچكە گوشى يەل بولار.

اُرْكُجْ ɵrküq ئۆركەش. سُوْ اُرْكُجْلَنْدِي *suv ɵrküqləndi* — سۇ ئۆركەشلەندى.

اُرْكُجْ ɵrgüq ئۆرۈمە چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى.

اُرْكُجْ ɵrküq تومۇر ئوچاق، ئۈچئاياق.

اَذْغِرْ ażoqir ئايغىر.

اُلْكَرْ ülkər ئۈلكەر يۇلتۇز. جەڭلەردە «اُلْكَرْ جَرِكْ *ülkər qərik*» دېيىلىدىغان بىر ھىيلە بار: ئەسكەرلەر ھەر تەرەپتىن توپ-توپى بىلەن يىغىلىدۇ؛ بىر توپى ئىلگىرىلەش بىلەن باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا سوگدىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھىيلە قوللىنىلغاندا، يېڭىلىش بەك ئاز بولىدۇ.

اَرْفُزْ ərvüz ئەرۋۈز. ئەرلەر ئىسمى.

اَرْكُزْ ərgüz ئەگۈز. اَرْكُزْ سُوْ *ərgüz suv* — ئەگۈز سۈيى. ئەتىيازدا قار ۋە مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «يَلْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىزچە فەتھە بولغىنى توغرا، چۈنكى بۇ سوز تىلىمىزدا ھازىرمۇ «يەل» دېيىلىدۇ.

يَايْ بَرُوبَنْ اَرْكُزِي
آقْتِي اَقِنْ مُنْدُزِي
تُغْدِي يَرُقْ يُلْدُوزِي
تِنْكْلَا سُوزُمْ كُلْكُوسُزْ

yay barupan ərgüzi
aķtī aķīn munduzī
tuɣdī yaruķ yulduzī
tīŋla sozüm külküsüz

[باھار كېتىش بىلەن ئەگۈز (سۇلار)،
كەلكۈن ئېقىن بولۇپ ئاقتى.
يورۇق يۇلتۇز تۇغدى،
سوزۇمنى كۈلمەستىن ئاڭلا.]

ئەتىياز تېگى يورىدى، مۇزلار ئېرىپ، قاتتىق سەل-دەك ئاقتى، تاڭ يۇلتۇزى نۇر چېچىپ چىقتى، ئاجايىپ سوزۇمنى كۈلمەستىن ئاڭلا.

أُكْسُزْ ɵgsüz ئۆكسۈز، يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم. بۇ سوز «ئەقىل ۋە ئۇقۇم» مەنىسىدىكى «اُكْ ɵg» دېگەن يىلتىزدىن كەلگەن.

أُتَمِشْ ɵtəmix ئۆتەمىش. ئەرلەر ئىسمى.

اَذْرِشْ ažrīx ئارىش، ئىككىگە ئايرىلغان يولنىڭ بېشى، ئاچال.

اُذْرُشْ ɵžrüx تاللىۋېلىش، تاللىۋېلىش ئىختىيارى.

اَذْغِشْ ažoqix ئازغىش. بىر يەرنىڭ نامى.

اُذْكِشْ ɵžgix «اُوزْجَنْدْ *ɵzqənd* — ئۆزكەنت»تە ياشايدىغان بىر تۈرك ئايمىغى. بۇ سوز ئەسلى «اُكْذِشْ *ɵgžix*» بولۇپ، ھەرپلەر ئالماشقان.

اَرْتِشْ ərtix ئېرتىش. «يَماكْ *yəmək*» دالالىرىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بىرقانچە تارماقلىق بۇ دەريا شۇ يەردىكى بىر كولگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا «اَرْتِشْ سُوِ *ərtix suvi*» دېيىلىدۇ. بۇ سوز «اَرْتِشْماكْ *ərtixmək*» دىگەن مەستەر-نىڭ تومۇرى «اَرْتِشْ *ərtix*»تىن ئېلىنغان بولۇپ، «سۇدىن تېز ئۆتۈشتە مەن بىلەن بەسلەش، قېنى، كىم تېز ئۆتىدۇ» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدو.

اِرْتَشْ irtəx مۇنازىرىلىشىش، سۇرۇشتۇرۇش. بىرەر ئىش توغرى-سىدا خەلق ئارىسىدا قوزغالغان بەس - مۇنازىرە. اِرْتَشْ قُبْدِ *irtəx kopdi* — بەس - مۇنازىرە كوتىرىلدى.

اَرْقِشْ arkīx كارۋان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يِراقْ يِبِرْ ساقِنْ

آرقِشْ كَلْدُرُورْ —— *yirak yər savin arkix kəldürür* —— يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرەر. بۇ ئەرەپلەرنىڭ «وَيَأْتِيكَ بِالْأَخْبَارِ مَنْ لَمْ تُزَوِّدِ» دېگىنىدەك ماقال.

آرْقِشْ arkix خەۋەرچى. يۇرتىدىن يىراقتا كەتكەن كىشىگە ئەۋەتىلگەن ئادەم. اَنِكْ آرْقِشِي كَلْدِي —— *arïŋ arkïxï kəldi* ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى. بۇ سۆز «خەت، مەكتۇپ» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

آلْقِشْ alkix ئالقىش، ماختاش، دۇئا قىلىش. اُلْ بَكْكا آلْقِشْ بِيرْدِي —— *ol bəgkə alkix bərdi* —— ئۇ بەگنى ئالقىشلىدى. يَلاوَجْقا آلْقِشْ بِيرْكِلْ —— *yalawaqka alkix bərgil* —— پەيغەمبەرگە ئالقىش بەرگىن.

اُتْرُغْ otruƣ ئارال.

آتْلِغْ atliƣ ئاتلىق. آتْلِغْ اَرْ —— *atliƣ ər* —— ئاتلىق ئادەم.

اُتْلُغْ otluƣ ئوتلۇق. اُتْلُغْ تاغْ —— *otluƣ taƣ* —— ئوتلۇق تاغ، ئوتى بار تاغ.

اِتْلِغْ itliƣ ئىتلىق. اِتْلِغْ اَڤْ —— *itliƣ əv* —— ئىتلىق ئۆي، ئىتى بار ئۆي.

اَرْتِغْ artiq ئايالچه جىلتكه.

اَرْتِغْ artiq ئارتىق. ئۈلاقا ئارتىلىدىغان ئارتىق.

آغْرِغْ aqriq ئاغرىق. بەدەننىڭ قەيېرى ئاغرىسا، شۇ يەرنىڭ ئاغرىغى دېيىلىدۇ (باش ئاغرىغى، چىش ئاغرىغى).

اَغْرُغْ aqruq ئۇقرەك. اَغْرُغْ سُنْكُوكِي — *aqruq sɵŋüki* ئۇقرەك سۆڭىكى.

اُغْرُغْ oqruq سايىنىڭ تۈگىگەن يېرى. تاغْ اُغْرُغِي — *taq oqruqi* تاغنىڭ تۈگىگەن يېرى.

اتلق otluk[1] ئوتلۇق. ئالاس يېنىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

اُتْلُقْ otluk شۇ شەھەرلىكلەرنىڭ تىلىدا ئېغىل.

اُجغُقْ uqoquk ئۇچۇق، زۇكام.

اَذْرِقْ azrik ئاجرىق ~ ئېجرىق. ئەرەبچە «ئىل» دېيىلىدۇ.

اَذْرُقْ azruk باشقا، بۆلەك. ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇنى «اَذِنْ *azin* — باشقا، ئوزگە» دەيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اَذِنْ كِشِي نانكِي نَنْكْ سانْماسْ — *azin kixi nəŋi nəŋ*

---

① بۇ سوزگە يازما نۇسخىدا ھەرىكە قويۇلمىغان. بىز سوزلەمنىڭ كېلىش تەرتىۋىگە قاراپ، «*otluk*» دەپ ئالدۇق.

ئۆزگە كىشىنىڭ مېلى مال سانالماس. *sanmas* باشقا كىشىنىڭ مېلى مال سانالمايدۇ، چۈنكى قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

اُذْلُقْ ozluk ئۇيلۇق سىڭەك. بىلەك سۆڭگىنىڭ يوغان يېرى.

اُذْلُقْ uzluk ئۇيلۇق يەر، ئېغىلدا كالىلار ياتىدىغان يەر. ئارغۇچە.

اُذْمَقْ uzmak ئىمكار، شاگىرت.

آرْتُقْ artuk ئارتۇق، ئوشۇق.

اُرْتَقْ ortak ئورتاق، شېرىك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اُرْتَقْ اَرْدِنْ اَرْتُقْ آلْماسْ —— *ortak; ərdən artuk almas* ئورتاق ئۆز ئورتىقىدىن ئارتۇق ئالماس. بۇ ماقال ئىن- ساپقا ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

آژْمُقْ azmuk زەمچە، سۇمۇق. تازنىڭ بېشىمۇ شۇنىڭغا ئوخ- شىتىلىپ «اَژْمُقْ تازْ *azmuk taz*» دېيىلىدۇ، چۈنكى تازنىڭ بېشىدىكى شورلىرى زەمچە سۇرگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ سۆزدىكى «ز» ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

اِسْرِقْ isrïk ئىسرىق. بالىلارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەفسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز؛ ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەككۈزۈلۈپ «اِسْرِقْ اِسْرِقْ *isrïk isrïk* —— ھەي جىن، كۆچ - كۆچ!» دېيىلىدۇ.

اُسْرُقْ osruk ئوسۇرۇق.

اُسْرِقْ usrïk ئۇيقۇسى كەلگەن، مۈگدىگەن ئادەم.

آغْدُقْ aƣduk : آغْدُقْ كِشِي *aƣduk kixi* — بىر يەرگە پاناتىلەپ كەلگەن يات كىشى. بۇ سۆز «آدْغُقْ *adƣuk*» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

آغْرُقْ aƣruk ئېغىرلىق، يۈك. آغِرْ آغْرُقْ قَيُودَا قَلْدِي — *aƣïr aƣruk kayuda kaldi* يۈك ۋە ئېغىرلىقلار نەلەردە قالدى؟

اِڤْرِقْ ïvrïk ئىۋرىق. بۇ سۆز تەلەپپۇزدىمۇ، مەنىسىدىمۇ ئەرەبچە سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت «ب-*b*» ھەرپى تۈركچە «ڤ-*v*»غا ئالماشقان. شېئىردا¹ مۇنداق كەلگەن:

اِڤْرِقْ بَشِي قَزْلَيُو
سَغْرَقْ تُلُو كُزْلَيُو
سَقِنْج قُزِي كِزْلَيُو
تُنْ كُنْ بِلا سَڤْنَلِم

ïvrïk baxï kazlayu
saƣrak tolu kəzləyü
sakïnq kuzï kizləyü
tün kün bilə səvnəlim

[ئەۋرىق بېشى غاز (بوينى) غا ئوخشاپ (تۇرماقتا)،
ساغەر تولۇپ كوزگە ئوخشاپ (تۇرماقتا)،
قايغۇنى چوكقۇر كومۇۋېتىپ،
كېچە - كۈندۈز سويۈنەيلى.]

ئەۋرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بوينىدەك تىك تۇرماقتا، ساغەرلەر خۇددى كوز چانىقىدەك مەيگە تولدى. قايغۇ - ھەسرەتنى چورۇۋېتىپ، كېچە - كۈندۈز كوڭۇل ئاچايلى.

أُقْرُقْ okruk ئوقرۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تاغِغْ اُقْرُقِنْ اَكْماسْ تَنْكِزْنِي قَيْغِقِنْ بُكْماسْ —taɣïɣ okrukïn əgməs təŋizni kaɣïkïn bəgməs تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەككىلى بولماس، دېڭىزنى قېيىق بىلەن بوككىلى بولماس. بۇ ماقال «چوڭ ئىشنى كىچىك تەدبىر بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

أُقْلُقْ okluk ئوقلۇق، ساداق، ئوقدان.

آلْجَقْ alqak كوڭلى يۇمشاق، مىجەزى ئوبدان.

اُلْدُقْ ulduk: اُلْدُقْ اَتْ ulduk at — ئۇلدۇق ئات، تاقىسىز ئات. باشقا تاقىسىز ھايۋانلارمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ.

آلْغُقْ alɣuk ئالغۇق. قەشقەردە بىر يېزىنىڭ نامى.

آمْرَقْ amrak ئامراق. اَمْرَقْ كُنْكُلْ — amrak koŋül — ئوتلۇق يۈرەك، ساپ كوڭۇل.

اِبْرُكْ iprük قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچمىنى سۈر-دۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ.

آبْمَكْ əpmək نان. ياغما، توخسىلارنىڭ ۋە بەزى ئوغۇز، قىپچاقلارنىڭ سوزى. بۇنداق ئالماشتۇرۇپ ئېيتىش ئەرەپ-چىدىمۇ بار. مەخرەجلىرى بىر-بىرىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن «ب»نى «و-ۋاۋ»غا ۋە «و-ۋاۋ»نى «ت»غا ئال-ماشتۇرىدۇ. خۇددى قەسەم ئىچكەندە «بِاللّٰهِ وَاللّٰهِ تَاللّٰهِ» دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇ قائىدە تۈركچىگە يات.

آتْلِكْ ətlik كانارا، گوش ئېسىلىدىغان ئىلغۇ. سويۇلىدىغان قويمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. آتْلِكْ قوي *ətlik koy* — گوش قويى؛ اَتْلِكْ كِشي *ətlig kixi* — ئەتلىك كىشى يەنى سېمىز كە-شى. گوشكە ئىگە بولغان كىشىمۇ (يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنى-دىغان «ك-g» بىلەن) «آتْلِكْ كِشي *ətlig kixi*»دېيىلىدۇ.

مەقسىدىم ھەممە سۆپەتلەرنى سوزلەپ ئوتۇش ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت سوزلىمەي زادى بولمايدىغانلىرى ئۈستىدىلا توختالدىم.

آتْرَكْ ətrək بۇغداي ئوگلۇك ئادەم. ئوغۇزچە.

اُتْرُكْ ötrük ئوتروك، ھىلىگەر، ئالدامچى، يالغانچى. ئوغۇزچە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُتْرُكْ اُتُنْ اُغْرِىلَيُو يُزْكَا بَقَارْ
اِلْكِنْ تَشُبْ بِرْمِشْ آشِغْ بَشْقَا قَقَارْ

ɵtrük utun oqrilayu yüzgə bakar
əlkin taxup bərmix axiq baxka kakar

[ھېلىگەر، پەس (كىشى) يۈزگە ئوغرىلارچە قارايدۇ،
مۇساپىرنى قوغلاپ، بەرگەن ئاشنى باشقا قاقىدۇ.]

مېھماننى ئوغرىلارچە قارايدىغان ھېلىگەر، پەسكەش ئادەملەر قالدى؛ ئۇلار مۇساپىرغا بەرگەن ئاشنى مىننەت قىلىپ باشقا قاقىدۇ.

اُتْلُكْ ɵtlük ئۈگۈت، نەسىھەت. شۇ مەنىدە «اُوتْ *ɵwüt*» سۆزىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى «اُكُتْ *ɵgüt*».

آتْمَكْ ətmək نان.

اِجْلِكْ iqlik ئىچلىك، تەرلىك. ئېگەرنىڭ تېگىگە سېلىنىدىغان ئىچكى توقۇم.

اِجْمَكْ iqmək ئىچمەك، تېرە جىلتكە.

اِذْرِكْ iżrig يېرىك. ئارغۇچە. ئەسلى «اِرِكْ *irig* — يېرىك».

اُذْلَكْ ɵżlək زامان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُذْلَكْ قَمُغْ كُفْرَدِي
اَرْدَمْ اَرِغْ سَفْرَدِي
يُنْجِغْ يَفُزْ تَفْرَدِي
اَرْدَمْ بَكِي جَرْتِلُورْ

ɵžlək kamuoɈ kütrədi
ərdəm ariɵɈ səvrədi
yunqiɵɈ yavuz təvrədi
ərdəm bəgi qərtilür

[زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى،
پەزىلەت تامامەن سىرەكلەشتى،
بولۇمسىز - ياۋۇز (كىشىلەر) تەۋرىدى،
پەزىلەت بېگى يوقىلىپ.]

زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق، يامان ئادەملەر باش كوتەردى، پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئافراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

اُذْرَكْ üzrəg: اُذْرَكْ نانْكْ *üzrəg nəŋ* — كوپەيگەن نەرسە. ئاۋال ئاز، كېيىن كوپەيگەن ھەربىر نەرسە شۇنداق دېيىلىدۇ.

آذْلِكْ əzlig: آذْلِكْ نانْكْ *əzlig nəŋ* — پايدىلىنىدىغان نەرسە، پايدىلىق نەرسە.

اُرْپَكْ ürpək ھۈرپەك، ھۈرپەيگەن. تۈكلىرى ھۈرپەيگەن ئادەم ۋە ھايۋان.

آرْتِكْ ərtik يۇرۇلگەن، كۆپ دەسسەلگەن يول.

اُرْتُكْ ørtük يوپۇق. مەسىلەن: ئېگەر يوپۇقى. ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ قەۋرىلىرىگە يېپىلىدىغان يىپەك رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «اُرْتُكْ *ørtük* — يوپۇق» دېيىلىدۇ.

اُرْجُكْ ørqük ئۆرۈلگەن چاچ، ئۆغۈزچە. بۇ سۆز «اُرْكُجْ *ørgüq*» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى.

اُرْدَكْ ørdək ئۆردەك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَازْ قُبْسَا اُرْدَكْ كُولِكْ اِكَانُورْ — *kaz kopsa ørdək kølig igənür* غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر. بۇ ماقال خەلق ئارىسىدىن بىر ئۇلۇغ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نائەھلى ئادەم چىققانلىقىغا تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

آرْسَكْ ərsək ئەرسەك. اَرْسَكْ اِشْلَارْ *ərsək ixlər* — ئەرسە-رىگەن، بۇزۇق خوتۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَرْسَكْ اَرْكَا تَگْمَاسْ اِيفَكْ اَفْكَا تَگْمَاسْ — *ərsək ərgə təgməs əvək əvgə təgməs* ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەل-مەس، ئالدىراڭغۇ ئۆيىگە يېتەلمەس. ئەرگە تېگىش ئۈچۈن

ئالدىرىغان بوزوق خوتۇن ئەرگە تېگەلمەيدۇ، چۈنكى ئالدىرىغانلىقتىن، كېرەكلىك شەرتلەرنى ھىساپقا ئالمايدۇ؛ خۇددى شۇنىڭدەك، ئالدىراڭغۇ ئادەممۇ ئۆيىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى تولا ئالدىراپ ئۇلاقىنى كاردىن چىقىرىدۇ. بۇ ماقال تەگرى ئالقىشلايدىغان ۋە ئىبسەئلەيدىغان پەيغەمبىرد-ىمىزنىڭ «اِنَّ الْمُنْبَتَّ لَا اَرْضًا قَطَعَ وَلَا ظَهْرًا اَبْقَى» دىگەن ھەدىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ ماقال ئالدىرىماسلىققا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

اَرْلِكْ ərlik ئەرلىك، مەرتلىك.

اَرْنَكْ ərnək بارماق، قول، پۇت بارمىقى. «اَرْنْكَاكْ *ərŋək*» مۇ دىيىلىدۇ.

اِيزْلِكْ izlik① ئىزلىق، چورۇق. تۈركلەرنىڭ ھايۋان تېرىسىدىن قىلىنغان چورۇغى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اِزْلِكْ بُلْسا اَرْ اُلْدِيماسْ اِجْلِكْ بُلْسا اَتْ يَغْرِماسْ — *izlik bolsa ər uldïmas*② *iqlik bolsa at yaqrïmas* چورۇق بولسا،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئىككى خىل يېزىلغان، سۆزلەمدە «اِيزْلِكْ» مىسالدا «اِزْلِكْ». بىز كېيىنكىسىنى ئاساس قىلدۇق.

② «ئۇلدىماق» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا ئەينەن ساقلانغان بولۇپ، «قاپىردىش»، «تېڭىرقاش» دىگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئادم ئۆلدىماس؛ ئىچلىك بولسا، ئات يىغىر بولماس. بۇ
ماقال ھەر ، ئىشتا ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا دەۋەت قىلىپ
ئىيتىلىدۇ.

آسْرُكْ əsrük مەس.

آڤْشُكْ əvxük چاپلاشقاق كېسەل.

اِلْرُكْ ilrük قوۋۋا، سۇزاپ. ئۆچ تىلىدا.

اُمْزُكْ ɵmzük ئېگەرنىڭ ئالدى ۋە ئارقا قاشلىرى.

اِكْدُكْ igdük سۈت ۋە قېتىقتىن قىلىنغان سۈزمىگە ئوخشاش
يىمەكلىك.

آكْرِكْ əgrik ئېگىرىلگەن يىپ.

اُكْرُكْ ɵgrük بوشۇك تەۋرىتىش.

آكْشِكْ əkxik ئاچچىق - چۈچۈك نەرسە. مەسىلەن: ئاچچىق
ئانار.

آكْسُكْ əksük ئوكسۇك، كەمتۈك. آكْسُكْ يَرْماقْ *əksük* —
yarmak كەمتۈك يارماق.

اُكْمَكْ ɵkmək خوتۇنلار قولىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى
كۈمۈش ھالقا، زىرە. بۇ سوز ئەسلىدە مەستەردۇر.

أُكْماكْ ügmək توپلانغان نەرسە. بۇ سوزمۇ ئەسلىدە مەستەردۇر.

أَنْدَكْ əndək يۈز، بىر نەرسىنىڭ يۈزى. ئوغۇزچە.

أُجْكُلْ üqgül ئۈچ بۇرجەك، ئۈچ بۇلۇڭ.

أُجْكلْ üqgil ئۈچ قىرلىق نەرسە.

أَرْسَلْ arsal : أَرْسَلْ سَجْ *arsal saq* — قوڭۇر چاچ.

أَشْتَلْ axtal كەنجە. أَشْتَلْ أُغْلْ *axtal ooqul* — كەنجە ئوغۇل.

أَنْدِكْ əndik : أَنْدِكْ أَرْ *əndik ər* — ئەندىك ئادەم، ئوندەرىگەك ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: أَنْدِكْ أُما أَفْلِكْنِي أَغِرْلارْ *əndik uma əvlikni aqirlar* — ئەندىك مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلەر. بۇ ماقال بىلەن ئەسلى مېھمان ھۆرمەتلىنىشى كېرەكلىگى تەكىتلىنىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

أَنْدِكْ كِشِي تِيتِلْسُونْ
ايِلْ تُرُو يَتِلْسُونْ
تُقْلِي بِرِي قَيتِلْسُونْ
قَدْغُو يَما سَفِلْسُونْ

əndik kixi tətilsün
əl tərü yətilsün
tokli̇ bəri katilsun[1]
każoꞕu yəmə savilsun

[ئاخماق هۇشمنى تاپسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
توقلا، بورە قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگىسۇن.]

قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئوڭ‌دەرىگەكلەر هۇشمنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن، توقلىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن، بىزدىن غەم - قايغۇ كەتسۇن.

اُتْرُمْ ɵtrüm سۈرگە دورىسى. سوتْ اُتْرُمْ — *süt ɵtrüm* سۈتلۈك ئوت. بۇ ئوت ئەرەپچە «شُبْرُمْ» دېيىلىدۇ.

اَخْشَمْ ahxam ئاخشام.

اَذْرِمْ ażrīm ئېگەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان كىگىز، جەزلىك.

اُذْرُمْ ɵżrüm هەر نەرسىنىڭ تاللانغىنى، خىلى، ياخشىسى.

اَرْدَمْ ərdəm ئەردەم، ئەدەپ - ئەخلاق. ماقالدا مۇنداق كەل-

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئاۋال «يَتِلْسُونْ» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن «قَتِلْسُونْ» قىلىپ تۈزىتىلگەن.

گەن: اَرْدَمْ بَشِي تِلْ *ərdəm baxi til* — ئەدەپ-ئەردەمنىڭ بېشى تىل، چۈنكى چىرايلىق سۆزلەيدىغان كىشى ئابرويە تاپىدۇ.

اُسْتَمْ üstəm ئېگەر ۋە كەمەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا بېكىتىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى. ئوغۇزلار بۇنى «ساخت *saht*» دەيدۇ.

اِسْرِمْ isrim : اِسْرِمْ كِشِي *isrim kixi* — ئۇشرۇم ئادەم، قوشۇمسى تۈرۈك كىشى.

اِشْكُمْ ixküm خالتاختا. تاماق ۋاقتىدا خانىنىڭ ئالدىغا شىرە ئورنىدا قويۇلىدىغان چوڭ ياغاچ ئاياق.

اُقْتَمْ oktam : بِيرْ اُقْتَمْ يِيرْ *bir oktam yər* — بىر ئۇوق يېتىم يەر.

اَكْرِمْ əgrim ئەگرۇم، سۇ يىغىلىدىغان يەر، ئەۋرەز.

اِمْرَمْ imrəm جامائەت. يۇرتتىن بىرەر ئىشقا توپلانغان خەلق توپى. اِمْرَمْ تِيرْشْتِي *imrəm təbrəxti*① — جامائەت تەۋرەشتى (توپلاندى).

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ يېرىدە «تىيرشتى» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇنى يازما نۇسخا 65-بەتتىكى «يِغِي كَلْسا اِمْرَمْ تَبْرَشُور» گە ئاساسەن «*təbrəxti*» دەپ ئالدۇق. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ ئەرەپچە تەرجىمىسى «تَحَرَّكْ» دەپ ئېلىنغان.

أُتْغُنْ otoqun ئېگەرنىڭ سول تەرىپىگە بەكىتىلىپ، ئۆلاگنىڭ
ھالقىسى تارتىلىدىغان ئەنلىك تاسما (جىردىم).

أَرْقُنْ arkun ئارغۇن، شالغۇت. ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن
تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كوپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئوزۇپ
چىقىدۇ.

أُرْكَنْ ɵrgən قېيىش. ئوغۇزچە.

أَرْكَنْ ərkən ئىكەن. ھالنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سوز.
اُلْ كَلُرْ اَرْكَنْ كُرْدُمْ — *ol kəlür ərkən kɵrdüm* ئۇ
كېلىۋاتقان ئىكەن، كوردۇم.

اِرْكِنْ irkin: اِرْكِنْ سُوْقْ *irkin suv* — يىغىندا سۇ. ھەر
بىر تۇپلانغان نەرسىگىمۇ «اِرْكِنْ *irkin*» سوزى ئىشلىتى-
لىدۇ. قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىغا «كُلْ اِرْكِنْ *kɵl irkin*»
دېيىشمۇ مۇشۇ سوزدىن كەلگەن. بۇ «ئەقلى كولدەك
تولغان (ئادەم)» دېگەن بولىدۇ.

اِرْكِنْ irkin: اِرْكِنْ يَغْمُرْ *irkin yaqmur* — بىرنەچچە كۈن
توختىماي ياغىدىغان يامغۇر، ئاق يېغىن.

اَرْقُنْ arkun كېلىدىغان يىل نامى. اَرْقُنْ اِزِي *arkun izi* —
ئېسەن.

اُرْكُنْ ürkün ئۈركۈش. دۈشمەندىن كەلگەن قورقۇنچ سەۋەبىدىن خەلقنىڭ ئۈركۈشى. ئۈركۈگەن خەلق قورغانلارغا ياكى موكۇنىدىغان جايلارغا كىرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ.

اُتْرَنْ otran ئىشتان. بۇنى ياغما قەبىلىسىدىن ئاڭلىدىم.

اِجْكِنْ iqkin: اِجْكِنْ اَرْ *iqkin ər* — دۈشمەندىن ئەل بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئامانلىق بېرىلگەن ئادەم.

اُسْتُنْ üstün ئۈستۈن. اَنْدَنْ اُسْتُنْ *andan üstün* — ئاندىن ئۈستۈن، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن.

اَسْتِنْ astïn ئاستىن. بۇ سۆز توغرا ئەمەس، توغرىسى «اَلْتِنْ *altïn*».

اَلْتِنْ altïn ئالتىن، ئاستىن، تۆۋەن.

اَڤْرَنْ avran كان ئوچاق. تۆمۈرچى ئوچىقى شەكلىدە ياسىلىدىغان تونۇر.

اِشْغُنْ ïxoqun رەۋەندىنىڭ بىر خىلى.

اَشْكِنْ əxkin: اَشْكِنْ تُبْرَاقْ *əxkin toprak* — ئېقىپ كەلگەن قۇم - توپا. ئۇزۇن يولمۇ «اَشْكِنْ *əxkin*» دېيىلىدۇ. تېز يۈرىدىغان ئاتلىق پوچتىچىنى «اَشْكِنْجِيْ *əxkinqi*» دېيىشىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

اَمْشَنْ əmxən جوْۋا قىلىنىدىغان تېرە.

اَنْدَنْ andan ئاندىن، ئاندىن كېيىن. ئوغۇزچە. اَنْدَنْ اَيْدِمْ *andan aydīm* — ئاندىن كېيىن ئېيتتىم. تۈركلەر بۇ سوزنى «ا - ئېلىپ» بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ، «اَنْدا *anda*» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇ يەردە» دىگەن بولىدۇ. مَنْ اَنْدا اَرْدِمْ *mən anda ərdim* — مەن ئۇ يەردە ئىدىم.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

اَرْتُتْ artut بەگ ۋە شۇنداق كىشىلەرگە تارتۇق قىلىنىدىغان ئات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر. كېيىن بۇ سوز ئادەتتىكى تارتۇقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى.

اَرْقُقْ arkuk : اَرْقُقْ كِشِي *arkuk kixi* — سوزگە كىرمەيدىغان، تەرسا كىشى.

اَرْقُقْ arkuk ئارتىق ياغاچ. ئىككى تام ياكى ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىغا توغرا قويۇلىدىغان ياغاچ.

اُپْكُكْ ɵpkük هوپۇپ. چىڭىلچە.

اَمْكَكْ əmgək ئەمگەك، مېھنەت، جاپا - مۇشەققەت، ماقالدا

مۇنداق كەلگەن: اَمْگَكْ اَكِنْدا قَلْماسْ *əmgək əkində kalmas* — ئەمگەك بىكار كەتمەس. بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى ئۇلۇغ تەگرىنىڭ «اِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَيْدِى سَنِكْ اُوذُو
اَمْگَكْ تِلِمْ اِيذُو
يُمْشَرْ قَتِغْ اُوذُو
كُنْكُلُمْ سَنكا يُكْرُكْ

aydï səniŋ użu
əmgək təlim ïżu
yumxar katïoq użu
*kəŋlüm saŋa yügrük*①

[دېدى: سېنىڭ كۆيۈڭدا،
ئۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرگە (ئۇچرىدىم)،
قاتتىق توپىلىڭلەر يۇمشايدۇ،
كۆڭلۈم ساڭا يۈگرۈك (بولغاچقا).]

سۆيۈملۈكى بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدە: «بىز تەرەپكە شۇنچە ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ قانداق كەلدىڭ؟»

---

① بۇ شېئىر يازما نۇسخا 59 - بەتتىكى «آنكارْ *aŋar*» سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىرنىڭ جاۋاۋى.

دىگەنگە جاۋاپ بېرىپ: «كۆڭلۈم ساڭا تەلپۈنگەچكە، ئېگىز تاغلارمۇ پەس تۇيۇلدى» دەيدۇ.

اُمْكُكْ ɵmgük ئومگەك، لوتقا، جۇلە. بالىنىڭ بېشىدىكى قادىلغان مېگە قېپى.

آشْكَكْ əxgək ئېشەك. ئىككى تىلنىڭ بىرىدە[1] «آشْيَاكْ *əxyək*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا «ى - يا» ھەرپى تەكرارلانغان ئىككى ھەرپتىن بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇ ئەھۋال ئەرەبچىدىمۇ بار. مەسىلەن: «تَقَضَّى الْبَازِي» دىگەن ئىبارىدىكى «تَقَضَّ» سۆزىنىڭ ئەسلى «تَقَضَّضَ» بولۇپ، ئىككى «ض» بىلەنمۇ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «ثُمَّ ذَهَبَ اِلَى اَهْلِهِ يَتَمَطَّى» ۋە «وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا» دىگەن سۆزلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بار. بۇلاردىكى «يَتَمَطَّى» ۋە «دَسَّاهَا» سۆزلىرىنىڭ ئەسلى «يَتَمَطَّطُ» ۋە «دَسَّسَهَا» دۇر.

اَرْكَكْ ərkək ئەركەك، ھەربىر ھايۋاننىڭ ئەركىكى. اَرْكَكْ تَقَاغُو *ərkək takaƣu* — خوراز.

---

[1] بۇ سۆز ئوغۇز ۋە تۈرك (تار مەنىدىكى يەنى خاقانىيە تۈركلىرى دىگەن مەنىدىكى تۈرك) تىللىرىنىڭ بىرىدە، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

اِنگَكْ iŋək ئىنەك. ئوغۇزلار تاشپاقىنىڭ چىشىسىنى «اِنگَكْ» *iŋək* دەيدۇ.

بۇ باپتىكى مىساللار

اُيغُرْ uyoqur ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھەرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

ماگا مۇھەممەت چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «اِينانْ خُذْخُرَنْد *inan hużhurənd* — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل «خُذْخُرْ *hużhur*» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن «خ - *h*» ھەرپى «ا - ئېلىف»قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلەرىنىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ «ا - ئېلىف» نىڭ

«خ ـ *h*» غا ۋە «خ ـ *h*»نىڭ «ا ـ ئېلىف»قا ئالمىشىشى كوپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتاپنى يازغان مەھمۇت ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ «خَمِيْر *həmir*» دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار «آمِيْر *əmir*» دېيەلمەي، «ا ـ ئېلىف»نى «خ ـ *h*»غا ئالماشتۇرۇپ «خَمِيْر *həmir*» دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «بحر كين *həmir təgin*[1]» دەپ ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر *uyoqur*» سوزىدە كورسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە «ا ـ ئېلىف» ھەرپى «خ ـ *h*» غا ئالماشقان.

«خ ـ *h*» ھەرپى «ا ـ ئېلىف»قا ئالمىشىش بىلەن بىللە، «خذ *huź*» سوزىدىكى «ذ ـ *ź*» ھەرپىمۇ «ى ـ يا» غا ئالماشقان. بۇ «ذ ـ *ź*» ھەرپىنىڭ «ى ـ يا»غا ئالمىشىشى توپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن «خر *hur*» سوزىدىكى «خ ـ *h*» ھەرپى «غ ـ *oq*» غا ئالماشقان. «غ ـ *oq*»نىڭ «خ ـ *h*»غا، «خ ـ *h*»نىڭ «غ ـ *oq*»غا ئالمىشىشى كوپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. خۇددى ئەرەپچىدە «خَتَرَ» نى «غَدَرَ» دېگەندەك.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر:

---

① بەسمىل ئاتالايىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ سوزنى «خمير تكين *həmir təgin*» دەپ ئالدۇق.

سُٰلمِي süülmi —سۈلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قۇچو

koqu — قوچۇ، جَنْبَلِقْ qanbalik —چانبالىق، بِيش بَلِقْ

bəxbalik —بېشبالىق، يَنكِي بَلِقْ yanī balīk —ياڭى بالىق.

آيْتِشْ aytīx ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرىدىن تېپىلىق سورىشىشى.

آيْتِغْ aytïoq بىر شۇندە «آيْتِشْ aytix» مەنىسىدىكى سوز،

ئامان-ئېسەنلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى سوراشماق.

آيْرُقْ ayruk ئايرىم. «باشقا» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان

سوز. ئوغۇزچە.

آيْرِقْ ayrīk ئاجرىق ~ ئېجرىق (بىر خىل ئوت). تۈركلەر بۇنى

«اذْرِقْ azrik» دەيدۇ. ئوغۇزلار «ذ-ز» ھەرپىنى

«ى-يا»غا ئالماشتۇرىدۇ.

آيلُقْ آيْلُقْ ayluk ayluk «شۇنداق-شۇنداق» دىگەن بو-

لىدۇ. ئوغۇزچە.

بۇ باپتىكى بېشىدا ھەم ئايىغىدا «ا-ئېلىف» كەلگەن سوزلەر

آيْلا əylə شۇنداق. ئوغۇزچە. آيْلا قِلْغِلْ əylə kiloqïl — شۇن-

داق قىلغىن.

اُيْلا ɵylə چۈش ۋاقتى. ئوغۇزچە. قىپچاقلار «ى - يا» ھەرپىنى «ز - z»غا ئالماشتۇرۇپ، «اُزْلا *ɵzlə*» دەيدۇ.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

آاجْلِقْ āqlik ئاچلىق.

اَشْلَقْ axlik ئاشخانا. ئوغۇزلار بۇغداينى «اشْلِقْ *axlik*» دەيدۇ.

اَشْيَكْ əxyək ئېشەك. «اَشْگَكْ *əxgək*»مۇ دېيىلىدۇ. بۇنى «ى - يا» ھەرپى بىلەن تەلەپپۇز قىلغان نەپسرەك.

آقْيا avya ئايۋا. بىر خىل يېمىش. بىر شىۋىدە.

بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر

اِكْتُو iktü ئوي ھايۋىنى، قولدا بېقىلىدىغان مال.

آقْرُو akru ئاستا. اَقْرُو اَقْرُو *akru akru* — ئاستا - ئاستا.

آذْكُو əzgü ئەزگۈ، ياخشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُشْنِي قُنُمْ آَغِشْقا
قِلْغِلْ اَنكَرْ آغِرْلِقْ

آرتت آلب انغل
آذكو تفر اغرلق

ⱪoxnī ⱪonum oƣuxⱪa①
ⱪīlƣīl aŋar aƣīrlīⱪ
artut alīp anunƣīl
əzgü tavar oƣurluⱪ

[خولۇم - خوشنا، ئۇرۇق - تۇققانلارغا*
ھۆرمەت قىلغىن،
سوغات ئالساڭ (جاۋابەن)،
ۋاقتىدا قىممەتلىك مال تەييارلىغىن.]

ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنىلارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە؛ ئۇلاردىن سوغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىك سوغا تەييارلا.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۆر

آمشۇي amxuy ئالگىرات.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىنىڭ بۇ يېرىدە «آغش» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن يازمانۇسخا 42-بەت 15-قۇر ۋە باشقا جايلاردا «اغش» شەكلىدە يېزىلغان. توغرىسى شۇ. شۇڭا بىز «oƣux» دەپ ئالدۇق.

بۇ باپتىكى غۇننىلىكلەر

اَنْكُدُزْ əŋdüz ئەندىز. يەردىن قېزىۋېلىنىپ ئاتنىڭ قوساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَنْكُدُزْ بُلْسا آتْ اُلْماسْ *əŋdüz bolsa at* — *əlməs* ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس. چۈنكى، بۇ يىلتىزنى يانچىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ. بۇ ماقال يولۇچىنى سەپەرگە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اِنْكْلِجْ iŋliq ئىڭلاچ. سامساقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئوتى. كاۋاپ بىلەن يېيىلىدۇ.

اَنْكْلِكْ əŋlik ئەڭلىك. خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق.

اُنْكْدُنْ ɵŋdün ئالدىدا، بالدۇر. ئوغۇزلار «د – *d*» ۋە «ن – *n*» ھەرپلىرىنى تاشلاپ «اُنْكْ *ɵŋ*» دەيدۇ. ئوغۇزلاردا بۇ بىر قائىدە. اُنْكْدُنْ يُرُتْ *ɵŋdün yürüt* — (ئېتىڭنى ئالدىدا يۈرگۈز.

ئاخىرى غۇنىلىكلەر

اُلْدَنْكْ uldaŋ ئۇلتاڭ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اِتْقا اُفُتْ اَتْسا اُلْدَنْكْ يِماسْ — *itka uvut ətsə uldaŋ yəməs* ئىتقا ئۇيات كىرسە، ئۇلتاڭ يىمەس. بۇ ماقال ئۇياتچان بولۇشقا ئۈندەپ، كىشىنى يامان ئىشلاردىن قايتىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

اُژْلَنْكْ uzlaŋ (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ژ» بىلەن) ئايلەك، كىلەر. ئوغۇزچە.

اِزْدَنْكْ izdəŋ ئىزدەم. بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل تور: چەۋىقلار سۇغا قاتار تىزىلىپ، توسما ياسىلىدۇ، توسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېغىز قالدۇرۇلىدۇ، تور شۇ ئېغىزغا ئورنىتىلىدۇ، بېلىقلار تورغا كىرىش بىلەنلا، تور تارتىۋېلىنىدۇ.

آخْسُنْكْ ahsuŋ: آخْسُنْكْ آرْ *ahsuŋ ər* — جىدەلچى ئادەم، مەسىلىكتە غوغا چىقىرىدىغان ئادەم. بۇ سۆز بىر شىۋىدە «آخْسُمْ *ahsum*»مۇ دېيىلىدۇ.

بۇ باپتىكى مىساللار

آيبَنْكْ ayban ئايپاڭ. آيبنك ار *ayban ər* — ئايپاڭ باش ئادەم. چىگىلچە.

آيدِنْكْ aydïŋ ئايدىڭ.

تۇت ھەرپلىكلەر

آرِنْگانْ ərŋən[1] بويتاق. آرنگان ار *ərŋən ər* — بويتاق ئەر، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آرنكانكا آلِكْ قَرِي بُوزُنْ اُمْ تِكاماسْ — *ərŋəngə əlik kari bəzün əm tikəməs* بويتاققا ئەللىك قېرى بوزدىمۇ ئىشتان چىقماس. چۈنكى يات ئادەم ئۇنىڭغا كويۇنمەيدۇ. بۇ ماقال ئۇيلىنىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «آرْنگانْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز «ر» نىڭ ئۈستىدە ساكىن بولۇشىنى توغرا تاپتۇق.

أَفْعَالْ əf'al، أُفْعَالْ uf'al، اِفْعَلْ if'al

شەكىللىرىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەرخىل
ھەرىكەتلىك سوزلەر بابى

أَرْقَارْ arkar ئارقار. ياۋا قوينىڭ چىشىسى. مۈڭگۈزىدىن پىچاق سېپى ياسىلىدۇ.

اشبار axbar ھەلەپ. ساماننى كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ تەييار- لانغان يەم.

اِشْلَارْ ixlər خوتۇن. ئەسلى «اشيلار *ixilər*» بولۇپ، «خېنىم- لار» دېگەن بولىدۇ. ئىستىمالدا ئېيتىشقا ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن «ى-يا» چۈشۈرۈلگەن. بۇ سوز كوپلۈككىمۇ ماگد- دۇ، بىرلىككىمۇ ماگىدۇ. بۇنداق ئاتىلىشنىڭ ئۇزۇن ھېكا- يىسى بار.

اُخْشَاغْ ohxaoq ئوخشاش. اَنِكْ اُخْشَاغِي *aniŋ ohxaoqi* — ئۇنىڭ ئوخشىشى.

آرْقَاغْ arkaoq ئارقاق. رەختنىڭ ئارقىقى.

اُفْرُوغْ ovruoq سوڭەك ئۈگىسى. بۇ سوز «اغْرُوغْ *ooqruoq*»مۇ

دېيىلىدۇ. تاغنىڭ ئۈزۈلۈپ يەنە ئۇلانغان يېرىنى «اُقْرُوغْ *ovruoq*» دېيىلىدۇ.

اُقْرُوغْ ovruoq ئومۇرتقا سۆڭگىنىڭ بويۇنغا تاقاشقان يېرى. بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسى «اُغْرُوغْ *ooqruoq*» دۇر.

اُغْراغْ ooqraoq نىيەت، مەقسەت.

آنْداغْ andaoq ئانداق، شۇنداق. آنْداغْ اَيْدِمْ *andaoq aydïm* — شۇنداق دېدىم. چىگىلچە.

آنْدِغْ andïoq ئەگلەك ۋە غەلۋىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قاسقىنى.

اُبْراقْ uprak ئۇپراق، ئۇپرىغان. اُبْراقْ تُونْ *uprak ton* — ئۇپرىغان تون.

آتْغاقْ atoqak قولۇنجى. قېرىنىدا سېرىق سۇ يىغىلىش كېسىلى. بىر خىل سېرىق چېچەكنى «آتْغاقْ *atoqak*» دېيىلىدۇ. قايـ-غۇدىن رەڭگى سارغايغان كىشىلەرنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ «آتْغاقْ *atoqak*» دېيىلىدۇ.

اُجْماقْ uqmak ئۇجماق، جەننەت. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تِرْلِكْ جَجَكْ يَزِلْدِي
بِرْجِنْ يَدِمْ كَرِلْدِي

اُڠْماق يَرى كُرُلْدى

تُمْلُغْ يَنا كَلْكُوسُوزْ

türlüg qəqək yazildi
barqin yazim kərildi
uqmak yəri kərüldi
tumluoq yənə kəlgüsüz

[تۈرلۈك چېچەك يېزىلدى،
(گويا) كىمخاپ سېلىنچا سېلىندى،
جەننەت يېرى كورۇلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.]

باھارنى تەرىپلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تۈرلۈك گۈل-لەر ئېچىلدى، (يەر يۈزى) گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى؛ گويا جەننەت يېرى كورۇلدى، ھاۋا ئىسسىدى، سوغاق بارسا كەلمەسكە كەتتى.

آخْساقْ ahsak ئاخساق.

آرْتاقْ artak ئارداق، بۇزۇق، بۇزۇلغان. آرْتاقْ نانْكْ — *artak nəŋ* بۇزۇق نەرسە.

اُرْغاقْ oroqak ئوغاق.

اُغْراقْ ooqrak ئوغراق. چېگرىدىكى «قَرا يِغاجْ — *kara yïoqaq* قارا يىغاچ» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ئولتۇراقلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى.

آغلاق aoqlak: آغلاق يېر *aoqlak yər* — ئاخلاق يەر، خالى يەر.

اُغلاق ooqlak ئوغلاق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُغلاق يِلِك سِز اُغلان بِلِك سِز — *ooqlak yiliksiz ooqlan biliksiz* — ئوغلاق يىلىكسىز، بالا بىلىمسىز.

اِستاك istək ئىستەك، ئىشتىياق. اِستاك قُبتى *istək kopti* — ئىستەك قوپتى، ئىشتىياق تۇغۇلدى.

اُستاك üstək ئۈستەك. مەسلەن: مېنىڭ ئۈستىگە يۈزنى ئۈستىلەپ بېرىش. مَن اُستاك بيرْدِم *mən üstək bərdim* — مەن ئۈستەك بەردىم.

اُبلان өplən ھوپلەن، ھوپىگەن. چاشقان جىنسىغا كىرىدىغان كىچىك بىر جانىۋار.

آرغون aroqun ئارغۇن، ئاغمىخان. چاشقان جىنسىغا كىرىدىغان، ئۇزۇنلۇقى يېرىم گەز كېلىدىغان بىر جانىۋار. تام يېرىقلىرىدىن قۇچقاچلارنى ئوۋلايدۇ، قويغا ئېتىلسا، قوي-نىڭ گوشى سارغىيىدۇ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە ئېتىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆيدۈگى تۇتۇلىدۇ.

آلتون altun ئالتۇن.

اُمكان өmgən ئومگەن، گۆرەن تومۇرى.

اِنْگَانْ ingən هىنگان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اِنگانْ اِنگْرَسا بُتُو بُزْلارْ — ingən iŋrasa botu bozlar — هىنگان ئىڭ-رىسا، بوتا بوزلار. بۇ ماقال ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېهرىۋانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

بۇ باپتىكى مىساللار

اُيْناشْ oynax ئويناش، ئوينىشى بار خوتۇن.

اُيْناقْ oynak ئويناق. اُيْناق اِشْلارْ oynak ixlər — ئويناق خوتۇن، شوخ خوتۇن.

آيْرانْ ayran ئايران، قېتىق.

«و-ۋاۋ» ھەرپى قوشۇلغان سوز

اُيْناغُو oynaƣu: اُيْناغُو يِيرْ oynaƣu yər — ئوينايدىغان يەر.

بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

اُلْيانْ ulyan ئولەن. خۇش پۇراق بىر ئوسۇملۇكنىڭ يىلتىزى، يىگىلى بولىدۇ.

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

آرنكاك ərŋək بارماق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بيش آرنكاك تۇز آرماس —بەش بارماق *bəx ərŋək tüz ərməs* تەڭ. شى ئەمەس. بۇ «ئادەملەرمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دىگەن بولىدۇ.

اۇرنكاك ürŋək ئۈركەك. چالا پىشقان هاك.

فَعال fəal ۋە فَعُول fəul شەكلىدىكى سوزلەر بابى

آلوج aluq ئالۇچا①.

اُلار ular ئۇلار②.

---

① بۇ سوز ئەرەپچە «البَرُود» دەپ ئىزاهلانغان، بۇنىڭ بىر مەنە-سى «سوۋۇتۇلغان نەرسە»، يەنە بىر مەنىسى «مولدۇر». بۇ مەنىلەر بۇ يەرگە توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭا بىروككېلمان «بۇ سوز خاتا يېزىلغان بولسا كېرەك، توغرىسى "البَرقوق —ئەي-نۇلا" بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. «آلوج *aluq*» سوزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئالۇچا» شەكلىدە ساقلانغان.

② «الار» سوزى ئەرەپچە «يعقوب— ئەركەك كەكلىك» دەپ ئىزاهلانغان. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلار» بىلەن «كەكلىك» باشقا - باشقا نەرسە.

اۇسۇزْ usuz ئۇيقۇسىز. اۇسۇزْ كِشى usuz kixi — ئۇيقۇسىز كىشى.

اِسِيزْ əsiz كەپسىز، بەگۇاش بالا.

آذِيزْ əziz ئېگىز. ھەر نەرسىنىڭ ئېگىزى.

آكِيشْ əgix ئەگۈش، داشقال. مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە قېپ-قالغان چىقىندىلار.

اِكِيشْ igix شاش ھايۋان.

آڤاكْ əvək ئالدىراڭغۇ. آڤاكْ آرْ əvək ər — ئالدىراڭغۇ ئادەم.

آلُوكْ əlük مەسخىرە، ھەزىل.

اُلاغْ ulaq ئۇلاغ. بەگنىڭ بۇيرۇغى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان تېز پوچتىچىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى.

اُلاغْ ulaq ئۇلاق. كېيىمگە سېلىنغان ئۇلاق.

اُخاقْ uhak ئۇرۇك قېقىنىڭ شىرنىسى. بۇ ئېچىلىدۇ.

اُشاقْ uxak سۆخەنچىلىك. اُشاقْ سُوزْ *uxak səz* — ئۇششاق سۆز، غەيۋەت.

ئُسالْ osal[1]: ئُسال كِشِى osal kixi — بىپەرۋا كىشى.

اِنالْ inal ئانىسى ئىسلزادە، ئاتىسى ئاددى خەلقتىن بولغان
پاشلار شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ بىر قائىدە.

ئُجانْ uqan ئىككى يەلكەنلىك كېمە، قىيچاقچە.

بۇ باپتىكى مىساللار

ئَيَاسْ ayas ئاياز، تىنىق، ئوچۇق. ئَيَاس كُوكْ ayas kok —
ئوچۇق ھاۋا، سۈزۈك ئاسمان. چىرايلىق قۇللارمۇ «ئَيَاسْ
ayas» دېيىلىدۇ.

ئُتُونْ utun پەس، پەسكەش.

توت ھەرپلىكلەر

ئُكَاىْ ogəy ئۆگەي. ئُكَاىْ آتا ogəy ata — ئۆگەي ئاتا.
ئُكَاىْ اُغُلْ ogəy oqul — ئۆگەي ئوغۇل. ئُكَاىْ قِيزْ
ogəy kiz — ئۆگەي قىز.

[1] ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز كۆپرەك «يامان، ناچار»
دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

أُماىْ umay ئۇماي، ئەش، يولداش، ھەمرا. ئاياللارنىڭ كوزى يورۇغاندا، بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: أُمايْقا تَبِنْسا اُغُلْ بُلُوْرْ *umayka tapïnsa* — *oqul bulur* ئەشكە تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار. كىم تۇغۇت ئېشىغا خىزمەت قىلسا، ئوغۇللۇق بولىدۇ. خوتۇنلار بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ.

فَعْلى fə'la شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

آرْبا arpa ئارپا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آرْباسِزْ آتْ آشُوماسْ آرْقاسِزْ آلْبْ جَرِيكْ سِيُماسْ *arpasïz at* — *axumas arkasïz alp qərik sïyumas* ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس. بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئۆز-ئارا ياردەملىشىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

اُرْتُو ortu ئورتا، ئوتتۇرا. ھەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى. اُرْتُو آرْ *ortu ər* — ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم. آقْ اُرْتُوسِي *əv* — *ortusï* ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى. كُونْ اُرْتُو *kün ortu* — چۈش ۋاقتى. چىڭقىلچە.

اَرْتا ərtə[1] ئەرتە، ئەتىگەن.

آرْجِي arqi بوخچا، خالتا.

اُرْدُو ordu ئوردا، خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خاقان-
لار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى «اُرْدُو كَنْد *ordu kənd* — ئوردۇكەنت» دېيىلىدۇ.

اُرْدُو ordu ئوردۇ. بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر، بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قُوز اُرْدُو *kuz ordu* — قۇز ئوردۇ» دېيىلىدۇ.

اُرْدُو ordu : اُرْدُو بَشِي *ordu baxi* — ئوردا بېشى، خاقاننىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغۇچى.

اُرْدُو ordu ئوردۇ. چاشقان ۋە كۈسۈتكىگە ئوخشاش يەر ئاستىدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىنى، ئۇۋىسى.

اُرْدُو ordu : اُرْدُو تال *ordu tal* — ئوردۇ تال. تۈك چۈشۈرۈش-
كە ئىشلىتىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى. بۇ سوز ئىككى تىلنىڭ بىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

اَكْدُو əgdü ئەگرى پىچاق. قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى پىچاق.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «اِرْتا» شەكلىدە يېزىلغان. بىز فەتھەلىك ئالدۇق.

اَكْدِي əgdi قۇشخانا، گوداڭ. مال سويۇلىدىغان جاي.

آمْدِي əmdi ئەمدى. اَمْدِي كَلْدِمْ əmdi kəldim — ئەمدى كەلدىم. ئوغۇزلار «ا - ئېلىق» ھەرپىنى كەسرە بىلەن ئوقۇپ، «اِمْدِي imdi» دەيدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُبْكَمْ كَلِبْ اُغْرَدِمْ
اَرْسْلَنْ لَيُو كُكْرَدِمْ
اَلْبْ لَارْ بَشِنْ تغْرَدِمْ
اَمْدِي مَنِي كِمْ تُتَارْ

økəm kəlip oqradim
arslanlayu køkrədim
alplar baxin toqradim
əmdi məni kim tutar

[قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھوكىرىدىم،
باتورلار بېشىن توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار.]

غەزىۋىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھوكىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، «قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ» دەپ ۋاقىرىدىم.

اُمْدُو umdu ئۇمتۇلۇش، تىلەك، تاما. اُمْدُوجى *umduqi* — تىلەمچى.

آنْدا anda ئاندا، ئۇ يەردە.

اُبْرِى opri ئوپۇر، ئوپۇرۇلغان يەر، ئورا.

اُتْرا otra ئوتتۇرا. ھەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى. بۇ سۆز «اُرْتُو *ortu*» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن.

آيْرُو ayru ئايرىم، باشقا. مُونِى تِيلَامَسَا سَنْ آيْرُو نَا كَرَكْ *muni tiləməsə sən ayru nə kərək* — بۇنى خالىمىساڭ، ساڭا باشقا نېمە كېرەك؟

آذْرِى aźri ئارا. ئىككى ئاچلىق ھەربىر نەرسىمۇ «آذْرِى *aźri*» دېيىلىدۇ. آذْرِى بُتْلُغْ *aźri putluq* — ئارا پۇتلۇق، قايچا پۇت ئادەم.

اُتْرُو utru ئۇتتۇرا، ئۇدۇل. اُلْ مَنْكَا اُتْرُو كَلْدِى *ol maŋa utru kəldi* — ئۇ ماڭا ئۇتتۇرا كەلدى.

آسْرا asra ئاست.

اِسْرا isrə تۆۋەن، كېيىن. اُلْ آنْدَنْ اِسْرا اُلْ *ol andan isrə ol* — ئۇ ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئۇ.

آسْرِى asri قاپلان. ئالا ئاغامچا «آسْرِى يِشِغْ *asri yixiq*»

دېيىلىدۇ. ئىككى رەڭلىك ھەربىر نەرسىمۇ قاپلان رەڭگىگە ئوخشىتىلىپ «اَسْرِي asrï» دېيىلىدۇ.

اُغْرِي ooqri ئوغرى. بۇ سۆزدە «غ - oq» ھەرپى ئەسلىدە كەسرىلىك ئىدى؛ يېنىكلىتىپ ساكىنلىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. خۇددى ئەرەپچىدە «اِبِلّ» سۆزى «اِبْلّ» ۋە «اُذُنّ» سۆزى «اُذْنّ» تەلەپپۇز قىلىنغىنىدەك. بُو نَانْكْ اَنِكْ اُغْرِي اُلْ bu nəŋ aniŋ ooqri[1] ol — بۇ نەرسە ئۇنىڭدىن تۇۋەن ئۇ.

اَكْرِي əgri ئەگرى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يِلَانْ كَنْدُو اَكْرِيسِينْ بِلْمَاسْ تَفِي بُويْنِنْ اَكْرِي تِيرْ — yïlan kəndü əgrisin bilməs təvi boynïn əgri tər يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگە بويىنىنى ئەگرى دەر. بۇ ماقال ئۆزىدە ئەيىپ تۇرۇغلۇق باشقىلاردىن كۈلىدىغان غەيۋەتچىلەرگە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

اُكْرا ügrə ئۈگرە. سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى. ئۇ چۈپتىن سۈلۈق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ.

اَلْرِي əlri ئەلتىرە، ئوغلاق تېرىسى. «د - d» ھەرپى قوشۇلۇپ «اَلْدِرِي əldiri»مۇ دېيىلىدۇ.

---

① بۇ «ئوغرى» سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن مىسال بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى «ئوغرى» سۆزى «ئوغرى» دېگەن مەنىنى ئەمەس، «تۆۋەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

اُژرو arzu[1] ئارجۇ، چىشى چىلبۆرە (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن). بىر تۈركۈم ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئەتراپىغا توپلانسا، «كِشِي اَژرولیو قُردي «*kixi arzulayu kordi*[2]» دېيىلىدۇ. «كىشىلەر خۇددى چىلبۆرىلەر ئادەمنى يېگىلى ئولاشقاندەك قورشى-دى» دېگەن بولىدۇ.

اَرسو arsu پەس، قەدىرسىز نەرسە. ئوغۇزچە.

اَرغو aroqu ئىككى تاغ ئارىسى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ «اَرغو *aroqu*» دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا.

اُرغا uroqa ئېگىز دەرەخ. ئوغۇزچە. ئارغۇ تىلىدىمۇ شۇنداق.

اِمغا imoqa مال (سېلىق) يىغىدىغان ئەمەلدار.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ يېرىدە «ازرو» شەكلىدە يېزىل-غان. 618 - بېتىدە بولسا «اَرژولیو» شەكلىدە كەلگەن. بىز شۇنىڭغا ئاساسەن «اَرژو *arzu*» شەكلىدە ئالدۇق.

② بۇ سوز يازما نۇسخىدا ئاۋال «قُرى» يېزىلىپ، كېيىن «قُردي» قىلىپ تۈزىتىلگەن، لېكىن «د - *d*» ھەرپى ئۇچۇق ئەمەس. بىز دەزە ئېتىۋارى بىلەن «قُردي *kordi*» بولغىنى توغرا دەپ ھېسابلىدۇق.

اَنغا anoqa ئاڭقا. انغا آرْ — *anoqa ər* ئاڭقا ئادەم، يارىماس
ئادەم. ھەرقانداق كېرەكسىز، يارىماس نەرسىنىمۇ «انغا
anoqa» دېيىلىدۇ.

اِرْڤِي irvi : اِرْڤِي قُلاقْ — *irvi kulak* ئۇچلۇق، ئۇزۇن قۇلاق.

اِرْڤِي irvi كېسەللەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل ھىندىستان دورىسى.

آرْقا arka ئارقا، دۈمبە.

آرْقا arka ياردەمچى، يۆلەكچى. قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە
ياردەم بېرىدىغان ئادەم. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
اَرْقاسِزْ آلْپْ جَرِكْ سِيُوماسْ — *arkasiz alp qərik*
siyumas ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.

اُپْكا əpkə ئۆپكە.

اُپْكا əpkə ئۆپكە، غەزەپ. چۈنكى غەزەپ ئۆپكىدىن چىقىدۇ.

بۇ سۆز ئەرەپچىدە «يامغۇر»نى «سَمَاء — ئاسمان» دېگەنگە
ئوخشاش، كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

اُتْكِي ətki بەدەل، ھەق. چىگىلچە. بُو آتْقا اُتْكِي بِيرْدِمْ
— *bu atka ətki bərdim* بۇ ئاتنىڭ بەدىلىنى بەردىم.

آجْكُو əqkü ئۆچكە.

اِچْكُو iqkü ئىچكۈنۈك، ئىچىمىزدىكى نەرسە.

آذْكُو əżgü ئەزگۈ، ياخشى، چىرايلىق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكْلسا كشي آتْما انكارْ اُرْتَرْ كُلا
بَقِلْ انكارْ آذْكولُكُنْ آغْزِنْ كُلا

kəlsə kixi atma aŋar ərtər külə
bakkil aŋar əżgülükün aqzin külə

[(ساڭا بىر) كىشى كەلسە، ئۇنىڭ (يۈزى)غا ئورتەيدىغان
كۈل چاچما، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن كۈلۈپ قارا.]

ساڭا بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ كەلسە، ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق كۈل چاچما، ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن ياخشى كۈتۈۋال.

آرْكي ərki شۈبھە، گۇماننى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. اُلْ كَلِرْمُو آرْكي *ol kəlirmu ərki* — ئۇ كېلەرمىكىن؟ بۇ سۆز سوئالنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ.

اُرْكُو ərkü ئوركەچ. توگىنىڭ لوككىسى.

آسْكُو əskü ئوتكەمە.

آسْكي əski ئەسكى، كونا. آسْكي تُونْ *əski ton* — ئەسكى تون، كونا تون.

اُلْكُو ülkü ۋەدە، ئەھد.

آلْكا əlkə: آلْكا بُلاقْ *əlkə bulak* — ئەلكە بۇلاق. بىر تۈرك
قەبىلىسىنىڭ ئىسمى.

اُغْلا ooqla يىگىت. ئارغۇچە.

اُغْلِي ooqli قەشقەردە تېرىلىدىغان تائىلىق ئاق سەۋزە.

آذْما aźma: آذْما يِلْقِي *aźma yilki* — قېرىپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، ئىشلەتمەي قويۇپ بېرىلگەن يىلقا.

اُرْما ørmə: اُرْما سَچْ *ørmə saq* — ئورۇمە چاچ.

اَزْمانْ azma① ئازما. تاشقىنىڭ تېرىسى يېرىلىپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن چاپالمايدىغان قوچقار.

اُژْما üzmə ئۈژمە (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدى-
غان « ز » بىلەن).

اُسْمِي üsmi: اُسْمِي تَرِمْ *üsmi tarim* — ئۈسمى تارىم. ئىسلام
ئېلىدىن② ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا. بۇ

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا ئاۋال «اَزْما» دەپ يېزىلىپ، كېيىن «اَزْمان»
قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ۋەزن ئېھتىۋارى بىلەن «*azma*» بولغىنى توغرا.

② ھازىرقى تارىم دەرياسى. ئۇ زاماندا كۇچانىڭ غەرپ تەرىپە-
دىكى ئاھالە ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاچقا، ئىسلام دىنىغا
تېخى كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۇرۇلۇپ «ئىسلام
ئېلى» دەپ ئاتالغان.

دەريا شۇ يەردە قۇەقا سىڭىپ كېتىدۇ.

اَكْما əgmə ئەگمە. ئۈينىڭ ئەگمىسى.

اُكْما ügmə : اُكْما تُبْراق *ügmə toprak* — توپىلانغان توپراق. ھەرقانداق توپىلانغان نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

اَلْما alma ئالما. ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇنى «اَلْـمِلا *almīla*» دەيدۇ.

اُلْما olma كوزا.

اُتْنُو ɵtnü ئۆتنە. مَنْ يَرْمَاقْ اُتْنُو بِيرْدِمْ *mən yarmak* — *ɵtnü bərdim* مەن يارماق ئۆتنە بەردىم.

اَشْنُو axnu ئىلگىرى، ئاۋال. مَنْ اَنْدَاً اَشْنُو كَلْدِمْ *mən* — *andan axnu kəldim* مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلدىم.

اَنْدا anda ئاندا، ئۇ يەردە. ئوغۇزلار بۇ سوزنى «كېيىن» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەندە، «ا ـ ئېلىف» ھەرپىنى «ن ـ *n*»غا ئالماشتۇرۇپ، «*andan*» دەيدۇ. پەقەت «ئۇ يەردە» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەندىلا، باشقىلارغا ئوخشاش قوللىنىدۇ.

«ا ـ ئېلىف»نى «ن ـ *n*» غا ئالماشتۇرۇش ئەرەب-چىدىمۇ بار. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھېكايىسىدە ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتقان «وَمَارَبُّ الْعَالَمِينْ» دېگەن ئىبارىدە «ما»دىكى «ا ـ ئېلىف» «ن ـ *n*» بىلەن ئالماشقان. چۈنكى ئەقىل ئىگىلىرىگە قويۇلغان سوئالدا «ماھذا—بۇ نىمە؟» دېيىلـ-

مەستىن، «مَنْ هذا ــ بۇ كىم؟» دىيىلىدۇ. يەنە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «لَنَسْفَعاً بِالنّاصِيَةِ» دىگەن ئىبارىسىدىمۇ «ن ـ n» ھەرپى «ا ـ ئېلىف» قا ئالماشقان. «أعْشى ə'xa» ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئرىدىمۇ شۇنداق بولغان:

وَلاَ النّصْبَ الْمَنْصوبَ لا تَعبُدَنّهُ

لِعاقِبَةٍ وَاللّهَ رَبَّكَ فَاعْبُدا

بۇ يەردىكى «فَاعْبُدا» سوزى ئەسلىدە «فَاعْبُدَنْ» بولۇپ، «ن ـ n» ھەرپى «ا ـ ئېلىف»قا ئالماشقان.

فَعْلى fə'la شەكلىدىكى سوزلەر بابى

اِكي iki ئىككى.

فُعُلْ fuul شەكلىدە «ج-q» بىلەن ياسالغان غۇنىلىك سوزلەر بابى

اُتُنْجْ ətünq ئۆتنە، قەرز. مَنْ اَنكارْ يَرْماق اُتنج بِيرْدِمْ mən aŋar yarmak̡ ətünq bərdim ــــ مەن ئۇنىڭغا يارماق ئۆتنە بەردىم.

اُوتنْج utunq : اُوتنْج اِيشْ *utunq ix* — ئۇياتلىق ئىش. بۇ
سوزنىڭ ئەسلى «ئۇۋات، ئۇيات، ھايا» مەنىسىدىكى
«اُڤْت *uvut*» تۇر.

اُجنْج üqünq ئۈچىنچى.

اِكنْج ikinq ئىككىنچى. ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ تومۇرىغا
ئۇنىڭ ئوزىدىن ئاۋالقى ساننىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ۋە
مەلۇم نوۋەت تەرتىۋى بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلدۇرۇش
ئۈچۈن، ئاۋال «ن - *n*»، ئاندىن «ج - *q*» ھەرپلىرىنى
قوشۇش بىر قائىدىدۇر: «تورْتِنْج *tort.nq* — تۆتىنچى،
بِيشْنْج *bəxinq* — بەشىنچى» دىگەنگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ
ئەسلى «تورْتْ *tort*» بىلەن «بِيشْ *bəx*» ئىدى، يۇقۇ-
رىدىكى مەنىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، تومۇرغا ئاۋال «ن - *n*»،
ئاندىن «ج - *q*» ھەرپلىرى قوشۇلغان. بۇنى ھەرقانداق
ساننىڭ تومۇرىغا قوشۇشمۇ مۇمكىن: اُونْج *onunq* — ئو-
نىنچى، يِكِرْمِنْج *yigirminq* — يىگىرمىنچى (بۇ «ئون
توققۇزدىن كېيىن كەلگەن» دىگەن بولىدۇ) دىگەندەك.
بۇ ئوزگەرمەس قائىدە.

آرِنْج ərinq «ئېھتىمال، بەلكى» مەنىسىدىكى سوز. اُلْ كَلْدِي
آرِنْج *ol kəldi ərinq* — ئۇ كەلدى بولغاي، ئۇ بەلكى
كەلگەندۇر.

اُرُنْج urunq پارا.

اِرِنْج ərinq راھەت، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش. بەزى شىۋىلەردە ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز» بىلەن «اِرِنْژ» ərinz دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

آفِنْج avinq ئاۋۇنماق، كونۇكمەك. اُلْ مَنكا اَفِنْدِي ol maŋa avindi — ئۇ ماڭا كونۇكتى.

اِكِنْج ikinq① ئىككىنچى.

اُكُنْج əkünq ئوكۇنچ، پۇشايمان. اُلْ تَلِمْ اُكُنْج اُكُنْدِي ol təlim əkünq əkündi — ئۇ تولىمۇ ئوكۇندى.

اُكُنْج əgünq ماختىنىش. بُو اِيشْكا نا اُكُنْج كَرَكْ bu ixkə nə əgünq kərək — بۇ ئىشقا ماختىنىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

آيِلِنْج aylinq : آيِلِنْج يُولْ aylinq yol — ئايلانما يول. ھەرقانداق قىڭغىر نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

اِلَنْج ilənq جېمىلىش، تەنە، تاپا. مەسلىھەت بەرگۈچىنىڭ مەسىلىھەتى خاتا بولۇپ قالسا، تەنە قىلىنىش.

اُمُنْج umunq ئۈمۈلۈش ~ ئۈمۈنۈش، ئۈمىت. امنج تَنكْرِي كا تُتْ

① بۇ سۆز موشۇ باپتا ئىككى قېتىم بېرىلىپ قالغان.

ئۇمىدىڭنى تەڭرىگە باغلا. — umunq tənrigə tut

ئُنُنْجْ onunq ئونىنچى. ئُنُنْجْ يَرْمَاقْ onunq yarmak — ئونىنچى يارماق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

اِنَنْجْ inanq ئىشەنچ، ئىشەنچلىك. اِنَنْجْ بَكْ inanq bəg — ئىشەنچلىك بەگ.

بۇ باپقا كىرىدىغان فَعِنْلى fəinla شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سوزلەر

آتِنْجُو atīnqu: آتِنْجُو نانْكْ atīnqu nəŋ — ئېتىلغان نەرسە، تاشلانغان نەرسە.

اِتِنْجُو itinqü ئىتتىرىلگەن. اِتِنْجُو نانْكْ itinqü nəŋ — ئىتتىرىلگەن نەرسە، يوقىتىلغان نەرسە.

اِذِنْجُو īzīnqu قويۇۋېتىلگەن، بوش. اِذِنْجُو سَخْ īzīnqu saq — قويۇۋېتىلگەن چاچ، ئەرلەرنىڭ كېيىن قويۇپ بەرگەن چېچى. بۇ سوز باشقا نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يۇك ئارتىلماي ئوز ئىختىيارىچە قويۇپ بېرىلگەن يىلقىمۇ «اِذِنْجُو يِلْقِي īzīnqu yīlki» دېيىلىدۇ.

اَرِنْجُو arīnqu گۇنا.

ئاۋىنجو avinqu ئاۋۇنچۇق. ئاۋىنجو نانىڭ *avinqu nən* — ئاۋۇن-
چۇق نەرسە، كوكۈلنى ئالىدىغان نەرسە. شۇنىڭ ئۈچۈن
چورىلەرمۇ «ئاۋىنجو *avinqu*» دېيىلىدۇ.

ئاقىنجى akinqi ئېقىنچى. كېچىسى بېرىپ دۈشمەننى باسىدىغان
ئەسكەر.

بۇ باپتىكى «ك» بىلەن ياسالغان
غۇنىلىك سوزلەر

ئابىنىڭ abaŋ ئەگەر. ئابىنىڭ سەن بەرسا سەن *abaŋ sən barsa sən* —
ئەگەر سەن بارساڭ.

ئوتىنىڭ otuŋ ئوتۇن.

ئۆرىنىڭ ürüŋ ئۈرۈن ~ يۈرۈن. ھەرقانداق ئاق نەرسە. ئوغۇزلار
«ئاق *ak*» دەيدۇ.

ئۆرىنىڭ ürüŋ ئاق داغ. ئوسمۇرلەرنىڭ تىرنىقىدا چۈشىدىغان ئاق.
ئۇ «تىرناق ئۆرىنىڭى *tïrŋak ürüŋi*» دېيىلىدۇ.

ئۆرىنىڭ ərüŋ ئۇرۇم. پالچىقا بېرىلىدىغان ھەق. ئەلىك ئۆرىنىڭى بېر
əlik ərüŋi bər — قول ھەققى بەر.

اُرَنْكْ ürəŋ ئۈرەك. رۇم ئېلىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا يېقىن بىر جاينىڭ نامى. توغرىسى «وَرَنْكْ» *wərəŋ* دۇر.

اِرِنْكْ irīŋ ئىرىڭ ~ يىرىڭ.

اُشَنْكْ üxəŋ : اُشَنْكْ تَاش *üxəŋ tax* — سىلىق تاش. باشقا بىر شۋىدە «يُشَنْكْ» *yüxəŋ* »مۇ دېيىلىدۇ.

آلَنْكْ alaŋ ئالاڭ، ھاللاڭ، ئوچۇقچىلىق. آلَنْكْ يَزِى *alaŋ yazi* — تۈز يېزىق، ئالاڭ مەيدان. بۇ سۆز «ئوچۇق قوۋۇق» دېگەن مەنىدىكى «آنِكْلْ» *anīl* سۆزىنىڭ ھەرپ ئالماشقان شەكلى.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

آنْكَكْ əŋək ئېڭەك. ئېغىزنىڭ ئىككى يېنىدىكى زاڭاق.

آنْكَكْ əŋək خوتۇنلار بۆركەنچىسىنىڭ بوقۇچى.

اُنِكْكْ eŋik چۇپۇر چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئوچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى. اُنِكْ يُرْكَيَكْ *eŋik yergəyək* — ئۇلانما چاچ. بۇ سۆز ئەسلىدە «باشقا» دېگەن مەنىدىكى «اُنِكِي» *eŋi* سۆزىدىن ئېلىنغان.

ئُڭۈكْ өŋük بۆپۆك. تەكىيىنىڭ بېشىغا بەكتىلىدىغان يىپەك جالا.

بۇ باپتىكى توت ھەرپلىكلەر

ئُڭي өŋi باشقا. بۇ سوزدىكى «ى - يا» ھەرپى «ن - n»نىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇنىڭ ئەسلى «ئُڭنْ»өŋin دۇر. بۇ ھال ئەرەپچىدىمۇ بار. ئەرەپلەر «ەوكتى» مەنىسىدىكى «اِنْكَمَنَ» سوزىنى «اِنْكَمي»مۇ دەيدۇ.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

آرَنكَيُو ərəŋəyü ئېرىڭاي. ئالتە بارماقلىق ئادەم.

آرَنكَيُو ərəŋəyü پارپا. بويى ئىككى گەز كېلىدىغان پەتەك ئادەم.

fialu فَعالُو، fualu فُعالُو، fəalu فِعالُو شەكىللىرىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

ألاتُو ulatu بۆرۆن ئەرتىدىغان يىپەك قولياغلىق. قويۇنىدا ساقلىنىدۇ.

آلاجو alaqu ئالچۇق، كەپە.

آباجي abaqï ئالۋاستى، هۇجۇ. بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن «آباجي كَلْدي *abaqï kəldi* — هۇجۇ كەلدى» دېيىلىدۇ.

آغجي aqïqï ئاغىچى. يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى، خەزىنىچى.

اُلاغو ulaqu: اُلاغو ناناڭ *ulaqu nəŋ* — ئۇلاق بولىدىغان نەرسە، ئۇلاقلىق.

اُليغو uliqu هۇلايدىغان چاغ. بُو اُغُر اُلْ بُرى. اُليغو *bu oqur ol bəri uliqu* — بۇ بورىلەر هۇۋلايدىغان ۋاقىت.

آباقي abakï قارانچۇق. كوز تەگمىسۇن دەپ باغ ۋە كوكتاتلىقلارغا قاداپ قويۇلىدىغان قارانچۇق.

آتاقي atakï «ئاتىكام» دىگەن مەنىدە بولۇپ، سويۈمچانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

اِتاكو itəgü تۈگمەندە ئۈستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلىدىغان ياغاچ قۇلاق. ئۇنى يىرىكرەك تارتماقچى بولغاندا، بۇ قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن تاش بىر ئاز كوتىرىلىدۇ، يۇمشاق تارتىش زورۇر بولغاندا، تۈگمەن تېشى بۇ قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئاز تۆۋەن چۈشۈرۈلىدۇ.

ئِجاكُو iqəgü ئىچ - قېرىن، قوساق بوشلۇغىغا جايلاشقان ئەرسىلەر.

ئۇلىكا ülikə يوگىمەچ ئوت.

ئِناكُو inəgü كىندىك ئۇدۇلىدا پەيدا بولىدىغان يەل سانجىقىغا ئوخشاش بىر خىل كېسەل.

ئاباكِي abalï[1] بىر نەرسىنى «ئاز بولۇپ قالدى» دەپ بىلگەندە ئىشلىتىلىدىغان سوز («كەم بولار» دىگەندەك).

ئانُومِي anumï موخۇ كېسىلى.

ئِكاما igəmə بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋاۋى، قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ.

بۇ باپتىكى بېشىدا «ا - ئېلىف»، ئايىغىدا «و - ۋاۋ» كەلگەن سوزلەر

ئَاياكُو əyəgü يان، چېدىرنىڭ يانلىرىمۇ «ئَاياكُو *əyəgü*» دىيىلىدۇ. تاغنىڭ ئوتتورىسىدىكى ئېگىز يەرمۇ «ئَاياكُو يىير *əyəgü yər*» دىيىلىدۇ.

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا «آباكِي» شەكلىدە يېزىلغان. بىسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسەن، بىز بۇ سوزنى «ئاباكِي *abalï*» شەكلىدە ئالدۇق.

ئاخىرىدا «ن - n» كەلگەن سۆزلەر

اشجان axïqan① ئاشچان، چىنغا بارىدىغان يول ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان بىر شەھەر.

آلُوچِينْ aluqïn يىگىلى بولىدىغان بىر خىل بوغۇملۇق ئوت.

اُرمْ ذُونْ urumżun بوياق.

اُراغُونْ uraqun ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل دورا.

اُتُوكانْ ötükən ئۆتۈكەن، تاتار (موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەر- نىڭ نامى، ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

آلْمِلا almïla ئالما.

آرْمَكُو ərməgü ئېرىنچەك، ھورۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

آرْمَكُوكا بُلِتْ يُكْ بُلُورْ — *ərməgügə bulït yük bolur*

ئېرىنچەككە بۇلۇت كۆلەڭگۈسى يۈك بولار.

---

① بۇ سۆزگە يازما نۇسخىدا ھەرىكە قويۇلمىغان. بىز «*axïqan*» دەپ ئالدۇق.

أُغْلاغُو ooqlaoqu توقچىلىقتا ئۆسكەن ئادەم. أُغْلاغُو قاتُون ooqlaoqu katun —— دولەتمەن خوتۇن.

أُخْشاغُو ohxaoqu ئويۇنچۇق. خوتۇنلارمۇ «أُخْشاغُو ohxaoqu» دېيىلىدۇ.

آفاعُولْ əfaul شەكلىدە هەر خىل هەرىكلىك سوزلەر بابى

آرُوباتْ arubat تەمىر ھىندى.

أُراغُوتْ uraoqut ئايال.

آرامُوتْ aramut ئارامۇت. ئۇيغۇر ئىلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى.

آرامُوتْ aramut ئارامۇت. بىر يەرنىڭ نامى.

اِقِيلاجْ īkīlaq شوخ، يۈگرۈك ئات. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اَلْبْ اَرِكْ يَغْرِتْما اِقِيلاجْ اَرْقاسِنْ يَغْرِتْما — alp ərig yavrītma īkīlaq arkasīn yaqrītma باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگرۈك ئاتنى يېغىر قىلما. باتۇر ئەرنى ھالسىزلاندۇرما، يۈگرۈك ئاتنىڭ ئۇچىسىنى يېغىر قىلما.

بۇ ماقال بىلەن ئاقساقاللار بەگلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ،
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ايكيلاچِمْ اَرِكْ بُلْدي
اَرِكْ بُلْغو يَري كُرْدي
بُلِتْ اُورُبْ كُوكْ اُرْتُلْدي
تُمَنْ تُورُبْ تُلي يَغْدي

ïkilaqïm ərik boldï
ərik bolqu yəri kərdi
bulït ərüp kək ərtüldi
tuman turup tolï yaqdï

[تۆلپارىم يۈگرۈك بولدى،
يۈگرۈك بولۇشنى مۇناسىپ كۆردى،
بۇلۇت چىقىپ كۆك (ئاسمان) قاپلاندى،
تۇمان تۇرۇپ، تولى ياغدى.]

شوخ ئىتىم تېزلىك بىلەن چاپتى، بەيگىدە ئۆزۈپ چىقتى، شۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆردى، چۈنكى بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ، تۇمان تۇپىلاندى، تولى (مۆلدۈر) ياغدى.

آلاوانْ alawan تىمساخ.

آَفْعَلاَنْ əf'əlan شەكلىدىكى سوزلەر بابى

آَرْبَغاَنْ arpaƣan ئارپىخان. ئارپىغا ئوخشاش بىر ئوسۇملۈك. باشىقى بولسىمۇ، دېنى بولمايدۇ.

آَرْمَغاَنْ armaƣan ئارماغان. سەپەردىن قايتقان كىشىنىڭ ئۆرۈق - تۇققانلىرىغا ئېلىپ كەلگەن سوغىسى. ئوغۇزچە. بۇ سوزنى باشقىلار «يَرْمَقاَنْ yarmakan» مۇ دەيدۇ. بۇ «آَمُجْ amuq — سوغا» دېمەكتۇر.

فِعِنْلِي fiinli شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

اِتِنْدِي itindi : اِتِنْدِي نَانْكْ itindi nəŋ — ئىتتىرىلگەن نەرسە.

آَقِنْدِي akindi : آَقِنْدِي سُوقْ akindi suv — ئېقىندى سۇ.

آَكِنْدِي əkindi : آَكِنْدِي تَرِغْ əkindi tariƣ - - ئېكىلگەن (تېرىلغان) ئۆرۈق.

اُكُنْدِي ɵgündi : اُكُنْدِي كِشِي ɵgündi kixi — ماختالغان كىشى.

اِكِنْدِي ikindi : اِكِنْدِي نانْلْ *ikindi nəŋ* — ئىككىنچى نەرسە.

اِكِنْدِي ikindi ئىكىندى، دىگەر ۋاقتى.

ئۈچ ھەرپىلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

تـوت هـەرپـلـكـلـەر باپـلـرى

اَفْـعـاْل əf'al شەكـلـدە مـۇزائـەفـلـك سـوزلـەر بـابـى

اَرْغاغْ arƣaƣ بيلق تۇتىدىغان قارماق.

اِرْغاغْ irƣaƣ مۇزنى مۇزخانىغا تارتىپ كىرىشتە ئىشلىتىلە‐
دىغان ئىلمەك.

بـۇ تۇرگـە كـىرىدىغان مىسـالـلار

اِمْتِلِي imtili: بۇ اِشغْ اِمتِلي قِلْدى *bu ixiƣ imtili kildi* — بۇ ئىشنى ئويلىماستىن قىلدى. چىگىلچە.

اُمْدوجِي umduqi تىلەمچى.

اَرْقُجِي arkuqi ۋاستىچى. تويدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئارىسىدا يۇرىدىغان ئەلچى.

أَرْدِنِي ərdini چوڭ مەرۋايىت. مۇشۇ سوزدىن ئېلىنىپ خوتۇنلار «أَرْتِنِي أُزُكْ» *ərttini əzük* دېيىلىدۇ. بۇ «بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن» دېگەن بولىدۇ. بۇ سوزدە «د - *d*» ھەرپى «ت - *t*» غا ئىدغام بولغان، ئەرەپچىدە «مُدَّكِرْ» سوزى ئەسلىدە «مُذْتَكِرْ» بولغاندەك.

أُسبرى üspəri قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياققا سېلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك.

فَعُّولْ fə'ul شەكلىدە ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپى تەكرارلىنىدىغان سوزلەر بابى

أُتُّزْ ottuz ئوتتۇز. أتُّز يَرْماق *ottuz yarmak* — ئوتتۇز يارماق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. «أتُّز» *ottuz* سوزىنى «ئۈچ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىشمۇ بار. مەن بۇنى «كُنُكْتْ» *künüt* «تە ياغمىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۇلار «ئۈچ قېتىم ئىچەيلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «أتُّز اِچالِمْ» *ottuz içəlim* دەيدۇ. «أتُّز» *ottuz* سوزىنى ئادەتتىكى مەنىدىمۇ ئىشلىتىدۇ. مېنىڭ پىكرىمدە ئۈچ قېتىم ئۈچتىن ئىچىشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُتُزْ اِجِبْ قِقْرَالِمْ
يُقَارْ قُپُبْ سَكْرَلِمْ
اَرْسْلَنْ لَيُو كُكْرَلِمْ
قَجْتِي سَقِنْجْ سَفْنَلِمْ

oltuz iqip kïkralïm
yukar kopup səkrəlim
arslanlayu kəkrəlim
kaqtï sakïnq səvnəlim

[ئوتتۇز (ئۈچ قېتىم ئۈچتىن) ئىچىپ قىقىرايلى،
يۇقۇرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارسلاندەك ھوكۈرەيلى،
قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.]

ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئارسلاندەك ھوكۈرەيلى، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىگىنى كۆرسىتەيلى. بۇ شېئىردا كەلگەن «اُتُزْ اِجِبْ قِقْرَالِمْ *oltuz iqip kïkralïm*» دېگەن مىسرادىكى «اُتُزْ *oltuz*» سۆزى ھەر بىرىمىز «ئۈچ قېتىمدىن ئۈچتىن ئىچەيلى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

اِسِّزْ əssiz: اِسِّزْ كِشِي *əssiz kixi* — يۈزسىز، ياخشىلىقنى

بىلمەيدىغان ئادەم. بۇ سوزدە «س-ى» ھەرپىنىڭ تەك-
رارلىنىشى كۈچەيتىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئەسسىز əssiz ئىسىت. ئەرەپچە «ياأسفا» دىگەنگە ئوخشاش ئېچە-
نىشنى، ئەپسۇسلىنىشنى بىلدۈرىدىغان سوز. ئەسسىز ئانىڭ
يىگىتلىكى əssiz anïŋ yigitliki — ئىسىت، ئۇنىڭ يە-
گىتلىگى.

ئىككىز ikkiz : ئىككىز ئوغلان ikkiz ooʁlan — ئىككىزەك (قوش-
كېزەك) بالا.

ئاررىغ arriɑq : ئاررىغ نانىڭ arrïɑq nəŋ — بەك ئېرىق نەرسە،
ناھايىتى ئاز ئەرسە. بۇ يەردىكى «ر-ر» نىڭ تەكرار-
لىنىشى كۈچەيتىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئەللىك əllik ئەللىك. ئەللىك يارماق əllik yarmak — ئەللىك يارماق
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

فەئللا fəəlla شەكلىدە دەسلەپكى «ل-l»

ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى[1]

ئاۋىقغا aviqoɑ ئوبۇشقا، قېرى كىشى.

---

[1] ئۈچىنچى ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى.

باش ھەرپى زەممىلىك سوز

اُذْتِما uzïtma ئۇيۇتما، قېتىق.

باش ھەرپى كەسرىلىك سوز

اِلِمْغا ïlïmoqa خان مەكتۇپلىرىنى تۈركى يېزىق بىلەن يازدىغان كاتىپ.

آَفْعالِلْ əf'alil شەكلىدىكى سوزلەر بابى

آَلْباغُتْ alpaqut يېگىلمەس قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بُدْرَجْ يَما قدُرْدي
آَلْباغُتِنْ اذُرْدي
سُوسَنْ يَنا قدِرْدي
كَلْكالِمَتْ اِرْكَشُورْ

bužraq yəmə kudurdi
alpaqutïn əzürdi
susin yana kadïrdi
kəlgəlimət irkəxür

[بۇزراچ يەنە قوترىدى.
باتۇرلىرىنى تاللىدى،
قوشۇنىنى يەنە قايرىدى،
كەلمەك بولۇپ توپلىنىۋاتىدۇ.]

يابافۇ قەبىلىسىنىڭ بېگى بۇزراچ يەنە ئەسكەرلىرى بىلەن قايتتى، باتۇرلىرىنى تاللىدى، كېلىش ئۈچۈن توپلاندى.

آذْغِراقْ ažoqïrak ياچىغى ئالا، باشقا يەرلىرى قارا بىر خىل تاغ تېكىسى. ساغلىق ئۈچۈن قوچقار قانداق بولسا، تاغ ئۆچكىسى ئۈچۈن بۇمۇ شۇنداق.

آذْغِراقْ ažoqïrak: آذْغِراق سُفِى *ažoqïrak suvï* — ئازغىراق سۈيى. ياغما ئېلىدە بىر سۇ (دەريا) نامى.

اَرْقجق arkaqak ئېغىزغا دورا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاپ.

آرْذوتالْ aržutal بەدەنىدىكى موينى چۇشۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان هاك ئارىلاشمىسى.

فَعْلُولِي fə'luli شەكىلدىكى سۆزلەر بابى

أَشْكُرْتِي əxkürti چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت.

أَفْزُورِي avzuri بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنىنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان).

فَعْلَنْدِي fə'ləndi شەكىلدىكى سۆزلەر بابى

أُذْرُنْدِي özründi : أُذْرُنْدِي نانىڭ *özründi nəŋ* — تاللانغان نەرسە.

أَفْرِنْدِي avrīndi : أَفْرِنْدِي نانىڭ *avrīndi nəŋ* — تاشلانغان نەرسە، ھەر نەرسىنىڭ تاشلاندۇغى.

بۇ خىلدىكى سۆزلەر ئەرەپچىدە پېئىلدىن ياسالغان «فُعالَة *fuala*» شەكىلدىكى ئىسىملارغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ئېشىندىسىنى بىلدۈرىدۇ.

فُعُولِينْ fuulin شەكىلدىكى غۇنىلىكلەر بابى

أُنْكُوزِينْ üŋüzin ئالۋۇن. چوللەردە ئادەمنى ئازدۇرىدىغان ئىبزىتقۇ.

تۆت ھەرپلىك سۆزلەر تۈگىدى.

تۈۋەندىكىلەر بەش ھەرپلىكلەر باپلىرى.

فَعَلْعَلْ fəəl'əl شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

بۇ باپ پەقەت ئىسىملارنى، سۈپەتلەرنى ۋە ئەرسىلەرنىڭ تۇرغان ئورنىنى بىلدۈردىغان ئورۇن - جاي ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەسلىدە ئورۇن - جاي ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلەرنى ئۆز قائىدىلىرى بويىچە قىياس قىلىۋېلىشقا قالدۇرۇش كېرەك ئىدى؛ لېكىن بۇلاردىن سۆزلىمىگۈچە بىلگىلى بولمايدىغانلىرىنى قىياس قىلغۇچىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىدىدە بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

اُقْتْلُغْ uvutluq : اُقْتلُغْ كِشِي *uvutluq kixi* — ئۇۋاتلىق كىشى، ئۇيياتچان كىشى.

آغِرْلِغْ aqirliq : آغِرْلِغْ ار *aqirliq ər* — ھۆرمەتلىك ئادەم، ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم.

اُغْرْلُغْ ooqurluq : اغْرلُغْ اِيشْ *ooqurluq ix* — دەل ۋاقتىدا ۋە جايىدا بولغان ئىش.

اُبْزْلُغْ obuzluq دوڭ. اوُىْ ابزلُغْ يِيرْ *oy obuzluq yər* — ئوي - دوڭ يەر.

اُذْزُلُغْ użuzluoq : اُذْزُلُغْ كِشِي *użuzluoq kixi* — قىچىشقاق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى.

اَغْزُلُغْ aoquzluoq : اَغْزُلُغْ اَرْ *aoquzluoq ər* — ئوغۇزلۇق ئادەم، ئوغۇز سۈتى بار ئادەم.

اُغْشُلُغْ ooquxluoq : اغشُلُغْ اَرْ *ooquxluoq ər* — ئورۇق-تۇق-قانلىق، جەمەتلىك ئادەم.

اُقْشُلُغْ ukuxluoq : اُقْشُلُغْ اَرْ *ukuxluoq ər* — ئوگلۇق ئادەم، غەرەز ئۇقىدىغان ئادەم.

اَجِغْلِغْ aqïoqlïoq : اَجِغْلِغْ اَرْ *aqïoqlïoq ər* — باياشاتتۇر-مۇشلۇق ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَجِغْلِغْ اَرْ شابُوكْ قَرِيماسْ *aqïoqlïoq ər xabuk karïmas* — توق تۇر-مۇشلۇق ئادەم تېز قېرىماس.

اَجِغْلِغْ aqïoqlïoq : اَجِغْلِغْ كُبْ *aqïoqlïoq küp* — ئىچىدە تې-چىتقۇ بولغان كۆپ.

اَذِغْلِغْ ażïoqlïoq: اَذِغْلِغْ تاغْ *ażïoqlïoq taoq* — ئېيىقلىق تاغ، ئېيىقى كوپ تاغ.

اُرُغْلُغْ uruoqluoq : اُرُغْلُغْ اَلْتُونْ *uruoqluoq altun* — ئاقچا قىلىپ قۇيۇلغان ئالتۇن. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

آزِغلِغْ aziqlïq : آزِغلِغْ آتْ *aziqlïq at* — ئېزىق چىشلىق
ئات. ئېزىق چىشى چىققان ھەربىر ھايۋانمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ.

اُجَقْلِغْ oqaklïq : اُجَقْلِغْ آقْ *oqaklïq əv* — ئوچاقلىق ئۆي.

آجُقْلُغْ aqukluoq : آجُقْلُغْ كِشي *aqukluoq kixi* — ئوچۇق
كىشى، ياخشى خۇلقلىق كىشى.

آسِغلِغْ asïqlïq : آسِغلِغْ اِيشْ *asïqlïq ïx* — ئاسقلىق (پايدى-
لىق) ئىش.

آذَقْلِغْ ażaklïq : آذَقْلِغْ نانْكْ *ażaklïq nəŋ* — ئاياقلىق نەرسە.

آرِقْلِغْ arïklïq : آرِقْلِغْ يِيرْ *arïklïq yər* — ئېرىقلىق يەر،
ئېرىق - ئۆستەڭلىك يەر.

اُرُقْلُغْ urukluoq : اُرُقْلُغْ قُوا *urukluoq kuwa* — ئارغامچىلىق
سوغا.

آزُقْلُغْ azukluoq : آزُقْلُغْ آرْ *azukluoq ər* — ئوزۇقلۇق ئادەم.
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آزُقْلُغْ آرُقْ آرْماسْ *azukluoq*—
aruk armas ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس.

آرَنْلِغْ aranlïq : آرَنْلِغْ آقْ *aranlïq əv* — ئېغىلىق ئۆي،
ئېغىلى بار ئۆي.

اَتَنْلِغْ atanlïq : اَتَنْلِغْ اَرْ atanlïq ər — ئاتان توگىلىك ئادەم، ئاتان توگىسى بار ئادەم.

اُلَرْلِغْ ularlïq : اُلَرْلِغْ تاغْ ularlïq taq — ئۇلارلىق تاغ.

اَلِمْلِغْ alïmlïq : اَلِمْلِغْ اَرْ alïmlïq ər — ئىلىمى بار ئادەم، ئىلىشى بار ئادەم.

اَلِنْلِغْ alïnlïq : اَلِنْلِغْ اَرْ alïnlïq ər — پېشانىسى كەڭ ئادەم.

اُلُنْلُغْ ulunluq : اُلُنْلُغْ اَرْ ulunluq ər — باشاقسىز ۋە پەيسىز ئوقى بار ئادەم.

اُرُنْجَقْ orunquk : ئامانەت. بۇ سوز «اُرُنجاق orunqak» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُرُنْجَقْ اَلِبْ يِرْمَدِي
اَلِمْلِغْ كُرُو اَرْمَدِي
اَدَشْلِقْ اُزا تُرْمَدِي
قِلِنْ اَرَنْ تِرْكَشُور

orunqak alïp yərmədi
alïmlïq kərü armadï
adaxlïk üzə turmadï
kalïn ərən tirkəxür

[ئامانەت ئېلىپ زېرىكمىدى،
ئېلىشى بار (كىشى)نى كۆرۈپ ھارمىدى،
ئاداشلىقتا تۇرمىدى،
نۇرغۇن ئادەم توپلاشماقتا.]

بىراۋنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلىدۇ: ئامانەت ئېلىشتىن توختىمىدى، ئېلىملارنى قايتۇرۇشنى ئويلىمىدى، دوستلۇققا رىئايە قىلمىدى، ئەمدىلىكتە ئەسكىرىنى توپلاپ ئۈستۈمگە يۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

اُغُلْجُقْ oqulquⱪ ئايالنىڭ بالىياتقۇسى.

اُغُرْشُقْ oqurxuⱪ ئۇرچۇق.

اُغُلْمُقْ oqulmuⱪ ئۈستىگە لىم قويۇش ئۈچۈن تىك تۇرغۇزۇلغان تۈۋرۈك.

اُجُزْلُقْ uquzluⱪ ئەرزەنلىك.

اُجُزْلُقْ uquzluⱪ پەسلىك؛ خارلىق.

آدَشْلِقْ adaxlīⱪ ئاداشلىق، دوستلۇق.

آدَقْلِقْ adaklīⱪ ئۈزۈملۈك باغلاردا بېدىشقا تىرەك قىلىنىدىغان ياغاچ.

اُدُقْلُقْ udukluⱪ ئادەمنىڭ بىرەر نەرسىدىن غاپىللىقى، بىخۇدلۇغى.

اُذقُلق ożukluk سەگەكلىك، ئىشتا ھوشيارلىق.

آرغلق ariqlik ئېرىقلىق، پاكىزلىق.

اُرغلق uruqluk : ارغلق بغداى uruqluk buqday — ئۇرۇقلۇق بۇغداي. ئۇرۇقلۇق ئۇچۇن ساقلانغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

آچغلق aqiqlik ئاچچىقلىق.

آجقلق aqukluk : يوز اجقلقى *yüz aqukluki* — يۈز ئوچۇقلۇغى.

آجقلق aqukluk : قبغ اجقلقى *kapuq aqukluki* — قوۋۇق ئوچۇقلۇغى.

اُجقلق oqaklik : اجقلق يير *oqaklik yər* — ئوچاقلىق يەر. اجقلق تيتك *oqaklik titik* — ئوچاق سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز لاي ۋە باشقا نەرسىلەر.

آرقلق arukluk ھارغىنلىق.

اُرقلق urukluk : ارقلق يونك *urukluk yuŋ* — ئارغامچا ئېشىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇڭ.

آزقلق azukluk ئوزۇقلۇق.

اُزقلق uzaklik ئىشتا سورەلمىلىك، سۇسلۇق.

أُشَقْلِقْ uxaklik گودەكلىك، بالىلىق. أُشَقْلِقْ قِلْما *uxaklik kilma* — گودەكلىك قىلما.

الُغلُقْ uluqluk ئۇلۇغلۇق، شەرەپ. الُغلُقْ تَنْكْرِيكا *uluqluk tənrigə* — ئۇلۇغلۇق تەڭرىگە خاس.

الُغلُقْ uluqluk ياشقا چوڭلۇق.

أَمَجْلِقْ amaqlik : أَمَجْلِقْ يِرْ *amaqlik yər* — ئاماچلىق يەر، قارىغا ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەر.

أَنُقْلُقْ anukluk ئىشقا تەييار تۇرۇش.

أُزُتْلُكْ üzütlük ئۇزۇتلۇك، بېخىللىق، پەخسىقلىق.

أَكَتْلِكْ əgətlik : أَكَتْلِكْ قَرَا باشْ *əgətlik kara bax* — نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان دىدەك، كېلىننىڭ ئوزىمۇ «أَكَتْلِكْ *əgətlik*[①]» دېيىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان قاتتىق «ك - *k*» بەزىدە ئورۇن ئىسمىنى، بەزىدە نەرسە قويۇلغان يەرنى بىلدۈرىدۇ، بەزىدە مەستەر بولۇپ كېلىدۇ.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىنىڭ 148 - ۋە 151 - بەتلىرىدە «أَكَتْلِكْ» ياكى «أَكَتْلَتْماكْ» شەكىللىرىدە، 37 - بەتتە بولسا «أَكَتْ» شەكلىدە يېزىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە بۇ سوز «ئېگەت» شەكلىدە ساقلانغان، شۇڭا بىز «*əgətlik*» دەپ ئالدۇق.

بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدىن بىرى بولۇپ كەلمەي، ئەر-
سىنىڭ ئىگىسى دىگەن مەنىدە كەلسە، ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا
يۇمشاق «ك - g» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: يۇقۇرىدا كەلتۈرۈل-
گەن «اَكَتْلِكْ» سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئەگەر قاتتىق «ك - k»
كەلسە، بۇ سۆز «كىلىنگە خىزمەت قىلىدىغان دىدەك»
دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر يۇمشاق «ك - g» كەل-
سە، «خىزمەتچى دىدەكنىڭ ئىگىسى بولغان كىلىن» دى-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ — مۇشۇنداق سۆزلەر ئۈچۈن
ئومۇمى قائىدە.

اَتَجْلِكْ ətəqlik ياگاق ئويناش ئۈچۈن قىزىلغان ئورەك.

اَذَرْلِكْ əżərlik ئۈستىگە ئىگەر قويۇلىدىغان ياغاچ. سۆز ئا-
خىرىدىكى «ك» يۇمشاق ئىيتىلسا، «ئىگەر ئىگىسى»
دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

اُكُرْلُكْ ügürlük تىرىق قويۇلىدىغان يەر. ئاخىرقى «ك»
يۇمشاق ئوقۇلسا، «تىرىق ئىگىسى» دىگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

اُكُرْلُكْ ügürlüg: اُكُرْلُكْ اَرْ *ügürlüg ər* — قوي ۋە باشقا مال
پادىسى بار ئادەم. بايتاللىرى بار ئايغىرمۇ «اُكُرْلُكْ اَذْغِرْ
ügürlüg ażqır» دىيىلىدۇ.

اَذِزْلِكْ əżizlik ئىگىزلىك، يۇكسەكلىك.

اِسِزْلِكْ əsizlik ياماندلىق، ئەسكىلىك.

اَتَكْلِكْ ətəklik : اَتَكْلِكْ بُوزْ *ətəklik böz* — ئېتەك قىلىنىدىغان بوز. بىر كىيىمنىڭ ئېتەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندىمۇ « اَتَكْلِكْ تُونْ *ətəklig ton* » دېيىلىدۇ («لىك» ھەرپى يۇمشاق ئېيتىلىدۇ).

اَتُكْلُكْ ətüklük : اَتُكْلُكْ سَغْرِي *ətüklük saƣri* — ئۆتۈكلۈك قىرىم، ئۆتۈك تىكىلىدىغان قىرىم.

اُتُكْلُكْ ötüklüg : اُتُكْلُكْ كِشِي *ötüklüg kixi* — (خاقاندىن) بىر ئۆتۈنچى بار كىشى.

اُزُكْلُكْ üzüklük ئۈزۈكلۈك، ئۈزۈلگەنلىك.

اُرُمْجُكْ örümqük ئۆمۈچۈك.

اِلَرْسُكْ ilərsük ئىشتانباغ.

اِسِكْلِكْ isiglik ئىسسىقلىق.

اِسِكْلِكْ isiglik سۆيگۈ، مۇھەببەت. كُنُكُلْ اِسِكْلِكِي كَرَاكْ *könül isigliki kərək* — كۆڭۈل ئىسسىقلىقى (مۇھەببىتى) كېرەك.

اَرُكْلُكْ ərüklük ئۆرۈكلۈك.

اِيرِكْلِكْ əriklik هايۋاننىڭ ئەركەكلىكى تۇتۇشى.

اَشِكْلِكْ əxiklik : اَشِكْلِكْ يِغاچْ əxiklik yiƣaq — ئېشىك-لىك ياغاچ، ئېشىك ۋە بوسۇغا قىلىنىدىغان ياغاچ. باش-قىلاردىمۇ شۇنداق.

اَشُكْلِكْ əxüklik : اَشُكْلِكْ بَرْجِنْ əxüklik barqin — يىپىنچا تەييارلىنىدىغان تاۋار. «ك» يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنسا، «رەخت ئېگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

اَڤِكْلِكْ əvəklik ئالدىراڭغۇلۇق.

اَكَكْلِكْ əkəklik خوتۇننىڭ يۈزسىزلىكى، ئارسىزلىقى.

اُكَكْلِكْ ükəklik ئۈكۈچەكلىك. ساندۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ. ئۈستىگە مۇداپىئە تۇرالىرى سىزىلغان سېپىلمۇ «اُكَكْلِكْ تامْ ükəklig tam» دېيىلىدۇ.

اَلِكْلِكْ əliklik پەلەي، قولقاپ.

اَمِكْلِكْ əmiklig : اَمِكْلِكْ اِشْلارْ əmiklig ixlər — ئېمىكلىك خوتۇن، بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَمِكْلِكْ اُراغُتْ كُساكِجِي بُلُورْ — əmiklig uraƣut kö-səkqi bolur ئېمىكلىك خوتۇن ئەشتەيلىك بولار. شۇڭا ئۇنىڭغا خالىغان تامىقى بېرىلىدۇ.

ئەنۈكلۈك ənüklüg : ئەنۈكلۈك ئارسلان ənüklüg arslan — باللىق
ئارسلان (شىر).

فَعْلان fəəl'an شەكلىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەرپلىرى ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

بۇ باپتا سۈپەتلەنگۈچىلەردە دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۈپەتلەر كۆرسىتىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر ئەرەپچە-دە قىلىنىغان ئىشنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت مەنىسىدە كېلىدىغان «مِفْعال mif'al» شەكلىدىكى سۆزلەرگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: «كۆپ تائام يەدۈرىدىغان» دېگەن مەنىدىكى «مِطْعام»، «كۆپ ئۇرۇ-شىدىغان كىشى» دېگەن مەنىدىكى «مِحْراب» دېگەندەك.

بۇ باپتىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا «ن-n» كې-لىدۇ. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلارنىڭ تىلىسى بۇ «ن-n» ھەرپىنى «ق-k»غا ئالماشتۇرۇپ، «غ-q»نى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈپ قالدۇرىدۇ. ئۇلار «ئىچى سىقىلىۋېرىدى-دىغان» دېگەن مەنىدىكى «بُشْغان puxqan» سۆزىنى «بُشاق puxak» دەيدۇ. بۇ بىر ئاساسىي قائىدە.

ابتغان abïtoqan① يوشۇرۇنۇۋېرىدىغان، چەتتىنىۋېرىدىغان. اُلْ اَرْ اُلْ اُوزِنْ كِشِدَنْ ابتغان — ol ər ol ɵzin kixidən abït-oqan ئۇ ئۆزىنى كىشىدىن چەتتىنىۋېرىدىغان ئادەم ئۇ.

آجِتْغانْ aqïtoqan ئېچىتىۋېرىدىغان. اُلْ كُبْ اُلْ سُجِكْنِي آجِتْغانْ ol küp ol süqikni aqïtoqan — ئۇ (ئېچىگە قۇيۇلغان) شەرۋەتنى ئېچىتىپ تۇرىدىغان كۈپ ئۇ.

اُذِتْغانْ uzïtoqan ئۇخلىتىۋېرىدىغان. اُلْ بُو اُتْ اُلْ كِشِنِي اُذِتْغانْ ol ot ol kixini uzïtoqan② — ئۇ ئادەمنى ئۇخلىتىۋېرىدىغان ئوت (دورا) ئۇ.

آرِتْغانْ arïtoqan ئېرىغداۋېرىدىغان. اُلْ كِشِي اُلْ تَرِغْ آرِتْغانْ ol kixi ol tarïoq arïtoqan — ئۇ بۇغداينى ئېرىغداۋېرىدىغان كىشى ئۇ.

---

① «ابتغان» سۆزى يازما نۇسخىدا ھەرىكەتسىز يېزىلغان. بىسىم ئاتالاي بۇنى يازما نۇسخا 111-بەتتىكى «اَبِتْماق *abïtmak*» سۆزىگە ئاساسەن «اَبِتْغانْ *abïtoqan*» شەكلىدە يازغان. بىز بۇ سۆزنىڭ ئىملاسىدا شۇنىڭغا ئاساسلاندۇق.

② بۇ جۈملە يازما نۇسخىدا «اُلْ بُو اُتْ اُلْ كِشِنِي اُذِتْغانْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىسىم ئاتالاي بۇ يەردىكى بىرىنچى «اُلْ»نى ئارتۇقچە ھېساپلاپ، ئېلىپ تاشلىغان. بىز «بۇ»نى ئارتۇقچە دەپ قاراپ، ئېلىپ تاشلىدۇق.

آزيتغان azïtoqan ئازدۇرىۋېرىدىغان. ال كشي ال يولدن آزيتغان — *ol kixi ol yoldan azïtoqan* — ئۇ خەلقنى يولدىن ئازدۇرىۋېرىدىغان كىشى ئۇ.

ازتغان uzutoqan ئۇزارتىۋېرىدىغان. بو ار ال ايشيغ ازتغان — *bu ər ol ïxïoq uzutoqan* — بۇ ئىشنى ئۇزارتىۋېرىدىغان ئادەم.

ازتغان ozïtoqan ئۆزدۈرىۋېرىدىغان. بو ار ال اتن ازتغان — *bu ər ol atïn . ozïtoqan* — بۇ ئېتىنى ئۆزدۈرىۋېرىدىغان ئادەم.

استغان usïtoqan ئۇسسىتىۋېرىدىغان. بو قياش ال كشيني استغان — *bu kuyax ol kixini usïtoqan* — بۇ كىشىنى (قىززىتىپ) ئۇسسىتىۋېرىدىغان قۇياش. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

استغان قياش قبسدي
امنجلغ اذش يبسدي
ارتش سقن كجسدي
بودن انن اركشور

usïtoqan kuyax kapsadï
umunqluoq azax yaysadï

ərtix suvin kəqsədi
budun anin ürküxür

[ئۆسسىتىدىغان قوياش قاپسىدى،
ئۇمۇنغان (ئۈمىت قىلغان) ئاداش(قوشۇنىنى) تارقاتماقچى بولدى،
(دۈشمەن) ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولدى،
شۇڭا خەلق ئۈركۈشۈۋاتىدۇ.]

يازنىڭ ئاپتىۋى بىزنى قاپسىدى، ئۈمىت قىلىنغان ئاداش - دوست بىزگە ھەسەت قىلدى، دۈشمەن ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۈركۈپ كەتتى.

آغتغان aoqitoqan چىقىرىتۋېرىدىغان. بۇ كَيِك اُلْ اِتِغ تاغقا

آغتغان — *bu kəyik ol itioq taoqka aoqitoqan* بۇ ئىت-نى (ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ) تاققا چىقىرىۋېرىدىغان كېيىك.

اَقتغان akitoqan ئېقىتىۋېرىدىغان. بُو تاغ اُلْ تَفْراق اقِن

اَقتغان — *bu taoq ol tavrak akin akitoqan* بۇ يام-غۇر (ئېقىن)نى تېز ئېقىتىۋېرىدىغان تاغ.

اُقتغان okitoqan ئوقۇتۇۋېرىدىغان. بُو بِتِك اُلْ كِشِنى

اُقتغان — *bu bitik ol kixini okitoqan* بۇ (ھەجمى چوڭ بولغانلىقتىن) كىشىنى كوپ ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدى-غان كىتاپ.

اُلتغان ulitoqan ھاۋشىتىۋېرىدىغان. بُو آز اُل اِتِنْ اِلتِغان

bu ər ol itin ulitoqan — بۇ ئىتنىنى ھاۋشىتىۋېرىدىغان ئادەم.

اُنْتغانْ unitoqan ئۇنۇتۇۋېرىدىغان. بو ار ال سوز اِنتغان
bu ər ol səz unitoqan — بۇ سوزنى ئۇنۇتۇۋېرىدىغان ئادەم.

آنْتغانْ anutoqan : بو ار ال اِيشغ آنتغان — bu ər ol ixiq anutoqan
بۇ ئىشقا تەييارلىنىپلا تۇرىدىغان ئادەم.

اُجْرغانْ uquroqan ئۇچۇرىۋېرىدىغان. بو آر ال قشغ اُجرغان
bu ər ol kuxiq uquroqan — بۇ قۇش ئۇچۇرىۋېرىدىغان ئادەم.

آجْرغانْ aquroqan ئاچۇرىۋېرىدىغان. بو آش ال كِشنى آجرغان
bu ax ol kixini aquroqan — بۇ كىشىنىڭ قورسىقىنى تېز ئاچۇرىدىغان ئاش.

آسْرغانْ asuroqan چۈشكۈرىۋېرىدىغان. بو آر ال تَلِم آسرغان
bu ər ol təlim asuroqan — بۇ تولا چۈشكۈرىدىغان ئادەم.

اُسْرغانْ osuroqan ئوسۇرىۋېرىدىغان. بو ار ال اسرغان
bu ər ol osuroqan — بۇ ئوسۇرىۋېرىدىغان (ئوسۇرغاق) ئادەم.

اِسِرغانْ isiroqan چىشلەيدىغان، چىشلىگەك. اِسِرغان اِتْ
isiroqan it — چىشلىگەك ئىت.

اَڤُزغونْ avuzoqun ئۇۋزغۇن. تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ مېۋىسى، تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

اَتِشْغانْ atixoqan ئېتىشىدىغان. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اُقْ اَتِشْغانْ اُلْ — ol məniŋ birlə ok atixoqan ol — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئوق ئېتىشىدىغان ئادەم ئۇ.

اُبْرْكانْ əpürgən ھۆپلىتىدىغان، ئۈتلىتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ سُوتْ اُبْرْكانْ — bu ər ol süt əpürgən — بۇ (باشقىلارغا) سۈت ئۈتلىتىدىغان ئادەم.

اِچْرْكانْ iqürgən ئىچۈرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ تَلِمْ سُچُوكْ اِچْرْكانْ — bu ər ol təlim süqük iqürgən — بۇ تولا شاراپ، ئىچۈرىدىغان ئادەم.

اَذَرْكانْ əzərgən ئىزلىگەك، ئىزلەشكە ئادەتلەنگەن. بُو اِتْ اُلْ كَيِكْنِي اَذَرْكانْ — bu it ol kəyikni əzərgən — بۇ كېيىكنى ئىزلەشكە ئادەتلەنگەن ئىت. ئوچ ئېلىشنى ئىز-لەپلا يۈرىدىغان كىشى ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اَڤُرْكانْ تَڤُرْكانْ əvürgən təvürgən ئۆرۈپ - چۆرۈپلا تۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اِيشِغْ اَڤُرْكانْ تَڤُرْكانْ — bu ər ol ixiq əvürgən təvürgən — بۇ ئىشنى ئۆرۈپ - چۆرۈپلا تۇرىدىغان ئادەم.

اُذْرْكانْ əzürgən تاللايدىغان. بُو اَرْ اُلْ تَكْما نانْكْ نِي اُذْرْكانْ

bu ər ol təgmə nəŋni ɵzürgən — بۇ كورگەنلا نەرسىنى تاللايدىغان ئادەم.

اُشْرکانْ ɵxərgən كوزى قاراڭغۇلىشىپلا تۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ كُوزى اُشْرکانْ *bu ər ol kɵzi ɵxərgən* — بۇ (ئاچلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەردىن،) كوزى قاراڭغۇلىشىپلا تۇرىدىغان ئادەم.

اَکُرْكانْ əgürkən بىر خىل ئۇسۇملۇك. ئۇرۇغىنى قارلۇق تۈركمەنلىرى يەيدۇ.

اَکِرْكانْ əgirgən ئېگىرگەك، ئېگىرىپلا تۇرىدىغان. بُو اِشْلارْ اُلْ تَلِمْ يِبْ اَکِرْكانْ *bu ixlər ol təlim yïp əgirgən* — بۇ تولىمۇ يىپ ئېگىرگەك خوتۇن.

اِتِلْكانْ سَيِلْغانْ ətilgən sayïloqan چېچىلغاق. بُو اَرْ اُلْ اَتِلْكانْ سَيِلْغانْ *bu ər ol ətilgən sayïloqan* — بۇ چېچىلغاق ئادەم.

اِتِلْكانْ ətilkən ئاتلاردا بولىدىغان بەز كېسىلى. بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدۇ. پارسچە «خُنامْ» دەپ ئاتىلىدۇ.

اَتِلْكانْ ətilgən ئۆگىدىن كېلىپلا تۇرىدىغان. مَنِنْكْ اِيشِمْ اَذْكُولُكُنْ اَتِلْكانْ اُلْ *məniŋ ïxïm əzgülükün ətilgən ol* — مېنىڭ ئىشىم ئۆگىدىن كېلىپلا تۇرىدىغان ئىش.

اُزُلْكانْ üzülgən ئۈزۈلۈپلا تۇرىدىغان. بۇ يِشغ اُلْ اُزُلْكان

bu yïxiq ol üzülgən — بۇ ئۈزۈلۈپلا تۇرىدىغان تانا.

اُرُلْكانْ ürülgən دائىم كوپۈپ كېتىدىغان. بۇ اَرْ اُلْ اُپْكان اُرُلْكان

bu ər ol əpkən ürülgən — بۇ غەزىپىدىن دائىم (تولۇمدەك) كوپۈپ كېتىدىغان ئادەم.

آشِلْكانْ əxligən ئېشىلىدىغان، سوزۇلىدىغان. بۇ يِپْ اُلْ آشِلْكان

bu yïp ol əxilgən — بۇ سوزۇلىدىغان يىپ.

آشِلْكانْ əxilgən چېچىلىپلا تۇرىدىغان. بۇ قَيِرْ اُلْ آشِلْكان

bu kayïr ol əxilgən — بۇ چېچىلىپلا تۇرىدىغان قۇم.

اَكِلْكانْ əgilgən ئېگىلىپلا تۇرىدىغان. بۇ بُتَقْ اُلْ اَكِلْكان

bu putak ol əgilgən — بۇ ئېگىلىپلا تۇرىدىغان پۇتاق.

اُكُلْكانْ ügülgən تۇپلىنىدىغان. بۇ نَانْكْ اُلْ تُتْجِي اُكُلْكان

bu nəŋ ol tutqï ügülgən — بۇ تۇپ - تۇپ بولۇپ تۇپلىنىدىغان نەرسە.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

اُرُمْدايْ urumday زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش، پادىزەھەر.

ئەفْعَلَلْ əf'ələl شەكلىدىكى سوزلەر بابى

ئَرْسَلِقْ arsalik ھايۋانلارنىڭ خۇنساسى. ئوغۇزچە.

باش ھەرپى زەممىلىك سوزلەر

ئُسْكِجْ üskiq① قۇرۇق ئۈزۈم.

ئُكْرُيكْ əgrəyük ئادەت. خاقان ئافراسياپ زامانىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر مەرسىيەدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئُكْرِيكى مُنْدَغْ ئُقْ
مُنْدا ئَذِنْ تِكَدْغْ ئُقْ
ئَتْسا ئَزْنْ ئُغْرابْ ئُقْ
تَغْلَرْ بَشِي كَرْتِلُورْ

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «ك» بىلەن «ج» ئوتتۇرىسىغا بىر كىرتىك قويۇلۇپ «ئُسْكِجْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىسىم ئاتالاي بۇنى «üskənəq» ياكى «üskətəq» بولۇشى ئېھتىمال دەيدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا «ئَفْعَلَلْ əf'ələl» شەكلىگە مۇۋاپىق كېلەتتى.

ɵgrəyüki mundaoɋ oķ
*munda ažin tīldaoɋ*① *oķ*
atsa azun ooɋrap oķ
taoɋlar baxī kərtilür

[(زاماننىڭ) ئادىتى زادى مۇشۇنداق،
مۇندا باشقا سەۋەپمۇ بار تېخى،
دۇنيا چەنلەپ ئوق ئاتسا،
تاغلارنىڭ بېشى كەرتىلىدۇ.]

زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، بۇندىن باشقا بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق سەۋەپلەرمۇ بار. زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغ بېشىمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ.

فُعالِلْ fualil شەكلىدىكى سۆزلەر بابى

أُسايُقْ usayuķ: اُسايُقْ اَرْ *usayuķ ər* — غاپىل ئادەم.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «تِكدَغْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ سۆز يازما نۇسخا 233 - بەتتىكى «تِلْداغْ» سۆزى بىلەن بىر سۆز بولۇپ، «ل» نىڭ ئۈستىدىكى ئۈزۈن سىزىق خاتا قويۇلغان. قائىدە بويىچە «غ - *ɋ*» بىلەن «ك - *ķ*» ھەرپىنىڭ بىر سۆز تەركىۋىدە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تِلْداغْ» سۆزىنىڭ «باھانە» دىگەن مەنىدە بولۇشىمۇ شېئىرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇ باپتىكى مەنقۇسىنىڭ بىر تۈرى

أيَدْسِلِقْ uyadsïlik : أيُدْسِلِقْ آرْ *ar* *uyadsïlik* — بەك تۇياتچان ئادەم.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

أوهِي üہi ئۇكە، هۇقۇش. تۈرك خەلقلىرىنىڭ كوپى بۇ سوزنى «*k* - ك» بىلەن «*üki*» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ، توغرىسىمۇ شۇ. چۈنكى تۈركى تىلدا بوغۇزدىن چىقىدىغان «*h* - ه» تاۋۇشى يوق.

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

أتْكُنْجْ ɵtküng هىكايە، ئوتكەن-كەچكەن ئىشلار. أتْكُنْجْ أتْكُنْدِي *ɵtküng ɵtkündi* — هىكايە ئېيتتى.

فَعالِلْ fəalil شەكلىدىكى غۇنىلىك سوزلەر بابى

آلانكِرْ alaŋir كېمىرگۇچىلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك

بىر ھايۋان. ئۇنى تۈركمەنلەر يەيدۇ.

اُنكامُق oŋamuk: انكامُق ار *oŋamuk ər* — ئوگلۇق ئادەم.

اُنكايُك ɵŋəyük: اُنكايُك نانك *ɵŋəyük nəŋ* — خاس نەرسە. بىر كىشىگە ئاتاپ قويۇلغان نەرسەنۇ «اُنكايُك *ɵŋəyük*» دېيىلىدۇ.

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

اُتُنكلُق otuŋluk ئوتۇنلۇق.

خۇداغا شۇكۇر، ھەمزىلىك ئىسىملار بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمْ

ئايمغۇچى، كويۇنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

ھەمزىلىك پېئىللار بولۇمى

ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

شۇنى بىلگىنكى، ھەربىر بولۇمدە پېئىللارغا توختالغاندا، ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بىرىمەن. لېكىن ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىلا ئىزاھلايمەن. ئەسلىدە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بەرمىسەممۇ بولاتتى. لېكىن تەلەپپۇز قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ۋە ھەرىكىلىنىشىنى بىلگىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى بىرىشكە توغرا كەلدى. ئۇلارنى بەرمىگەندە قايسى مەستەرنىڭ يۇمشاق يەنى «ك - k» بىلەن، قايسى مەستەرنىڭ قاتتىق يەنى «ق - k» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىنمەي قالىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەممە پېئىللاردا، ئاخىرى «ك - k» بىلەن تۈگىگەن مەستەرلەرنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان

شەكىللىرى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئاخىرى «ق - *k*» بىلەن تۈگىگەن مەستەرلەر سوزنىڭ قاتتىق ياكى «ق - *k*» لىق، «غ - *ɑq*» لىق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. «ك - *k*» لىك مەستەرلەر سوزنىڭ يۇمشاق، ياكى «ك - *k*، *g*» لىك بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەممە پېئىللار ۋە مەستەرلەر ئۈچۈن دائىمى ۋە ئاساسىي قائىدە.

اُبْدِي ɵpdi ئوپتى، سويدى. اُلْ مَنِي اُبْدِي *ol məni ɵpdi* — ئۇ مېنى سويدى (اُبار - اُبْماكْ *ɵpər - ɵpmək*) ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تاشِغْ اِسْرُوماسا اُبْمِشْ كَراكْ *taxïq īsrumasa ɵpmix kərək* — تاشنى چاينىغىلى بولمىسا، سويۇش كېرەك. بۇ ماقال كىشىنى تىلىگە يېتىش ئۈچۈن، سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اُبْدِي ɵpdi ھوپلىدى، ئوتلىدى، ئىچتى. مُونْ اُبْدِي *mün ɵpdi* — شورپا ھوپلىدى (ئوتلىدى). شورپىغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەرنى ئىچىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُبار - اُبْماكْ *ɵpər - ɵpmək*).

اَجْدِي aqdi ئاچتى، قَبِغْ اَجْدِي *kapuɑq aqdï* — قوۋۇق (ئىشىك) ئاچتى (اَجار - اَجْماقْ *aqar - aqmak*).

اُجْدِي uqdï ئۇچتى. قُشْ اُجْدِي *kux uqdï* — قۇش ئۇچتى. اَنِكْ قُتِي اُجْدِي *aniŋ kuti uqdï* — ئۇنىڭ قۇتى

(بەختى) ئۇچتى. اَرْ اَتِنْ قِذِى اُجْدِى ər attïn kuzï —— uqdï ئادەم ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى (اُجار - اُجْماق uqar – uqmak).

اُجْدِي eqdi: اُوتْ اُجْدِى ot əqdi — ئوت، ئوچتى.

اَرْنِنْكْ اُبْكاسِي اُجْدِى ərniŋ əpkəsi əqdi — ئادەمنىڭ غەزىۋى ئۇچتى. اَرْ تِينِي اُجْدِى ər tini əqdi — ئادەمنىڭ تىنىقى ئۇچتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُجار - اُجْماق əqər – əqmək[1]).

اِجْدِي iqdi ئىچتى. اَرْ سُوقْ اِجْدِى ər suv iqdi — ئادەم سۇ ئىچتى. ھەر قانداق نەرسىنى ئىچىش ياكى سۈمۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اِجار - اِجْماكْ iqər – iqmək).

آرْدِي ərdi ئەردى، ئىدى. اُلْ اَنْدَغْ اَرْدِى ol andaq ərdi — ئۇ ئانداق ئىدى (اَرُورْ - اَرْماكْ ərür – ərmək).

اُرْدِي ürdi ھۈردى، پۈۋلىدى. اُلْ اُتْ اُرْدِى ol ot ürdi — ئۇ ئوتنى پۈۋلىدى. ئىتنىڭ ھۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز

---

[1] بۇ سۆزنىڭ مەستەرى يازما نۇسخىدا «ماق - mak» بىلەن بېرىلگەن بولسىمۇ، بىز تۈركى تىللاردىكى ئومۇمى ئەھۋالغا ئاساسەن «مەك - mək» دەپ ئالدۇق.

ئىشلىتىلمىدۇ. اِتْ اُرْدِي *it ürdi* — ئىت ھۈردى

(اُرار - اُرْماكْ *ürər - ürmək*).

اُرْدِي urdi قويدى، ئۇردى. الِكنْداكِي نانْكُني يِيرْدا اُرْدِي

əlkindəki nəŋni yərdə urdi — قولىدىكى نەرسىنى

يەردە قويدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُمُشْ كُنْكا اُرْسا

آلْتُنْ آذاقِنْ كَلِيرْ — *kümüx küngə ursa altun ażakin*

kəlir كۈمۈش كۈنگە قونسا، ئالتۇن ئۇز ئايىغى

بىلەن كېلەر. بۇ ماقال بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن،

پۇلنى ئايىماي خەجلەشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

اُلْ قُلِنْ اُرْدِي *ol kulin urdi* — ئۇ قولىنى ئۇردى. باش-

قىلاردىمۇ شۇنداق (اُرُورْ - اُرْماقْ *urur - urmak*).

آزْدِي əzdi: اُلْ يِيرْنِي آزْدِي *ol yərni əzdi* — ئۇ يەر

(تېرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر)نى جىرىدى

(آزار - آزْماكْ *əzər - əzmək*).

اُزْدِي üzdi ئۈزدى. اُلْ يِبْ اُزْدِي *ol yip üzdi* — ئۇ يىپ ئۈزدى.

يىپ، ئارغامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۈزۈشكىمۇ

مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُزار - اُزْماكْ *üzər - üzmək*).

آشْدِي əxdi ئەشتى، سوزدى. اُلْ يِشِغْ آشْدِي *ol yixiq* —

əxdi ئۇ تانا ئەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آشار - آشماك *əxər - əxmək*).

آسدي əsdi ئەستى، چىقتى. اسن آسدي *əsin əsdi* — شامال چىقتى.

آسدي əsdi سورۇدى. تَرِغ آسدي *tariq əsdi* — بۇغداي سورۇدى. باشقا نەرسىلەرنى سورۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلەتىلىدۇ. شامال توپىنى قوزغاتسىمۇ، «آسدي *əsdi*» دېيىلىدۇ. بۇ پېئىل ئوتۇملۇك ۋە ئوتۇمسىز هالدا ئىشلىتىلىدۇ.

اُسدي usdi ئۇسسىدى. آر اُسدي *ər usdi* — ئادەم ئۇسسىدى (اُسار - اُسماق *usar - usmak*).

اُسدُم usdum گۇمان قىلدىم. مَن آيلا اُسدُم *mən əylə usdum* — مەن شۇنداق گۇمان قىلدىم. ئوغۇزچە. (مەستەر شەكلى يۇقۇرقىدەك.)

آشدي əxdi توكتى، چاچتى، كۆردى، تەرمىلىدى، سېرىدى، يايدى. اُل قَيرْنِي آشدي *ol kayirni əxdi* — ئۇ قۇمنى توكتى. ئۇنى تاغار ۋە شۇنداق نەرسىلەرگە توكۇشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. آتلِغ آشدي *atliq əxdi* — ئاتلىق چاپتى. قَينار آشِج آشدي *kaynar axiq əxdi* — قايناۋاتقان قازان تاشتى (آشار - آشماك *əxər - əxmək*).

اُشْدِي üxdi ئۈشكىلىدى، تەشتى؛ ئۇلاشتى. اُلْ اُقْ اُشْدِي *ol ok üxdi* — ئۇ ئوق ئۈشكىلىدى، ئۇ ئوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۈشكە بىلەن تەشتى. اَتْماكْكا تَلِمْ كِشِي اُشْدِي *ətməkkə təlim kixi üxdi* — نانغا نۇرغۇن كىشى ئۇلاشتى (اُشارْ ـ اُشْماكْ *üxər - üxmək*).

اُڤْدِي uvdi ئۇۋۋاتتى، ئۇشاتتى. اُلْ اَتْماكْ اُڤْدِي *ol ətmək uvdi* — ئۇ نان ئۇۋۋاتتى (اُڤارْ ـ اُڤْماقْ *uvar - uvmak*①).

اَڤْدِي əvdi ئولاشتى، توپلاندى. كُرُنْجْكا كِشِي اَڤْدِي *kərüngkə kixi əvdi* — تاماشا كۆرۈشكە كىشى توپلاندى (اَڤارْ ـ اَڤْماكْ *əvər - əvmək*).

اِڤْدِي əvdi ئالدىرىدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُدُو بارِبْ اُكُشْ اَڤْدِمْ
تَلِمْ يُورِبْ كُجِي كَڤْدِمْ

---

① بۇ سۆزنىڭ مەستەر شەكلى يازما نۇسخىدا ئاۋال «اُڤْماكْ» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن «اُڤْماقْ» قىلىپ تۈزىتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازما نۇسخىنىڭ 102 ـ بېتىدە بۇ سۆز ئېنىق قىلىپ «اُشْماقْ» شەكلىدە يېزىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇسۆز قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز «*uvar - uvmak*» شەكلىدە ئالدۇق.

آتِمْ بِرْلا تكُو اِقْدِمْ

مَنِي كُورُبْ يسى آغْدي

uzu barïp ükük avdim
təlim yorïp küqi kəvdim
atïm birlə təgü əvdim
məni kɵrüp yəni[1] aqdi

[كەينىدىن بېرىپ كۆپ ئالدىرىدىم،
جىق ئاۋارە بولۇپ، كۈچىنى ئازايتتىم (ھالسىراتتىم)،
ئېتىم بىلەن يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالدىم،
مېنى كۆرۈپ تۈكلىرى ھۈرپەيدى.]

بۆرە ھەققىدە ئېيتىلىدۇ: ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئالدىرىدىم، قوغلىۋېرىپ ھالىدىن كەتكۈزدۈم، ئېتىم بىلەن

① بۇ سۆز بۇ جايدا «يىنى»، يازما نۇسخا 159 - بەتتە «تېينى» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، 99، 140، 233، 343، 482، 489، 512، 566 - بەتلەردە «يېن» شەكلىدە، 135 - بەتتە «يِن» شەكلىدە يېزىلغان. بىز «دىۋان» ئىملاسىدا «ِ» تاۋۇشىنى ھەم كەسرە قويۇپ، ھەم بىر «ى» ئارتتۇرۇش يولى بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئەرەپچىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «بەدەن ياكى يۇڭ، تېرە» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ شەخس قوشۇمچىسى قوشۇپ «*ət - yenim*» دەپ قوللىنىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «*yən // yən*» دەپ ئالدۇق.

ئۇنىڭغا يېتىشۋالدىم، مېنى كورۇپ تۈكلىرى ھۈرپەيدى (اِڤار - اِڤماك əvər - əvmək).

اَقدِي akdi ئاقتى، كەلدى. سُوْ اَقدِي *suv akdi* — سۇ ئاقتى. يَغِي اَقدِي *yaqi akdi* — يېغا كەلدى (اَقارْ - اَقماقْ *akar - akmak*).

اُقدِي ukdi ئۇقتى، چۈشەندى. اُلْ اَرْ اِيشِنْ اُقدِي *ol ər ixin ukdi* — ئۇ ئادەم ئوز ئىشىنى چۈشەندى (اُقارْ - اُقماق *ukar - ukmak*).

اَكدِي əkdi ئەكتى، تېرىدى. اُلْ تَرِغْ اَكدِي *ol tariq əkdi* — ئۇ ئاشلىق تېرىدى. بىر نەرسە ئۈستىگە دورا سېپىش ياكى قۇيۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَكارْ - اَكماكْ *əkər - əkmək*).

اُكدِي ügdi توپلىدى. اُلْ يَرْماقْ اُكدِي *ol yarmak ügdi* — ئۇ يارماق توپلىدى. باشقا نەرسىلەرنى توپلاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُكارْ - اُكماكْ *ügər - ügmək*).

اَكدِي əgdi ئەگدى. اُلْ بُتَقْ اَكدِي *ol putak əgdi* — ئۇ پۇتاق ئەگدى. باشقا نەرسىلەرنى ئېگىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَكارْ - اَكماكْ *əgər - əgmək*).

آلدِي aldi ئالدى. اُلْ اَلِمِنْ آلدِي *ol alimin aldi* — ئۇ

ئېلىشىنى ئالدى. بَكْ اِيلْ اَلْدِي *bəg əl aldi* — بەگ ئەل ئالدى (اَلِرْ - اَلْماقْ *alïr - almak*).

اُلْدِي **uldi**: اَتْ پِشِبْ اُلْدِي *ət pïxïp uldi* — گوش پىشىپ ئېزىلىپ كەتتى. كىيىمنىڭ كونىراپ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُلُرْ - اُلْماقْ *ulur - ulmak*).

اِلْدِي **īldī//ildi** ئىلدى، چۈشتى. تِكانْ تونِغْ اِلْدِي *tikən toniq ildi* — تىكەن تونىنى ئىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَرْ تاغدَنْ قُذِي اِلْدِي *ər taqdan kuzi ildi* — ئادەم تاغدىن توۋەن چۈشتى.

بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «ئىلىش» مەنىسىدە كەلسە، «ل - *l*» ھەرپى فەتھە بىلەن «اِلَرْ - *ilər*»، «چۈشۈش» مەنىسىدە كەلسە «ل - *l*» ھەرپى زەممە بىلەن «اِلُرْ *ilur*» بولىدۇ. «ئىلىش» مەنىسىدىكى سۆزنىڭ مەستىرى «ك - *k*» بىلەن «اِلْماكْ *ilmək*» بولىدۇ، «چۈشۈش» مەنىسىدىكى سۆزنىڭ مەستىرى «ق - *k*» بىلەن «اِلْماقْ *ilmak*» بولىدۇ.

اَمْدِي **əmdi** ئەمدى. كَنَجْ اَناسِنْ اَمْدِي *kənq anasïn əmdi* — بالا ئانىسىنى ئەمدى. بۇ سۆز شۇ مەنىدە باشقىلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (اَمارْ - اَماكْ *əmər - əmmək*).

أُمْدِي umdi ئۈمىت قىلدى، تاما قىلدى. اُلْ مَنْدَنْ نَانَكْ اُمْدِي — ol məndən nəŋ umdi — ئۇ مەندىن بىر نەرسە ئۈمىت قىلدى (اُمَارْ - اُمّاقْ umar - ummak).

أُنْدِي ündi ئۈندى. اُتْ اُنْدِي ot ündi — ئوت ئۈندى. اُلْ اَفْكا اُنْدِي ol əvgə ündi — ئۇ ئۆيگە ئۈندى. ئۇيغۇرچە (اُنَارْ - اُنْماكْ ünər - ünmək).

اِنْدِي *indi* تۆۋەن چۈشتى. اُلْ تاغْدَنْ قُذِي اِنْدِي *ol taqdan kuzi indi* — ئۇ تاغدىن تۆۋەن چۈشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سۆزدە «ن - *n*» ھەرپى «ل - *l*» دىن ئۆزگەرگەن. ئەرەبچىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال بار. مەسىلەن: «رَجُلٌ شَثْنُ الْأَصابِعِ وَ شَثْلُه وَ كَبَنَ الدَّلْوِ وَ كَبَلَه» ئىبارىسىدىكىدەك.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

آتّي atti ئاتتى. اَرْ اُقْ آتّي *ər ok atti* — ئادەم ئوق ئاتتى. تَنْكْ آتّي *taŋ atti* — تاڭ ئاتتى. اُلْ آتّي نانْكْني *ol atti nəŋni* — ئۇ بىر نەرسىنى ئاتتى (آتار - آتّماق *atar - atmak*).

أُتّي **utti** ئۈتتى. أُلْ اَني أُتّي *ol ani utti* — ئۇ ئۇنى ئۈتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (أُتارْ ـ أُتْماقْ *utar - utmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قِشْ ياىْ بِلا تُقُشْتِي
قِنِكِرْ كُوزُنْ بَقِشْتِي
تُتُشْقَلِي يَقِشْتِي
اُتْغالِمَتْ اُغْرَشُورْ

kīx yay bilə tokuxtī
kīŋīr kəzün bakīxtī
tutuxkalī yakīxtī
utoqalīmat ooqraxur

[قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى،
قىڭغىر كوز بىلەن قاراشتى،
تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى،
(بىر - بىرىنى) ئۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.]

قىش بىلەن ياز بىر - بىرى بىلەن ئوچەكشىپ سوقۇشقىلى تۇردى، بىر - بىرىگە يامان كوز بىلەن قاراشتى، بىر - بىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېقىنلاشتى، بىر - بىرىنى ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

أُتّي **ottī** ئوتتى. أُقْ كَيِكْتَنْ أُتّي *ok kəyiktən otti* — ئوق

كېيىكتىن ئۆتتى. باشقا نەرسىدىن ئۆتۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. قَرِيْن اُتّي *karïn ətti* — ئىچ ئۆتتى، يەنى ئىچ سۈردى (اُتَارْ ـ اُتْماكْ *ətər - ətmək*).

اُتّي ütti ئۆتلىدى. اُلْ باشِغْ اُتّي *ol baxïq ütti* — ئۇ باشنى ئۆتلىدى. باشقا نەرسىلەرنى ئۆتلەشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُتَارْ ـ اُتْماكْ *ütər - ütmək*).

اِتّي itti ئىتتەردى، يىقىتتى. اُلْ آنِي اِتّي *ol ani itti* — ئۇ ئۇنى ئىتتەردى، قولى ياكى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ يىقىتتى (اِتَارْ ـ اِتْماكْ *itər - itmək*).

اِيتّي ətti : تَنْگرِي مَنِكْ اِيشِمْ اِيتّي *təŋri məniŋ ïxim ətti* — تەڭرى مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىدى. اُلْ يُكُنْجْ اِيتّي *ol yüküng ətti* — ئۇ ناماز ئوتىدى. ئوغۇزچە. ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا، «اِيتّي *ətti*» سوزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر «قِلْدِي *kildi*» دەيدۇ. لېكىن بۇ سوز جىنسىي ئالاقىغىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خوتۇنلار خىجالەت بولمىسۇن دەپ، بۇ سوزنى قوللىنىشتىن ۋاز كەچكەن (اِيتَارْ ـ اِيتْماكْ *ətər - ətmək*).

بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

اۇپدي ɵpdi ھوپلىدى، ئوتلىدى، ئىچتى. ار سوۋ اوپدي ər suv ɵpdi —— ئادەم سۇنى ئوتلىدى. باشقا نەرسىلەرنى ئىچىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اۇپار - اۇپماك ɵpər - ɵpmək).

آاجتي āqtï ئاچتى. ار آاجتي ər āqtï —— ئادەمنىڭ قوسىقى ئاچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آاجار - آاجماق āqar - āqmak).

آاردي ārdï : ار آاردي ər ārdï —— ئىادەم ھاردى. باشقا نەرسىلەرنىڭ ھېرىشىغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. اۇل آني آاردي ol anï ārdï —— ئۇ ئۇنى ئالدىدى (آارار - آارماق ārar - ārmak).

اۇردي ɵrdi ئورۇدى. اۇل سج اۇردي ol saq ɵrdi —— ئۇ چاچ ئورۇدى. ھەرقانداق نەرسىنى ئورۇشكە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اۇرار - اۇرماك ɵrər - ɵrmək).

اۇردي ordï ئوردى. اۇل اۇت اۇردي ol ot ordï —— ئۇ ئوت ئوردى. بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئورۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اۇرار - اۇرماق orar - ormak).

اِيرْدي ərdi: اَرْ اِيرْدى *ər ərdi* — ئادەم ئەيمەندى. اُلْ تامْ اِيرْدى *ol tam ərdi* — ئۇ تام تەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِيرار - اِيرْماكْ *ərər - ərmək*).

اُورْدي ördi ئۆرلىدى، چىقتى. بُلِتْ اُورْدى *bulït ördi* — بۇلۇت ئۆرلىدى. قُوىْ اُورْدى *koy ördi* — قوي قوتاندىن قوزغىلىپ چىقتى، ئوتلاققا قاراپ ماڭدى. قوي ۋە باشقا ماللارنىڭ كېچىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اُورْدي ördi ئۆرۈدى. اُلْ سَقْدِجْ اُورْدى *ol səvdiq ördi* — ئۇ سېۋەت ئۆرۈدى. يىپ ياكى چىۋىقتىن قول بىلەن بىر نەرسىنى ئۆرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُورار - اُورْماقْ *örər - ørmək*①).

آازْدي āzdi ئازدى. اُلْ يُولْ آازْدى *ol yol āzdi* — ئۇ يول ئازدى (آازار - آازْماقْ *āzar - āzmak*).

اُوزْدي ozdi ئۆزدى. اَنِكْ اَتِي اُوزْدى *anïŋ atï ozdï* — ئۇنىڭ ئېتى ئۆزدى. باشقا نەرسىلەردىن ئۆزۈشقىمۇ مۇشۇ

---

① بۇ سۆزنىڭ مەسدىرى يازما نۇسخىدا «اُورْماقْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز پېئىل يىلتىزىنىڭ يۇمشاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «*ørmək*» دەپ ئالدۇق.

سوز ئىشلىتىلىدۇ (ئُوزار - ئُوزماق ozar - ozmak).

آسدى āsdi ئاستى. ئُل ئَت آسدى ol ət āsdi — ئۇ ئەت (گوش) ئاستى. قوزۇققا ئىسىلغان نەرسە ۋە دارغا ئىسىلغان ئادەمگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آسار - آسماق āsar - āsmak).

آشدى āxdi ئاشتى. ئُل تاغ آشدى ol taq āxdi — ئۇ تاغ ئاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آشار - آشماق āxar - āxmak).

آغدى āqdi ئاشتى، چىقتى، كوتىرىلدى. ئُل تاغقا آغدى ol taqka āqdi — ئۇ تاققا چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آغار - آغماق āqar - āqmak).

آغدى āqdi : بُلُت آغدى bulït āqdi — بۇلۇت كوتىرىلدى. انىڭ يُوزى آغدى anïŋ yüzi āqdi — ئۇنىڭ يۇزى تاتاردى.

آفدى āvdi ئۇلاشتى، تۇپلاندى. آنگر كىشى آفدى aŋar kixi āvdi — ئاڭا كىشى ئۇلاشتى (آفار - آفماق āvar - āvmak).

ئُوكدى ögdi ماختىدى. ئُل مَنى ئُوكدى ol məni ögdi — ئۇ مېنى ماختىدى (ئُوكار - ئُوكماك ögər - ögmək).

بۇ باپتىكى تۇت ھەرپلىكلەر

آيْدي aydï ئېيتتى. اُلْ مَنكا سُوزْ آيْدى — ol maŋa søz aydi

ئۇ ماڭا سوز ئېيتتى (آيُورْ - آيْماقْ ayur - aymak).

اُويْدي oydï ئويدى. اُلْ قاغُونْ اُويْدى — ol kaqun oydi

ئۇ قوغۇن ئويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُويارْ - اُويْماقْ oyar - oymak).

اُيْدي uydï ئۇيىدى، باستى، چىگدىدى. اُلْ اُونُغْ اُيْدى — ol unuq uydi — ئۇ ئۇننى باستى. باشقا نەرسىلەرنى چىگداشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُيارْ - اُيْماقْ uyar - uymak).

بۇ باپتىكى غۇننىلىكلەر

اَنْكْدي əŋdi ھاڭ - تاڭ قالدى. اَرْ اَنْكْدى ər əŋdi — ئادەم ھاڭ - تاڭ قالدى (اَنكارْ - اَنْكْماكْ ənər - əŋmək).

اُنْكْدي üŋdi تەشتى. اُلْ يِغاجْ اُنْكْدى — ol yïqaq üŋdi ئۇ ياغاچ تەشتى. تام تۈۋۈنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تېشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُنكارْ - اُنْكْماكْ ünər - üŋmək).

اُنْكْدي oŋdi ئوڭدى. بَرْجِنْ بُدُوغى اُنْكْدي — barqïn

boduoqi oŋdi تاۋارنىڭ بويىقى ئۇگدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئۇڭار-ئۇڭماق *oŋar - oŋmak*). بۇ سوزنىڭ «ئۇڭۇكتى *oŋukti*» دىگەن شەكلىمۇ بار.

قائىدە

بۇ باپتىكى بۇيرۇق رايى ئىككى ھەرپلىكتۇر. «يرماق ال *yarmak al* — يارماق ئال»، «اتن ال *attin il* — ئاتتىن چۈش» سوزلەردىكى «ال *al*، ال *il*» دىگەن بۇيرۇقلارغا ئوخشاش.

شۇنى بىلگىنكى، بۇ تىلدا پېئىللار بۇيرۇقتىن ياسىلىدۇ. بۇيرۇق رايى پېئىللارنىڭ تومۇرى بولۇپ، بۇ تىلدا ھەرخىل ئۇقۇملارنى بىلدۇرىدىغان باشقا پېئىل شەكىللىرى بۇيرۇق ئاخىرىغا تۇرلۇك قوشۇمچىلارنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

بولۇشسىزلىقنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەممە پېئىللارغا بۇيرۇق رايىنىڭ ئاخىرىغا «ما *maŋma*» قوشۇلىدۇ. «الما *alma* — ئالما»، «الما *ilma* — چۈشمە» دىگەنگە ئوخشاش.

باشقا قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى «سالم *salim* بولۇمى»گە توپلىدىم، خۇدا خالىسا، شۇ يەردە چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئىككى ھەرپلىك سوزلەر بابى تۈگىدى.

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعَلْ fəəl شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەر خىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

اُبْردِي øpürdi ھوپلەتتى، ئوتلاتتى، ئىچۇردى. اُلْ مَنكا سُوتْ اُبْردِي — *ol maŋa süt*[1] *øpürdi* ئۇ ماڭا سۈت ھوپلەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُبرُز - اُبرْماكْ *øpürür - øpürmək*).

اُتْردِي øtürdi چالدى. اُلْ سِبزغو اُترْدي — *ol sïbuzoqu øtürdi* ئۇ نەي چالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُترُز - اُترْماكْ *øtürür - øtürmək*).

اُتْردِي oturdï كەستى، قىرقىدى. اُلْ سَچْ اُتْردِي — *ol* —

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «سُوتْ» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەرەپچىگە «المرقة — شورپا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بىز ئەرەپچە تەرجىمىسىنى ئەمەس، ئەسلىنى ئاساس قىلىپ «سُوتْ *süt* — سۈت» دەپ ئالدۇق.

saq oturdï ئۇ چاچ كەستى. كىيىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كېسىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اتۇرۇر-اتۇرماق oturur-oturmak).

اُترُدي ötürdi تەشتى. ال تام اتۆردي ol tam ötürdi — ئۇ تام تەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اتۆرۆر-اُتۆرماك ötürür-ötürmək).

اُجرُدي uqurdï ئۇچۇردى. ال قش اجردي ol kux — uqurdï ئۇ قۇش ئۇچۇردى. ال انى اتن اجردي ol anï attïn uqurdï — ئۇ ئۇنى ئاتتىن ئۇچۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اجرر-اجرماق uqurur-uqurmak).

اُجرُدي öqürdi ئوچۇردى. ال اتغ اجــردي ol o!uoq — ئۇ ئوتنى ئوچۇردى. اَنك ابكاسن اجردي anïŋ öpkəsin öqürdi ئۇنىڭ ئاچچىقىنى باستى. ال انى ارُب تيني اجردي ol anï urup tïnï öqürdi — ئۇ ئۇنى ئۇرۇپ تىنىقىنى ئوچۇردى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اتغ اذغج برلا اجرماس otuoq ožoquq birlə öqürməs — ئوتنى يالقۇن بىلەن ئوچۇرگىلى بولماس. بۇ ماقال «پىتنە-پاساتنى پىتنە-پاسات بىلەن ئەمەس، سۆلھ

(اذاررمن - اذرماك izərürmən - izərmək[1]).

اسردي asurdī چۇشكۇردى. ار اسردى *ər asurdī* — ئادەم چۇشكۇردى (اسرر - اسرماق *asurur - asurmak*).

اسردي osurdī ئوسۇردى. ار اسردى *ər osurdī* — ئادەم ئوسۇردى (اسرر - اسرماق *osurur - osurmak*).

اسردي īsīrdi چىشلىدى. ات اسردى *it īsīrdi* — ئىت چىشلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ات اسرماس ات تپماس تيما *it īsīrmas at təpməs təmə* — ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دىمە. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق (اسرر - اسرماق *īsīrur - īsīrmak*).

اشردي ɵxərdi قاراڭغۇلاشتى. انك كوزى اشردى *anïŋ kɵzi ɵxərdi* — ئۇنىڭ كۆزى (ئاچلىق ياكى ئىنتىزارلىقتىن) قاراڭغۇلاشتى (اشارر - اشرماك *ɵxərür - ɵxərmək*).

اغردي ooqurdī : ار سنكك اغردى *ər sɵŋük ooqurdī* — ئادەم سۆڭەكنى ئۇگە - ئۇگىسىدىن ئاجرىتىۋەتتى (اغرر - اغرماق *ooqurur - ooqurmak*).

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا «اذارر، اذردم، اذرماك» شەكلىدە ئۈچ خىل ھەرىكەتلەنگەن، بىز بۇ سوز يىلتىزىنىڭ «ئىز» ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «اذرماك» شەكلىنى توغرا تاپتۇق.

بىلەن تۈگىتىش مۇمكىن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ (اجرر - اجرماك *əqürür - əqürmək*).

اِجْرْدِي iqürdi ئىچۈردى. اُلْ اَنْكَرْ سُوْ اِجْرْدِي *ol — aŋar suv iqürdi* ئۇ ئاڭا سۇ ئىچۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِجرر - اِجْرماك *iqürür - iqürmək*).

اَذِرْدِي əżirdi ئايرىدى. اُلْ اَذْكُونِي يَفْلاقْتَنْ اَذِرْدِي *ol — əżgüni yavlaktan əżirdi* ئۇ ياخشىنى ياماندىن ئايرىدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَتْلِي تِرْنكاقْلِي اَذِرْماسْ — *ətli tirŋakli əżirməs* ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس. بۇ ماقال «گوش بىلەن تىرناق بىر - بىرىدىن ئايرىلمەيدىغانلىقىنى، يېقىن تۇغقانلارمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ (اَذِرْر - اَذِرْماكْ *əżirür - əżirmək*).

اَذِرْدِي əżirdi ئايرىدى، تاللىدى. اُلْ اَذِرْدِي نانْكْنِي *ol — əżirdi nəŋni* ئۇ بىر نەرسىنى تاللىدى (اَذِرْر - اَذِرْماكْ *əżirür - əżirmək*).

اِذَرْدِمْ iżərdim ئىزىدىن باردىم. مَنْ اَنِي اِذَرْدِمْ *mən — anī iżərdim* مەن ئۇنىڭ ئىزىدىن باردىم.

اَڤْردي əvürdi قايتۇردى؛ ئورۇۋدى. اُلْ مَنِي يُولْدِنْ اَڤْردي *ol məni yoldïn əvürdi* — ئۇ مېنى يولدىن قايتۇردى. اُلْ اَياقْ اَڤْردي *ol ayak əvürdi* — ئۇ ئاياقنى (قاچىنى) ئورۇۋدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَڤرار - اَڤْرماكْ *əvürər - əvürmək*).

اَكْردي əgirdi: بَكْ كَنْدْ اَكِرْدي *bəg kənd əgirdi* — بەگ شەھەرنى قورشىدى. اُراغُتْ يِبْ اَكِرْدي *uraqut yïp əgirdi* — خوتۇن يىپ ئېگىردى. سُوقْ كَمِينِي اَكِرْدي *suv kəmini əgirdi* — سۇ كېمىنى چوگىلىتىۋەتتى (اَكرار - اَكِرْماكْ *əgirər - əgirmək*). اُلْ مَنِي اِيشْقا اَكِرْدي *ol məni ïxka əgirdi* — ئۇ مېنى ئىشقا مېلىكە قىلدى.

آلَرْدي alardï ئالا بولدى. تَلْقا آلَرْدي *talka alardï* — غوراپ (غورا ئۈزۈم) ۋە باشقا مېۋىلەر ئالا بولدى. كِشِي يِينِي آلَرْدي *kixi yəni alardï* — كىشىنىڭ ئەت-يېنى ئالا بولدى، يەنى كىشىنىڭ بەدىنىدە ئاق كېسەل پەيدا بولدى. اَنِكْ كُوزِي آلَرْدي *anïŋ kəzi alardï* — ئۇنىڭ كوزى ئالايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آلارُرْ - آلَرْماقْ *alarur - alarmak*).

اِلَرْدِي ilərdi ئىلىندى، ئىلەشتى. مَنِكْ كُوزُما نانَكْ اِلَرْدِي — *mənin kozümə nəŋ ilərdi* — مېنىڭ كوزۇمگە بىر نەرسە ئىلەشتى، قاراڭغۇدا ياكى يىراقتا مېنىڭ كوزۇمگە بىر نەرسە غۇۋا كورۇندى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَقْلارْ قَمُغْ كُلَرْدِي
تَغْلارْ بَشِي اِلَرْدِي
اَزُنْ تِنِي يِلِرْدِي
تُوتُو جَجَكْ جَرْكَشُورْ

kaklar kamuoq kələrdi
taoqlar baxï ilərdi
azun tīnï yīlïrdï
tütü qəqək qərkəxür

[قاقاسلىقلار پۇتۇنلەي كولگە ئايلاندى،
تاغلارنىڭ بېشى (كوزگە) ئىلىندى،
دۇنيانىڭ تىنىقى ئىلىندى،
تۇرلۇك چېچەكلەر تىزىلدى.]

سۇلار كوپىيىپ، ئويمانلىقلار كوللەرگە ئايلاندى، تاغلارنىڭ چوققىلىرى غۇۋا كورۇندى، دۇنيانىڭ تىنىقى ئىلىندى، دەرەخلەر كوكەردى، جانىۋارلار جۇپلەشتى. گۇل-چېچەكلەر كەينى - كەينىدىن بىخ ئۇردى.

آمزدي əmüzdi ئەمگۈزدى ~ ئېمىتتى. اراغت اغلنكا سوت امزدي uraɣut oɣlïŋa süt əmüzdi — خوتۇن ئوغلىغا سۈت ئەمگۈزدى (امزر - امزماك əmüzür - əmüzmək).

ابشدي əpüxdi ئۆپۈشتى، سويۈشتى. ال منك برلا ابشدى ol məniŋ birlə əpüxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۆپۈشتى (ابشر - ابشماك əpüxür - əpüxmək).

آتشدي atïxdi ئېتىشتى. ال منك برلا اق آتشدى ol məniŋ birlə ok atïxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئوق ئېتىشتى. ھەرقانداق نەرسىنى ئېتىششقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اتشر - اتشماق atïxur - atïxmak).

اتشدي utuxdï ئۇتۇشتى. ال منك برلا يرماق اتشدى ol məniŋ birlə yarmak utuxdï — ئۇ مېنىڭ بىلەن يارماق ئۇتۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اتشر - اتشماق utuxur - utuxmak).

اتشدي itixdi ئىتتىرىشتى. ال انك برلا اتشدى ol anïŋ birlə itixdi — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىرىشتى (اتشور - اتشماك itixür - itixmək). بىر نەرسىنى ئىتتىرىشتە ياردەملەشىش ياكى بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

آجشدي aqïxdï ئېچىشتى. ال منكا قبغ آجشدى ol —

maŋa kapuoq aqïxdi ئۇ ماڭا قوۋۇق ئېچىشىپ بەردى.
بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آچِشُورْ - آچِشْماق
aqïxur - aqïxmak).

آچِشْدي aqïxdi ئېچىپ كەتتى. اُزُمْ آچِشْدي — üzüm aqïxdi ئۈزۈم ئېچىپ كەتتى (آچِشُورْ - آچِشْماق - aqïxur - aqïxmak).

اُچَشْدي θqəxdi ئۆچەشتى، ئۆچەكەشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اُچَشْدي — ol məniŋ birlə θqəxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۆچەشتى (اُچَشُورْ - اُچَشْماكْ θqəxür - θqəxmək).

اِچِشْدي iqixdi ئىچىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُوتْ اِچِشْدي — ol məniŋ birlə süt iqixdi ئۇ مېنىڭ بىلەن سۈت ئىچىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِچِشُورْ - اِچِشْماكْ iqixür - iqixmək). بىر نەرسىنى ئىچىشتە ياردەملىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

بۇنداق پېئىللار ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئىككى ئىگە ئارىسىدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈملۈك پېئىللار. بۇ ئەرەبچىدىكى «مُفاعَلە mufaələ» تۈرىگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل پېئىللار بىر ئىش ئۈستىدە ياردەملىشىش ۋە بەسلىشىش مەنىلىرىنىمۇ بېرىدۇ.

يەنە بىر خىلى، ئىش - ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە

يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا يېيىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئوتتۇمىسىز پېئىللار. مەسىلەن: سِرْكا اَجِشْدِي sirkə aqïxdi — سىركە ئېچىپ كەتتى، يەنى سىركىنىڭ ھەممە يېرىدە ئېچىش پەيدا بولدى. تُونْ تَرْنِي اِجِشْدِي ton tərni iqïxdi — تون تەرنى (ئوزىنىڭ ھەممە يېرىگە) ئېچكۈزۈۋالدى. بىزمۇنچە پېئىللار مۇشۇنىداق بولىدۇ.

آذِشْدِي azïxdi كېرىلدى. اَرْ آذاقِي آذِشْدِي ər azaki azïxdi ئادەمنىڭ ئاياقلىرى كېرىلدى. بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ كەتكەن نەرسىلەرگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَذِشُرْ - اَذِشْماق azïxur - azïxmak).

اُزِشْدِي uzïxdi ئۇخلاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اُذِشْدِي ol məniŋ birlə uzïxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۇخلاشتى، ئۇ مېنىڭ بىلەن «قېنى، كىم كوپ ئۇخلىيالايدۇ» دەپ بەسلەشتى. اَذاقْ اُذُشْدِي azak uzïxdi — ئاياق ئۇيۇشتى. يُغُرْتْ اُذُشْدِي yoɣurt uzïxdi — قېتىق ئۇيىدى (اُذُشُورْ - اُذُشْماقْ uzïxur - uzïxmak).

اِذِشْدِي izïxdi سۇنۇشتى. اُلْ مَنكا اَرْتُتْ اِذِشْدِي ol maŋa artut izïxdi ئۇ مەن بىلەن تارتۇق سۇنۇشتى. بىرەر نەرسە ياكى ئىش ئۈستىدە بىركىم بىلەن بەسلە-

شىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اِذْشُورْ - اِذْشماقْ - *īzīxur* - *īzīxmak*).

آارِشْدِي ārīxdi ئالداشتى. الَرْ اِكّي آارِشْدى *olar ikki ārīxdi* — ئۇلار بىر - بىرىنى ئالداشتى (آارِشُورْ - آارِشْماقْ *ārīxur* - *ārīxmak*).

أَرُشْدِي ərüxdi ئېرىدى. ياغْ أَرُشْدِى *yaq ərüxdi* — ياغ ئېرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَرُشُورْ - اَرُشْماكْ - *ərüxür* - *ərüxmək*).

اُرُشْدِي uruxdi ئۇرۇشتى. اَنِكْ بِرْلا اُرُشْدِى *aniŋ birlə uruxdi* — ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى. بەگلەر ۋە باشقىلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. (اُرُشُورْ - اُرُشْماقْ *uruxur* - *uruxmak*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آلْپْ لارْ بِرْلا اُرُشْما بَكْلارْ بِرْلا تُرُشْما *alplar birlə uruxma bəglər birlə turuxma* — باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشما، بەگلەر بىلەن تىركەشمە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرَنْ اَلْپى اِقْشْتِيلارْ

قِنِكْرْ كُوزْنْ بَقِشْتِيلارْ

قَمغْ تِلْمِنْ تقشْتِلارْ

قِلِجْ قِنقا كُجُنْ سِغدى

ərən alpi okixtilar
kiŋir kozün bakixtilar
kamuoʞ tolmun tokuxtilar
kiliq kinka küqün siʞdi

[باتۇر ئەرلەر (بىر - بىرىنى جەڭگە) قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كوز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.]

يىگىتلەر بىر - بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، قىڭغىر كوز-لىرى بىلەن قاراپ ھومىيىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى، قىلىچلىرى قانىنىڭ كوپ ئۇيۇپ كەتكەن-لىگىدىن قىنىغا تەستە سىغدى[1].

اُرُشْدِى ürüxdi ھۇرۇشتى، ھۇۋلەشتى. اُلْ مَنكا اتْ اُرُشْدِى *ol maŋa ot ürüxdi* ئۇ ماڭا ئوت ھۇۋلەشتى. بەسلىشىشكىمۇ شۇن-داق دېيىلىدۇ (اُرُشُورْ - اُرُشْماكْ *ürüxür - ürüxmək*).

اُرُشْدِى ɵrüxdi ئۇرۇشتى. اُلْ مَنكا يِشغْ اُرُشْدِى *ol maŋa* ——

(1) بۇ شېئىر يازما نۇسخا 103 - بەتتىكى «اقشْتِلارْ *okixtilar*» سوزىگە بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىز يازما نۇسخىدىكى ئورنىنى ئوزگەرتمىدۇق.

yixiq ərüxdi ئۇ ماڭا تانا ئورۇشتى. ھەرقانداق نەر-
سىنى ئورۇشتە بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ
(ارشور - ارشماك *ərüxür - ərüxmək*).

مۇنداق پېئىللاردىكى ياردەملىشىش بىلەن بەسلىشىش
مەزمۇنلىرى شۇ پېئىللارغا قوشۇلۇپ كەلگەن قوشۇمچە سوزلەر
بىلەن پەرقلىنىدۇ. پېئىل «منكا *maŋa*» دىگەن سوز بە-
لەن كەلسە، «ياردەملىشىش» ئۇقۇمىنى بېرىدۇ؛
«مىنىڭ بىرلا *məniŋ birlə*» دىگەن سوز بىلەن كەلسە،
«بەسلىشىش» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ ھال ئىش-ھەر-
كەتنىڭ ئىككى ئىگە ئارىسىدا بولغانلىقىنى بىلدۇرىدىغان
(ئومۇلۇك دەرىجىدىكى) پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئور-
تاقتۇر.

ئۈچىنچى شەخستە «ياردەملىشىش»نى بىلدۇرۇش ئۈچۈن
«انكر *aŋar*»، «بەسلىشىش»نى بىلدۇرۇش ئۈچۈن
«انىڭ بىرلا *aniŋ birlə*» دىگەن سوزلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ.
بۇ قائىدىنى ئېسىڭىزدە تۇتقىن.

ازشدى üzüxdi ئۈزۈشتى. ال منكا ازم ازشدى *ol maŋa* —
üzüm üzüxdi ئۇ ماڭا ئۈزۈم ئۈزۈشتى. ئارغامچا ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۈزۈش ۋە كېسىشتە ياردەملە-
شىشكىمۇ ياكى شۇ ئىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ
(ازشور - ازشماك *üzüxür - üzüxmək*).

ازشدى üzüxdi چېپىشتى. ال منىڭ بىرلا ات ازشدى *ol* —

ئۇ مېنىڭ بىلەن ئات چېپىشتى. *mənin̡ birlə at üzüxdi*
ياردەملىشىش ئۇقۇمىنى ئاگلىتىشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلە-
تىلىدۇ (ازْشوْر - ازْشماكْ *üzüxür - üzüxmək*).

آسْشدي asïxdï ئېسىشتى. اُلْ مَنكا اتْ اَسشْدي *ol maŋa* — *ət asïxdï* ئۇ ماڭا گوش ئېسىشتى (آسشوْر - آسشْماق *asïxur - asïxmak*).

اَسْشدي əsixdi تارتىشتى. اُلْ مَنكا يِبْ اَسشْدي *ol maŋa* — *yip əsixdi* ئۇ ماڭا ئارغامچا تارتىشىپ بەردى. تارتىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَسشوْر - اَسشْماكْ *əsixür - əsixmək*).

اِسْشدي isixdi : اِسْشدي نانْكْ *isixdi nəŋ* — ئىسسىغان نەرسە، ھەممە تەرەپلىرىگە ئىسسىق ئۆتكەن نەرسە (اِسشوْر - اِسشْماكْ *isixür - isixmək*).

آشْشدي əxixdi : اُلْ مَنكا تپْراق آشْشدي *ol maŋa toprak* — *əxixdi* ئۇ ماڭا توپا كۆرىشىپ بەردى. كۆرەشتە بەسلە-شىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آشْشوْر - آشْشْماكْ *əxixür - əxixmək*).

اَغْشدي aqïxdï : اُلْ مَناكْ بِرْلا تاغقا اغْشدي *ol mənin̡ birlə* — *taqka aqïxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن تاققا چىقىشتى، تاققا چىقىشتا بەسلەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آغشوْر - اغشْماق

aoqïxur - aoqïxmak). اُلْ مَنِكْ بِرْلا بِيرْ آلْتُونْدَنْ آغْشْدِى ol mənin̡ birlə bir altundan aoqïxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن (باھانى) بىر تىللادىن ئاشۇرۇپ باقتى. بَكْلارْ بِيرْ اِكِنْدِى بِرْلا آغِشْدِى bəglər bir ikindi birlə aoqïxdi — بەگ-لەر بىر-بىرى بىلەن قوغلىشىشتى.

اُفْشْدِي uvuxdi ئۇۋۇتۇشتى. اُلْ مَنكا اَتْماكْ اُفْشْدِى ol maŋa ətmək uvuxdi — ئۇ ماڭا نان ئۇۋۇتۇشۇپ بەردى. بىر نەرسە-نى ئۇۋۇتۇشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُفْشُورْ - اُفْشْماقْ uvuxur - uvuxmak)

اِيفْشْدِي əvixdi ئالدىراشتى. كِشِيلارْ اِيشْقا اِيفْشْدِى kixi-lər ïxka əvixdi — كىشىلەر ئىشقا ئالدىراشتى (اِيفْشُورْ - اِيفْشْماكْ əvixür - əvixmək).

اَقْشْدِي akïxdi ئېقىشتى. سُفْلارْ اَقْشْدِى suvlar akïxdi — سۇ-لار ئېقىشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قارْ بوزْ قَمغْ ارْشْدِى
تَغْلارْ سُفِى اَقْشْدِى
كُكْشِنْ بُلِتْ ارْشْدِى
قَيغَقْ بُلُبْ اُكْرِشُورْ

kar buz kamuoq ərüxdi
taoqlar suvi akixdi
kəkxin bulit ərüxdi
kayoquk bolup əgrixür

[قار، مۇز تامام ئېرىشتى،
تاغلار سۇيى ئېقىشتى،
كوكوش بۇلۇت(لار) ئۆرلەشتى،
قېيىق بولۇپ ئايلىنار.]

يازنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: قار ۋە مۇز-لارنىڭ ھەممىسى ئېرىدى، تاغ سۇلىرى ئاقتى؛ كوكۇش بۇلۇتلار ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقتى، ئۇلار خۇددى قېيىقلار سۇدا ئۈزگەندەك ئاسماندا ئۈزمەكتە.

اُقْشْتِيلارْ ukuxtilar ئۇقۇشتى. اُلارْ بُو اِيشِغ اُقْشْتِيلارْ — *olar bu ixiq ukuxtilar* ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇقۇشتى (اُقْشُورْلارْ- اُقْشْماقْ *ukuxurlar - ukuxmak*).

اُقْشْتِيلارْ okixtilar چاقىرىشتى. اُلارْ بِيرْ اِكِنْدِي بِرْلا اُقْشْتِيلارْ — *olar bir ikindi birlə okixtilar* ئۇلار بىر-بىرىنى چاقىرىشتى (اُقْشُورْ- اُقْشْماقْ *okixur - okixmak*).

اُقْشْدِي okixdi ئوقۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا بِتِكْ اُقْشْدِي — *ol mənin birlə bitik okixdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن كىتاپ ئوقۇشتى. كىتاپ ئوقۇشۇپ باقتى. ئوقۇشتا ياردەملەشكىنىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اَكِشْدِي əkixdi ئېكىشتى، تېرىشتى. اُلْ مَنكا تَرِغْ اَكِشْدِي — ol maŋa tarïq əkixdi — ئۇ ماڭا ئاشلىق تېرىشىپ بەردى. تېرىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَكِشُورْ - اَكِشْمَاكْ əkixür - əkixmək).

اَكِشْدِي əgixdi ئېگىشتى. اُلْ مَنكا جُكَانْ اَكِشْدِي — ol maŋa qɵgən əgixdi ئۇ ماڭا چوگەن[1] ئېگىشىپ بەردى. ئېگىشتە بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَكِشُورْ - اَكِشْمَاكْ əgixür - əgixmək).

اُكُشْدِي ɵgüxdi ماختاشتى. اِكِي اَرَنْ اُكُشْدِي — ikki ərən ɵgüxdi ئىككى ئادەم بىر - بىرىنى ماختاشتى (اُكُشُورْ - اُكُشْمَاكْ ɵgüxür - ɵgüxmək).

اُكُشْدِي ügüxdi : اُلْ مَنكا تَرِغْ اُكُشْدِي — ol maŋa tarïq ügüxdi ئۇ ماڭا ئۇن تارتىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكُشُورْ - اُكُشْمَاكْ ügüxür - ügüxmək). ئۇن تارتىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اِكَشْدِيلارْ igəxdilər : كِشِيلارْ اِيشْتَا بِيرْ بِيرْكَا اِكَشْدِيلارْ — kixilər ïxta bir birigə igəxdilər كىشىلەر ئىشتا

[1] چوگەن — ئات توپى ئويناشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق.

بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشتى(اِكَشُورْ - اِكَشْماكْ *igəxür - igəxmək*).

اِكَشْدِي ikəxdi ئىكەشتى، ئىكەكلەشتى. اُلْ مَنكا تَمُرْ اِكَشْدِي *ol maŋa təmür ikəxdi* — ئۇ ماڭا تۆمۈر ئىكەكلىشىپ بەردى (اِكَشُورْ - اِكَشْماكْ *ikəxür - ikəxmək*). باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اِكِّي بُغْرا اِكَشْدِي *ikki buqra ikəxdi* — ئىككى بۇغرا سوقۇشتى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اِكِّي بُغْرا اِكَشُورْ اُتْرا كُكاكُونْ يَنْجِلُورْ *ikki buqra ikəxür otra kəkəgün yanqilur* — ئىككى بۇغرا ئىكىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يانچىلار. بۇ ماقال «ئىككى بەگ ئۇرۇشسا، ئارىدا ئاجىزلار يانچىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

آلِشْدِي alixdi ئېلىشتى. اُلْ مَنكا آلِمْ آلِشْدِي *ol maŋa alim alixdi* — ئۇ ماڭا ئېلىشىمنى ئېلىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آلِشُورْ - آلِشْماقْ *alixur - alixmak*).

اِلِشْدِي ilixdi ئىلىنىشتى. اِكِّي نانْكْ بِرْلا اِلِشْدِي *ikki nəŋ birlə ilixdi* — ئىككى نەرسە بىر - بىرى بىلەن ئىلىنىشتى (اِلِشُورْ - اِلِشْماكْ *ilixür - ilixmək*). قَنْجِقْ اِلِشْدِي *kan-qik ilixdi* — قانجۇق (ئەركەك ئىت بىلەن) ئىلىنىشتى. اِكِّي

اَذْغِرْ اِلشْدِی — ikki aꞌzꞌoqīr ilixdi — ئىككى ئايغىر چىش- لەشتى. توگىلەر چىشلەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

اُلِشْدِی ulīxdi ھۇلاشتى. بُرِی بَرْجا اُلِشْدِی bəri barqa — ulīxdi بارچە بورە ھۇلاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُلْشِبْ اَرَنْ بُورْلَیُو
یرتن یقا اورْلَیُو
سِقْرِبْ اونی یورْلَیُو
سِغْتَبْ کوزی اُرْتُلُورْ

ulxīp ərən bərləyü
yirtīp[1] *yaka urlayu*
sikrīp üni yurlayu
sïqtap kəzi ərtülür

[ئەرلەر بۆرىدەك ھۇلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋاقىرىشىپ،

---

① «يرتن» شەكلىدە يېزىلغان بۇ سۆز مۇشۇ شېئىرنىڭ باشقا مىساللىرىدىكى «اُلْشِبْ، سِقْرِبْ، سِغْتَبْ» سۆزلىرىگە ئوخشاش «یِرْتِبْ yīrtīp» بولۇشى كېرەك. چۈنكى مەنە ھەم ۋەزن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈنىنىڭ بىرىنچە چىقىراپ، پەريات چېكىپ،
ئۆكسۈپ كوزى ئورتىلەر.]

ئادەملەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بورىلەر-دەك هۆلاشتى، گاه ئۈرۈپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۆگنۈق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈنسەپ پەريات چېكىشتى، كوپ يىغلاپ، كوزلىرى كورمەس بولۇپ كەتتى (اُلِشُور - اُلِشْماق ulïxur - ulïxmak).

اُلَشْدي üləxdi ئۈلەشتى. اُلار اِكّي تَڤارِن اُلَشْدي — olar ikki tavarïn üləxdi ئۇلار ئىككىسى تاۋارلىرىنى ئۈلەشتى (اُلَشُور - اُلَشْماك üləxür - üləxmək).

اُلَشْدي ulaxdi ئۇلاشتى. بِرْ نانْكْ بِرْكا اُلَشْدي — bir nəŋ birgə ulaxdi بىر نەرسە بىر نەرسىگە ئۇلاشتى (اُلَشُور - اُلَشْماق ulaxur - ulaxmak).

اُلِشْدي ɵlixdi هوللەشتى. نانكْ اُلِشْدي — ɵlixdi nəŋ — هوللەشكەن نەرسە، هەممە يېرى هول بولۇپ كەتكەن نەرسە (اُلِشُور - اُلِشْماك ɵlixür - ɵlixmək).

اِلِشْدي ïlïxdi: اُلْ مَنِكْ بِرْلا تاغِدِنْ قُذِي اِلِشْدي — ol məniŋ birlə taƣdïn kuzï ïlïxdï ئۇ مېنىڭ بىلەن تاغدىن توۋەنگە چۈشۈشۈپ باقتى (اِلِشُور - اِلِشْماق ïlïxur - ïlïxmak).

ىِلِشدىِ ilixdi: اُلْ مَنِكْ بِرْلا تُبِقْ ىِلِشدىِ ol mənin birlə —— ئۇ مېنىڭ بىلەن توپۇق ئويناشتى topïk ilixdi (ىِلِشُورْ - ىِلِشماكْ ilixür - ilixmək).

ٱمُشْدىِ amuxdï: ٱمُشْدىِ اَرْ ər amuxdï —— (تاپا - تەنىدىن ھالىڭ - تاڭ قالغان ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ٱمُشُورْ - ٱمُشْماق amuxur - amuxmak[1]).

اُنَشْدِيلارْ unaxdïlar ئۇناشتى. بُو اِشِغْ اُلارْ قَمُغْ اُنَشْدِيلارْ bu ïxïoq olar kamuoq unaxdïlar —— بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇناشتى، بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماقۇل كورۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُناشُورْلارْ - اُنَشْماق unaxurlar - unaxmak).

اِنِشْدىِ ïnïxdï: اُلْ مَنِكْ بِرْلا تاغْدِنْ اِنِشْدىِ ol mənin birlə taoqdïn ïnïxdi —— ئۇ مېنىڭ بىلەن تاغدىن ئىنىشتى، تاغدىن چۈشۈشتە بەسلەشتى (اِنِشُورْ - اِنِشْماق ïnïxur - ïnïxmak).

اَجِقْتىِ aqïktï ئېچىرقىدى. اَرْ اَجِقْتىِ ər aqïktï —— ئادەم ئېچىرقاپ كەتتى (اَجِقارْ - اَجِقْماق aqïkar - aqïkmak).

---

[1] بۇ سوزنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «ٱمُشُورْ» دەپ بېرىلگەچكە، مەستەر شەكلىنى «amuxmak» دەپ ئالدۇق.

اُجقْتي uqukti ئاخىرىغا يەتتى. ايش اُجقْتي *ix uqukti* — ئىش ئاخىرىغا يەتتى، ئىش تۈگىدى (اُجقار - اُجقماق *uqukar - uqukmak*).

اُسقْتي usukti ئۇسسىدى. ار اُسقْتي *ər usukti* — ئادەم ئۇسسىدى (اُسقار - اُسقماق *usukar - usukmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُسقمِشقا ساقِغ قمغ سوُق كرنور *usukmixka sakïƣ kamuƣ suv kərünür* — ئۇسساتقانغا ئالۋۇن بۇتۈنلەي سۇ كورۇنەر. بۇ ماقال «ھاجەتمەن كىشى ھەربىر نەرسىدىن ئۆز ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى كۈتىدۇ» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

آشْقتي axukti ئالدىرىدى. اُل آفْكا آشْقتي *ol əvgə axukti* — ئۇ ئۆيىگە ئالدىرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بىرەر نەرسىگە تەشنا ۋە ئامراق بولۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (آشْقار - آشْقماق *axukar - axukmak*).

آغْقتي aƣukti ئوغىلاندى، زەھەرلەندى. ار آغْقتي *ər aƣukti* — ئادەم ئوغىلاندى. بۇ ئوتتۇمىسىز پېيل بولۇپ، ئەرەبچىدىكى «حمّى» سۆزىدىن كەلگەن «حمّ الرّجلْ» سۆزىگە ئوخشايدۇ (آغْقار - آغْقماق *aƣukar - aƣukmak*).

آلقْتي alikti چۈشكۈنلەشتى، بۇزۇلدى. ار آلقْتي *ər alikti* —

ئادەم چۈشكۈنلەشتى. باشْ اَلِقْتِى *bax alikti* — يارا شەل-
ۋەرەپ كەتتى. جۈملىدىن، ھېيىز كورگەن ياكى تۇغۇتلۇق
خوتۇنلار ۋە جۇنۇپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كوزى چۈشۈپ
بولغانلىغان نەرسىلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَلْقارْ - اَلِقْماقْ
alïkar - alïkmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

باشِى اَنِكْ اَلِقْتِى
قانِى يُزُبْ تُرِقْتِى
بالِغْ بُلُبْ تَغِقْتِى
اَمْدِى انِى كِيمْ يِتارْ

baxï aniŋ alïkti
kani yüzüp turukti
balïq bolup taqïkti
əmdi ani kim yətər

[ئۇنىڭ يارىسى ئەدىدى،
قېنى جىق ئېقىپ ئۇيىدى،
يارىلىنىپ تاققا چىقىۋالدى،
ئەمدى ئۇنىڭغا كىم يېتەر؟]

قېنى توختىمىغان يارىدار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ يارىسى بۇزۇلدى، يارىسىدىن قان كوپ ئېقىپ، ھالى ئېغىرلاشتى، ئۇ تاققا چىقىۋالدى، ئەمدى ئۇنى كىم تاپار؟

اَتِكْتيِ ətikti ئېتىكتى، ئەت ئالدى، سەمرىدى. اُغلان اَتِكْتي
oqlan ətikti — بالا ئەت ئالدى (اَتِكار - اَتِكْماك
ətikər - ətikmək).

اِجِكْتيِ iqikti : اَرْ اِجِكْتي *ər iqikti* — ئادەم ئېچىكتى، يەنى
ئەل بولدى ۋە ئۆز خاھىشى بىلەن يەنە جەڭگە قاتناشتى
(اِجِكار - اِجِكْماك *iqikər - iqikmək*).

اُجُكْديِ θqükdi ئۆچتى. اَرْ تِنيِ اُجُكْدي *ər tīnī θqükdi* —
(جەڭدە) ئادەمنىڭ تىنىقى ئۆچتى. ئۈستەمگە سوغۇق
سۇ سېپىلگەنلىكتىن ياكى قاتتىق تاياق يېگەنلىك-
تىن، تىنىقى توختاپ قالغان كىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلە-
تىلىدۇ (اُجُكارْ - اُجُكْماك *θqükər - θqükmək*).

اُبُلْديِ θpüldi ھوپلەندى، ئۆتلاندى، ئىچىلدى. سُوتْ اُبُلْدي
süt θpüldi — سۈت ئىچىلدى. باشقا نەرسىلەرنى ئىچىش-
كىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.
بۇ يەردىكى ئاساسىي قائىدە شۇكى، ئۆتكەن زامان
پېئىلغا «ل - *l*» ھەرپى قوشۇلسا، بۇ پېئىل مەجھۇل پېئىلغا
ئايلىنىدۇ (اُبُلورْ - اُبُلْماك *θpülür - θpülmək*).

اَتِلْديِ atīldī ئېتىلدى. اُقْ اَتِلْدي *ok atīldī* — ئوق ئېتىلدى
(اَتِلورْ - اَتِلْماق *atīlur - atīlmak*). چَجاكْ اَغْزي اَتِلْدي
qəqək aqzī atīldī — چېچەك ئېچىلدى. گۈل ۋە

شۇنىڭدەك بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتمەي ئېچىلىدىغان نەرسىلەر ياكى توپ نەرسىنىڭ يېيىلىپ كېتىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اُتَلْدِي ɵtəldi كۆچەندى. اُلْ بُو اِيشْتَا اُتَلْدِي ol bu ixta ɵtəldi — ئۇ بۇ ئىشتا (قاتتىق) كۆچەندى (اُتَلُورْ - اُتَلْمَاكْ ɵtəlür - ɵtəlmək).

اُتُلْدِي otuldï ئوتالدى. تَرِغْ اُتُلْدِي tarïq otuldï — ئېكىن ئوتالدى. «زىرائەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ياۋا ئوتلار يۇلۇپ تاشلاندى» دېگەن مەنىدە (اُتُلُورْ - اُتُلْمَاقْ otulur - otulmak).

اُتُلْدِي ütüldi ئۆتلەندى. قُويْ بَشِي اُتُلْدِي koy baxï ütüldi — قوي بېشى ئۆتلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُتُلُورْ - اُتُلْمَاكْ ütülür - ütülmək).

اِتِلْدِي itildi: اِتِلْدِي نَانْكْ itildi nəŋ — ئىتتىرىۋېتىلگەن نەرسە (اِتِلُورْ - اِتِلْمَاكْ itilür - itilmək).

اِتِلْدِي itildi: اُغْلَانْ اِتِلْدِي ooqlan itildi — بالىنىڭ ئايىغى چىقتى.

آجِلْدِي aqïldi ئېچىلدى. اِيشْ آجِلْدِي ïx aqïldi[1] — ئىش

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزگە «كُوكْ آجِلْدِي kɵk aqïldi» دېگەن مىسال بېرىلىپ، «انفتح الأمر وكذلك اذا تقشعت السماء» —

ئېچىلدى. كۇوكْ اَجِلْدِي *køk aqïldï* — هاۋا ئېچىلدى.

كُنكُلْ اَجِلْدِي *kөŋül aqïldï* — كوڭۇل ئېچىلدى. هەربىر

ئېچىلغان نەرسىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَجِلُورْ ـ اَجِلْماقْ

aqïlur ـ *aqïlmak*).

اِجِلْدِي iqildi ئېچىلدى. سُوقْ اِجِلْدِي *suv iqildi* — سۇ ئې-

چىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِجِلُرْ ـ اِجِلْماكْ ـ *iqilür*

iqilmək).

آذِلْدِي aźïldï يېزىلدى، ھۇشىغا كەلدى. آسْرُكْ آذِلْدِي

əsrük aźïldï — مەس يېزىلدى، مەس ۋە بىخۇت ھۇشىغا

كەلدى (آذِلُرْ ـ آذِلْماقْ *aźïlur* ـ *aźïlmak*).

اِذِلْدِي iźïldï يېشىلدى. تُتْغُونْ اِذِلْدِي *tutqun iźïldï* —

تۇتقۇن بوشىتىلدى. باغلانغان باشقا نەرسىلەردىمۇ شۇنداق

(اِذِلُرْ ـ اِذِلْماقْ *iźïlur* ـ *iźïlmak*).

اُرُلْدِي uruldï ئۇرۇلدى. ارْ اُرُلْدِي *ər uruldï* — ئادەم

ئىش ئېچىلدى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كوك ئېچىلدى» دەپ

ئىزاھلانغان. بۇ جۇملىدىكى «اِنْفَتَحَ الاَمْرُ» دىگەن سوزنىڭ

ئەسلى مىسالى كەلتۇرۇلمىگەن. بىسىم ئاتالاي بۇ سوزگە

«اِيشْ اَجِلْدِي *ïx aqïldï*» دەپ ئايرىم مىسال كەلتۇرگەن.

بىز بۇنى توغرا تاپتۇق.

ئۇرۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُرْلُورْ - اُرْلْماقْ - *urulur*

urulmak) تَرْكي اُرْلْدي *tərgi uruldi* — داستىخان

سېلىندى. تُوغْ اُرْلْدي *tuq uruldi* — نوۋەتچىلىك دۇە-

بىغى چېلىندى.

اُرْلْدي oruldi ئورۇلدى. تَرِغْ اُرْلْدي *tarïq oruldi* — ئې-

كىن ئورۇلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُرْوي جُوَجْ قُرْلْدي
تُوغُمْ تِكِبْ اُرْلْدي
سُوسي اُتُن اُرْلْدي
قَنْجُقْ قَجارْ اُلْ تُتارْ

kurwï quwaq kuruldï
tuqum tikip uruldï
süsi otun oruldï
kanquk kaqar ol tutar

[خاننىڭ چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ (دۇمباق) ئۇرۇلدى،
(دۇشمەن) قوشۇنى ئوتتەك ئورۇلدى،
ئۇ نەگە قاچسا تۇتۇلار.]

جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: خاننىڭ قاتـ-
تىق ئىسسىقتىن ۋە قار - يامغۇردىن ساقلايدىغان يېپىك

چېدىرى تىكىلدى، تۇغلار قادالدى. دۇمباقلار چېلىندى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوت - چۆپتەك ئورۇلدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ چوگى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟

اُرُلْدِي ɵrüldi ئورۇلدى. اُرْكَانْ اُرُلْدِي *ɵrgən ɵrüldi* — قېيىش ئورۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُرُلُرْ - اُرُلْماقْ *ɵrülür - ɵrülmək*[1]).

اُرُلْدِي ürüldi كۆپتى، كۆپچۈدى. اَرْ اُفْكَاسِنْدَنْ اُرُلْدِي *ər ɵvkəsindən ürüldi* — ئادەم غەزىۋىدىن كۆپچۈپ كەتتى. قَابْ اُرُلْدِي *kap ürüldi* — تۇلۇم پۈدەلىدى. اُوتْ اُرُلْدِي *ot ürüldi* — ئوت ھۇرلەندى (پۈۋلەندى): بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك ھەم ئۆتۈمسىز ھالدا كېلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يَلِنْكُقْ اُرُلْمِشْ قَابْ اَلْ آغْزِي يَزُلِبْ اَلْقِنُورْ *yalïŋuk ürülmix kap ol aqzï yazulïp alkïnur* — ئادەم بالىسى كۆپكەن تۇلۇمغا ئوخشار، ئاغزى يېزىلسا، يېلى چىقىپ بوشار.

اِرِلْدِي irildi: اَرْ اِرِلْدِي سَرِلْدِي *ər irildi sərildi* — ئادەم (غەم - قايغۇدىن) بىئارام بولدى ۋە كۆزىنى جىملىدى (اِرِلُرْ - اِرِلْماكْ *irilür - irilmək*).

---

① بۇ سۆزنىڭ مەتنى يازما نۇسخىدا «اُرُلْماقْ» شەكلىدە بې- رىلگەن بولسىمۇ، بىز پېئىل يىلتىزىنىڭ يۇمشاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*ɵrülmək*» دەپ ئالدۇق.

اِزُلْدِي əzüldi : اَنِكْ اَتِي اِزُلْدِي *aniŋ əti əzüldi* — ئۇنىڭ ئەت - يېنى جىرالدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈزۈلۈشىگە جىرىلىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِزُلُرْ - اِزُلْماكْ *əzülür - əzülmək*).

آزِلْدِي azïldi ئېزىلدى، ئېزىپ كېتىلدى. يُولْ آزِلْدِي *yol azïldi* — يول ئېزىپ كېتىلدى (آزِلُرْ - آزِلْماقْ *azïlur - azïlmak*).

اُزَلْدِي üzəldi ئۈزۈلدى، ھالدىن كەتتى، قىينالدى. اَرْ اُزَلْدِي *ər üzəldi* — ئادەم ئۈزۈلۈپ قالدى، قۇتۇلغۇسىز بىر دەرتكە قالدى. اِكْلِكْ اُزَلْدِي *iglig üzəldi* — ئاغرىق جان تالىشىپ قالدى، يەنى ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىدىن قىينىلىپ جان تالاشتى (اُزَلُورْ - اُزَلْماكْ *üzəlür - üzəlmək*).

اُزُلْدِي üzüldi ئۈزۈلدى. نانْكْ اُزُلْدِي *nəŋ üzüldi* — ئۈزۈلگەن نەرسە، ئۈزۈك نەرسە (اُزُلُرْ - اُزُلْماكْ *üzülür - üzülmək*).

آشِلْدِي əxildi ئېشىلدى، سوزۇلدى. يِشِغْ آشِلْدِي *yïxïq əxildi* — تانا سوزۇلدى. باشقا نەرسىلەرنى سوزۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آشِلُرْ - آشِلْماكْ *əxilür - əxilmək*).

آسِلْدِي asïldi ئېسىلدى. بِيرْ نانْكْ بِيرْكا آسِلْدِي *bir nəŋ*—

birgə asïldi بىر نەرسە بىر نەرسىگە ئېسىلدى (اَسِلُرْ ـ
اَسِلْماقْ *asïlmak* ـ *asïlur*).

اُشَلْدِي uxaldi ئۇشالدى، ئۇشتۇلدى. اَتْماكْ اُشَلْدِي *ətmək* ـــ
uxaldï نان ئۇشالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُشَلُرْ ـ اُشَلْماقْ
uxalmak ـ *uxalur*).

اَشُلْدِي əxüldi يېپىلدى. اَنِكْ اُزا يُغُرْقانْ اَشُلْدِي
əxüldi *anïŋ üzə yooqurkan* ـــ ئۇنىڭ ئۈستىگە يوت ـ
قان يېپىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَشُلُرْ ـ اَشُلْماكْ
əxülmək ـ *əxülür*).

آشِلْدِي əxildi: قُمْ آشِلْدِي *kum əxildi* ـــ قۇم چېچىلدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آشِلُرْ ـ آشِلْماكْ *əxilmək* ـ *əxilür*).

اِشِلْدِي əxildi: اَنِكْ الكِي اِيشْقا اِشِلْدِي *anïŋ əlki* ـــ
ïxka əxildi ئۇنىڭ قولى ئىشقا ئەپلەشتى، قولاشتى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِشِلُرْ ـ اِشِلْماكْ ـ *əxilür*
əxilmək).

اُشَلْدِي üxəldi ئاختۇرۇلدى. اَنِكْ آفِي اُشَلْدِي *anïŋ əvi* ـــ
üxəldi ئۇنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلدى. باشقا نەرسىلەرنى ئاختۇ ـ
رۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُشالُرْ ـ اُشَلْماكْ ـ *üxəlür*
üxəlmək).

اُقْلدِي uvuldï ئۇۋۇلدى. اُقْلدِي نانْكْ *uvuldï nəŋ* — ئۇۋۇلغان نەرسە، ئۇۋۇاق نەرسە (اُقْلُرْ - اُقْلماقْ - *uvulur* *uvulmak*).

اُقْلدِي ukuldï ئۇقۇلدى. بُو سُوزْ اُقْلدي *bu søz ukuldï* — بۇ سۆز ئۇقۇلدى (اُقْلُرْ - اُقْلماقْ *ukulur - ukulmak*).

اُقِلْدِي okïldï ئوقۇلدى. بِتِكْ اُقِلْدِي *bitik okïldï* — كىتاپ ئوقۇلدى (اُقِلُرْ - اُقِلْماقْ *okïlur - okïlmak*).

اِكِلْدِي əkildi ئېكىلدى، تېرىلدى. تَرِغْ اَكِلْدِي *tarïƣ əkildi* — ئاشلىق تېرىلدى. بىر نەرسە باشقا بىر نەرسە ئۈستىگە سېپىلسىمۇ، شۇنداق دېيىلىدۇ (اِكِلُرْ - اِكِلْماكْ *əkilür - əkilmək*).

اَكِلْدِي əgildi ئېگىلدى. يِغاجْ اَكِلْدِي *yïƣaq əgildi* — ياغاچ ئېگىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَكِلُرْ - اَكِلْماكْ *əgilür - əgilmək*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُرُغْ يِغاجْ اَكِلْماسْ قُرْمِشْ كِرِشْ تُكُلْماسْ *kuruƣ yïƣaq əgilməs — kurmix kirix tügülməs* قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس، قۇرىغان كىرىچ تۈگۈلمەس. بۇ ماقال «كۆپ ئىشلىتىلىپ جۇلۇغى چىقىپ كەتكەن نەرسە ئورنىغا كەلمەيدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

اُكُلدي ügüldi توپلاندى، دوۋىلەندى. تۇپراق اُكُلدى *toprak ügüldi* — توپا دوۋىلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكُلُر - اُكُلْماك *ügülür - ügülmək*).

اُكُلدي ɵgüldi ماختالدى. اَر اُكُلدى *ər ɵgüldi* — ئادەم ماختالدى (اُكُلُر - اُكُلْماك *ɵgülür - ɵgülmək*).

اُبَندي ubandi يوپۇندى، يوشۇرۇندى، چەتىنىدى. اُل مَندِن اُبَندى *ol məndin ubandi* — ئۇ مەندىن يوشۇرۇندى (اُبَنُور - اُبَنْماق *ubanur - ubanmak*).

اُبُندي ɵpündi : اُل مُون اُبُندي *ol mün ɵpündi* — ئۇ ئۆزىنى شورپا ئىچىۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى (اُبُنور - اُبُنْماك *ɵpünür - ɵpünmək*).

«ن - *n*» ھەرپى قوشۇلۇپ كەلگەن بەزى پېئىللار ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان بىر ئىشنى خۇددى قىلىۋاتقاندەك قىلىپ كورسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىگىنىڭ بىر ئىشنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆز بېشىغا قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

اَتِندي atīndi ئېتىلدى. اُل نارُو اَتِندى *ol nərü atīndi* — ئۇ نېرى ئېتىلدى (سىلجىدى). باشقا كۈچ بىلەن بىر تەرەپكە دومۇلىتىلغان نەرسىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَتِنُور - اَتِنْماق *atīnur - atīnmak*).

آتندي atïndi : ال اُق آتندي *ol ok atïndi* — ئۇ ئوزىنى ئوق ئېتىۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى (آتنور - آتنماق *atïnur* - *atïnmak*).

اُتندي utandï ئۇيالدى، ئوغۇزچە. ال مندن اُتندي *ol* — *məndin utandï* ئۇ مەندىن ئۇيالدى (اتنور - اتنماق *utanur - utanmak*).

اُتندي ətündi هال ئېيتتى، ئوتۇندى، ئىلتىماس قىلدى. ال خانقا اُتك اُتندي *ol hanka ətük ətündi* — ئۇ خانغا هال ئېيتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «اُتكندي» *ətkündi* بولۇپ، «ئاگلىغىنىدەك هىكايە قىلدى» دىگەن مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ (اتنور - اتنماك *ətünür* - *ətünmək*).

آجندي aqïndi : بَك اَرن آجندي *bəg ərin aqïndi* — بەگ ئەسكەرلىرىنى سىيلىدى ۋە ئوزۇقلاندۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَر اَتن اَجندي *ər atïn aqïndi* — ئادەم ئېتىغا يەم-خەشەك بەردى. اَر قوين آجندي *ər koyïn aqïndi* — ئادەم قويىنىنى ئېچىۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى. بوشۇكتىكى بالىنىڭ يوگىنگى، كىسەل ياتقان كىشىنىڭ يېپىنچىسى ئېچىلسىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آجنر - آجنماق *aqïnur* - *aqïnmak*).

اُذُنْدِي ożundï ئويغاندى. اَرْ اُذُنْدى ər ożundï — ئادەم

ئۆيقۇدىن ئويغاندى (اُذُنُر - اُذُنْماق ożunur - ożunmak).

اُذُنْدِي użundï ئوچتى. اُوتْ اُذُنْدى ot użundï — ئوت

ئۆچتى. يُلا اُذُنْدى yula użundï — چىراق ئۆچتى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُذُنُر - اُذُنْماق użunur - użunmak).

اَنِكْ قُتِي اُذُنْدى aniŋ kutï użundï — ئۇنىڭ قۇتى

ئۆچتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَمْدى اُوذُنْ اُذُنْدى
كِيدِنْ تَلِمْ اُكُنْدى
اِيلْ بُلْغَالِي اِكَنْدى
اَنْدَغْ اَرِكْ كِيمْ اُتَار

əmdi użun ożundï
kədin təlim ökündi
əl boloqalï ikəndi
*andaq ərig kim utar*①

---

① بۇ شېئىر ئەسلىدە «اَرْ اُذُنْدى ər ożundï — ئادەم ئۆيقۇدىن ئويغاندى» دېگەن جۈملىدىن كېيىن كېلىشى لازىم ئىدى، چۈنكى بۇ شېئىردا مىسال كەلتۈرۈلگەن سوز «اُذُنْ اُذُنْدى użun —

[ئەمدى ئۆيقۇدىن ئويغاندى،
كېيىن تولا ئوكۇندى،
ئەل بولۇشقا ئىكەندى،
ئۇنداق ئادەمنى كىم يېگەر؟]

دۇشمەن ئەمدى ئۆيقۇسىدىن ئويغاندى، ئەل بولۇشتىن باش تارتقانلىقىغا كوپ پۇشايمان يىدى، ئۇنداق ئادەمنى مەندىن باشقا كىم يېڭىدۇ؟

آرِنْدي arindi ئېرىغداندى، تازىلاندى. آرْ آرِنْدي ər arindi — ئەر ئېرىغداندى، يەنى هاك ئارىلاشمىسى بىلەن مويىنى چۈشۈرۈپ سۈنئەت قىلدى (آرِنُورْ-آرِنْماق arinur - arinmak).

اُرْنْدي urundi : اُلْ اوزِنْ اُرْنْدي ol ɵzin urundi — ئۇ (بىر ئىشقا پۇشايمان يەپ) ئۆزىنى كايىدى. بىرەر ئەرسىنى ئۇرۇۋاتقاندەك كورۇنۇشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. آرْ سُڤْلُقْ اُرْنْدي ər suvluk urundi — ئادەم سەللە ئورىدى. اُراغُتْ بُرُنْجُكْ اُرْنْدي uraqut bürünqük urundi — خوتۇن پۇركەنچە پۇركەندى (اُرُنُرْ-اُرُنْماق urunur - urunmak).

---

ozundi ئۆيقۇدىن ئويغاندى» دىگەن سوزدۇر. ئەمما يازما نۇسخىدا «اوتْ اُزُنْدي ot uzundi» دىگەن جۈملىدىن كېيىن كەلگەن. بىز ئورنىنى ئالماشتۇردۇق.

اُرنْدي üründi : اَرْ سِكي اُرنْدي ər siki üründi — ئادەمنىڭ ئالىستى قوپىتى (اُرنُرْ - اُرنْماك ürünür - ürünmək).

اَرِنْدي ərindi ئېرىندى. اَرْ ايشقا اَرِنْدي ər ixka ərindi — ئادەم ئىشقا ئېرىندى (اَرِنُرْ - اَرِنْماك ərinür - ərinmək).

آسِنْدي əsindi : آتْ آسِنْدي at əsindi — ئات يۇلقۇندى، يەنى بوشىنىش ئۈچۈن ئارغامچىنى تارتىپ، ئۈزۈۋېتەي دەپ قالدى.

اِسِنْدِمْ isindim : مَنْ اَنكارْ اِسِنْدِمْ mən aŋar isindim — مەن ئاڭا كۆيۈپ قالدىم. اُلْ اُتقا اِسِنْدي ol otka isindi — ئۇ ئوتقا ئىسسىندى. اُلْ كُونْ اِسِنْدي ol kün[1] isindi — ئۇ ئاپتاپ سىندى (اِسِنُورْ - اِسِنْماك isinür - isinmək).

---

① بۇ جۈملە «دىۋان»نىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدا «دا» قوشۇپ «اُلْ كُونْ دا اِسِنْدي» شەكلىدە بېرىلگەن، لېكىن يازما نۇسخىدا «كُونْ» سۆزىدىن كېيىن «دا» قوشۇمچىسى بېرىلمە-گەن. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاپتاپ سىندى» دېگەن جۈملىدە «دا» قوشۇمچىسىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ جۈملىنى يازما نۇسخا بويىچە ئالدۇق.

اِشَنْدِي ixəndi ئىشەندى، تاياندى. اُلْ مَنكا اِشَنْدى *ol* —
ئۇ ماڭا ئىشەندى *maŋa ixəndi* (اِشَنُورْ ـ اِشَنْماكْ
(*ixənür - ixənmək*).

آشُنْدِي axundi ئېشىپ كەتتى، ئوتۇپ كەتتى. اُلْ مَنْدِنْ
آشُنْدى *ol məndin axundi* — ئۇ مەندىن ئېشىپ كەتتى
(آشُنُرْ ـ آشُنْماقْ *axunur - axunmak*).

آڤِنْدِي avïndi ئاۋۇندى، كونۇكتى، ئىجىل بولدى. اُلْ مَنكا
آڤِنْدى *ol maŋa avïndi* — ئۇ ماڭا ئىجىل بولۇپ
قالدى (آڤِنُرْ ـ آڤِنْماقْ *avïnur - avïnmak*).

اُڤُنْدِي uvundi: اُلْ اُزِنكا اَتْماكْ اُڤُنْدى *ol øziŋə ətmək* —
ئۇ ئۆزىگە نان ئۇۋۇاتتى (اُڤُنُورْ ـ اُڤُنْماقْ *uvundi*
(*uvunur - uvunmak*). اُلْ اَلْكِنْ اُڤُنْدى *ol əlkin* —
ئۇ (بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەت، ئەگىلگەن *uvundi*
يامان خەۋەر ياكى ئاغرىقنىڭ ئازاۋى سەۋەبىدىن)
قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.

اُقِنْدِي okïndi ئوقۇلدى. بِتِكْ اُقِنْدى *bitik okïndi* — كىتاپ
ئوقۇلدى. اُلْ بِتِكْ اُقِنْدى *ol bitik okïndi* — ئۇ ئۆزىنى
كىتاپ ئوقۇۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى (اُقِنُرْ ـ اُقِنْماقْ

okinur - okinmak). بۇ سۆزدىكى «ن - n» ھەرپى «ل - l» ھەرپىدىن ئۆزگەرگەن.

اَكِنْدي əkindi: اَلْ اُوزِنكا تَرِغْ اَكِنْدى ol əziŋə tariq əkindi — ئۇ ئۆزىگە ئاشلىق تېرىدى (اَكِنُرْ - اَكِنْماكْ əkinür - əkinmək).

اُكُنْدي əkündi ئۆكۈندى، پۇشايمان قىلدى. اَلْ يازُقِنكا اُكُنْدى ol yazukiŋa əkündi — ئۇ گۇناھىغا ئۆكۈندى. ھەرقانداق ئىشتا پۇشايمان قىلىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُكُنُرْ - اُكُنْماكْ əkünür - əkünmək).

اُكُنْدي əgündi ماختاندى. اَلْ اُزِنْ اُكُنْدى ol əzin əgündi — ئۇ ئۆزىنى ماختىدى (اُكُنُرْ - اُكُنْماكْ əgünür - əgünmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُكُنْكُوجِي اِمِنْدا اَرْتاتُرْ əgüngüqi əmində artatur — ماختانچاق ئىشتىنى بۇلغار. يەنى ماختانچاق ئادەم ئەمەلىي سىناق ۋاقتىدا ئۆز گېپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، خىجىللىقىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى ماختانچاقلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اِكَنْدي ikəndi: اَتْ اِكَنْدى at ikəndi — ئات تۇسۇنلۇق قىلدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِكَنُرْ - اِكَنْماكْ ikənür - ikənmək).

اِکَنْدِي igəndi بوغاز بولدى. قِسراق اِکَنْدى *kisrak igəndi* — بايتال بوغاز بولدى.

اَلِنْدِي alindi: اُل اَلِمِنْ اَلِنْدِي *ol alimin alindi* — ئۇ ئېلىشىنى (بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز) ئالدى (اَلِنُر - اَلِنْماق *alinur* - *alinmak*).

اُلَنْدِي ulandi ئۇلاندى. اُلَنْدِي نانك *ulandi nəŋ* — ئۇلاندى نەرسە (اُلانُر - اُلَنْماق *ulanur* - *ulanmak*).

اُلُنْدِي olundi ئۇلاندى، تولغاندى، ئايلاندى. اُلُنْدِي نانك *olundi nəŋ* — ئۇلانغان نەرسە، دەرەخكە ئورالغان ئار-غامچىدەك ياكى يوگىلىشۋالغان يىلاندەك چىرمالغان نەرسە. يُولْ اُلُنْدِي *yol olundi* — يول ئايلاندى (اُلُنُر - اُلُنْماق *olunur* - *olunmak*).

اُلِنْدِمْ olindim تولغاندىم، زېرىكتىم. مَنْ بُو اِيشْتا اُلِنْدِمْ *mən bu ixta olindim* — مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم (اُلِنُرمَن - اُلِنْماق *olinurmən* - *olinmak*).

اِلَنْدِي iləndi: اُلْ اَنكارْ اِلَنْدِي *ol aŋar iəlndi* — ئۇ ئاڭا كاپىدى، يەنى ئۇ، بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىيالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئەيىپلىدى. تاپا-تەنە ئۈچۈنمۇ «اِلَنْج *ilənq*» سوزى ئىشلىتىلىدۇ (اِلَنُر - اِلَنْماك *ilənür* - *ilənmək*).

الندي ilindi ئىلىندى. تكان تونقا الندى — *tikən tonka*
ilindi تىكەن تونغا ئىلىندى (النر ـ النماك *ilinür* - *ilinmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بدو منكا الندى
امكاك كرو الندى
قلمشنكا الندى
تتغن بلب ال قتار

tabdu[1] *maŋa ilindi*[2]
əmgək kərü olïndï

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «ببدو» شەكلىدە بېرىلگەن. بىسىم ئاتالاي «بىر كىشىنىڭ ئېتى بولسا كېرەك» دېگەن قىياس بىلەن «تبدو» شەكلىدە تۈزەتكەن. بىز بۇ پىكىرنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «آلندى» شەكلىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، توغرىسى «الندى *ilindi*» بولسا كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ شېئىر «الندى *ilindi*» دېگەن سۆزگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتورنىڭ ئۆزى شۇنىڭ كەينىدىنلا «كيك تزقا الندى *kəyik tuzakka ilindi*» دېگەن مىسالدا بۇ سۆزنى «الندى *ilindi*» شەكلىدە بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «الندى *ilindi*» دەپ ئېلىشنى توغرا تاپتۇق.

kïlmïxïŋa iləndi
tutqun bolup ol katar

[تابدۇ ماگا ئەسىر چۈشتى،
جاپا - مۇشەققەت چېكىپ تولغاندى.
قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى،
ئۇ تۇتقۇن بولۇپ قىينىلىۋاتىدۇ.]

دۈشمەن ماگا ئەسىر چۈشتى، بېشىغا كەلگەن جاپا - كۈلپەتتىن قىينالدى، ھەتتا جېنىدىن تويدى، قىلمىشىغا پۇشايمان يىدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىپلىدى، بۇرۇن ئەركىن ئۆتكەن ئادەمگە بۇ ئىشلار بەك ھار كېلىۋاتىدۇ.

اَرْ يَغِيقا اِلِنْدِي *ər yaqïka ilindi* — ئادەم دۈشمەنگە ئەسىر چۈشتى. كَيِكْ تُزَقْقا اِلِنْدِي *kəyik tuzakka ilindi* — كېيىك (ئوۋ) تۇزاققا ئىلىندى.

اُمُنْدُمْ umundum ئۈمىتلەندىم. مَنْ تَنْكْرِي دِنْ اُمُنْدُمْ *mən* — مەن تەڭرىدىن ئۈمىتلەندىم *təŋridin umundum* (اُمُنُرْ - اُمُنْماقْ *umunur - umunmak*).

آنُنْدِي anundï: اُلْ ياغِيقا آنُنْدِي *ol yaqïka anundï* — ئۇ يېغىغا قارشى تەييارلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آنُنُرْ - آنُنْماقْ *anunur - anunmak*).

اِنَنْدِمْ inandïm ئىناندىم، ئىشەندىم. مَنْ آنْكارْ اِنَنْدِمْ

مەن ئاڭا ئىناندىم — mən aŋar īnandīm (اِنانُرْ - اِنَنْماق īnanur - īnanmak). «ئىشەنچلىك بەگ»مۇ «اِنَنْجْ بَكْ īnanq bəg» دېيىلىدۇ.

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

آبِتّی abïttï يوپۇتتى، يوشۇردى، چەتنەتتى. اُلْ اُزِنْ مَنْدِنْ اَبِتّی — ئۇ ئۆزىنى مەندىن ol øzin məndin abïttï يوشۇردى. نەرسىلەرنى يېپىپ ياكى يوشۇرۇپ قويۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَبِتُرْ - اَبِتْماقْ abïtur - abïtmak).

آتَتّی atattï: تایْ اَتَتّی tay atattï — تاي ئات بولدى؛ تاي چوڭىيىپ ئات قاتارىغا كىردى. مەسىلەن: ئەرەپچىدە «فَتِيَّت الجَارِيَةُ — قىز بويىغا يەتتى» دېيىلگىنىگە ئوخشاش. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تایْ اَتَسا اَتْ تِنُورْ اُغُولْ اَرَزْسا اَتا تِنُورْ — tay ataïsa at tïnur oǫul ərəžsə ata tïnur تاي ئات بولسا، ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا، ئاتا تىنۇر.

تاي چوڭ بولسا، ئات ئارام ئالىدۇ، مىنىلىشتىن قۇتۇلىدۇ؛ ئوغۇل چوڭ بولسا، ئاتىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ئارام ئالىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكُرْ مَنِكْ ساڤِمْنِي بِلْكالِكا اَيْ
تِنُرْ قَلِي اَتَتْسا قِسْرَقْ سِنِي تايْ

təgür məniŋ savïmni bilgəligə ay
tinur kali atatsa kisrak sini[1] *tay*

[يەتكۈز مېنىڭ سۆزۈمنى، بىلىم ئەھلىرىگە ئېيت،
تاي ئات بولۇپ قالسا، بايتال تىنىدۇ.]

سۆزۈمنى ئاقىللارغا يەتكۈزگىن، ئەگەر بايتالنىڭ تېيى چوڭىيىپ ئات قاتارىغا كىرسە، بايتال ئارام ئېلىپ قالىدۇ.

اَتَتّي ətətti : اُلْ اَنِي اَتَتّي *ol ani ətətti* — ئۇ ئۇنى قىين ئەھۋالغا سېلىپ قويدى (اَتاتُرْ - اَتَتْماكْ *ətətür* - *ətətmək*).

اَجِتّي aqitti ئېچىتتى. اُلْ سِرْكا اَجِتّي *ol sirkə aqitti* — ئۇ سىركە ئېچىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ اَنِكْ

① بۇ سۆز بۇ ئورۇندا «سَنِي» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، يازما نۇسخا 514 بەتتە «سِنِي» شەكلىدە يېزىلغان. بىز «سِنْ «*sin*» سۆزىنىڭ «بوي - تۇرق، سىن - سىياق» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ۋە شېئىرنىڭ بۇ مىسراسى شۇنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سۆزنى «*sin*» دەپ ئالدۇق.

كُونكْلِنْ اَجِتّي *ol anīŋ kəŋlin aqītti* — ئۇ (ئېچە-
نىشلىق بىر ئىش بىلەن) ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەمكىن
قىلدى، كۆڭلىنى ئاغرىتتى (اَجِتْر-اَجِتْماق *aqītur - aqītmak*).

اُذِتّي użītti: اُلْ مَني اُذِتّي *ol məni użītti* — ئۇ مېنى
ئۇخلاتتى. اُلْ يغُرتْ اُذِتّي *ol yoqurt użītti* — ئۇ
قېتىق ئۇيۇتتى. اُلْ اُذِتْما اُذِتّي *ol użītma użītti* —
ئۇ پىشلاق پىشۇردى. اُلْ اُتْ اُذِتّي *ol ot użītti* —
ئۇ ئوت ئۆچۈردى (اُذِتْر-اُذِتْماق *użītur - użītmak*).

آرِتّي arītti ئەرتتى، تازىلىدى. اُلْ تَرِغْ اَرِتّي *ol tarīq* —
arītti ئۇ بۇغداي تازىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(اَرِتْر-اَرِتْماق *arītur - arītmak*). اُلْ قوزي اَرِتّي *ol* —
kozī arītti ئۇ قوزا پىچتى. بالىنى خەتنە قىلىشقىمۇ مۇشۇ
سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

آرَتّي ərətti: اُغْلانْ آرَتّي *oqlan ərətti* — بالا ئەر بولدى.
بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «آرَذْتي *ərəżti*» بولۇپ، ئىدغام
نەتىجىسىدە «آرَتّي *ərətti*» بولۇپ قالغان. بۇ خۇددى
ئەرەپچىدىكى «مُذَّكِرْ» سۆزىنىڭ «ذِكِرْ» سۆزىدىن

كېلىپ چىقىشىغا ئوخشايدۇ (اَرَذُور - اَرَذْماكْ - ərəżür
.(ərəżmək

آرُتّي ərütti ئېرىتتى. اُلْ ياغْ اَرُتّي ol yaɣ ərütti — ئۇ ياغ ئېرىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَرُتُرْ - اَرُتْماكْ ərütür - ərütmək).

آزِتّي azïtti ئازدۇردى، ئېزىقتۇردى. اُلْ اَنكارْ يُولْ اَزِتّي ol aŋar yol azïtti — ئۇ ئاڭا خاتا يول كۆرسەتتى، ئۇ ئۇنى يولدىن ئازدۇردى (اَزِتُرْ - اَزِتْماقْ azïtur - azïtmak).

آزِتّي əzitti : اُلْ اُغْلانْ قُلاقِنْ اَزِتّي ol oɣlan kulakïn — əzitti ئۇ بالىنىڭ قۇلىقىنى تىلدى. بىر نەرسىنى ئۆزۈنىغا جىراش ياكى تىلىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَزِتُرْ - اَزِتْماكْ əzitür - əzitmək).

اُزَتّي uzatti ئۇزارتتى، سوزدى. اُلْ يِشِغْ اُزَتّي ol yïxïɣ — uzatti ئۇ تانىنى ئۇزارتتى. اُلْ اِيشِغْ اُزَتّي ol ïxïɣ — uzatti ئۇ ئىشنى كەينىگە سوزدى (اُزاتُرْ - اُزاتْماقْ uzatur - uzatmak).

اُزِتّي üzitti : اُلْ اَنِكْ قُلاقِنْ اُزِتّي ol anïŋ kulakïn — üzitti ئۇ (تولا سوزلەپ) ئۇنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىۋەتتى. سِرْكا كُبْنِي اُزِتّي sirkə küpni üzitti —

سىركە (ئېچىپ كېتىپ) كۆپتىن سىزىپ چىقتى. باشقد-
لاردىمۇ شۇنداق (اُزِتُرْ-اُزِتْماكْ *üzitür-üzitmək*).

آسِتّي əsitti سوزدۇردى. اُلْ اُرُقْنِي آسِتّي *ol urukni əsitti* —
ئۇ ئارغامچىنى سوزدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آسِتُرْ-
آسِتْماكْ *əsitür - əsitmək*).

اُسِتّي usïttï ئۇسساتتى. تُوزْلُغْ آتْ مَنِي اُسِتّي *tuzluoq ət* —
məni usïttï تۇزلۇق ئەت مېنى ئۇسساتتى (اُسِتُرْ-
اُسِتْماقْ *usïtur - usïtmak*).

اِسِتّي isitti ئىسسىتتى. اُلْ مُونْ اِسِتّي *ol mün isitti* —
ئۇ شورپا ئىسسىتتى. تومۇر ۋە باشقا نەرسىلەرنى قىزد-
تىشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. آرْ اِسِتّي *ər isitti* —
ئادەمنىڭ ئىسسىتمىسى ئۆرلىدى. بۇ پېئىل مۇشۇ جۈملىدە
ئوتتۇمسىزدۇر؛ ئالدىنقى جۈملىدە بولسا ئوتتۇملۇقتۇر
(اِسِتُرْ-اِسِتْماكْ *isitür - isitmək*).

آشَتّي axattï ئاشاتتى، يىگۈزدى. اُلْ مَنْكا آشْ آشَتّي *ol* —
ئۇ ماڭا ئاش يىگۈزدى. بۇ سوزنى *maŋa ax axattï*
كوپچىلىك تۈركلەر خانلارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ زىياپىتى
ۋاقتىدا ئىشلىتىدۇ؛ ئوغۇزلار بۇ سوزنى ئادەتتىكى ئاش

يېگۈزۈشكەمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇغۇزلارنىڭ قائىدىسىگە مۇۋاپىق (اَشتُر - اَشتماق *axatur - axatmak*).

اَشتي əxütti ياپتۇردى. اُل مَنكا يغرقان اَشتي *ol maŋa yoqurkan əxütti* — ئۇ ماڭا يوتقان ياپتۇردى. بىر كىمنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىشنى بۇيرۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَشتُر - اَشتماك *əxütür - əxütmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اِذو بيرِب بشتم
تفار يولغ تشتم
ارن اسِن اشتم
يكن برجا ازي جغدي

izu bərip boxuttum
tavar yuluoq taxuttum
ərən əssin əxüttüm
yükün barqa ɵzi qïoqdï

[ئەركىلىك بېرىپ بوشاتتىم،
تولەم مالنى توشۇتتۇم،
ئەر گۇنايىنى ياپتۇردۇم،
يۈكنى پۈتۈنلەي ئۆزى چىڭدى.]

قولغا چۈشكەن بىر ئەسىر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۆز جىنىگنى قۇتقۇزۇشقا تۆلەملىك مال كەلتۈر» دەپ ئۇنى بوشاتتىم، كەلتۈرگەن مىلىنى ئۆزىگە تۇشۇتتۇم ۋە ئۇنى ئۆز گۇنايىنى ئۆزى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم، ھەتتا ئۇلارنىڭ چوگمۇ يار - يۆلەكسىز قىلىپ، ئۆز يۈكىنى ئۆزى تاگدى.

أُشْتِي üxütti ئۈششۈتتى، توگدۇردى. اُلْ مَنِي تُمْلِغْقا اُشْتِي — ol məni tumlïqka üxütti — ئۇ مېنى سوغۇققا توگ-دۇردى. اُلْ سُجُكْ اُشْتِي ol süqük üxütti — ئۇ شەر-ۋەتنى سوۋۇتتى، يەنى ئۇ ئىچىلىدىغان بىرخىل شارابنى سو-ۋۇتۇش ئۈچۈن سوغۇق يەرگە قويدى (اُشْتُرْ - اُشْتْماكْ üxütür - üxütmək).

أُشَتِي uxatti ئۇشاتتى. اُلْ اَتْماكْ اُشَتِي ol ətmək uxatti — ئۇ نان ئۇشاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بىرەر نەرسىنى پارچىلاش ۋە ئۇۋۇتىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُشَتُرْ - اُشَتْماقْ uxatur - uxatmak).

أُشَتِي üxətti: اُلْ اَنِكْ اَوِنْ اُشَتِي ol aniŋ əwin üxətti — ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرتتى (ئاختۇرغۇزدى). ھەرقانداق نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُشَتُرْ - اُشَتْماكْ üxətür - üxətmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

قُلاقْ اَشِتْسا كُونْكُولْ بِلِيرْ كُوزْ كُورْسا اُذْكْ كَلِيرْ

— *kulak əxitsə kəŋül bilir kəz kərsə üzik kəlir*[1]
قۇلاق ئەشىتسە كوڭۇل بىلەر، كوز (سويۇملۇگىنى) كورسە
ئۇدۇك (ھەۋەس) كېلەر.

آغتّي aqïttï چىقاردى. اُلْ اَنِي تاغْقا اَغتّي — *ol anï*
taqka aqïttï ئۇ ئۇنى تاققا چىقاردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
تَنْگْرِي بُلِتْ اَغتّي — *təŋri bulït aqïttï* — تەگرى بۇلۇت
چىقاردى (اَغتُرْ ـ اَغتْماق *aqïtur – aqïtmak*).

آقتّي akïttï ئېقىتتى. تَنْكْرِي اَقِنْ اَقتّي — *təŋri akïn*
akïttï تەگرى ئېقىن (سەل) ئېقىتتى. اُلْ سُوِڤْ اَقتّي
ol suv akïttï — ئۇ سۇ ئېقىتتى. بَكْ اَقنْجِي اَقتّي
bəg akïnqï akïttï — بەگ دۇشمەن ئۈستىگە زەربىدار
قوشۇن ئەۋەتتى (اَقتُرْ ـ اَقتْماق *akïtur – akïtmak*).

اُقتّي okïttï ئوقۇتتى. اُلْ مَنكا بِتِكْ اُقتّي — *ol maŋa bitik*
okïttï ئۇ ماڭا كىتاپ ئوقۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(اُقتُرْ ـ اُقتْماق *okïtur – okïtmak*).

---

[1] بۇ ماقالىنىڭ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈشى ئورۇنسىزدەك تۇرىدۇ.
چۈنكى ماقالىدىكى «اَشتْسا *əxitsə*» سوزى بىلەن يۇقۇرىدىكى
«اُشتّي *üxətti*» سوزىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئېھتى-
تىمال، بۇ يەرگە «اَشتّي *əxitti*» دېگەن پېئىل يېزىلماقچى
بولسا كېرەك.

اَكِتّي əkitti ئەككۈزدى، تېرىتتى. اُلْ تَرِغْ اَكِتّي ol ——
tarïq əkitti ئۇ ئاشلىق ئەككۈزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(اَكِتُرْ - اَكِتْماكْ əkitmək - əkitür).

اُكِتّي ügitti تارتتۇردى. اُلْ تَرِغْ اُكِتّي ol tarïq ügitti ——
ئۇ بۇغداي تارتتۇردى. باشقا نەرسىلەردىن ئۇن تارتتۇرۇشقىمۇ
مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُكِتُرْ - اِكِتْماكْ ügitmək - ügitür).

اِكِتّي igitti : اُلْ اَنِي اِكِتّي ol anï igitti —— ئۇ ئۇنى تەربىيە-
لىدى (پەرۋىش قىلدى). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «اِكِذْتي igiẑti»
بولۇپ، «ذ - ẑ» ھەرپى «ت - t»غا ئىدغام بولۇپ كەت-
كەن (اِكِذُرْ - اِكِذْماكْ igiẑmək - igiẑür).

اُولَتّي ulattï ئۇلاتتى. اُلْ يِبْ اُولَتّي ol yïp ulattï —— ئۇ
يىپ ئۇلاتتى (اُلَتُرْ - اُلَتْماقْ ulatmak - ulatur).

اُولِتّي ulïttï ھۇلاتتى. اُلْ اَنِي اُرُبْ اُولِتّي ol anï ——
urup ulïttï ئۇ ئۇنى ئۇرۇپ (بوردىدەك) ھۇلىتىۋەتتى
(اُولِتُرْ - اُولِتْماقْ ulïtmak - ulïtur).

اُولِتّي olïttï ئولاتتى، تولغاتتى. اُلْ اَنِكْ بُيْنِنْ اُولِتّي
—— ئۇ ئۇنىڭ بوينىنى ئولاتتى. ol anïŋ boynïn olïttï
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُلِتُرْ - اُلِتْماقْ olïtmak - olïtur).

اُلتّي ɵlitti ھوللەتتى، ھول قىلدى. اُلْ تُونْ اُلتّي ol — ton ɵlitti ئۇ تونىنى ھول قىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُلتُرْ - اُلتْماكْ ɵlitür - ɵlitmək).

اِلتّي ələtti ئېلىپ باردى. اُلْ قاغُونْ آفْكا اِلتّي ol — kaƣun əvgə ələtti ئۇ ئۆيىگە قوغۇن ئېلىپ باردى (اِلتُرْ - اِلتْماكْ ələtür - ələtmək).

اُلتّي ülətti ئۈلەشتۈردى. اُلْ جِغايْقا يَرْماقْ اُلتّي ol — qiƣayka yarmak ülətti ئۇ كەمبەغەللەرگە يارماق ئۈلەشتۈردى (اُلتُرْ - اُلتْماكْ ülətür - ülətmək).

آمِتّي əmitti تامْ اَمِتّي : tam əmitti — تام قىيشايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. كُنْكُلُمْ آنكَرْ اَمِتّي köŋlüm — aŋar əmitti كۆڭلۈم ئاڭا تەلپۈندى (اَمِتُرْ - آمِتْماكْ əmitür - əmitmək). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُلانْ تُكالْ قَمِتّي
آرْقارْ سِقِقْ يَمِتّي
يَيْلاغْ تَبا آمِتّي
تَزْكِقْ تُرُبْ سَكْرِشُورْ

kulan tügəl komitti
arkar sokak yumitti
yaylaoq taba əmitti
tizik[①] *turup səkrixür*

[قۇلان تۈگەل قوزغالدى،
ئارقار - كېيىك توپلاندى،
يايلاق تامان تەلپۈندى،
تىزىلىشىپ سەكرىشەر.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باھار كېلىپ قۇلانلار ئويناقلاپ كەتتى، ئارقارلار، كېيىكلەر توپلىنىشتى، ئۇلار يايلاققا قاراپ مېڭىشتى، ئۇلار قاتار - قاتار تىزىلىپ سەكرەشمەكتە.

اَنۘتّيٖ anutti تەييارلىدى. اُلْ يِغىٖقا تُلْلُمْ اَنۘتّىٖ *ol yaqïka* — *tolum anutti* ئۇ دۈشمەنگە قارشى قورال تەييارلىدى. ھەرقانداق نەرسىنى تەييارلاشقىمۇ مۇشۇ سوز

① يازما نۇسخىدا بۇ شېئىرنىڭ تۆتىنچى مىسراسىدا «تزكق» دىگەن بىر مۇجمەل سوز بار. بېسىم ئاتالاي بىلەن بروككېلمانلار بۇ سوز خاتا يېزىلىپ قالغان، توغرىسى «تِزِكْ *tizik*» بولسا كېرەك دەيدۇ ۋە بۇنىڭغا يازما نۇسخا 194 - بەت 15 - قۇردىكى «سەپ، قاتار» دىگەن مەنىدە ئىزاھلانغان «تِزِكْ *tizik*» سوزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بىز بۇ پىكىرنى توغرا كۆرۈپ، بۇ سوزنى «*tizik*» دەپ ئالدۇق ۋە ئەرەپچە‑دىكى ئىزاھاتىغا ئاساسەن، «تىزىلىشماق» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئەشلىتىلىدۇ (انتور - انتماق (anutur - anutmak).

ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تلم انتسا قلن بلور تلم انتسا بلن بلور — tolum anutsa kulun bulur tolum unutsa bulun bolur قورال تەييارلىسا، قۇلۇنلۇق بولار، قو-رالنى ئۇنۇتسا، تۇتقۇن بولار. بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئالدىن تەييارلىق كورۇشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

انتى unatti ئۇناتتى. من اناماس اردم ال منى انتى — mən unamas ərdim ol məni unatti مەن ئۇنىمايتتىم، ئۇ مېنى ئۇناتتى (اناتر - انتماق unatur - unatmak).

انتى unitti ئۇنۇتتى. ال سوزن انتى — ol sozin unitti ئۇ سوزىنى ئۇنۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (انتر - انتماق unitur - unitmak).

اينتى ənətti ئەنلەتتى، ئەن سالدۇردى. ال قوين اينتى — ol koyin ənətti ئۇ قويىنى ئەنلەتتى (انتور - انتماك ənətür - ənətmək).

بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

ايتى ayitti سوردى. ال منكا سوز ايتى — ol maŋa soz ayitti ئۇ مەندىن سوز سورىدى. ئوغۇزلار «من انكار سوز

ايتتم «mən aŋar söz ayïttïm» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «مەن ئاڭا سۆز قىلدىم» دېگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ قائىدە-دىگە مۇۋاپىق ئەمەس (ايتۇر - ايتماق ayïtur - ayïtmak).

ايتّي uyattï ئۇياتتى ~ ئۇۋاتتى، ئۇيالدى. ال مندن ايتّي ol — ئۇ مەندىن ئۇياتتى. mandin uyattï بۇ سۆز ئەسلىدە «اياذتي uyaẑtï» بولۇپ، ئىدغام نەتىجىسىدە «ايتّي uyattï» بولۇپ قالغان (اياذر - اياذماق uyaẑur - uyaẑmak).

بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر

ابيدّي abïddï يوپۇتتى، يوشۇردى، چەتنەتتى. ال اني كشيدن ابيدّي ol anï kixidin abïddï — ئۇ ئۇنى كىشىدىن يوشۇردى. باشقا نەرسىلەرنى يوشۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ابتر - ابتماق abïtur - abïtmak).

بۇ باپتىكى غۇننىلىكلەر

انكقتي oŋuktï ئوڭدى. ار يوزي انكقتي ər yüzi oŋuktï — ئادەمنىڭ يۈزى ئوڭدى. برجن انكقتي barqïn oŋuktï —

تاۋار ئوگدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُنكُقارْ - اُنكُقْماقْ oŋukar - oŋukmak).

اُنكُلْتى oŋulti ئوگلاندى. سكُلْ اُنكُلْتى sɵgəl oŋulti — كې-سەل ئوگلاندى. ايشْ اُنكُلْتى ix oŋulti — ئىش ئوگلان-دى، چىگىش ئىش ئوگلاندى (اُنكُلورْ - اُنكُلْماقْ oŋulur - oŋulmak).

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

تۆت ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعْلَلْدِي fə'ləldi شەكلىدە ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ھەرپلىرى ساكىنلىق بولغان ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

اُرْبَرْدِي ürpərdi ھۈرپەيدى. اَرْ اُرْبَرْدِي *ər ürpərdi* — ئادەم (غەزەپتىن ياكى ئۈرۈشماقچى بولۇپ) ھۈرپەيدى. شۇنداقلا «تَقَاغُونْ اُرْبَرْدِي *takaqu*① *ürpərdi* — خوراز (سوقۇشۇش ئۈچۈن) ھۈرپەيدى»، «اَنِكْ تِينِي اُرْبَرْدِي *aniŋ* — *yəni ürpərdi* ئۇنىڭ تۈكى ھۈرپەيدى» دېمەك ئېيتىلىدۇ (اُرْبَرُرْ - اُرْبَرْمَاكْ *ürpərür - ürpərmək*).

اُبْتُرْدِي øptürdi ئۆپتۈردى، سۆيدۈردى. اُلْ اَنِي اُبْتُرْدِي *ol ani øptürdi* — ئۇ ئۇنى سۆيدۈردى (اُبْتُرُرْ - اُبْتُرْمَاكْ *øptürür - øptürmək*).

---

① بۇ يەردە بۇ سۆز «تَقَاغُونْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، باشقا ئورۇنلاردا «تَقَاغُو» شەكلىدە يېزىلغان. بىز كېيىنكىسىگە ئاساسلاندۇق.

آتْردي atturdi ئاتتۇردى. الْ اُقْ آتْردي *ol ok atturdi* — ئۇ ئوق ئاتتۇردى، ئۇ ئوق ئېتىشقا بۇيرۇدى. ھەربىر نەرسىنى ئاتتۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (آتْرر- آتْرماق *atturur - atturmak*).

اُتْردي ɵttürdi چالدۇردى. سِيزْغو اُتْردي *sibizoqu ɵttürdi* — نەي چالدۇردى. ھەرقانداق نەرسىدىن ئادەمنىڭ ھەركىتى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُتْرر - اُتْرماك *ɵttürür - ɵttürmək*).

اِتْردي əttürdi تۈزەتتۇردى. الْ مَنكْ ايشمْ اِيتْردي *ol mənin̡ ïxïm əttürdi* — ئۇ مېنىڭ ئىشىمنى تۈزەتتۇردى. الْ آتكْ اِيتْردي *ol ətük əttürdi* — ئۇ ئۆتۈك تۈزەتتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِيتْرر- اِيتْرماكْ *əttürür - əttürmək*).

آجتْردي aqturdi ئاچتۇردى. الْ قبغ اجتْردي *ol kapuoq aqturdi* — ئۇ قوۋۇق ئاچتۇردى. باشقا نەرسىلەرنى ئاچتۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اجتْرر- اجتْرماق *aqturur - aqturmak*).

اِجتْردي iqtürdi ئىچتۈردى. الْ منكا سوقْ اِجتْردي *ol man̡a suv iqtürdi* — ئۇ ماڭا سۇ ئىچتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِجتْرر- اِجتْرماكْ *iqtürür - iqtürmək*). بۇ مەنىدە «اِجْردي

iqürdi» دېگەن سوزمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوز «سوُق اِچُرماسكا سوُت بىر *suv iqürməskə süt bər* — سۇ بەر-مەسكە سۇت بەر» دېگەن ماقالىدىمۇ كەلگەن. بۇ «ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىل» دېگەن بولىدۇ.

بۇنداق پېيىللارنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئىش-ھەر-كەتكە ئىككى شەخس قاتنىشىدۇ. بىرىنچىسى ئىش-ھەر-كەتنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يەنە بىرى ئىش-ھەركەتنى قىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە پېيىلنىڭ تومۇرىغا ئىككى ھەرپ قوشۇلىدۇ. بۇنداق قائىدىلەرنى قىياس قىلىش بىلەنلا چۈ-شەنگىلى بولمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە يازدىم.

آخْتَرْدي ahtardi ئاختۇردى، ئاغدۇردى. اَرْ تاشِغْ اَخْتَرْدي *ər taxiq ahtardi* — ئادەم تاشنى ئاغدۇردى. تُبي يِغاچِغْ اَخْتَرْدي *tüpi yioqaqioq ahtardi* — بوران دەرەخنى ئاغدۇردى. بىرەر نەرسىنى ئاغدۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوزدە «خ - *h*» ھەرپى بىلەن «غ - *oq*» ئالماشقان. ئەرەپچىدىكى «خْتار» بىلەن «غْدار»، «خمار النّاسِ» بىلەن «غمارهم» سوزلىرىدىكىگە ئوخشاش. يەنە «اُلْ يِير اَخْتَرْدي *ol yər ahtardi* — ئۇ يەر ئاختۇردى» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ (اَخْتَرُرْ - اَخْتَرْماقْ *ahtarur - ahtarmak*).

آرْتُرْدي arturdi: اُنْ يَرْماقْ اُوزا بير اَرْتُرْدي *on yarmak* —

üzə bir arturdi ئون يارماق ئۈستىگە بىر (يارماق) ئارتتۇردى. ار ارتردى *ər arturdi* — ئادەم ھەددىدىن ئاشتى (ارترر-ارترماق *arturur - arturmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كلدى برو آرتر
بيردى ايلن ارتر
منڭدا قلب الترو
بكرى بلب ان بتار

kəldi bərü arturu
bərdi əlin arturu
munda kalïp olturu
bügri bolup ün pütər

[ھەددىدىن ئېشىپ بېرى (بىز تەرەپكە) كەلدى،
ئېلىنى ئۈستىلەپ بەردى،
بۇ يەردە ئۈنى پۈتۈپ،
مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.]

ئەسىر چۈشكەن بىر بەگ توغرىلىق سۆزلىنىدۇ: بەگ بىزگە ھەددىدىن ئېشىپ ھوكۇرەپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بېسىپ كەلگەن ئىدى، ئاخىر بىزگە ئۆز ئېلىنىمۇ ئۈستەك قىلىپ بەردى، ئەمدى بىزنىڭ يېنىمىزدا بېلى مۈكچىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

اَرْتُرْدِي ərtürdi: اَنِكْ يازُقِنْ اَرْتُرْدِي anïŋ yazukïn ərtürdi —
ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. اَنِكْ اِشِنْ اَرْتُرْدِي anïŋ —
ïxïn ərtürdi ئۇنىڭ ئىشىنى ماقۇل كۆردى. بىر نەرسى-
نى بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە ئۆتكۈزۈشكىمۇ مۇشۇ
سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ارْتُرُرْ - ارْتُرْماكْ ərtürür - ərtürmək).
اَزْتُرْدِي əztürdi تىلدۇردى. اُلْ اُغْلِي قُلاقِنْ اَزْتُرْدِي ol —
oqli kulakïn əztürdi ئۇ ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى تىلدۇردى.
تېرىنى ياكى يەرنى ئۈزۈنىغا جىراشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىش-
لىتىلىدۇ (ازْتُرُرْ - ازْتُرْماكْ əztürür - əztürmək).
اُزْتُرْدِي üztürdi ئۈزدۈردى. اُلْ يِبْ اُزْتُرْدِي ol yïp üztürdi —
ئۇ يىپ ئۈزدۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُزْتُرُرْ - اُزْتُرْماكْ
üztürür - üztürmək).
اَسْتُرْدِي asturdi ئاستۇردى. اُلْ اَرْ اَسْتُرْدِي ol ər asturdi —
ئۇ ئادەمنى ئاستۇردى. اُلْ اَتْ اَسْتُرْدِي ol ət asturdi —
ئۇ گۆش ئاستۇردى، گۆشنى قوزۇققا ئېسىشقا بۇيرۇدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَسْتُرُرْ - اَسْتُرْماقْ asturur - asturmak).
اَسْتُرْدِي əstürdi: اُرُقْ اَسْتُرْدِي uruk əstürdi — ئارغامچىنى
سۆزدۈردى. اُلْ قَفِقْ اَسْتُرْدِي ol kavïk əstürdi — ئۇ
كېپەكنى تاسقاتتى، يەنى ئۇنىنى كېپەكتىن ئايرىشقا
بۇيرۇدى. ھەرقانداق نەرسىنى تاسقىتىش ۋە ئەگلە-

تېشكەنمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُسترر - اُسترماك əstürür - əstürmək)[1].

اُسترْدي üstərdi: اُلْ مَنكا اُسترْدي ol maŋa üstərdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۈستۈنلۈكتە بەسلەشتى. اُلْ قِلْمِش اِيشِن اُسترْدي ol kilmïx ïxïn üstərdi — ئۇ قىلغان ئىشىنى ئىنكار قىلدى. ھەرقانداق ئىشتىن تېنىۋېلىشقا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُسترر - اُسترماك üstərür - üstərmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تۈزۈن بِرْلا اُرش اُتون بِرْلا اُسترْما — tüzün birlə urux utun birlə üstərmə يۇۋاش بىلەن ئۇرۇش، يۈزسىز بىلەن ئېيتىشما. جاڭجاللاشساڭ يۇۋاش بىلەن جاڭجاللاش، ئۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرىدۇ، يۈزسىز بىلەن ئېيتىشما، ئۇ سېنى شەرمەندە قىلىدۇ.

اِشْترْدي əxtürdi: اُلْ مَنكا اَذْكُو سُوز اِشْترْدي ئېشىتتۈردى. ol maŋa əzgü soz əxtürdi — ئۇ ماڭا ياخشى سۆز ئېشىتتۈردى. ئەسلىدە بۇ سۆز «اِشْترْدي əxittürdi» بولۇپ، «ت - t» ھەرپى تەشدىتلىك ئوقۇلىدۇ (اِشْترر - اِشْترماك əxtürür - əxtürmək).

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «استرر - استرماك» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بېسىم ئاتالايىنىڭ تۈزىتىشىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، «əstürür - əstürmək» شەكلىدە ئالدۇق.

أَشْتُرْدِي əxtürdi سېرىتتى. اُلْ قُمْ اَشْتُرْدِي — *ol kum əxtürdi* ئۇ قۇمنى سېرىتتى. ئۇنى تاغارغا سېرىتىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَشْتُرُرْ - اَشْتُرْمَاكْ *əxtürür - əxtürmək*).

اُشْتُرْدِي üxtürdi ئۇششۇكلەتتى، تەشتۈردى. اُلْ اُقْ اَشْتُرْدِي — *ol ok üxtürdi* ئۇ ئوق تەشتۈردى، ئۇ ئوق باشىغىنى تېشىشكە بۇيرۇدى. ھەرقانداق تار تۆشۈك تەشتۈرۈش- كىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُشْتُرُرْ - اُشْتُرْمَاكْ *üxtürür - üxtürmək*).

اَقْتُرْدِي akturdi ئاقتۇردى. اُلْ سُوْ اَقْتُرْدِي — *ol suv akturdi* ئۇ سۇ ئاقتۇردى (اَقْتُرُرْ - اَقْتُرْمَاقْ *akturur - akturmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَقْتُرُرْ كُوزُمْ يُلَاقْ
تُشْلَنُرْ اُرْدَكْ يُغَاقْ

akturur kɵzüm yolak
tüxlənür ɵrdək yuojak

[كۆزۈمدىن (ياش) بۇلاق (بولۇپ) ئاقىدۇ،
ئۇنىڭغا ئۆدەك - يۇغاق (لار) چۈشىدۇ.]

كۆز يېشىم بۇلاقتەك ئېقىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدا ئۆدەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ قۇشلىرى توپلىنىپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

اُقْتُرْدِي ukturdi ئۇقتۇردى. اُلْ مَنِكَا اَنِكْ سُوزِنْ اُقْتُرْدِي
ol maŋa aniŋ sɵzin ukturdi — ئۇ ماڭا ئۇنىڭ
سۆزىنى ئۇقتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اقترر -
اقترماق ukturur - ukturmak).

اَكْتُرْدِي əktürdi ئەكتۈردى، تېرىتتى. اُلْ تَارِغْ اَكْتُرْدِي
ol tarïq əktürdi — ئۇ ئاشلىق ئەكتۈردى. باشقىلار-
دىمۇ شۇنداق (اَكْتُرُرْ - اَكْتُرْمَاكْ əktürür - əktürmək).

اَكْتُرْدِي əgtürdi ئەگدۈردى. اُلْ جُكَانْ اَكْتُرْدِي ol qøgən—
əgtürdi ئۇ چوگەن ئەگدۈردى. ھەرقانداق نەرسىنى
ئەگدۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَكْتُرُرْ - اَكْتُرْمَاكْ
əgtürür - əgtürmək).

اُكْتُرْدِي øgtürdi: اُلْ مَنِي اُكْتُرْدِي ol məni øgtürdi — ئۇ
مېنى ماختاتتى، ئۇ بىركىمنى مېنى ماختاشقا بۇيرۇدى
(اُكْتُرُرْ - اُكْتُرْمَاكْ øgtürür - øgtürmək).

اُكْتُرْدِي ügtürdi: اُلْ مِنِكْ يَرْمَاقْ اَنكَرْ اُكْتُرْدِي ol miŋ —
yarmak aŋar ügtürdi ئۇ ئاڭا مىڭ يارماق يىغدۇردى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكْتُرُرْ - اُكْتُرْمَاكْ ügtürür -
ügtürmək).

آَلْتُرْدُمْ alturdum ئالدۇردۇم. مَنْ اَنْدَنْ يَرْمَاقْ آَلْتُرْدُمْ
mən andan yarmak alturdum — مەن ئۇنىڭدىن يارماق

ئالدۇردۇم (اَلترُرمن - اَلترماق alturmən - alturmak).

الْتُرْدِي ulturdi : اُل آشِج اِجرا آتْ الْتُرْدي ol axiq iqrə ət ulturdi — ئۇ قازاندا گوش مەررە قىلدى. كىيىم ۋە شۇ-نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تىتىلىپ كېتىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (الترر - الترماق ulturur - ulturmak).

الْتُرْدِي olturdi ئۆلتۈردى. اُل آر الترْدي ol ər olturdi — ئۇ ئادەم ئۆلتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بتون ام لُك قنجا قلسا الترر pütün əmlüg kanqa kolsa olturur — ئىشتىنى پۈتۈن خالىغان يېرىگە ئۆلتۈرار. بۇ ماقال «پاك ئادەمنى ھېچقانداق تۆھمەت قارىلىيالمايدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

اِلْتُرْدِي iltürdi : اُل مَنكا كَيِكْ اِلْتُرْدي ol maŋa kəyik iltürdi — ئۇ ماڭا كىيىكنى توزاقتا ئىلىندۇرۇشنى بۇيرۇدى (اِلْترر - اِلْترماك iltürür - iltürmək).

اُلْدُرْدِي əldürdi ئۆلتۈردى. اُل اغرِىنى اُلْدُرْدي ol oqrini əldürdi — ئۇ ئوغرىنى ئۆلتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُلْدُرر - اُلْدُرماك əldürür - əldürmək).

اِلْدُرْدِي ildurdi چۈشۈرگۈزدى. اُل آنِي تاغدِنْ اِلْدُرْدي ol ani taqdin ildurdi — ئۇ ئۇنى تاغدىن چۈشۈرگۈزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِلْدُرر - اِلْدُرماق ildurur -

(ïldurmak). بۇ سوز «ن - n» بىلەن «اِنْدُرْدِى indurdi»
شەكلىدىمۇ ئىپتىلىدۇ.

اُونْدُرْدِى ündürdi ئۈندۈردى. تَنْگْرِى اُوتْ اُونْدُرْدِى *təŋri* — تەڭرى ئوت ئۈندۈردى. *ot ündürdi*. اُلْ اَنِى اَڭْكَا اُونْدُرْدِى *ol ani əŋgə ündürdi* — ئۇ ئۇنى ئۆيگە ئۈندۈردى. ئۆيغۇرچە. ئوغۇزلار بۇ سوزنى بىلمەيدۇ (اُنْدُرُرْ - اُنْدُرْمَاكْ *ündürür - ündürmək*).

آتْغَرْدِى atoqardï: اُلْ مَنِى آتْغَرْدِى *ol məni atoqardï* — ئۇ مېنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آتْغَرُرْ - آتْغَرْمَاقْ *atoqarur - atoqarmak*).

اُتْغَرْدِى otoqardï ئوتلاتتى. اُلْ آتْ اُتْغَرْدِى *ol at otoqardï* — ئۇ ئات ئوتلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُتْغَرُرْ - اُتْغَرْمَاقْ *otoqarur - otoqarmak*).

اُذْغُرْدِى ożoqurdï ئويغاتتى. اُلْ مَنِى اُذْغُرْدِى *ol məni ożoqurdï* — ئۇ مېنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى (اُذْغُرُرْ - اُذْغُرْمَاقْ *ożoqurur - ożoqurmak*).

اُذْغَرْدِى ożoqardï ئويغاردى، ئەسلىدى. اُلْ اَنِى كِيدِنْ اُذْغَرْدِى *ol ani kədin ożoqardï* — ئۇ ئۇنى كېيىن ئويغاردى (اُذْغَرُرْ - اُذْغَرْمَاقْ *ożoqarur - ożoqarmak*).

أَرْغُرْدِي arqurdï هارغۇزدى. اُلْ اَتِنْ اَرْغُرْدِي *atïn ol* —

arqurdï ئۇ ئېتىنى هارغۇزدى (اَرْغُرُرْ - اَرْغُرْمَاقْ - *arqurur*
arqurmak). شېردا مۇنداق كەلگەن:

كُنْكُلُمْ اَنكَرْ قَيْنَيُو
اِجْتِنْ اَنكَرْ اَيْنَيُو
كَلْدِي مَنكَا بَيْنَيُو
اَيْنَبْ مَنِي اَرْغُرُرْ

kønlüm aŋar kaynayu
iqtin aŋar oÿnayu
kəldi maŋa boynayu
oÿnap məni arqurur

[كۆڭلۈم ئۇنىڭغا قايناپ (جۇش ئۇرۇپ)،
ئىچتىن (ئوينىلىش ئىچىدە) ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ،
كەلدى ماڭا نازلىنىپ،
ئويناپ مېنى هارغۇزار.]

ئويدە سويۇملۇگۇم بىلەن ئويناشقاندا، كوڭلۇم كوتىرىلىپ كەتتى، ئۇ يېنىمغا مەغرۇرانە كەلدى، مەن بىلەن ئويناپ مېنى هارغۇزۇۋەتتى.

هەرقانداق هايۋاننى هارغۇزۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

آنغردي anoqardī ئانت (قەسەم) ئىچكۈزدى. ال آني آنغردي — ol ani anoqardī — ئۇ ئۇنى قەسەم ئىچكۈزدى. بۇ سوز ئەسلى «آندغردي» *andoqardī* دۇر، يېنىكلەشتۈرۈپ «د-*d*» ھەرپى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «فظلتم تفكهون» دېگەن ئىبارىسىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار. بۇ ئىبارىدىكى «فظلتم» سوزىنىڭ ئەسلى «فظللتم» ئىدى، يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭدىكى «ل-*l*» ھەرپىلىرىنىڭ بىرى چۈشۈرۈلگەن (آندغرر - آندغرماق *andoqarur* - *andoqarmak*).

آلفردي əlvirdi: ال آنك يوزنكا آلفردي — *ol aniŋ yüzinə əlvirdi* ئۇ ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىلدى (آلفرار - آلفرماك *əlvirər* - *əlvirmək*).

اتكردي θtkürdi ئۆتكۈزدى، سۇردى، ئەۋەتتى. اترم قرن اتكردي *θtrüm karīn θtkürdi* — سۇرگە دورىسى ئىچىنى ئۆتكۈزدى. ال آفكا بتك اتكردي — *ol əvgə bitik θtkürdi* ئۇ ئۆيگە خەت ئەۋەتتى. بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسە ئارقىلىق ئۆتكۈزۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اتكرر - اتكرماك *θtkürür* - *θtkürmək*).

اجكردي iqkərdi كىرگۈزدى. ال اتن آفكا اجكردي — *ol atīn əvgə iqkərdi* ئۇ ئېتىنى ئۆيگە كىرگۈزدى

(اچكرر-اچكرماك *iqkərür - iqkərmək*). ال آني بگكا
اچكردي — *ol ani bəgkə iqkərdi* — ئۇ ئۇنى بەگكە
چاقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

آذكردي əzgərdi: ال كچك سوزك اذكردي *ol kiqik* —
sozüg əzgərdi ئۇ ئۇششاق سوزنى تەگشىدى. ئۇنىڭغا ئېتىۋار
بەردى ۋە ئەمەل قىلدى. بۇ پېيىل كۆپىنچە بولۇشسىز
شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. ال انك سوزن اذكرمدي *ol* —
aniŋ səzin əzgərmədi ئۇ ئۇنىڭ سوزىنى ئېتىۋارغا
ئالمىدى. ال يفز نانكني اذكردي *ol yavuz nəŋni* —
əzgərdi ئۇ بۇزۇق نەرسىنى تۈزەتتى (اذكرر-اذكرماك
əzgərür - əzgərmək).

آركردي ərgürdi ئېرىتتى. ال ياغ اركردي *ol yaq ərgürdi* —
ئۇ ياغ ئېرىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اركرر-اركرماك
ərgürür - ərgürmək).

اركردي ürgürdi ئۈلگۈردى. ال آشقا اركردي *ol axka* —
ürgürdi ئۇ ئاشقا ئۈلگۈردى. ھەرقانداق نەرسىگە ۋاقتىدا
ئۈلگۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اركرر-اركرماك
ürgürür - ürgürmək).

آسكردي əskirdi ئەسكىردى. تون اسكردي *ton əskirdi* —

تون ئەسكىرىدى. باشقىلارىدىمۇ شۇنداق (أَسْكِرُرْ - أَسْكِرْماكْ (əskirür - əskirmək).

أُشْكُرْدِي üxkürdi كۈشكۈرتتى؛ ئىسقىرتتى. اُلْ اِتِغْ كَيِكْكَا اُشْكُرْدى — *ol itiq kəyikkə üxkürdi* — ئۇ ئىتنى كېيىككە كۈشكۈرتتى. ئادەم بىر نەرسىگە كۈشكۈرتۈلسىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. يِلانْ اُشْكُرْدِي *yilan üxkürdi* — يىلان كۈشۈلدىدى. ئادەمنىڭ ۋە تاپقۇشنىڭ ئىسقىرتىشىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
اُسْ اُشْكُرْسا اُلُورْ *us üxkürsə ølür* — تاپقۇش ئىسقىرتسا، ئۆلۈم چىقار. تاپقۇشنىڭ بىر ئادەمگە قاراپ ئىسقىرتىشى ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ (اُشْكُرُرْ - اُشْكُرْماكْ (*üxkürür - üxkürmək*).

أُشْكُرْدِي üxkürdi ئەسلىدى، يادىغا كەلتۈردى. اُلْ اُنُتْمِشْ سُوزُكْ اُشْكُرْدى *ol unutmix søzüg üxkürdi* — ئۇ ئۇنۇتقان سۆزىنى يادىغا كەلتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُشْكُرُرْ - اُشْكُرْماكْ *üxkürür - üxkürmək*).

ئۆتۈمسىز پېئىلدىن ئۆتۈملۈك پېئىل ياسىماقچى بولغاندا ياكى ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ئىككى ئىشلىگۈچىگە ئوتىدىغان پېئىل ياسىماقچى بولغاندا، پېئىلغا بىر «ت - t» ھەرپى قوشۇلىدۇ ۋە ئۆتكەن زامان رايىنى بىلدۈرىدىغان «د - d» ھەرپىمۇ «ت - t»غا ئالمىشىپ، شۇنىڭ بىلەن پېئىلدا ئىككى

«ت ـ t» ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئوتتۇملۇك پېئىل ياساش ئۈچۈن قوشۇلغان «ت ـ t»، ئىككىنچىسى ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان «ت ـ t». «سۆز ئۈشكۈردى söz üxkürdi» دېسە، «سۆزنى ئەسلىدى» دېگەن بولىدۇ. «ئۈشكۈرتتى üxkürtti» دېسە، «ئەسلەتتى» دېگەن بولىدۇ. «ئانىڭ ئاتىن ئارغۇرتتى aniŋ atin arqurtti — ئۇنىڭ ئېتىنى ھاردۇرتتى» دېگەن جۈملە ئىككى ئىشلىگۈچىگە ئوتتۇرىدىغان پېئىلغا مىسالدۇر. بۇنىڭ «ئارغۇرتۇردى arqurturdi — ھاردۇرغۇزدى» ۋە «ئۈشكۈرتۈردى üxkürtürdi — ئەسلەتتۈردى» دېگەن شەكلىمۇ بار. لېكىن ئۇ ئانچە چىرايلىق ئەمەس. ئالدىنقىسى چىرايلىق ۋە ساغلام.

ئۈرپەشتى ürpəxti ھۈرپىيىشتى. ئەرەن ئۈرپەشتى ərən ürpəxti — ئەرلەر ھۈرپىيىشتى، باتۇرلار بىر ـ بىرىگە غەزەپ بىلەن ھۈرپىيىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئۈرپەشۈر ـ ئۈرپەشمەك ürpəxür — ürpəxmək①). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئەرەن ئارىغ ئۈرپەشۈر
ئۆجەن تەكىن ئارتەشۈر

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «ئۈرپەشۈر ـ ئۈرپەشمەك» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. بىز باشتىكى «ئۈرپەشتى» گە ئاساسەن «ürpəxür - ürpəxmək» قىلىپ ئالدۇق.

سَقَلْ تُتُبْ تَرْتِشُورْ
كُكْسِي آرا اُوتْ تُتارْ

ərən arïoq ürpəxür
əqin kəkin irtəxür
sakal tutup tartïxur
kəksi ara ot tutar

[ئەرلەر ئېرىغ ھۆرپىيىشەر،
ئۆچ - كەكلىرىنى ئېلىشار،
ساقال تۇتۇپ تارتىشار،
(ئۇلارنىڭ) كوكسىدە ئوت يانماقتا.]

باتۇرلار بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى، ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كوكسى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.

اِرْتَشْتِيلارْ irtəxtilər تەكشۈرۈشتى، ئىزدەشتى. اُلارْ بُو سُوزُكْ اِرْتَشْتِيلارْ — *olar bu səzüg irtəxtilər* — ئۇلار بۇ سوزنى تەكشۈرۈشتى. ئىش ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەكشۈرۈشكە مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اِرْتَشُورْ - اِرْتَشْماكْ *irtəxür - irtəxmək*).

آرْتَشْدِي artaxdi : يَلْنكُقْ اِجِنْ آرْتَشْدِي yaliŋuk ① iqin artaxdi — كىشىلەر ئۆز ئىچىدىن ئارداشتى، يەنى كىشىلەر بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ بۇزۇلۇشتى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ بۇزۇلۇشىنىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (آرْتَشُورْ - آرْتَشْمَاقْ artaxur - artaxmak).

اُرْتُشْدِي ortüxdi يوشۇرۇشتى. اُلارْ بُو اِيشِغْ ارْتُشْدِي olar bu ixiq ortüxdi — ئۇلار بۇ ئىشنى يوشۇرۇشتى. بىر ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىراۋغا ياردەملىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ارْتُشُورْ - ارْتُشْمَاكْ ortüxür - ortüxmək).

اُرْتَشْدِي ortəxdi ئورتەشتى، كۆيدۈرۈشتى. بُوذُنْ بِيرْ اِكِنْدِنِكْ اَڤْلارِنْ اُرْتَشْدِي — bożun bir ikindiniŋ əvlərin ortəxdi خەلق بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئورتەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ پىئىل شەكلى ياردەملەشمەك ۋە بەسلەشمەك مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (ارْتَشُورْ - ارْتَشْمَاكْ ortəxür - ortəxmək).

آرِتْشْتِي ərtixti : اُلْ مَنِكْ بِرْلا آرْسلانْ دَنْ آرِتْشْتِي ol —

---

① بۇ سۆز بۇ ئورۇندا «يَلْنكُقْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز يازما نۇسخا 34-، 199-بەتلەردە «يَلِنكُقْ» شەكلىدە كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سۆزنى «yaliŋuk» دەپ ئالدۇق.

mənin̡ birlə arslandan ərtixti ئۇ مېنىڭ بىلەن ئارس-
لان يېنىدىن ئۆتۈشتە بەسلەشتى. ھەرقانداق خەۋپلىك
نەرسە يېنىدىن ئۆتۈشتە بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىش-
لىتىلىدۇ (ارتشور - ارتشماك *ərtixür - ərtixmək*).

آرتشدي **artïxdi** ئارتىشتى. ال منكا آرجي آرتشدي *ol* —
maŋa arqï artïxdi ئۇ ماڭا (ئۇلاقتا) خورجۇن ئارتىش-
شىپ بەردى (آرتشور - آرتشماق *artïxur - artïxmak*).
ھەرقانداق نەرسىنى ئۇلاقتا ئارتىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ
سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

اقتشتي **oktaxtï** ئوق ئېتىشتى. ال انك برلا اقتشتي *ol* —
anïŋ birlə oktaxtï ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوق ئېتىشتى.
چەك تاشلاشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اقتشور - اقتشماق
oktaxur - oktaxmak).

اندشدي **ündəxdi** ئۈندەشتى، قىچقىرىشتى. ال انك برلا
اندشدي *ol anïŋ birlə ündəxdi* — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن
ئۈندەشتى (اندشور - اندشماك *ündəxür - ündəxmək*).

ابرشتي **upraxtï** ئۇپراشتى. تونلار ابرشتي *tonlar* —
upraxtï تونلار ئۇپراشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(ابرشور - ابرشماق *upraxur - upraxmak*). ماقالدا
مۇنداق كەلگەن: كنكاشليك بليك ادرشور كنكاش سيز

بلیك ابرشور *kəŋəxlig bilik üzrəxür kəŋəxsiz* —
bilik upraxur کېڭەشلىك ئىش ئۈزۈلىشار، کېڭەش-
سىز ئىش بۇزۇلار. کېڭەش بىلەن قىلىنغان ئىش بار-
غانسېرى ياخشىلىنىدۇ، کېڭەشسىز ئىش بارغانسېرى بۇزۇ-
لۇشقا يۈز تۇتىدۇ.

ابرشدی öprüxdi ھوپلىتىشتى، ئوتلىتىشتى، ئىچكۈزۈشتى.
ال منکا مون ابرشدی *ol maŋa mün öprüxdi* —
ئۇ ماڭا شورپا ئىچكۈزۈشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(ابرشور - ابرشماك *öprüxür - öprüxmək*). بۇ ئىشنى
قىلىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اترشدی ötrüxdi: الار بیر بیرکا بیتك اترشدی *olar bir birgə bitik ötrüxdi* —
ئۇلار بىر-بىرىگە خەت ئەۋە-
تىشتى (اترشور - اترشماك *ötrüxür - ötrüxmək*). بۇ
سوزنىڭ ئەسلى «اتکرشدی *ötkürüxdi*» دۇر. ھەر-
قانداق نەرسىنى ئەۋەتىشكە ياردەم بېرىش ۋە بەسلىشىش-
كىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اترشدی utruxdi: ال انکر اترشدی *ol aŋar utruxdi* —
ئۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى (تاقابىل تۇردى). ال منکا
اترشدی *ol maŋa utruxdi* — ئۇ ماڭا يۈزمۇ-يۈز
تۇردى (اترشور - اترشماق *utruxur - utruxmak*).

اُتْرُشْدِي otruxdi : اُلْ مَنكا كَسْما اُتْرُشْدِي ol maŋa —
kəsmə otruxdi ئۇ ماڭا ماڭلاي چاچ قىرقىشىپ بەردى.
ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئارتۇغىنى قايچا بىلەن قىرقىپ
تاشلاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اُجْرُشْدِي uqruxdi ئۇچۇرۇشتى. اُلْ مَنكا قُشْ اُجْرُشْدِي
— ol maŋa kux uqruxdi ئۇ ماڭا قۇش ئۇچۇرۇشۇپ
بەردى. قۇش ئۇچۇرۇشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلە-
تىلىدۇ (اُجْرُشُور - اُجْرُشْمَاقْ uqruxur - uqruxmak).

اُجْرُشْدِي əqrüxdi ئۆچۈرۈشتى. اُلْ اَنِنْكْ اُپْكَاسِنْ مَنِنْكْ بِرْلا
— ol aniŋ əpkəsin məniŋ birlə əqrüxdi اُجْرُشْدِي
ئۇ ئۇنىڭ غەزىۋىنى مەن بىللە ئۆچۈرۈشتى. ئوتنى
ئۆچۈرۈشۈپ بېرىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُجْرُشُور -
اُجْرُشْمَاكْ əqrüxür - əqrüxmək).

اِجْرُشْدِي iqrüxdi ئىچۈرۈشتى. اُلْ مَنكا سُوْ اِجْرُشْدِي
— ol maŋa suv iqrüxdi ئۇ ماڭا سۇ ئىچۈرۈشۈپ بەر-
دى. بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اِجْرُشُور -
اِجْرُشْمَاكْ iqrüxür - iqrüxmək).

اَذْرِشْدِي ażrïxdi ئايرىلىشتى. اُلَارْ اِيكِي اَذْرِشْدِي olar —
iki ażrïxdi ئۇلار ئىككىسى ئايرىلىشتى (اَذْرِشُور -

اَذْرِشْماقْ (ażrïxmak - ażrïxur)· شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُمانْ جَجَكْ تِزِلْدِي
بُكُنْدَنْ اُلْ يَزِلْدِي
اُكُشْ يَتِبْ اُزَلْدِي
يِيرْدَا قُبا اَذْرِشُورْ

tümən qəqək tizildi
bükündən ol yazïldï
ükük yatïp üzəldi
yərdə kopa ażrïxur

[تۈمەن چېچەك تىزىلدى،
تۈگۈنچەكلىرىدىن ئۇ يېزىلدى،
(يەر ئاستىدا) تولا يېتىپ قىينالدى،
يەردىن قوپۇپ ئايرىلىشار.]

يازنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تۇرلۇك - تۈمەن چېچەكلەر تىزىلدى، غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلدى، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ ئېزىلگەن ئىدى، ئەمدى بوسۇپ چىقىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلماقتا.

اُذْرِشْدِي өżrüxdi: اُلْ مَنْكا تَوارْ اُذْرِشْدِي — *ol maŋa tawar өżrüxdi* ئۇ ماڭا تاۋار تاللىشىپ بەردى. باشقىلار-

دىمۇ شۇنداق (اُذرشور - اُذرشماك ɵżrüxür - ɵżrüxmək).
بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اِسرِشتي isrīxtī چىشلەشتى. اِكّي اَذغر برلا اِسرِشتي ikki — ئىككى ئايغىر بىر-بىرى بىلەن azoqīr birlə īsrīxtī چىشلەشتى (اِسرِشور - اِسرِشماق īsrīxur - īsrīxmak). چىشلەشتە ياردەملىشىش ۋە بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

آسرشدي asruxdī چۈشكۈرۈشتى. اِكّي اَر آسرشدي ikki ər asruxdī — ئىككى ئادەم چۈشكۈرۈشتە بەسلەشتى (آسرشور - آسرشماق asruxur - asruxmak).

اُسرشدي osruxdī ئۇسۇرۇشتى. اُلار اِكّي اُسرشدي olar ikki osruxdī — ئۇلار ئىككىسى بەسلىشىپ ئۇسۇرۇشتى (اسرشور - اسرشماق osruxur - osruxmak).

اُغرَشدي ooqraxdī قەستلەشتى، پېيىغا چۈشۈشتى. اِكّي يَغي اُغرَشدي ikki yaoqī ooqraxdī — ئىككى دۈشمەن بىر-بىرىنىڭ پېيىغا چۈشۈشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اغرشور - اغرشماق ooqraxur - ooqraxmak).

آغرِشتي‌لار aoqrīxtīlar: اُلار بُو اِيشقا آغرِشتي‌لار olar bu īxka aoqrīxtīlar — ئۇلار بۇ ئىشقا ئاغرىنىشتى (آغرِشور -

آغِرشماق aqrïxur - aqrïxmak).

اُغرُشتى oqruxti : اُل مَنكا سُنكُوك اغرِشتى ol maŋa sɵŋük oqruxti — ئۇ ماڭا سۆڭەك ئاجرىتىشىپ بەردى. ئاجرىتىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اغرشور - اغرُشماق oqruxur - oqruxmak).

آقرِشتى əvrixti : اُل انِك بِرلا تَلِم آقرِشتى ol aniŋ birlə təlim əvrixti — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تالاي ھەپىلەشتى. آنِك قَجمِش آتِغ آقرِشتى aniŋ kaqmïx atïoq əvrixti — ئۇنىڭ قاچقان ئېتىنى توسۇشۇپ بەردى. اُل مَنكا تَوار آقرِشتى ol maŋa tawar əvrixti — ئۇ ماڭا تاۋار ئورۇۋۇشۇپ بەردى (آقرشور - آقرشماك əvrixür - əvrixmək[1]). بۇ «بىر نەرسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلماق» دېگەن بولىدۇ.

اُقرَشدى okraxdi : يُند قمغ اقرشدى yund kamuoq okraxdi — ھەممە ئاتلار (ھەلەپنى كورۇپ) ئوقرۇقلىدى (اقرشور - اقرشماق okraxur - okraxmak). شېردا مۇزداق كەلگەن:

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا «اقرشور - اقرشماك» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. بىز باشتىكى «آقرِشتى»گە ئاساسەن «əvrixür - əvrixmək» دەپ ئالدۇق.

يَشِنْ اَتِبْ يَشْنَدِي
تُمانْ تُرُبْ تُشْنَدِي
اَذْغِرْ قِسِرْ كِشْنَدِي
اُكُرْ اَلِبْ اُقْرَشُورْ

yaxïn atïp yaxnadï
tuman turup tuxnadï
aʒɣïr kïsïr kixnədi
ügür alïp okraxur

[چاقماق قارسىلداپ چاقتى،
تۇمان تۇرۇپ ئۇتتۇرىلاندى،
ئايغىر، بايتال كىشنىدى،
ئۈيۈر بولۇپ ئوقرۇقلىشار.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ھەممە ياقتا تۇمان ئۆرلەپ، چاقماقلار چاقتى، باھار كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئايغىرلار بىلەن بايتاللار زوقلىنىپ، كىشنەپ ئۈيۈر بولۇشتى، بىرى - بىرى بىلەن جۈپلەشتى.

اَكْرِشْتِي əgrixti قورشاشتى؛ ئېگىرىشتى. اُلْ بَكْكا كَنْدْ اَكْرِشْتِي — *ol bəgkə kənd əgrixti* — ئۇ بەگكە شەھەرنى قورشىشىپ بەردى. قِزْ اَناسِي بِرْلا يِبْ اَكْرِشْتِي — *kïz anasï birlə yïp əgrixti* قىز ئانىسى بىلەن بەسلىشىپ يىپ ئېگىرىشتى.

ئېگىرىشىپ بېرىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ئەگرىشۈر -
ئەگرىشمەك *əgrixür - əgrixmək*).

ئۈگرىشتى ügrixti : اُلْ اَنكَرْ بيشِكْ اُكْرِشْتى *ol aŋar bəxik ügrixti* —
ئۇ ئۇنىڭغا بوشۇك تەۋرىتىشىپ بەردى
(ئۈگرىشۈر - ئۈگرىشمەك *ügrixür - ügrixmək*).

ئەمرىشتى əmrixti : اَتِمْ بَرْجا اَمْرِشْتى *ətim barqa əmrixti* —
پۈتۈن بەدىنىم (قوتۇرلۇق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن) قىچىشىپ
كەتتى (ئەمرىشۈر - ئەمرىشمەك *əmrixür - əmrixmək*).

ئارقاشتى arvaxti : قامْلارْ قَمِغْ ارْقَشْتى *kamlar kamuƣ arvaxti* —
ھەممە كاھىنلار ئەپسۇن - ئەرۋاھ ئوقۇشتى.
باش - كوزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش -
لارغا سۇپكۈچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ارقشور - ارقشماق
arvaxur - arvaxmak).

ئارقاشتى arkaxti : اُلْ اَنِكْ بِرْلا يُكْ اَرْقَشْتى *ol aniŋ birlə yük arkaxti* —
ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈك يۈدۈشتى، يەنى
بىر - بىرىنىڭ يۈكىنى يۈدۈشۈپ بەردى (ارقشور - ارقشماق
arkaxur - arkaxmak).

ئالقىشتى alkīxti : بُويْ اِكّي بِلا اَلْقِشْتى *boy ikki bilə alkīxti* —
ئىككى قەبىلە بىر - بىرىنى يوق قىلىشتى. ھەرقانداق
نەرسىنى يوق قىلىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ

(اَلْقِشُورْ - اَلْقِشْماقْ *alkixur - alkixmak*).

اَلْقِشْدِي alkixdi ئالقىشلاشتى، ماختاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اَلْقِشْ اَلْقِشْدِي *ol məniŋ birlə alkix alkixdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئالقىشلاشتى. ئالقىشلاشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇ- شۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَلْقِشُورْ- اَلْقِشْماقْ *alkixur-alkixmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَلْپْلارْ اَرِغْ اَلْقِشُرْ
كُچْ بِيرْ قِلِبْ اَرْقَشُرْ
بِرْ بِرْ اُوزا اَلْقِشُرْ
اَذْكَرْمَذِبْ اُقْ اَتارْ

alplar ariq alkixur
küq bir kilip arkaxur
bir bir üzə alkixur
əzgərməzip ok atar

[باتۇرلار (بىر- بىرىنى) شىددەت بىلەن يوقىتىشار،
كۈچ (نى) بىر قىلىپ (بىر- بىرىگە) يار- يۆلەك بولۇشار،
بىر- بىرىنى ئالقىشلىشار،
پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.]

جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلار

بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، كۈچىنى تويلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر - بىرىنى ئالقىشلاشتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.

اِرْكِشْتِي irkixti : اُلْ مَنكا تَوارْ اِرْكِشْتِي *ol maŋa tawar irkixti* — ئۇ ماڭا تاۋار تويلىشىپ بەردى. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق. تويلاشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِرْكِشُورْ - اِرْكِشْماكْ *irkixür - irkixmək*).

اَلْكَشْتِي əlgəxti : اُلْ مَنكا اُنْ اَلْكَشْتِي *ol maŋa un əlgəxti* — ئۇ ماڭا ئۇن ئەگلەشتى. ئەگلەشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَلْكَشُورْ - اَلْكَشْماكْ *əlgəxür - əlgəxmək*).

اَمْكَشْتِي əmgəxti : بُو اِيشْ‌تا بُويْ اَمْكَشْتِي *bu ïxta boy əmgəxti* — بۇ ئىشتا خەلق ئەمگەشتى، بىر - بىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن جاپا تارتىشتى (اَمْكَشُورْ - اَمْكَشْماكْ *əmgəxür - əmgəxmək*).

اُبْلَشْدِي üpləxdi : بُودُنْ اِكِنْدِي تَفَارِينْ اُبْلَشْدِي *bodun ikindi tavarin üpləxdi* — خەلق بىر - بىرىنىڭ مۈلكى-نى تالان - تاراج قىلدى (اُبْلَشُورْ - اُبْلَشْماكْ *üpləxür- üpləxmək*).

اُتْلَشْدِي ötləxdi : اُتْلَشْدِي نَانْكْ *ötləxdi nəŋ* — ئۆتنە-تۇشۇك قىلىنىغان نەرسە (اُتْلَشُورْ - اُتْلَشْماكْ *ötləxür - ötləxmək*). بۇ ھال تالان - تاراج ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ.

اُتْلَشْدِي ɵtlǝxdi : اَلْپلارْ اُتْلَشْدِي *alplar ɵtlǝxdi* — باتۇرلار ئۇرۇشتى، بىر - بىرىنى ئولتۇرۇشتى (اُتْلَشُورْ - اُتْلَشْماكْ *ɵtlǝxür - ɵtlǝxmǝk*).

اِتْلِشْدِي itlixdi : اِتْلِشْدِي نانْكْ *itlixdi nǝŋ* — ئىتتىرىۋېتىلگەن نەرسە (اِتْلِشُورْ - اِتْلِشْماكْ *itlixür - itlixmǝk*).

اَجْلِشْدِي aqlïxdi ئېچىلىشتى. قبغْلارْ اَجْلِشْدِي *kapuqlar aqlïxdi* — قوۋۇقلار ئېچىلىشتى. يېشىلمىگەن مەسىلىلەر يېشىلسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَجْلِشُورْ - اَجْلِشْماقْ *aqlïxur - aqlïxmak*).

اَذْلَشْدِي ǝżlǝxdi : اُلارْ بِرْ اِكِنْدِينِي اَذْلَشْدِي *olar bir ikindini ǝżlǝxdi* — ئۇلار بىر - بىرىنى ئازلاشتى (اَذْلَشُورْ - اَذْلَشْماكْ *ǝżlǝxür - ǝżlǝxmǝk*).

اُذْلَشْدِي użlaxdi ئۈزۈلمەي كەينى - كەينىدىن مېڭىشتى، سوگداشتى. اِقِقْ بِرْ بِرْكا اُذْلَشْدِي *ïvïk bir birgǝ użlaxdi* — تاغ ئۆچكىسى بىر - بىرىگە سوگداشتى (اُذْلَشُورْ - اُذْلَشْماقْ *użlaxur - użlaxmak*).

اَرْلَشْدِي ǝrlǝxdi ئەرلىك قىلىشتى، ئەرلىكتە بەسلەشتى. اُلارْ اِكِّي اَرْلَشْدِي *olar ikki ǝrlǝxdi* — ئۇلار ئىككىسى ئەرلىكتە بەسلەشتى (اَرْلَشُورْ - اَرْلَشْماكْ *ǝrlǝxür - ǝrlǝxmǝk*).

اُرْلَشْدِي urlaxdï ھۇررا توۋلاشتى، ۋاقىراشتى، جاقىراشتى. بودن قمغ ارْلشْدي *bodun kamuq urlaxdï* — بۈتۈن خەلق ھۇررا توۋلاشتى (ارْلشوْر - ارْلشماق *urlaxur* - *urlaxmak*). ئەسلى «ارِيلَشْتي *urïlaxtï*» دۇر.

اُزْلشْدِي üzlüxdi ئۈزۈلۈشتى. ازلشدي ناڭ *üzlüxdi nəŋ* — نەرسە ئۈزۈلدى. بكي كشي ازلشدي *bəgi kixi üzlüxdi* ئەر - خوتۇن ئۈزۈلۈشتى، ئەر بىلەن خوتۇن ئاجراشتى. شۇنىڭدەك، الملغ بيرملكدن ازلشدي *alïmlïq bərimligdin üzlüxdi* — ئالغۇچى بەرگۈچىدىن ئۈزۈلۈشتى، يەنى ئېلىشى بار بېرىشى باردىن ئۈزۈلۈشتى (ازلشور - ازلشماك *üzlüxür* - *üzlüxmək*).

اِشْلَشْدِي ixləxdi ئىشلەشتى، ئىشلىشىپ باقتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اشْلَشْدي *ol məniŋ birlə ixləxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئىشلىشىپ باقتى. ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اشْلَشور - اِشْلَشماك *ixləxür* - *ixləxmək*).

اِغْلَشْتي ïqlaxtï يىغلاشتى. اغلان اِغلشتي *oqlan ïqlaxtï* — بالىلار يىغلاشتى. بۇ سۆز «ى - يا» بىلەن «يِغلشتي *yïqlaxtï*» مۇ دېيىلىدۇ (اِغْلَشُر - اِغْلَشماق *ïqlaxur* - *ïqlaxmak*).

آقْلَشْدِي avlaxdï ئولاشتى، يەقىلىشتى. كىشى آقْلَشْدِي kixi avlaxdï كىشى ئولاشتى (آقْلَشُورْ - آقْلَشْماقْ - avlaxur - avlaxmak).

آقْلَشْتِي əvləxti ئوي تىكىشتى. اُلْ بَكْ بِرْلا آقْلَشْتِي اُيْنابْ — ol bəg birlə əvləxti oynap — ئۇ بەگ بىلەن ئوي تىكىشىپ ئوينىدى. بۇ بىر قائىدە. قىماردا تىكىلگەن نەرسىنىڭ ئېتى ئېيتىلىپ، ئۇنىڭغا «لَشْتِي laxtï // ləxti» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە ياسالغان پېئىلنىڭ مەنىسى قىمارنى بىلدۈرىدۇ (آقْلَشُورْ - آقْلَشْماقْ - əvləxür - əvləxmək)①.

أُكْلُشْدِي üklüxdi دۆۋىلەشتى. بِيرْ نانْكْ بِيرْ اُزا اُكْلُشْدِي — bir nəŋ bir üzə üklüxdi — بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەندى. قوينىڭ بىر يەرگە، چېكەتكىلەرنىڭ قومۇشقا، كىشىلەرنىڭ قىستاقچىلىققا توپلىنىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُكْلُشُرْ - اُكْلُشْماكْ - üklüxür - üklüxmək).

آقِلْشْدِي aklïxdï ئېقىشتى. تَكْما يَنْكاقْتِنْ بُودُنْ آقْلْشْدِي — təgmə yaŋaktïn bodun aklïxdï — تۇشمۇ - تۇشتىن

---

① بۇ سوز بۇ ئورۇندا «آقْلَشْماقْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 134 - بەتتە «آقْلَشْماكْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز كېيىن-كىسىنى توغرا تېپىپ، بۇ سوزنىڭ مەسدەر شەكلىنى «əvləxmək» دەپ ئالدۇق.

خەلق ئېقىشتى. ھەر يەردىن سۇلار ئېقىپ كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَقْلِشُورْ - اَقْلِشْماقْ aklïxur - aklïxmak).

اَكْلَشْدِى əgləxdi چەيلەشتى؛ ئاتلاندى. اُلاَرْ قَمُغْ اَذاقْ اَكْلَشْدِىلَارْ — olar kamuoq azak əgləxdilər — ئۇلار- نىڭ ھەممىسى بىر ئىشقا ئاتلاندى، يەنى بىر ئىشقا ئۇيۇشتى. بۇ بىر نەرسە ئۈستىدە خەلقنىڭ بىرلەشكەنلە- كىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىر نەرسىنى ئاياق بىلەن چەيلەشتە بىر - بىرىگە ياردەملەشكىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَكْلَشُرْ - اَكْلَشْماكْ əgləxür - əgləxmək).

اِكْلَشْدِى igləxdi يىگىلەشتى، يىگىلىدى، كېسەل بولدى. يِلْقِى اَرِغْ اِكْلَشْدِى yïlki arïoq igləxdi — يىلقا ۋە باشقا ھايۋانلار ئېرىغ كېسەل بولدى (اِكْلَشُرْ - اِكْلَشْماكْ igləxür - igləxmək).

اَمْلَشْدِى لَارْ əmləxdilər ئەملىنىشتى، داۋالىنىشتى. بالِغْلارْ اَمْلَشْدِى لَارْ balïoqlar əmləxdilər — ياردارلار ئەملىنىشتى (اَمْلَشُورْلارْ - اَمْلَشْماكْ əmləxürlər - əmləxmək).

اُمْلَشُو ømləxü : اُلْ اَنِكْ بِرْلا جُكانْ اُرْدِى اُمْلَشُو — ol anïŋ birlə qøgən urdï ømləxü — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىشتان تىكىش چوگەن ئوينىدى (اُمْلَشُورْ - اُمْلَشْماكْ ømləxür - ømləxmək).

اِمْلَشْدِي imləxdi ئىملاشتى، ئىما قىلدى. اُلْ اَنِكْ بِلا اَلْكِنْ اِمْلَشْدى ol aniŋ bilə əlkin imləxdi — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئىشارىتى قىلىشتى، يەنى قول بىلەن ئىملاشتى (اِمْلَشُر ـ اِمْلَشْماكْ imləxür - imləxmək).

اُتسُقْتى utsukti ئۆتىقازدى ~ ئۆتتۇردى. اُلْ يَرْماقْ اُتسُقْتى ol yarmak utsukti — ئۇ يارماق ئۆتقازدى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق (اُتسُقار ـ اُتسُقْماقْ utsukar - utsukmak). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سِنامَسا اَرْسِقارْ سَقِنْمَسا اُتْسُقارْ — sinamasa arsikar sakinmasa utsukar سىنىمىسا ئېزىقىدۇ، ساقلانمىسا ئۆتقۇزىدۇ. سىناقتىن ئۆت- كۈزمىسە، ئالدىنىپ قالىدۇ، بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىسا، يەنى پەخەس بولمىسا، يېڭىلىپ قالىدۇ. بۇ ماقال سىناپ كورۇش ۋە ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اَرْسِقْتى arsikti ئېزىقتى، ئالداندى. اَرْ اَرْسِقْتى ər — arsikti ئادەم ئالداندى (اَرْسِقارْ ـ اَرْسِقْماقْ arsikar - arsikmak).

اُرْسُقْتى ursukti ئۇرۇلدى، تاياق يېدى، يېڭىلدى. اَرْ اُرْسُقْتى ər ursukti — ئادەم ئۇرۇشتا يېڭىلدى (اُرْسُقار ـ اُرْسُقْماقْ ursukar - ursukmak).

اَلْسِقْتِي alsïktï: اُلْ تَڤارِنْ اَلْسِقْتِي *ol tavarïn alsïktï* — ئۇ تاۋرىنى ئالدۇرۇپ قويدى، يەنى مېلىنى تارتقۇزۇپ قويدى (اَلْسِقار ـ اَلْسِقْماق *alsïkar - alsïkmak*).

اَنْدِقْتِي andïktï ئانت ئىچتى. اَرْ اَنْدِقْتِي *ər andïktï* — ئادەم ئانت ئىچتى (اَنْدِقار ـ اَنْدِقْماق *andïkar - andïkmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُغَشِبْ يَتْسا اَنِكْ يُزِينْكا
اَلْسِقَرْ اُوكِنْ اَنِكْ سُوزِينْكا
مِنْكْ كِشِي يُلغِي بُلُبْ اُوزِينْكا
بِيرْكالَرْ اُذِنْ اَنِكْ كُوزِينْكا

koyoqaxïp yatsa anïŋ yüziŋə
alsïkar ögin anïŋ söziŋə
mïŋ kixi yuluqï bolup uzïŋa
bərgələr özin anïŋ köziŋə[①]

[قۇچاقلىشىپ ياتسا (قاراپ) ئۇنىڭ يۈزىگە،
ئالدۇرار ئەقلىنى ئۇنىڭ سۆزىگە،

---

① بۇ شېئىر ئەسلىدە «اَلْسِقْتِي *alsïktï*» سۆزىگە مىسال بولۇشى كېرەك ئىدى، يازما نۇسخىدا «اَنْدِقْتِي» سۆزىدىن كېيىن يېزىلىپ قالغان. بىزمۇ شۇ پېتى بەردۇق.

مىڭ كىشى پەيدا بولۇپ (ئۆنىڭ) ئۆزلۈغىغا (گۈزەللىگىگە)،
بەرگۈسىدۇر ئۆزىنى (جېنىنى) ئۆنىڭ كوزىگە.]

ئۆنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، يۈزىگە قاراپ ياتقان
كىشى ئۆنىڭ نازى ۋە سۆزلىرىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ
قويىدۇ، مىڭ جېنى بولسىمۇ، ئۆنىڭ گۈزەللىگىگە پەيدا
قىلىۋېتىدۇ (اَنْدِقارْ ـ اَنْدِقْماق *andïkar - andïkmak*).

اِنْجِكْتي inqikti ئەنەدىكتى. اَرْ اِنْجِكْتى *ər inqikti* —
ئادەم (سوغۇق سۇ قۇيۇلغانلىقتىن) ئەنەدىكتى، يەنى
خۇدىنى يوقاتقاندەك بولدى، كىرىشتى ۋە تىترىدى
(اِنْجِكارْ ـ اِنْجِكْماكْ *inqikər - inqikmək*).

اُسْتِكْتي østikti ئۈستىگىنى بىلدۈردى. اُلْ بُو اِيشْقا اُسْتِكْتى
ol bu ixka østikti — ئۇ بۇ ئىشقا ئۈستەك بىلدۈر-
دى، يەنى مايىل بولدى (اُسْتِكارْ ـ اُسْتِكْماكْ *østikər -*
østikmək). بۇنىڭ ئەسلى «اُوزْتِكْتى *øztikti*»دۇر.

اِرْپَلْدي irpəldi تىلىندى، ھەرىلەندى. يِغاچْ اِرْپَلْدى *yïqaq*
irpəldi ياغاچ تىلىندى (اِرْپَلُرْ ـ اِرْپَلْماكْ *irpəlür - irpəlmək*).
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُنْكاكَى. اِرْپَلْدى اِيشْ *øŋəkəy* —
irpəldi ïx ئۆگگا تارتقان ئىش بۇزۇلدى.

آرْتِلْدي artïldi ئارتىلدى. اَرْ آتْ اُزا اَرْتِلْدى *ər at* —
üzə artïldi ئادەم ئات ئۈستىگە ئارتىلدى. بۇ ئادەم

گەۋدىسىنىڭ يېرىمى بىر تەرەپكە، يېرىمى ئىككىنچى تەرەپكە ئارتىلىپ تۇرغان ھالىتى. تَغارْ اَشْياكْ اُزا اَرْتِلْدِي *taqar əxyək üzə artildi* — تاغار ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَرْتِلُورْ - اَرْتِلْماقْ *artilur - artilmak*).

اُرْتُلْدِي ortüldi قاپلاندى، يېپىلدى؛ تۇتۇلدى. اِيشْ اَرْ اُزا اُرْتُلْدِي *ix ər üzə ortüldi* — ئىش ئادەمگە تۇتۇق بولدى. كُوكْ اُرْتُلْدِي *kok ortüldi* — كۆك (ھاۋا) تۇتۇلدى، يەنى ئاسمان بۇلۇتلاندى (اُرْتُلُورْ - اُرْتُلْماكْ *ortülür - ortülmək*). بۇ ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسە ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

اُرْتَلْدِي ortəldi كۆرتەلدى، كۆيدۈرۈلدى. بُكْ اُرْتَلْدِي *bük ortəldi* — بۈك (چاتقال) كۆرتەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُرْتَلُورْ اُرْتَلْماكْ *ortəlür - ortəlmək*).

اِرْتَلْدِي irtəldi ئىزدەلدى، سۈرۈشتۈرۈلدى. اِرْتَلْدِي نَانْكْ *irtəldi nəŋ* — ئىزدەلگەن نەرسە (اِرْتَلُورْ - اِرْتَلْماكْ *irtəlür - irtəlmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُنْكُلُمْ اِجِنْ اُرْتَدِي

يِتْمِيشْ يِشِغْ قَرْتَدِي

كَجْمِش اُذُكْ اِرْتَدِى
تُنْ كُنْ كَجِب اِرْتَلُور

kəŋlüm iqin ərtədi
*pitmix baxïoq*① *kartadi*
kəqmix üzük irtədi
tün kün kəqüp irtəlür

[كۆڭلۈم ئىچى (يۈرەك - باغرىم) نى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتلىدى،
كەچكەن (ئۆتكەن) ئۈزۈك (ئىشق) نى ئىزدىدى (ئەسلىدى)،
كېچە - كۈندۈز ئىزدىنەر.]

بىر كىشىگە مەرسىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئىچىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى، پۈتكەن يارامنى تاتلاپ ئېچىۋەتتى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەتتى، زامان ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزلەيدۇ.

أُبْرُلْدِى øprüldi ھۆپىلىنىلدى، ئۆتىلىنىلدى، ئىچكۈزۈلدى.

مُونْ اُبْرُلْدِى *mün øprüldi* —— شورپا ھۆپىلىنىلدى. باش-

① بۇ بەرىدىكى «*pitmix baxïoq*» دېگەن سۆز يازما نۇسخىدا «بتميش بشغ» شەكلىدە يېزىلغان. بېسىم ئاتالاي ئەرەپچە تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى سۆزنى «پۈتكەن يارا» مەنىسىدە «بتميش بشغ» بولغىنى توغرا دەپ ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ تۈزىتىشنى توغرا تاپتۇق.

قىلاردىمۇ شۇنداق (اُبْرُلُرْ - اُبْرُلْماك öprülür - öprülmək).

اُسْتَلْدِي üstəldi ئۈستىلەندى، قوشۇلدى، كۆپەيدى.
سُوڤْ اُسْتَلْدِي suv üstəldi — سۇ كۆپەيدى. ئۈستىگە قوشۇ-
لۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُسْتَلُرْ - اُسْتَلْماك üstəlür -
üstəlmək).

اِسْتَلْدِي istəldi ئىستەلدى. اِسْتَلْدِي نانْكْ istəldi nəŋ —
ئىستەلگەن نەرسە (اِسْتَلُرْ - اِسْتَلْماك istəlür - istəlmək).

اَشْتِلْدِي əxtildi ئىشتىلدى، ئاڭلاندى. بُو سُوزْ اَشْتِلْدِي
bu səz əxtildi — بۇ سۆز ئىشتىلدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (اَشْتِلُرْ - اَشْتِلْماك əxtilür - əxtilmək).

آغْتِلْدِي aqtildi يىقىتىلدى. اَرْ آغْتِلْدِي ər aqtildi — ئادەم
يىقىتىلدى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «آغْتَرِلْدِي aqtarildi —
ئاغدۇرۇلدى» دۇر (آغْتِلُرْ - آغْتِلْماق aqtilur - aqtilmak).

اَقْدِلْدِي əvdildi جۇغلاندى، يىغىلدى. اَقْدِلْدِي نانْكْ
əvdildi nəŋ — جۇغلاندى نەرسە (اَقْدِلُرْ - اَقْدِلْماك
əvdilür - əvdilmək).

اِكْدِلْدِي igdildi ئۆگىتىلدى، تەربىيەلەندى. اُغُلْ اِكْدِلْدِي

اِكْدِلْماكْ - اِكْدِلُرْ) بالا ئۆگىتىلدى — oqul igdildi
(igdilür - igdilmək).

اُتْرُلْدِي ətrüldi ئۆشكۈرتۈلدى، چېلىندى. سِبِزْغُو اُتْرُلْدِي — sibizoqu ətrüldi — سىبىزغۇ (نەي) چېلىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُتْرُلُرْ - اُتْرُلْماكْ ətrülür - ətrülmək).

اُتْرُلْدِي otruldi كېسىلدى، قىرقىلدى. سَچْ اُتْرُلْدِي saq — otruldi چاچ قىرقىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُتْرُلُرْ - اُتْرُلْماقْ otrulur - otrulmak).

آذْرِلْدِي ażrildi ئايرىلدى. يُولْ آذْرِلْدِي yol ażrildi — يول ئايرىلدى. ئىككى ئاغىنىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا، شۇنىڭدەك يىللارنىڭ ئايرىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (آذْرِلُرْ - آذْرِلْماقْ ażrilur - ażrilmak).

اُذْرُلْدِي əżrüldi ئاجرالدى، تاللاندى. اُذْرُلْدِي نانْكْ — ئاجرالغان نەرسە. بىر بولۇك كىشىلەرنىڭ əżrüldi nəŋ بىر يانغا ئاجرىلىپ چىققىنىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. آنِكْ آرَنِي اُذْرُلْدِي anïŋ ərəni əżrüldi — ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاجرىلىپ چىقتى (اُذْرُلُرْ - اُذْرُلْماكْ əżrülür - əżrülmək).

اِسْرِلْدِي isrildi چىشلەندى. آتْماكْ اِسْرِلْدِي ətmək isrildi —

ئان چىشلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِسْرِلُرْ - اِسْرِلْماقْ
īsrilur - īsrilmak).

آشْرُلْدِي axruldi ئاشۇرۇلدى. يۈكْ آرْتِنْ آشْرُلْدِي *yük arttin axruldi* — يۈك داۋاندىن ئاشۇرۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آشْرُلُرْ - آشْرُلْماقْ *axrulur - axrulmak*).

اُغْرَلْدِي oƣraldi نىيەت قىلدى، ئىنتىلدى؛ چاغلىدى، كۆزلىدى. اُلْ يِيرْكا اُغْرَلْدِي *ol yərgə oƣraldi* — ئۇ يەرگە ئىنتىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُغْرَلُرْ - اُغْرَلْماقْ *oƣralur - oƣralmak*).

اُغْرُلْدِي oƣruldi: سُنْكُوكْ اُغْرُلْدِي *sɵŋük oƣruldi* — سۆڭەك (ئۇگە - ئۇگىسىدىن) ئاجرالدى (اُغْرُلُرْ - اُغْرُلْماقْ *oƣrulur - oƣrulmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَلْجِقْ بَلِقْ يغْرُلُورْ
جغاي يَقُزْ يغْرِلُورْ
آرْنْكَكْ لَرِي اُغْرُلُورْ
اُذْغُجْ بِلا آقْرِشُورْ

balqïk balīk yuƣrulur
qïƣay yavuz yïƣrīlur

ərŋəkləri oqrulur
ożoquq bilə əvrixür

[لاي ـ پاتقاقلار يۇغۇرۇلار،
يوقسۇل ـ يوپۇن دۇگدىيەر،
بارماقلىرى ئۈيۈشار،
كىچىككىنە چوغ بىلەن ھەپىلىشەر.]

ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېيىلىدۇ: لاي ـ پاتقاقلار يۇغۇرۇلۇپ، ئۈيۈپ كېتىدۇ، يوقسۇل ـ يوپۇنلار دۇگدىيىپ، تۈگۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى قورۇلۇپ، قوۋۇشماي قالىدۇ ـ دە، بىرەر پارچە چوغ بىلەن سويۇنۇپ كېتىدۇ.

اَفْرُلْدِي əvrüldi ئورۇلدى، ياندى، بۇرۇلدى. اَرْ اَفْرُلْدِي — *ər əvrüldi* ئادەم ئورۇلدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز يونۇلۇشىدىن بۇرۇلۇشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَفْرُلُرْ ـ اَفْرُلْماكْ *əvrülür - əvrülmək*).

اَكْرِلْدِي əgrildi ئورالدى؛ ئېگىرىلدى. كَنْدْ اَكْرِلْدِي — *kənd əgrildi* كەنت (شەھەر) ئورىۋېلىندى. يِپْ اَكْرِلْدِي — *yīp əgrildi* يىپ ئېگىرىلدى (اَكْرِلُرْ ـ اَكْرِلْماكْ *əgrilür - əgrilmək*).

اُكْرِلْدِي ügrildi تەۋەتىلدى. بِيشِكْ اُكْرِلْدِي — *bəxik ügrildi* بۆشۈك تەۋەتىلدى (اُكْرِلُرْ ـ اُكْرِلْماكْ *ügrilür - ügrilmək*).

امرلدی amruldi توختىدى، تىندى. قىينار اشىج امرلدى — *kaynar axiq amruldi* قايناۋاتقان قازان (سوغۇق سۇ قۇيۇلۇش بىلەن) توختىدى. ار تىنى امرلدى — *ər tini amruldi* ئادەمنىڭ تىنىقى توختىدى، جېنى چىقتى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ جۇشقۇنلۇقتىن كېيىن تىنچىشىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (امرلر - امرلماق *amrulur - amrulmak*).

ارغلدی iroqaldi ئىرغىتىلدى، ئىرغاڭلىتىلدى. يغاج ارغلدى — *yioqaq iroqaldi* دەرەخ ئىرغىتىلدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىرغىتىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ارغلر - ارغلماق *iroqalur - iroqalmak*).

ارقلدی arvaldi ئەرۋەشلەندى، ئەرۋەش ئوقۇلدى. ارقش ارقلدى — *arvax*① *arvaldi* ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇلدى (ارقلر - ارقلماق *arvalur - arvalmak*).

القلدی alkaldi ئالقىشلاندى. بككا القش القلدى — *bəgkə alkix alkaldi* بەگكە ئالقىش ئېيتىلدى، يەنى بەگ ئالقىشلاندى (القلر - القلماق *alkalur - alkalmak*).

---

① بۇ يەردىكى «ارقش *arkix* — كارۋان» سۆزى جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز بۇ سۆزنى «ارقلدى» دىگەن پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى دەپ ھېساپلاپ، «ارقش *arvax*» قىلىپ ئالدۇق.

اِرْكِلْدِي irkildi جوٗغلاندى، يەقىلدى، توپلاندى. سوٗ تَلِمْ اِرْكِلْدِي *sü təlim irkildi* — ئەسكەر كوپ توپلاندى. هەرقانداق نەرسىنىڭ جوٗغلىنىشى ۋە توپلىنىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِرْكِلُرْ - اِرْكِلْماكْ *irkilür - irkilmək*). باشقا نەرسە توپلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ پېئىل بەزىدە ئۆتۈملۈك ۋە بەزىدە ئۆتۈمسىز بولۇپ كېلىدۇ.

اُرْكُلْدِي ürküldi ئۈركىدى ~ هۈركىدى، ئۈركۈپ كەتتى. اُرْكُنْجْ بُلُبْ اُرْكُلْدِي *ürkünq bolup ürküldi* — ئۈر-كۈش بولۇپ ئۈركۈپ كەتتى (اُرْكُلُرْ - اُرْكُلْماكْ *ürkülür - ürkülmək*).

اَلْكَلْدِي əlgəldi ئەلگەلدى ~ ئەگلەندى، تاسقالدى. اُونْ اَلْكَلْدِي *un əlgəldi* — ئۇن ئەلگەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَلْكَلُرْ - اَلْكَلْماكْ *əlgəlür - əlgəlmək*).

اَرْتِنْدِي artïndi ئارتىندى، ئۈچىسىغا ئارتتى. اَرْ اَرْقَسِنْ اَرْتِنْدِي *ər arqïsïn artïndï* — كىشى خورجۇنىنى (ئۇلاغقا) ئار-تىۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَرْتِنُرْ - اَرْتِنْماقْ *artïnur - artïnmak*).

اُرْتُنْدِي ørtündi يېپىندى. اُراغُتْ يُوزِنْ اُرْتُنْدِي *uraqut yüzin ørtündi* — خوتۇن يۈزىنى يېپىۋالدى. باشقا نەرسىلەرنى

يېپىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ① (اُرتُنُر - اُرتُنْماكْ ـ ørtünür ـ ørtünmək).

اُرتَنْدِي ørtəndi ئۆرتەندى، كۆيدى. اُرتَنْدى نَاڭ ørtəndi nəŋ — ئۆرتەنگەن نەرسە (اُرتَنُر - اُرتَنْماكْ ørtənür ـ ørtənmək). كۈن پاتقاندىن كېيىن بۇلۇت قىزارسا، «بُلُتْ اُرتَنْدى» *bulït ørtəndi* دېيىلىدۇ. تۈركلەر بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تُنْلا بُلُتْ اُرْتَنْسا اَوْلُكْ اُرِي كَلْدُرْمِشْجا بُلُورْ
تَنْكدا بُلُتْ اُرْتَنْسا اَوْكا يَغِي كِرْمِشْجا بُلُورْ

tünlə bulït ørtənsə əvlük urï kəldürmixqə bolur,
taŋda bulït ørtənsə əvgə yaoï kirmixqə bolur

تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولار،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يېغى كىرگەندەك بولار.

كەچقۇرۇن بۇلۇت قىزارسا، خوتۇنى ئوغۇل تۇغقاندەك

---

① بۇ جۈملىنىڭ ئەرەبچە ئىزاھىدا «اُرتَنْدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «سَفَرَتْ — ئاچتى» دەپ بېرىلگەن، كەينىدىنلا يەنە «سَتَرَتْ — ياپتى» دەپ بېرىلگەن. بىز بىر سۆزنىڭ ئىككى قارىمۇ — قارشى مەنىدە كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سۆزنىڭ ھەر ئىككى ئىزاھىنى «ياپتى» دېگەن مەنىدە بەردۇق. چۈنكى بۇ سۆز بىر قىسىم تۈركى تىللاردا ھازىرمۇ «يېپىندى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بولىدۇ، تاگدا بۇلۇت قىزارسا، ئەتىسى يېغا كىرگەندەك
بولىدۇ. تۇركلەر كېيىنكىسىنى ياخشىلىققا جورۇمايدۇ.

آقْدِنْدِي ənvdindi دوۋىلىدى. اُلْ اوزِنكا يَمِيشْ آقْدِنْدى — ol ɵzinə yəmix ənvdindi — ئۇ ئۆزىگە يېمىش دوۋىلى-
دى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آقْدِنُرْ - آقْدِنْماكْ — ənvdinür
(ənvdinmək).

اُتْرُنْدِي utrundi ئۇتتۇرا كەلدى، يۈزلەندى، قارشى چىقتى.
اُلْ مَنكا اُتْرُنْدى — ol maŋa utrundi — ئۇ ماگا قارشى
چىقتى. يِيلْ يِغاجْقا اُتْرُنْدى — yəl yiƣaqka utrundi —
يەل دەرەخكە سوقۇلدى (اُتْرُنُرْ - اُتْرُنْماقْ - utrunur
(utrunmak).

اِسْرِنْدِي isrindi: آرْ اِسْرِنْدى — ər isrindi — ئادەم خاپا بول-
دى، يەنى چېچىلدى. بۇ سوز، ئەسلىدە، قازاندا قاينىتى-
لىۋاتقان گۆللۈك توگىتاپىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كوكتات-
لارنىڭ ئۈستىگە پىشماي تۇرۇپلا سوغاق سۇ قۇيسا، خېمىغا
يانفانلىغىنا ئېيتىلىدۇ. كوڭلى يۇمشاق كىشىنىڭ چېچىلى-
شىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِسْرِنُرْ - اِسْرِنْماقْ - isrinur
(isrinmak).

آغْرِنْدِي aqrindi ئاغرىپ كەتتى، ئاغرىقىدىن قىينالدى.
بالِغْ آغْرِنْدى — baliq aqrindi — ياردار ئادەم ئاغرىقىد-

دىن ئازاپلاندى. باشقا جەھەتلەردىن ئاغرىشقىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (اَغْرِنُرْ - اَغْرِنْماق *aorinur - aorinmak*).

اُكْرَنْدِي əgrəndi ئۆگەندى. اُلْ بِلِكْ اُكْرَنْدِي *ol bilik* *əgrəndi* ئۇ بىلىم ئۆگەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكْرَنُرْ - اُكْرَنْماكْ *əgrənür - əgrənmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرْدَمْ تِلا اُكْرَنِپن بُلْما كُڤاز
اَرْدَمْسِزِنْ اُكُنْسا اَنكمكوذا انكار

ərdəm tilə əgrənipən[1] *bolma küvəz*
ərdəmsizin əgünsə əŋməgüzə əŋər

[پەزىلەت تىلە، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما،
(كىمكى) پەزىلەتسىز تۇرۇپ مەغرۇرلانسا، سىناقتا ھودۇقىدۇ.]

ئىلىم-ھېكمەت ئىستە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما،
بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ
ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ. اَرْ اُزلُقْ
اُكْرَنْدِي *ər uzluk əgrəndi* — ئادەم ھۈنەر ئۆگەندى.

اَكْرِنْدِي əgrindi: اُراغُتْ يِپْ اَكْرِنْدِي *uraqut yip əgrindi* —
خوتۇن ئۆزى ئۈچۈن يىپ ئېگىردى. يىپ ئېگىرىۋاتقاندەك

---

[1] «اُكْرَنِبن» سوزى جۈملىنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا «اُكْرَنِپن *əgrənipən*» بولۇشى كېرەك.

بولۇپ كورۈنۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَكْرِنُرْ - اَكْرِنْماكْ
əgrinür - əgrinmək).

اُخْسِنْدِي ohsïndi ئۇكۇندى، پۇشمان قىلدى. اُلْ قِلْمِشْ اِيشِنْكا
اُخْسِنْدِي ol kïlmïx ïxïŋa ohsïndi — ئۇ قىلغان ئىشىغا
ئۇكۇندى (اُخْسِنُورْ - اُخْسِنْماقْ ohsïnur - ohsïnmak).

آرْسِنْدِي ərsindi ئەر بولۇپ قالدى. اُغْلْ آرْسِنْدِي ooqul —
ərsindi بالا ئەر بولۇپ قالدى، ئەر يەتتى (آرْسِنُرْ - آرْسِنْماكْ
ərsinür - ərsinmək).

آفْسِنْدِي əvsindi : اُلْ بُو آفْنِي آفْسِنْدِي ol bu əvni əvsindi —
ئۇ بۇ ئۆينى ئۆز ئۆيى قىلىۋالدى، ھەتتا كىرىپ جايلى-
شىۋالدى (آفْسِنُرْ - آفْسِنْماكْ əvsinür - əvsinmək).

اِجْغِنْدِي ïqoqïndï قاچۇرۇۋەتتى، ئۈچۈرۈۋەتتى، چىقىرىۋەتتى.
اُلْ قُشْنِي آلْكِدِنْ اِجْغِنْدِي ol kuxnï əlkidin ïqoqïndï —
ئۇ قۇشنى قولىدىن چىقىرىپ قويدى. ماقالىدا مۇنداق
كەلگەن: يَقادَاقِي يَلْغاغالِي آلْكِداكِي اِجْغِنُورْ yaka-
daki yaloqaoqalï əlkidəki ïqoqïnur — ياقىسىدىكىنى يالاي-
مەن دەپ، ئىلكىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ. ياقىسىغا يېپىشىپ
قالغان ئاشنى يالايمەن دەپ، قولىدىكى ئاياق - تاۋاقلىرى-
دىن ئايرىلىپتۇ. بۇ ماقال بىرەر نەرسىگە ئىنتىلگەن كىشىنى

قولىدا قالغىنىنى ساقلاش ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. ار اجغندى ər iqoqïndi — ئادەم «يەل» چىقىرىۋەتتى، يەنى كىشى كوپ يەردە تۇتالماي «يەل» چىقىرىۋېتىپ، بۇنىڭدىن ئۇيالدى (اجغنور - اجغنماق iqoqïnur - iqoqïnmak).

ارغندي ïroqandi ئىرغاڭلىدى. يغاچ ارغندى yïqaq — ïroqandi ياغاچ (دەرەخ) ئىرغاڭلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ارغنور - ارغنماق ïroqanur - ïroqanmak).

اشغندي axoqïndi ئىشقىلاندى، سۇركەلدى، سوقۇلدى. تاش اشغندى tax axoqïndi — تاش ئىشقىلاندى. ھەرقانداق قاتتىق نەرسىنى ئىشقىلاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اشغنور - اشغنماق axoqïnur - axoqïnmak).

القندي alkïndi تۇگىدى. القندى نانىڭ nəŋ alkïndi — تۈگىگەن نەرسە. ار القندى ər alkïndi — ئادەم تۈگىدى، ئولدى (القنور - القنماق alkïnur - alkïnmak).

اتكندي ɵtkündi دورىدى، تەقلىت قىلدى. ال منكا اتكندى ol maŋa ɵtkündi — ئۇ ماڭا تەقلىت قىلدى. بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قرغا قازقا

اُتْكُنْسا بِتِي سِنُورْ — *karoɋa kazka ɵtkünsə puti sïnur*
قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار. قاغا كۆچتە ۋە ئۇ.
چۇشتا ئۆزىنى غازغا ئوخشاتسا، پۇتى سۇنىدۇ. بۇ ماقال
كىشىنى ئۆز ھالىغا بىقىپ ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

اِرْكِنْدِي irkindi يىغدى، تۇپلىدى. اُلْ اُزِنكا نَنْكْ اِرْكِنْدِي
— *ol ɵziŋə nəŋ irkindi* ئۇ ئۆزىگە نەرسە يىغدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِرْكِنُرْ - اِرْكِنْماكْ - *irkinür*
irkinmək).

اِسْكَنْدِي iskəndi ئىسكەندى، ئۈزدى. آتْ اُتْ اِسْكَنْدِي
— *at ot iskəndi* ئات ئوت ئىسكەپ يىدى، يەنى بىر-
بىرلەپ ئۈزۈپ يىدى. قىل - يۇڭ ياكى پاكار ئوتلارنى
ئۈزۈشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِسْكَنُرْ - اِسْكَنْماكْ - *iskənür*
iskənmək).

آلْكَنْدِي əlgəndi ئەلگىدى، تاسقىدى. اُراغُتْ اُونْ آلْكَنْدِي
— *uraɋut un əlgəndi* خوتۇن (ئۆزى ئۈچۈن) ئۇن ئەل-
گىدى، ئۇن تاسقىدى (آلْكَنُرْ - آلْكَنْماكْ *əlgənür - əlgənmək*).

آمْكَنْدِي əmgəndi ئەمگەندى، چارچىدى. اُلْ بُو اِيشْتا تَلِمْ
آمْكَنْدِي *ol bu ïxta təlim əmgəndi* — ئۇ بۇ ئىشتا
كوپ ئەمگەندى. بۇ سوز مۇنداقمۇ ئىشلىتىلىدۇ: خانْ قَرْشِيقا
آمْكَنْدِي *han karxïka əmgəndi* — خان (ھاردۇق يېتىپ)

ساراي (ئوردا)غا چۈشتى. بەگلەرگە ۋە چوگلارغا ئاھايىتى
سىپايىلىق بىلەن سۆزلىگەندە شۇنداق دېيىلىدۇ (اَمْگَنُرْ -
اَمْگَنْماكْ əmgənür - əmgənmək). ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ.

اُبْلَنْدِي üpləndi تالاندى، يېغىغا ئۇچرىدى. اَنِكْ تَڤارِى
اُبْلَنْدِى *anïŋ tavarï üpləndi* — ئۇنىڭ تاۋىرى تالان-
دى (اُبْلَنُرْ - اُبْلَنْماكْ *üplənür - üplənmək*).

اَتْلَنْدِي atlandï ئاتلاندى، ئاتقا مىندى. اَرْ اَتْلَنْدِى
ər atlandï — ئادەم ئاتلاندى. اُلْ تاغْقا اَتْلَنْدِى
ol taɣka atlandï — ئۇ تاغقا چىقتى. ئوغۇزچە، ھەر-
قانداق نەرسىگە چىقىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(اَتْلَنُرْ - اَتْلَنْماقْ *atlanur - atlanmak*).

اَتْلَنْدِي ətləndi ئەتلەندى، ئەت ئالدى. اُغْلْ اَتْلَنْدِى *oɣul* —
ətləndi ئوغۇل ئەتلەندى. ھەرقانداق گۆرۈك نەرسىنىڭ
سەمرىشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَتْلَنُرْ - اَتْلَنْماكْ - *ətlənür*
ətlənmək).

اِتْلِنْدِي itlindi ئىتتىرىلدى. تاشْ اِتْلِنْدِى *tax itlindi* —
تاش ئىتتىرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِتْلِنُورْ - اِتْلِنْماكْ
itlinür - itlinmək). بالىنىڭ ئومۇلەشكە باشلىشىغىمۇ شۇن-
داق دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كىشى ئاچچىغلانغاندا ئېيتىلىدىغان
«كۆزۈمدىن يوقال» دېگەن مەنىدىكى «مَنِكْ يُوزْدِنْ اِتْلِنْ

«mənin̡ yüzdin itlin» دىگەن سوزدىمۇ كەلگەن.

اَجْلِنْدِي aqlïndi ئېچىلدى. قَبُغْ اَجْلِنْدِي kapuoq aqlïndi — قوۋۇق ئېچىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. باشقا بىر شىۋىدە «اَجِلْدِي aqïldi» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ (اَجْلِنُورْ - اَجْلِنْماق aqlïnur - aqlïnmak).

اُجْلَنْدِي üqləndi ئۈچلەندى، ئۈچ بولدى. اُجْلَنْدِي نانْكْ üqləndi nən̡ — ئۈچلەنگەن نەرسە، يەنى ئۈچ بولغان نەرسە. جۈملىدىن «ئىككى غاز ئۈچ بولدى» دېيىش ئورنىغىمۇ «اِكِي قاز اُجْلَنْدِي iki kaz üqləndi» دېيىلىدۇ (اُجْلَنُرْ - اُجْلَنْماكْ üqlənür - üqlənmək).

اِجْلَنْدِي iqləndi دان تۈتتى، ئىچى تولدى. تَرِغْ اِجْلَنْدِي tarïoq iqləndi — ئاشلىق دان تۈتتى. يېيىلىدىغان نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى يېيىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اِجْلَنُرْ - اِجْلَنْماكْ iqlənür - iqlənmək).

اُجْلَنْدِي uqlandï ئۇچلاندى، ئۇچ چىقتى. اُجْلَنْدِي نانْكْ uqlandï nən̡ — ئۇچلانغان نەرسە (اُجْلَنُرْ - اُجْلَنْماق uqlanur - uqlanmak).

اَذْلَنْدِي əźləndi ئازلاندى، ئەتىۋارلاندى، ياخشىلاندى. اَذْلَنْدِي نانْكْ əźləndi nən̡ — ئەتىۋارلانغان نەرسە، تاشلاپ قويۇلماي، ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسە.

تېرىدىن جۇۋا، كىگىزدىن پايپاق قىلدىغاندەك (اۏذلنر -
اۏذلنماك *əzlənür - əzlənmək*).

اۆذلندى üzləndi كۆيلىدى. يلقى اۆذلندى *yilki üzləndi*—
يىلقا كۆيلىدى (اۆذلنر - اۆذلنماك *üzlənür - üzlənmək*).

ارلندى ərləndi ئەرلەندى، ئەرلىك بولدى. اراغت ارلندى
uraqut ərləndi — خوتۇن ئەرلىك بولدى (ارلنر -
ارلنماك *ərlənür - ərlənmək*).

اۆرلندى ərləndi ئۆرلىدى، پەيدا بولدى. بلت ارلندى
bulït ərləndi — بۇلۇت ئۆرلىدى (ارلنر - ارلنماك
ərlənür - ərlənmək). ئەگ چىرايلىقى «اوردى *ərdi*»
دەپ سوزلەشتۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اى قبب اۏلنب
اق بلت ارلنب
بر بر اوزا اكلنب
سجلب سفي انكرشور

ay kapup əvlənüp
ak bulït ərlənüp
bir bir üzə üklünüp
saqïlïp suvï aŋraxur

[ئاي قوپۇپ قوتانلىنىپ،
ئاق بۇلۇتلار ئورلىشىپ،
بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دۈۋىلىنىپ،
سۈيى چىچىلىپ شاقىرار.]

ئاي چىقىپ قوتانلىنىش بىلەن ئاق بۇلۇتلار كو-
قىرىلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىدۇ - دە، شاقىراپ
سۈيىنى توكىدۇ. ئاي قوتانلانغانىنى تۈركلەر «يامغۇر
ياغىدۇ» دىگەنگە جورۇيدۇ.

اُوزْلُنْدِي üzlündi ئۈزۈلدى. اُرُقْ اُوزْلُنْدِي *uruk üzlündi* —
ئارغامچا ئۈزۈلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُزْلُنُرْ - اُزْلُنْماكْ
üzlünür - üzlünmək).

اُزْلَنْدِي üzləndi يۈزلەندى، كوپۈكلەندى. آشِقْ اُزْلَنْدِي
axiq üzləndi — قازان كوپۈكلەندى (اُزْلَنُرْ - اُزْلَنْماكْ
üzlənür - üzlənmək).

آسْلِنْدِي aslindi ئىسسىدى. آسْلِنْدِي نانْكْ *aslindi nəŋ* —
ئىسسىغان نەرسە (آسْلِنُرْ - آسْلِنْماقْ *aslinur - aslinmak*).

آڤْلَنْدِي əvləndi قوتانلىدى. آيْ آڤْلَنْدِي *ay əvləndi* —
ئاي قوتانلىدى. اُلْ بُو آڤْنِي آڤْلَنْدِي *ol bu əvni* —
ئۇ بۇ ئۆينى ئۆي قىلىۋالدى، يەنى ئۆز ئۆيى *əvləndi*
ھىساپلىدى (آڤْلَنُرْ - آڤْلَنْماكْ *əvlənür - əvlənmək*)

اۆكلەندى ɵgləndi ئۆزىگە كەلدى، ئەقلىنى تاپتى. ارۇق ار اۆكلەندى *aruk ər ɵgləndi* — هارغان ئادەم هاردۇق چىقاردى (اۆكلەنۈر - اۆكلەنمەك *ɵglənür - ɵglənmək*). بىر-كىم بالدۇر چۈشەنمەي، كېيىنرەك چۈشەنسىمۇ «اۆكلەندى *ɵgləndi*» دېيىلىدۇ، ئەسلى «اۇكلەندى *ɵgləndi*» دۇر.

اىكلەندى igləndi ئاغرىقى تۇتتى، تولغاق يېدى. اوراغۇت اىكلەندى *uraqut igləndi* — خوتۇن تولغاق يېدى، ئۆنىڭ ئاغرىقى تۇتتى. بىر كىمنىڭ بىر ئاز ئاغرىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

اەملەندى əmləndi ئەملەندى، داۋالاندى. ار اەملەندى *ər — əmləndi* ئادەم داۋالاندى، يەنى ئۆزىگە داۋا تاپتى (اەملەنۈر - اەملەنمەك *əmlənür - əmlənmək*).

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

اوربتتى urpatti ھۆرپەيتتى، پاخپايتتى. ار بشن اوربتتى *ər — baxin urpatti* ئادەم بېشىنى پاخپايتتى، يەنى چېچىنى كۆپەيتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اوربتۇر - اوربتماق

.(ur patur – ur patmak[1]

ارپتتي irpətti تىلدۇردى. ال يغاچ ارپتتي — ol yïqaq irpətti ئۇ ياغاچ تىلدۇردى (ارپتر - ارپتماك - irpətür - irpətmək).

ارتتي artatti بۇزدى، نابۇت قىلدى. ال ارتتي — ol artatti ئۇ (نەرسىنى) نابۇت قىلدى (ارتتر - ارتتماق - artatur - artatmak).

ارتتي irtətti ئىزدەتتى. ال انى ارتتي — ol ani irtətti ئۇ ئۇنى ئىزدەتتى (ارتتر - ارتتماك - irtətür - irtətmək).

ارتتي ɵrtətti ئورتەتتى، كويدۇرگۈزدى. ال بك ارتتي — ol bük ɵrtətti ئۇ بۇك (چاتقال) ئورتەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ارتتر - ارتتماك ɵrtətür - ɵrtətmək).

استتم istəttim ئىستەتتىم. من انى استتم — mən ani istəttim مەن ئۇنى ئىستەتتىم، يەنى مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتتىم (استتر - استتماك - istətür - istətmək).

① بۇ سوز باشقا ئورۇنلاردا «اربشماك، اربرماك» شەكلىدە يۇمشاق ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ جايدا «اربتماق» دەپ كەلگەن. بىز ھەر ئىككى ۋارىيانتنى ساقلىدۇق.

اُقْتَتّي oktatti ئوق ئاتقۇزدى. بَكْ اَني اُقْتَتّي bəg ani — oktatti بەگ ئۇنى ئوق ئاتقۇزدى (اُقْتَتُر - اُقْتَتْماق oktatur - oktatmak).

اُلْخُتّي olhutti ئولتۇرغۇزدى. اُلْ مَني اُلْخُتّي ol məni — olhutti ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزدى (اُلْخُتُر - اُلْخُتْماق olhutur - olhutmak). ئەسلىدە «غ - q» بىلەن «اُلْغُتّي oloqutti» بولغىنى توغرا. چۈنكى پېئىل «خ - h» بىلەن ئوتتۇملۇك بولماي، «غ - q» بىلەن ئوتتۇملۇك بولىدۇ؛ شۇڭا «اُذْغُردي ozoqurdi — ئويغاتتى» ۋە «تُذْغُردي tozoqurdi — تويغۇزدى» پېئىللىرىمۇ شۇنداق «غ - q» بىلەن ئوتتۇملۇك بولۇپ كەلگەن.

اُبْرَتّي upratti ئۇپراتتى. اُلْ تونين اُبْرَتّي ol tonin — upratti ئۇ تونىنى ئۇپراتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُبْرَتُر - اُبْرَتْماق upratur - upratmak).

اُذْرَتّي üzrətti ئاۋۇتتى، كۆپەيتتى. اُلْ تَفارِغْ اُذْرَتّي ol — tavarïq üzrətti ئۇ تاۋارنى ئاۋۇتتى، يەنى مالنى كۆپەيتتى (اُذْرَتُر - اُذْرَتْماك üzrətür - üzrətmək).

اَغْرِتّي aqrïtti ئاغرىتتى، رەنجىتتى. اُلْ اَني اَغْرِتّي ol — ani aqrïtti ئۇ ئۇنى ئاغرىتتى (اَغْرِتُر - اَغْرِتْماق aqrïtur - aqrïtmak).

اُغرتّي oqratti ئەۋەتتى، يونەلدۈردى. اُل مَني ايشقا اُغرتّي
— ol məni ixka oqratti ئۇ مېنى ئىشقا يونەلدۈردى
(اغرتُر - اغرتماق oqratur - oqratmak).

اُكرتّي əgrətti ئۆگەتتى. اُل منكا بِلِك اُكرتّي ol maŋa bilik əgrətti — ئۇ ماڭا بىلىم ئۆگەتتى، يەنى ماڭا ئىلىم-
ھېكمەت ئۆگەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكرتُور -
اُكرتماك əgrətür - əgrətmək).

اُكرِتّي ügritti تەۋەتتۇردى. اُل انكار بِشِك اُكرِتّي ol —
ئۇ ئاڭا بوشۇك تەۋەتتۇردى aŋar bəxik ügritti
(اُكرِتُور - اُكرِتماك ügritür - ügritmək).

آمرِتّي əmritti قىچىقىنى كەلتۇردى. قِشنماق مَنِك يَنِيم اَمرِتّي
kaxinmak məniŋ yənim əmritti — قىچىشقاق ئەت-
يېنىمنىڭ قىچىقىنى كەلتۇردى. بىر كىم بىر كىمنىڭ
قولتۇغى ياكى بوينىنى ئوينىشىپ قاشلىسا، پۈتۈن بەدە-
نىنىڭ غىدىقى كېلىپ، كۆلۈپ تاشلىغاندەك (اَمرِتُر - اَمرِتماك
əmritür - əmritmək).

آتستّي ətsətti ئەتسىرەتتى، گوش يىگۈسىنى كەلتۇردى.
اُل مَني اتستّي ol məni ətsətti — ئۇ مېنى ئەتسە-
رەتتى (اتستر - اتستماك ətsətür - ətsətmək).

آخستّي ahsatti ئاخساتتى. اُل اَني اخستّي ol ani ahsatti —

ئۇ ئۇنى ئاخساتتى (آخستر - اخستماق *ahsatur - ahsatmak*).

آشتتي axsatti ئاشسىراتتى، ئاش يىگۈسىنى كەلتۈردى.

ال انى اشتتي *ol ani axsatti* — ئۇ ئۇنى ئاشسىراتتى (اشتر - اشتماق *axsatur - axsatmak*).

اڤستتي əvsətti ئۈيسىرەتتى، ئۈيىنى سېغىندۇردى. اغلم منى اڤستي *ooqlum məni əvsətti* — ئوغلۇم مېنى ئۈيسىرەتتى (اڤستر - اڤستماك *əvsətür - əvsətmək*).

اخشتتي ohxatti ئوخشاتتى. ال مني اتاما اخشتتي *ol məni atama ohxatti* — ئۇ مېنى ئاتامغا ئوخشاتتى (اخشتر - اخشتماق *ohxatur - ohxatmak*).

اڤشتتي uvxatti ئۇۋشاتتى~ئۇۋشتۇدى. ال اتماك اڤشتي *ol ətmək uvxatti* — ئۇ نان ئۇۋشاتتى (اڤشتر - اڤشتماق *uvxatur - uvxatmak*). توغرىسى مۇشۇ. بۇنى «اشتي *uxatti*»مۇ دەيدۇ.

الشتتي əlxətti: ال انى الشتي *ol ani əlxətti* — ئۇ ئۇنى (ئىچىرقىتىپ) ئۇلەر ھالەتكە يەتكۈزدى (الشتر - الشتماك *əlxətür - əlxətmək*[1]).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزگە ھەرىكە قويۇلمىغان، بۇ سۆز يازما نۇسخا 144 - بەتتىكى «الشادي» سۆزى بىلەن بىر سۆز بولۇپ، ھەر ئىككىسى «*əl*» دىگەن يىلتىزدىن كەلگەن. شۇڭا بىز بۇلارنى «*əlxətti*» ۋە «*əlxədi*» دەپ ئالدۇق.

اِرْغَتّي ïroqatti ئىرغاتتى. اَلْ يِغاچ اِرْغَتّي — ol yïoqaq ïroqatti ئۇ ياغاچ ئىرغاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِرْغَتُرْ - اِرْغَتْماقْ ïroqatur - ïroqatmak). شېېردا مۇنداق كەلگەن:

يِكِتْ لَرِكْ اِشْلَتُو
يِغاچ يمش اِرْغَتُو
قُلانْ كَيِكْ اَقْلَتُو
بَذْرَمْ قِلِبْ اَقْنَلِمْ

yigitlərig ixlətü
yïoqaq yəmix ïroqatu
kulan kəyik avlatu
bəzrəm kilip avnalïm

[يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،
قۇلان - كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى.]

سەيلە - تاماشانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغات- تۇرۇپ، ياۋا هايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.

اُلغتّی ulojattï ئۇلغايدى، چوڭايدى. اغلان الغتی oojlan ulojatti — بالا ئۇلغايدى، بالا چوڭ بولدى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «اُلغاذتی — ئۇلغايدى» ulojazti بولۇپ، ئىدغاملاشتۇرۇلغان (اُلغتر - الغتماق ulojatur - ulojatmak).

اُرکتّی ürkütti ئۈركۈتتى~ھۈركۈتتى. اُل قوی اُرکتی ol koy ürkütti — ئۇ قوي ئۈركۈتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُرکتر - اُرکتماك ürkütür - ürkütmək).

اَمکتّی əmgətti ئەمگەندۈردى، چارچاتتى. اُل انی امکتی ol anï əmgətti — ئۇ ئۇنى ئەمگەندۈردى (اَمکتر - اَمکتماك əmgətür - əmgətmək).

اَلکتّی əlgətti ئەلگەتتى، تاسقاتتى. اُل اُن اَلکتی ol un əlgətti — ئۇ ئۇن ئەلگەتتى (اَلکتر - اَلکتماك əlgətür - əlgətmək).

اُبلتّی üplətti تالاتتى، بۇلىتىشۇەتتى. اُل انك تَفارن اُبلتی ol anïŋ tavarïn üplətti — ئۇ ئۇنىڭ تاۋىرىنى تالىتىشۇەتتى (اُبلتر - اُبلتماك üplətür - üplətmək).

اَتلتّی ətlətti ئەت قىلدۇردى. اُل قوی اَتلتی ol koy ətlətti — ئۇ قوينى (سويدۇرۇپ) گوش قىلدۇردى (اَتلتر - اَتلتماك ətlətür - ətlətmək).

اُكْلَتّي üklütti كوپەيتتى. اُلْ نانْكَنِي اُكْلَتّي *ol nəŋni üklütti* — ئۇ بىر نېمىنى كوپەيتتى (اُكْلَتُرْ - اُكْلَتْماكْ *üklütür - üklütmək*).

آذْلَتّي əzlətti ئېزىغا سالدۇردى، تۈزەتتى. اُلْ تَوارِنْ اَذْلَتّي *ol tawarin əzlətti* — ئۇ تاۋارىنى تۈزەتتى، يەنى ئارىلىشىپ كەتكەن ياكى چېچىلغان ماللىرىنى تەرتىپكە سالدۇردى (اَذْلَتُرْ - اَذْلَتْماكْ *əzlətür - əzlətmək*).

اُذْلَتّي użlatti كېيىنگە سالدى، ئەگەشتۈردى، سوگداشتۇردى. اُلْ اُغْلِنْ اُذْلَتّي *ol oqlin użlatti* — ئۇ ئوغلىنى ماگا ئەگەشتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُذْلَتُرْ - اُذْلَتْماقْ *użlatur - użlatmak*).

اِشْلَتّي ixlətti ئىشلەتتى، ئىشقا سالدى. اُلْ اَنْكَرْ اِيشْ اِشْلَتّي *ol aŋar ix ixlətti* — ئۇ ئاڭا ئىش ئىشلەتتى (اِشْلَتُرْ - اِشْلَتْماكْ *ixlətür - ixlətmək*).

آشْلَتّي axlatti قاداتتى. اُلْ اَياقْ اَشْلَتّي *ol ayak axlatti* — ئۇ ئاياق - تاۋاقلىرىنى قاداتتى (اَشْلَتُرْ - اَشْلَتْماقْ *axlatur - axlatmak*).

آغْلَتّي aqlatti يىراقلاشتۇردى. اُلْ كِشِينِي اَغْلَتّي *ol* —

kixini aoqlatti ئۇ كىشىلەرنى يىراقلاشتۇردى، ئىستىگىنىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەملەرنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى (اَغْلَتُرْ ـ اَغْلَتْماقْ aoqlatur - aoqlatmak).

اُغْلِتّي uoqlitti ئاۋۇتتى، جىقلاتتى. اُلْ تَوارِنْ اُغْلِتّي *ol tawarin uoqlitti* — ئۇ تاۋىرىنى ئاۋۇتتى (اُغْلِتُرْ ـ اُغْلِتْماقْ *uoqlitur - uoqlitmak*).

اَقْلَتّي avlatti ئوۋلاتتى. اُلْ مَنكا اِڤِقْ اَقْلَتّي *ol maŋa ivik avlatti* — ئۇ ماڭا تاغ ئۆچكىسى ئوۋلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَقْلَتُرْ ـ اَقْلَتْماقْ *avlatur - avlatmak*).

اِكْلَتّي iglətti چىگداتتى. اُلْ اَنكَرْ يِيرْ اِكْلَتّي *ol aŋar yər iglətti* — ئۇ ئاڭا يەر چىگداتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِكْلَتُرْ ـ اِكْلَتْماكْ *iglətür - iglətmək*).

اِكْلَتّي iglətti ئاغرىتتى، كېسەل قىلدى. بُو يِيرْ اَنِي اِكْلَتّي *bu yər ani iglətti* — بۇ يەر ئۇنى ئاغرىتىپ قويدى (اِكْلَتُرْ ـ اِكْلَتْماكْ *iglətür - iglətmək*).

اَمْلَتِّمْ əmləttim ئەملەتتىم، داۋالاتتىم. مَنْ اَنِي اَمْلَتِّمْ *mən ani əmləttim* — مەن ئۇنى ئەملەتتىم (اَمْلَتُرْ ـ اَمْلَتْماكْ *əmlətür - əmlətmək*).

اِمْلَتّيمْ imləttim ئەملەتتىم، ئەشارەتلەتتىم. مَنْ آنى اِمْلَتّيمْ *mən ani imləttim* — مەن ئۇنى ئەملەتتىم، يەنى قول ياكى كوز قىسىش بىلەن ئەشارەت قىلدۇردۇم (اِمْلَتُرْمَنْ - اِمْلَتْماكْ *imlətürmən - imlətmək*).

آذْنَتّي ażnatti ئايىندى، ئۆزگەرتتى. آرْ آذْنَتّي *ər ażnatti* — ئادەم ئايىندى، يەنى بالدۇرقى ھالىنى ئۆزگەرتتى. ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىر ھالدىن باشقا ھالغا كۆچۈشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (آذْنَتُرْ - آذْنَتْماقْ *ażnatur - ażnatmak*).

اُرْنَتّيمْ ornattim ئورناتتىم. مَنْ ناناكْ اُرْنَتّيمْ *mən nəŋ ornattim* — مەن بىرنېمە ئورناتتىم (اُرْنَتُرْمَنْ - اُرْنَتْماقْ *ornaturmən - ornatmak*).

اَسْنَتّي əsnətti شامال چىقاردى؛ ئەسنەتتى. تَنْكْرى اَسِنْ اَسْنَتّي *təŋri əsin əsnətti* — تەڭرى شامال چىقاردى. ياكْ آنى اَسْنَتّي *yək ani əsnətti* — شەيتان ئۇنى ئەسنەتتى (اَسْنَتُرْ - اَسْنَتْماكْ *əsnətür - əsnətmək*).

اُسْنَتّيمْ usnattim ئوخشاتتىم. مَنْ اَنْكَرْ اُسْنَتّيمْ *mən aŋar usnattim* — مەن ئاڭا ئوخشاتتىم، يەنى مەن ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ دەپ چاغلىدىم (اُسْنَتُرْ - اُسْنَتْماقْ *usnatur - usnatmak*).

اَغْنَتّي aoqnatti ئاغناتتى ~ ئېغىناتتى؛ قورىدى. اُلْ اَتِنْ تُپْراقْقا اَغْنَتّي ol atïn toprakka aoqnatti — ئۇ ئېتىنى توپراقتا ئېغىناتتى. يَغاقْ اَنِكْ تِلِنْ اَغْنَتّي — yaoqak aniŋ tilïn aoqnatti ياڭاق ئۇنىڭ تىلىنى قورىدى، ھەتتا كالدۇالاشتۇردى (اَغْنَتُرْ - اَغْنَتْماقْ aoqnatur - aoqnatmak).

اُلْنَتّي ulnatti ئوڭلاتتى. اُلْ اَقِنْ اُلْنَتّي ol okïn ulnatti — ئۇ ئوقىنى ئوڭلاتتى، يەنى ئوقىنىڭ ئاستىنى ئۈستىگە قىلىپ ئوڭلاتتى (اُلْنَتُرْ - اُلْنَتْماقْ ulnatur - ulnatmak).

مەنقۇسىنىڭ باشقا بىر تۈرى

اُوتْرْدي ötürdi ئويدۇردى، ئەسلەتتى، ئويلاتتى. اُلْ مَنْكا سُوزْ اُوتْرْدي ol maŋa söz ötürdi — ئۇ ماڭا سۆز ئەسلەتتى، سۆز ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېسىمگە سالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُوتْرُزْ - اُوتْرْماكْ ötürür - ötürmək).

اِيتْرْدي əttürdi ئەتتۈردى، ئەشتۈردى. اُلْ اَنْكَرْ بِلِكْ اِيتْرْدي ol aŋar bəlik əttürdi — ئۇ ئاڭا بېلىك ئەشتۈردى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەمىرىلىشى، ئېشىلىشىگىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (اِيتُرُر - اِيتُرماك *əttürür - əttürmək*).

آجُردِي aqurdï ئاچۇردى، ئېچىرقاتتى. اَلْ اَنِي اَجُردي *ol ani aqurdï* — ئۇ ئۇنى ئاچۇردى، ئېچىرقاتتى (اَجُرُر - اَجُرماق *aqurur - aqurmak*).

اُيشْدِي oyuxdï ئويۇشتى. اُلارْ اِكّي قاغُونْ اُيشْدي *olar ikki kaqun oyuxdï* — ئۇلار ئىككىسى قوغۇن ئويۇشتى، يەنى قوغۇنغا چاقماق ئۇرۇشۇپ باقتى. ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُيشُر - اُيشْماق *oyuxur - oyuxmak*).

اُيشْدِي uyuxdï : اَلْ اَنْكَرْ قابْقا اُونْ اُيشْدِي *ol aŋar kapka un uyuxdï* — ئۇ ئۇنىڭغا قاپقا ئۇن بېسىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُيشُر - اُيشْماق *uyuxur - uyuxmak*).

اُيْكْتِي üyükti كومۇلدى، پاتتى؛ تېشىرقىدى. اَنِكْ اَذاقِي قُمْدا اُيْكْتِي *anïŋ azakï kumda üyükti* — ئۇنىڭ ئايىغى قۇمغا پاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَنِكْ اَذاقِي اُيْكْتِي *anïŋ azakï üyükti* — ئۇنىڭ ئايىغى تېشىرقىدى (اُيْكار - اُيْكْماك *üyükər - üyükmək*).

آيِلْدِي ayïldï ئېيتىلدى. اَنْكَرْ سوزْ اَيِلْدِي *aŋar søz ayïldï* —

ئاڭا سوز ئېيتىلدى (اَيلُرْ - اَيلْماقْ *ayilur - ayilmak*). *ayildī*

اُيلْدى oyuldī ئويۇلدى، ئويۇرۇلدى. يِيرْ اُيلْدى *yər oyuldī* — يەر ئويۇلدى. كُتو اُيلْدى *kətü oyuldī* — ئوگزە يامغۇردىن ئويۇلدى (اُيلُورْ - اُيلْماقْ *oyulur - oyulmak*).

اُيلْدى uyuldī چىگدالدى، بېسىلدى. اُيلْدى نانْكْ *nəŋ uyuldi* — نەرسە بېسىلغان (ئۇن تاغارغا چىگداپ بېسىلغاندەك) (اُيلُورْ - اُيلْماقْ *uyulur - uyulmak*).

اَيَلْدى uyaldī ئۇيالدى. اُلْ مَنْدِنْ اَيَلْدى *ol məndin uyaldī* — ئۇ مەندىن ئۇيالدى، يەنى بىر ئىشنى قىلىشتىن تارتىندى (اَيلُرْ - اَيلْماقْ *uyalur - uyalmak*).

اِيِنْدى iyīndī ئىيىندى، كۆچەندى، ئىنجىقلىدى. اَرْ اِيِنْدى *ər iyīndi* — ئادەم ئىنجىقلىدى، تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى زورلىدى (اِينُرْ - اِينْماقْ *iyīnur - iyīnmak*).

بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر

آيتْرْدى ayturdī ئېيتتۇردى ~ ئېيتقۇزدى. اُلْ مَنْكا سُوزْ اَيتْرْدى *ol maŋa səz ayturdī* — ئۇ ماڭا سوز ئېيتـ-

تۇردى، يەنى ئۇ مېنى سۆزلەتكۈزدى (ايترر - ايترماق aytur ur - ayturmak).

أيتردي oyturdi ئويدۇردى ~ ئويغۇزدى. ال منكا قاغون ايتردى — *ol maŋa kaqun oyturdi* — ئۇ ماڭا قوغۇن ئويدۇردى، يەنى چاقماق ئۇردۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ايترر - ايترماق *oyturur - oyturmak*).

أيتردي uyturdi باستۇردى، چىڭداتتى. ال اون ايتردى — *ol un uyturdi* — ئۇ ئۇن چىڭداتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ايترر - ايترماق *uyturur - uyturmak*).

أيغردي oyoqurdi ئويغاتتى. ال مني ايغردى — *ol məni oyoqurdi* — ئۇ مېنى ئويغاتتى. «ذ - ż» بىلەن «اذغردى *ożoqurdi*» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (ايغرر - ايغرماق *oyoqurur - oyoqurmak*).

آيرشدي ayrïxdi ئايرىلىشتى. الار اكي آيرشدي — *olar ikki ayrïxdi* — ئۇلار ئىككىسى ئايرىلىشتى (آيرشور - آيرشماق *ayrïxur - ayrïxmak*). «ذ - ż» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

آيتلدي aytïldi ئېيتىلدى، سورالدى. سوز ايتلدى — *søz aytïldi* — سۆز (ۋە باشقىلار) سورالدى (آيتلر - آيتلماق *aytïlur - aytïlmak*).

آيتندي aytïndi سوراندى. ال سوز آيتندى ol sɵz aytïndi — ئۇ سوز قىلىپ قويۇشنى سوراندى (آيتنر - آيتنماق aytïnur - aytïnmak).

آيمندي əyməndi ئەيمەندى. ال مندن بو ايشتا آيمندى ol məndin bu ïxta əyməndi — ئۇ مەندىن بۇ ئىشتا ئەيمەندى (ايمنر - ايمنماك əymənür - əymənmək).

ايرلدي ərildi يېرىلدى، چاك كەتتى. تام ايرلدى tam ərildi — تام (ۋە باشقىلار) يېرىلدى (ايرلر - ايرلماك ərilür - ərilmək). شۇنىڭدەك تولۇن ئاي بارا - بارا كېمىيىپ بارسىمۇ «اى ايرلدى ay ərildi» دېيىلىدۇ.

ايسلدي əsildi ئازايدى، كېمەيدى. ايسلدى نانڭ əsildi naŋ — ئازايغان نەرسە (ايسلر - ايسلماك əsilür - əsilmək).

ايڤلدي əvildi ئويۇلدى، ئالدىراپ كېتىلدى. ايشقا ايڤلدى ïxka əvildi — ئىشقا ئويۇلدى (ايڤلر - ايڤلماك əvilür - əvilmək).

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

ئوينىتتى oynatti ئويناتتى. ئۇ ئانى ئوينىتتى *ol ani oynatti* — ئۇ ئۇنى ئويناتتى (ئوينىتۇر-ئوينىتماق *oynatur - oynatmak*).

بۇنىڭ باشقا بىر تۈرى

ئايادى ayadi ئايىدى. ئۇ تونىن ئايادى *ol tonin ayadi* — ئۇ تونىنى ئايىدى. باشقىلاردا مۇنداق كېلىدۇ: خان ئانگار ئاياغ ئايادى *han aŋar ayaoq ayadi* — خان ئاگا لەقەم بەردى (ئايار-ئاياماق *ayar - ayamak*).

تۈت ھەرپلىكلەردىن ئۈچ ھەرپلىك بولغانلار

ئىرپادى irpədi ھەرىلىدى. ئۇ يىغاچ ئىرپادى *ol yïoqaq irpədi* — ئۇ ياغاچ ھەرىلىدى. باشقا جايدا مۇنداق كېلىدۇ: ئۇ ئىشىغ ئىرپادى *ol ixioq irpədi* — ئۇ ئىشنى (تۈزدەتمەن دەپ) بۇزدى (ئىرپار-ئىرپاماك *irpər - irpəmək*).

آرْتادي artadi ئاينىدى، بۇزۇلدى. آرْتادي نانْكْ *artadï nəŋ* — ئاينىغان نەرسە (آرْتارْ - آرْتاماقْ *artar - artamak*).

اُرْتادي ɵrtədi ئۆرتىدى، كۆيدۈردى، ياندۇردى. اُلْ اُتُنْكْ اُرْتادي *ol otuŋ ɵrtədi* — ئۇ ئوتۇن كۆيدۈردى. باش-قىلارنىمۇ شۇنداق (اُرْتارْ - اُرْتاماكْ *ɵrtər - ɵrtəmək*).

اِرْتادي irtədi ئىزدىدى. اَرْ اِيشِغْ اِرْتادي *ər ïxïq irtədi* — ئادەم ئىشنى ئىزدىدى، يەنى ئىشنىڭ كەينىگە چۈشتى (اِرْتارْ - اِرْتاماكْ *irtər - irtəmək*).

اِسْتادي istədi ئىستىدى. بۇ سۆز «اِرْتادي *irtədi*»گە ئوخشاش (اِسْتارْ - اِسْتاماكْ *istər - istəmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يِغْلَبْ اُذُو آرْتَدِمْ
بغرِمْ بشِنْ قَرْتَدِمْ
قَجْمِشْ قتغْ اِرْتَدِمْ
يغمُرْكُنِي قانْ سَجارْ

yïqlap uzu artadïm
baqrïm baxïn kartadïm

kaqmix kutuoq irtədim
yaoqmur küni kan saqar

[كەينىدىن يىغلاپ ئادىدىم،
باغرىم يارىسىنى تاتلىدىم،
قاچقان بەختنى ئىزلىدىم،
(كوزۇم) يامغۇردەك قان چاچار.]

سويگىنىمنىڭ كەينىدىن يىغلاپ ئادا بولدۇم، پۈتۈپ بولغان باغرىم يارىسىنى يېڭىۋاشتىن تاتلاپ ئېچىۋەتتىم، قاچقان بەختنى ئىزلىدىم، كوزۇمدىن يامغۇردەك قانلىق ياش قۇيۇلدى.

ئُنْدادِي ündədi ئۈندىدى، قىچقاردى. ئُلْ مَنِى ئُنْدادي *ol məni ündədi* — ئۇ مېنى ئۈندىدى (ئُنْدارْ - ئُنْداماكْ *ündər - ündəmək*).

آڤْدِيدِي əvdidi دوۋلىدى، يىغدى، تەردى. ئُلْ يِنْچو آڤْدِيدِي *ol yinqü əvdidi* — ئۇ ئۈنچە يىغدى. باشقا نەرسە ۋە يېمىش توپلاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آڤْدِرْ - آڤْدِيماكْ *əvdir - əvdimək*).

آلْدادِي aldadi ئالدىدى. ئُلْ ياغِينِي آلْدادِي *ol yaqīni aldadi* — ئۇ دۈشمەننى ئالدىدى (آلْدارْ - آلْداماقْ *aldar - aldamak*).

اُلْدِيدِي uldidi ئۇلدىدى. آتْ اُلْدِيدِي *at uldidi* — ئات

ئۆلدىدى، يەنى تاقىسىز مېڭمۆيرىپ ئۆلداپ كەتتى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اۇلدير - اۇلديماق *uldïr - uldïmak*).

اۇبرادي upradï ئۆپرىدى، كونىرىدى. تون اۇبرادي *ton upradï* — تون ئۆپرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اۇبرار - اۇبراماق *uprar - upramak*).

اۈذرادي üzrədi ئاۋۇدى، كۆپەيدى. اۈذرادي ناڭ *üzrədi nəŋ* — ئاۋۇغان نەرسە (اۈذرار - اۈذراماك *üzrər - üzrəmək*).

آغرودي aoqrudï ئېغىرلىدى، ئېغىرلاشتى. آغرودي ناڭ *aoqrudï nəŋ* — ئېغىرلاشقان نەرسە. اِكلِك آغرودي *iglik aoqrudï* — كېسەل ئېغىرلاشتى (آغرور - آغروماق *aoqrur - aoqrumak*).

آغريدي aoqrïdï ئاغرىدى. اَنِك بشي آغريدي *anïŋ baxï aoqrïdï* — ئۇنىڭ بېشى ئاغرىدى. باشقا ھەرقانداق يەر- نىڭ ياكى يارىنىڭ ئاغرىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (آغرير - آغريماق *aoqrïr - aoqrïmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بير تيين بشي آغريسا قمغ تيين بشي آغريماس — *bir toyïn baxï aoqrïsa kamuoq toyïn baxï aoqrïmas* بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە

دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس. بۇ ماقال دوستلىرى بىر نەرسىنى ئىستەۋاتقان، قوبۇل قىلغان ۋە يەۋاتقان يەردە، باشقا بىر كىشىنىڭ شۇنى ئىستىمىگەنلىكىنى ئاگاھتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

اُغْرادِي ooqradī يونەلدى، نىيەت قىلدى؛ تۇتۇندى، شۇغۇل- لاندى. بَكْ آنكَرْ اُغْرادِي bəg aŋar ooqradī — بەگ ئاڭا يونەلدى (اُغْرارْ - اُغْراماق ooqrar - ooqramak). ھەرقانداق بىر ئىشقا تۇتۇنۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُلْسا قَلِي اُغْرَيِنْ بَرْكِلْ تَقِي اَزُقْلُقْ
قَرْغِيشْ قِلُرْ اُمالارْ يُنْجِغْ كُرُبْ قُنُقْلُقْ

*kolsa kalī ooqrapan*① *bərgil takï azukluk*
karqïx kilur umalar yunqïoq kərüp konukluk

[(بىر كىم) ساڭا ھاجىتى چۈشۈپ كەلسە، (ئۇنىڭغا) ئوزۇقلۇق بەر، مېھمان قىلىشنى ئېغىر كورسەڭ، ئۇلار قاغايدۇ.]

مېھمان ساڭا سورۇنۇپ كەلسە، يېمەكلىك تىلىسە، ئۇنىڭغا

① بۇ سوزنىڭ «اُغْرَپَنْ *ooqrapan*» بولۇشى كېرەكلىكى تۇپ- رىسىدا بىسىم ئاتالاي مۇۋاپىق ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ، «*ooqrapan*» دەپ ئالدۇق.

بەرگىن؛ ئوبدان مىھماندوستلۇق قىلىنمىسا، مىھمانلار قاغايدۇ.

اُقْرادِي okradi ئوقرۇقلىدى. آتْ اُقْرادِي *at okradi* — ئات ئوقرۇقلىدى، يەنى بوغۇز ئۈچۈن ئوقرۇقلىدى (اُقْرارْ- اُقْراماقْ *okrar - okramak*).

اُكْرِيدِي ügridi مىدىرلاتتى، تەۋەتتى. اُراغُتْ بِيشِكْ اُكْرِيدِي *uraqut bəxik ügridi* — خوتۇن بۆشۈك تەۋەتتى. بىر كىمگە ھىلە-مىكىر بىلەن خوشامەت قىلىشقىمۇ شۇن-داق دىيىلىدۇ. اُلْ آنِي اُكْرِيدِي *ol ani ügridi* — ئۇ ئۇنى كىچىك بالىدەك تەۋەتتى (اُكْرِيرْ - اُكْرِيماكْ *ügrir - ügrimək*).

آمْرِيدِي əmridi قىچىقلىدى. اُلْ مَنِكْ يِينِمْ آمْرِيدِي *ol məniŋ yənim əmridi* — ئۇ مېنىڭ ئەت-يېنىمنى قى-چىقلىدى (آمْرِيرْ - آمْرِيماكْ *əmrir - əmrimək*).

آڤْزادِي əvzədi قاپسىدى، تەگدى، يامانلىدى. اُلْ سُوزْنِي آنْكَرْ آڤْزادِي *ol sɵzni aŋar əvzədi* — ئۇ سۆزنى ئاڭا تەگەپ بەردى (آڤْزارْ - آڤْزاماكْ *əvzər - əvzəmək*).

اُبْسادِمْ ɵpsədim ئوپكۆم كەلدى، سويگۈم كەلدى. مَنْ آنِي

اُبسادِم *mən anï øpsədim* — مىنىڭ ئۇنى سويگۇم كەلدى (اُبسارمن - اُبساماك *øpsərmən - øpsəmək*).

اَتسادي **ətsədi** ئەتسىردى. آر اَتسادي *ər ətsədi* — ئادەم ئەتسىردى، يەنى گوش يىگۇسى كەلدى (اَتسار - اَتساماك *ətsər - ətsəmək*).

اَتسادي **atsadï** ئاتقۇسى كەلدى. اُل اُق اَتسادي *ol ok atsadï* — ئۇنىڭ ئوق ئاتقۇسى كەلدى (اَتسار - اَتساماق *atsar - atsamak*).

اُتسادي **øtsədi** ئۆتكۈسى كەلدى. اُل اُتِن اُتسادي *ol øttin øtsədi* — ئۇنىڭ توشۇكتىن ئۆتكۈسى كەلدى (اُتسار - اُتساماك *øtsər - øtsəmək*). ھەرقانداق نەرسىدىن ئۆتكۈسى كېلىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اِتسادي **itsədi** ئىتتەرگۈسى كەلدى. اُل تاشِغ اِتسادي *ol taxïq itsədi* — ئۇنىڭ تاشنى ئىتتەرگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِتسار - اِتساماك *itsər - itsəmək*).

آجسادي **aqsadï** ئاچقۇسى كەلدى. آر قپغ آجسادي *ər kapuq aqsadï* — ئادەمنىڭ قوۋۇق ئاچقۇسى كەلدى. ھەرقانداق نەرسىنى ئېچىشنى خالاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىـ

لىدۇ (اَجسار - اَجساماق aqsar - aqsamak).

اِجسادی iqsədi ئىچكۇسى كەلدى. اُل سُوق اِجسادی — ol suv iqsədi ئۇنىڭ سۇ ئىچكۇسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِجسار - اِجساماك iqsər - iqsəmək).

آخسادی ahsadi ئاخسىدى. اَتْ آخسادی — at ahsadi ئات ئاخسىدى (آخسار - آخساماق ahsar - ahsamak). باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

اِذسادی izsadi ئەۋەتكۇسى كەلدى. اُلْ قُلِنْ مَنكا اِذسادی — ol kulin maŋa izsadi ئۇنىڭ قۇلىنى ماڭا ئەۋەتكۇسى كەلدى (اِذسار - اِذساماق izsar - izsamak).

اُرسادی ursadi ئۇرغۇسى كەلدى. اُلْ آنی اُرسادی — ol ani ursadi ئۇنىڭ ئۇنى ئۇرغۇسى كەلدى (اُرسار - اُرساماق ursar - ursamak).

اُزسادی üzsədi ئۈزگۈسى كەلدى. اُلْ يِشيغ اُزسادی — ol yixiq üzsədi ئۇنىڭ تانىنى ئۈزگۈسى كەلدى (اُزسار - اُزساماك üzsər - üzsəmək).

آشسادی axsadi ئاشقۇسى كەلدى. اُلْ آرْتْ آشسادی — ol art axsadi ئۇنىڭ داۋان ئاشقۇسى كەلدى. «بىر نەرسە

يىڭگۈسى كەلدى» دېيىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آشْسارْ-
آشْساماقْ *axsar - axsamak*).

آغْسادِي aoısadi چىققۇسى كەلدى. اُلْ تاغقا آغْسادِي *ol* —
taoıka aoısadi ئۇنىڭ تاغقا چىققۇسى كەلدى. باشقىد-
لاردىمۇ شۇنداق (آغْسارْ - آغْساماقْ *aoısar - aoısamak*).

آڤْسادِي əvsədi ئۈيسىرىدى، ئۈيىنى كورگۈسى كەلدى.
آرْ آڤْسادِي *ər əvsədi* — ئادەم ئۈيسىرىدى، يەنى ئۈيى-
نى كورگۈسى كەلدى (آڤْسارْ - آڤْساماكْ *əvsər - əvsəmək*).

اِڤْسادِي ə̣vsədi ئالدىرىغۇسى كەلدى. آرْ اِڤْسادِي *ər* —
ə̣vsədi ئادەمنىڭ ئالدىرىغۇسى كەلدى (اِڤْسارْ - اِڤْساماكْ
ə̣vsər - ə̣vsəmək).

اُقْسادِي uksadi ئوقۇغۇسى كەلدى. آرْ سُوزُكْ اُقْسادِي *ər* —
sözüg uksadi ئادەمنىڭ سوزنى ئوقۇغۇسى كەلدى
(اُقْسارْ - اُقْساماقْ *uksar - uksamak*).

آكْسادِمْ əgsədim: مَنْ بُتَقْ آكْسادِمْ *mən putak əgsədim* —
مېنىڭ پۇتاقنى ئەككۈم كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(آكْسارْمَنْ - آكْساماكْ *əgsərmən - əgsəmək*).

اُكْسادِي ɵgsədi ماختىغۇسى كەلدى. اُلْ مَنِي اُكْسادِي *ol* —

mәni өgsәdi ئۇنىڭ مېنى ماختىنغۇسى كەلدى
(اُكسار - اُكساماك өgsәr - өgsәmәk).

آكسُودي әksüdi ئۈكسۈدى. آكسُودي نانك әksüdi nәŋ — ئۈكسۈگەن نەرسە (آكسُور - آكسُوماك әksür - әksümәk).

اُكسادي ügsәdi توپىلىغۇسى كەلدى. اُل تبراق اُكسادي ol toprak ügsәdi — ئۇنىڭ توپراق توپىلىغۇسى كەلدى. بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى توپىلىغۇسى كېلىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُكسار - اُكساماك ügsәr - ügsәmәk).

آلسادي alsadi ئالغۇسى كەلدى. اُل آت آلسادي ol at alsadi — ئۇنىڭ ئات ئالغۇسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آلسار - آلساماق alsar - alsamak).

اُلسادي өlsәdi ئۆلگۈسى كەلدى. آر اُلسادي әr өlsәdi — ئادەمنىڭ ئۆلگۈسى كەلدى (اُلسار - اُلساماك өlsәr - өlsәmәk).

اِلسادي ilsadi چۈشكۈسى كەلدى. آر تاغدن اِلسادي әr taqdin ilsadi — ئادەمنىڭ تاغدىن چۈشكۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِلسار - اِلساماق ilsar - ilsamak).

آمسادي әmsәdi ئەمگۈسى كەلدى. كَنج آناسن آمسادي kәnq anasin әmsәdi — بوۋاقنىڭ ئانىسىنى ئەمگۈسى

كەلدى. (ەَمسار - ەَمسىماك əmsər - əmsəmək).

ئِنْسادي insədi چۈشكۈسى كەلدى. ئَرْ كُتُودِنْ ئِنسادي ər — ئادەمنىڭ ئۇگزىدىن چۈشكۈسى كەلدى. kətüdin insədi باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئِنسار - ئِنساماك insər - insəmək). بۇ سوزدە «ل - l» هەرپى «ن - n»غا ئالماشقان.

قائىدە

شۇنى بىلگىنكى «سا - sa//sə» قوشۇمچىسى ئىككى ياكى ئۈچ هەرپلىك ئىسىملار بىلەن پېئىللارغا ئۇلىنىپ، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىگىنى، لېكىن تېخى قىلمىغانلىغىنى بىلدۇرىدىغان ئىستەك پېئىلىنى ياسايدۇ. بۇ «سا-sa//sə» قوشۇمچىسى ئىككى ياكى ئۈچ هەرپلىك ئىسىم ۋە پېئىللاردىن تاشقىرى، قائىدە بويىچە، توت ياكى بەش هەرپلىك ئىسىملار بىلەن پېئىللارغىمۇ ئۇلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن مۇنداقلار ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

«سا - sa//sə» قوشۇمچىسىنىڭ ئىككى هەرپلىك ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، ئىستەك پېئىلى ياسىلىشىغا مىسال: «ئَرْ ئَتْسادى ər ətsədi — ئادەم ئەتسىرىدى، يەنى گوش يېگۈسى كەلدى». بۇ جۈملىدىكى «ئَتْ ət — گوش» دىگەن ئىسىم ئىككى هەرپلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا «سا - sə» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن «ئىستەك - ئارزۇ» ئۇقۇمى هاسىل بولغان.

«اَرْ اَڤْسادى *ər əvsadi* — ئادەم ئويسىردى، يەنى ئويىنى كورگۈسى كەلدى» دىگەن جۈملىدىكى «اَڤْ *əv* — ئوي» دىگەن ئىسىممۇ ئىككى ھەرپلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا «سا-*sə*» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن «ئارزۇ-ئىستەك» ئۇقۇمى ھاسىل بولغان.

ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارغا «سا-*sa*//*sə*» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىگە مىسال: ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىلەر «اَجِغْ *aqïɣ*» دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئادەمنىڭ تەبىئى ئاچچىق-چۈچۈكنى خالىغاندا، «اَرْ اَجِغْسادى *ər aqïɣsadi* — ئادەم ئاچچىقسىردى، يەنى ئاچچىقنى يىگۈسى كەلدى» دىيىلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر «تَتِغْ *tatïɣ*» دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئادەمنىڭ تەبىئى تاتلىقنى خالىغاندا، «اَرْ تَتِغْسادى *ər tatïɣsadi* — ئادەم تاتلىقسىردى، يەنى تاتلىقنى يىگۈسى كەلدى» دىيىلىدۇ.

ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك ئىسىملارغا «سا-*sa*//*sə*» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىگە مىسال: «اَرْ قاغُونْسادى *ər kaɣunsadi* — ئادەم قوغۇنسىردى، يەنى قوغۇن يىگۈسى كەلدى»، «اَرْ جِنِشْتُرْكْسادى *ər qənüxtürüksədi* — ئادەم جىنەستەمسىردى، يەنى جىنەستە يىگۈسى كەلدى».

بۇ قائىدە ھەممە سۆزلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز پەقەت بەزى مىساللارنىلا كەلتۈردۇق، قالغانلىرىنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ چۈشىنىش مۇمكىن.

ئىككى ھەرپلىك پېىللارغا «سا - *sa // sə*» قوشۇمچە-
چىسى ئۇلىنىپ، ئىستەك پېىلى ياسىلىشىغا مىسال:
«ئَرْ قىزِنْ ئِپْسادى *ər kizin ɵpsədi* — ئادەمنىڭ قىزنى
ئۆپكۈسى كەلدى»، «ئُلْ يا ئَاتْسادى *ol ya atsadi* — ئۇ-
نىڭ ئوقيا ئاتقۇسى كەلدى» دىگەن جۈملىدەردىكى
«ئِپْسادى *ɵpsədi*» پېىلىنىڭ ئەسلى «ئِپْدى *ɵpdi*»،
«ئَاتْسادى *atsadi*» پېىلىنىڭ ئەسلى «ئَاتّى *atti*» دۇر.

ئۈچ ھەرپلىك پېىللارغا «سا - *sa // sə*» قوشۇمچىسى
ئۇلىنىپ، ئىستەك پېىلى ياسىلىشىغا مىسال: «ئَرْ يُكْ كُتُرْسادى
ər yük kɵtürsədi — ئادەمنىڭ يۈك كۆتەرگۈسى كەلدى»،
«ئُلْ قُشْ ئُجْرْسادى *ol kux uqursadi* — ئۇنىڭ قۇش
ئۇچۇرغۇسى كەلدى».

ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېىللارغا مىسال:
«ئُلْ تَنْكْرِيكا كِيرْتْكِنْسادى *ol tənrigə kirtginsədi* —
ئۇنىڭ تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرگۈسى كەلدى، يەنى ئۇنىڭ
خۇدانىڭ بىرلىگىگە ئىشەنگۈسى كەلدى».

ئاخىرىدا «ر - *r*» ھەرپى بولغان سۆزلەردىن ئىس-
تەك پېىلى ياسىغاندا، بۇ قائىدە باشقىچىرەك بولىدۇ.
«ر - *r*» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزنىڭ تومۇرى قاتتىق بولسا،
«سا - *sa // sə*» قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا «غ - *ɣ*» ھەرپى
ئۇلىنىدۇ؛ تومۇرى يۇمشاق بولسا، «ك - *g*» ھەرپى ئۇلى-
نىدۇ. مەسىلەن: «ئُلْ ئَفْكا بَرِغْسادى *ol əvgə bariɣsadi* —

ئۇنىڭ ئۆيگە بارغۇسى كەلدى»، «مەن سەنى كۆرگسادىم mən səni kərügsədim — مېنىڭ سېنى كۆرگۈم كەلدى».
«برغسادى barīqsadī» نىڭ ئورنىغا «برسادى barsadī»، «كرگسادى kərügsədi» نىڭ ئورنىغا «كرسادى kərsədi» دېيىشمۇ بولىدۇ. لېكىن ئادەتتە يۇقۇرىدىكىسى قوللىنىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەسلى «بردى bardī» ۋە «كردى kərdi» دۇر. «ل - l» بىلەن ئاخىرلاشقان سوزلەرگىمۇ «غ - q» ھەرپى ئۇلىنىدۇ: «ال اندن يرماق الغسادى ol andīn yarmak alīqsadī — ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن يارماق ئالغۇسى كەلدى». ئارزۇ - ئىستەك ئۇقۇمىنى «سا - sa || sə» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلەش تۈركلەرنىڭ «بىرەر نەرسىنى ساندى» دىگەن مەنىدىكى «سادى نانگنى sadī nəŋni» ئىبارىسىدىن كېلىپ چىققان. يەنى ئىشلىگۈچى شەخس قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرى قاتارىدا ساناپ، ئۇنى قىلىش تىلىگىدە بولغان دىمەكچى. مەسىلەن: «ار سفسادى ər suvsadī — ئادەم ئۇسسىدى، يەنى ئادەمنىڭ سۇ ئىچكۈسى كەلدى» دىگەن جۈملىدىن «سۇ شۇ ئادەمنىڭ ئارزۇ - ئىستىگى سانالدى» دىگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ.

«سا - sa || sə» قوشۇمچىسىنىڭ تەركىۋىدىكى «ا - ئېلىف» ھەرپى «ى - يا» غا ئالماشسا، مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشىتىلغان نەرسىنىڭ ھال ۋە

تەبىئىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۈرۈنقى ھالىتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «سِجاكْ سُفْسيدى *süqik suvsïdï* — شاراپ سۇلاشتى، يەنى شاراپنىڭ سۇلۇق خۇسۇسىيىتى ئاشتى». «اُزُمْ اَجِغْسيدى *üzüm aqïqsïdï* — ئۈزۈم ئېچىدى». بۇ قائىدە دائىم سۇيۇقلۇقلارغا ۋە بىر ھالىتىن ئىككىنچى ھالغا ئۆزگىرىدىغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇقۇم «بىر نەرسىنى سۇندۇردى» دېگەن مەنىدىكى «سِيدى نانْكْنِي *sïdï nəŋni*» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن: يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك، سۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شاراپ تەمىنىڭ، ئېچىش بىلەن ئۈزۈم تەمىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. قالغانلارنىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە قىياس قىلىش مۇمكىن. مەن ئېيتقان بۇ قائىدە پۈتۈن تۈركى تىللار ئۈچۈن ئورتاق.

اُخْشادِمْ ohxadïm ئەركىلەتتىم، ئويناشتىم. مَنْ آنِي اُخْشادِمْ *mən anï ohxadïm* — مەن ئۇنى ئەركىلەتتىم، خۇددى ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئەركىلەتكىنىگە ئوخشاش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سَقاقْ بِجارْ سَقالْ اُخْشارْ *sakak — piqar sakal ohxar* ساقالنى ئوينار، ساقاقنى پىچار. ساقالنى ئوينىغان بولۇپ ئېڭەكنى كېسەر. بۇ ماقال يامان نىيىتىنى ھىلە-مىكىر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆز يەنە «بِيرْ نانْكْ

بيركا اخشادي *bir nəŋ birgə ohxadi* — بىر نەرسە بىر نەرسىگە ئوخشىدى». «آت اخشادي *at ohxadi* — ئات ئوخلىدى» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆز-نىڭ «ئۇخلىدى» دېگەن مەنىسى يەمەك، يابالقۇ ۋە بىر-مۇنچە كوچمەن خەلقلەر تىلىغا خاس بولۇپ، پەقەت ئاتقىلا ئىشلىتىلىدۇ (اخشار - اخشاماق *ohxar - ohxamak*).

الشادي ɵlxədi: ار اجب الشادي *ər aqip ɵlxədi* — ئادەم ئېچىرقاپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى، يەنى كوزلىرى قاراڭغۇ-لىشىپ، ھۇشىدىن كېتەي دېدى. چىگىلچە. (الشار - الشاماك *ɵlxər - ɵlxəmək*).

ارغادي irqadi ئىرغاتتى. ال يغاج ارغادي *ol yïqaq ïrqadi* — ئۇ (مۇنىسىنى چۇشۇرۇش ئۈچۈن) دەرەخنى ئىرغاتتى. باش-قىلاردىمۇ شۇنداق (ارغار - ارغاماق *ïrqar - ïrqamak*).

آرڤادي arvadi ئەرۋىدى. قام ارڤش آرڤادي *kam arvax* — *arvadi* باخشى ئەپسۇن - ئەرۋاش ئوقۇدى (آرڤار-آرڤاماق *arvar - arvamak*).

آرقادي arkadi ئاختۇردى، تەكشۇردى. ال انك اڤن آرقادي *ol anïŋ əvin arkadi* — ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى. ال اني قرغادي آرقادي — *ol anï karqadi* ئوغۇزچە.

arḳadī ئۇ ئۇنى قارغىدى، يامانلىدى. بۇ ئىككى سۆز دائىم جۈپ سۆز ھالىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، يالغۇز - يالغۇز قوللىنىلمايدۇ. «اَرْقادِي arḳadī» سۆزى «ئالقىش» مەنىسىدىكى «اَلْقادِي alḳadī» سۆزىدىن ئېلىنغان. ئەسلىدە ياخشىلىقنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز «قَرْغادِي ḳarqadī» دېگەن سۆز بىلەن قوشما ھالدا كۆپ قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، يامانلىقنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ سۆزدىكى «ر - r» ھەرپى «ل - l»دىن ئۆزگەرگەن. بۇ خۇددى تەگرىنىڭ «كَاَنَّهُمْ بُنْيانٌ مَرْصُوصٌ» دېگەن ئىبارىسىدىكى «مَرْصُوص» سۆزىنىڭ «مَلْصُوص» دەپمۇ ئوقۇلغىنىغا ئوخشايدۇ (اَرْقار - اَرْقاماق arḳar - arḳamaḳ).

إِسْكادِي iskədi تىتتى. اُلْ يُونْكْ إِسْكادِي — *ol yun iskədi* ئۇ يۇڭ تىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (إِسْكارْ - إِسْكاماكْ *iskər - iskəmək*).

اَلْكادِي əlgədi ئەلگىدى ~ ئەگلىدى، تاسقىدى. اُلْ اُونْ اَلْكادِي — *ol un əlgədi* ئۇ ئۇن ئەلگىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَلْكارْ - اَلْكاماكْ *əlgər - əlgəmək*).

اَمْكادِي əmgədi ئەمگەدى، جاپا تارتتى. اَرْ اَمْكادِي — *ər əmgədi* ئادەم ئەمگەدى (اَمْكارْ - اَمْكاماكْ *əmgər - əmgəmək*).

اُپْلادِي üplədi بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، تالىدى. اُلْ اَنِكْ تَفارِنْ

اُبْلادِي üplədi ol anïŋ tavarïn — ئۇ ئۇنىڭ مېلىنى تالىدى (اُبْلارْ - اُبْلاماكْ üplər - üpləmək).

آتْلادِي ətlədi ئەت قىلدى. اُلْ قُويِغْ آتْلادِي ol koyïq ətlədi — ئۇ قويىنى گوش قىلدى (آتْلارْ - آتْلاماكْ ətlər - ətləmək).

اُتْلادِي otladi ئوتلىدى. آتْ اُتْلادِي at otladi — ئات ئوتلىدى. باشقا ماللارنىڭ ئوتلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُتْلارْ - اُتْلاماقْ otlar - otlamak).

آتْلانْدِي atlandi ئاتلاندى. اُلْ آتْ آتْلانْدِي ol at atlandi — ئۇ ئاتقا مىندى (آتْلَنُرْ - آتْلَنْماقْ atlanur - atlanmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يلقى يِرِن اتلنور
اُتْلَبْ اَنِنْ آتْلَنُورْ
بَكْلَرْ سِمِزْ اتلَنور
سَقْنَبْ اُكُرْ اِسِرْشُورْ

*yïlkï yazïn*① *atlanur*
otlap anïn ətlənür

---

① بۇ سوز بۇ يەردە «يِرِن» شەكلىدە يېزىلغان. بىز يازما نۇسخا 514 - بەتتە «يازْ *yaz*» سوزىنىڭ باھار مەنىسىدە كەلگەنلىكىگە ۋە مۇشۇ شېئىردىكى ئورنىغا قاراپ «*yazïn*» دەپ ئالدۇق.

bəglər səmüz atlanur
səvnüp ügür isrïxur

[يىلقا يازدا ئات بولار،
ئوتلاپ يۈرۈپ ئەتلىنەر،
بەگلەر سېمىز ئات مىنەر،
سۆيۈنۈپ ئۈيۈر چىشلىشەر.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ: كۆكلەم-يازدا چارۋا ماللارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، ئوتلاپ يۈرۈپ ئەت ئالىدۇ، شۇڭا، بەگلەرنىڭ مىنىشى ئۈچۈن سېمىز ئاتلار تەييار بولىدۇ، ئۈيۈر بولۇپ يۈرگەن ئاتلار خۇشاللىقىدىن بىر - بىرىنى چىشلەپ ئوينىشىدۇ.

اِتْلادِي ïtladï ئىتلىدى، ئىتقا ئوخشاتتى. اُلْ آنِي اِتْلادِي *ol ani ïtladï* — ئۇ ئۇنى «ئىت» دەپ تىللىدى (اِتْلارْ - اِتْلاماقْ *ïtlar - ïtlamak*).

اِجْلادِي iqlədi ئىچلىدى، ئەستەرلىدى. اُلْ تُونْغْ اِجْلادِي *ol tonuq iqlədi* — ئۇ تونىنى ئەستەرلىدى (اِجْلارْ - اِجْلاماكْ *iqlər - iqləmək*).

آذْلادِي əżlədi ئەنلىك قىلدى، كېگەيتتى. اُلْ آذْلادِي نانِكْنْ *ol əżlədi nəŋin* — ئۇ بىر نېمىسىنى ئەنلىك قىلدى (آذْلارْ - آذْلاماكْ *əżlər - əżləmək*).

اُزْلادِي özlədi ئۆزلۈك قىلدى. اُلْ اونْغْ اُزْلادِي *ol unuq* —

ئۇ خېمىرنى چەيلەپ ئۈزلۈك قىلدى (ازْلارْ - ازْلاماكْ *əzlər - əzləmək*). *əzlədi*

آسْلادي əslədi ئەسلىدى؛ يەملىدى، پەرق ئەتتى. ئاڭقاردى. اُل آسْلادي نانْكْني *ol əslədi nəŋni* — ئۇ بىر نېمىنى يەملىدى، يەنى ياخشىنى يامانىدىن ئايىردى. ئوغۇزچە (آسْلارْ - آسْلاماكْ *əslər - əsləmək*).

آشْلادي axladi قاداردى، قاداق سالدى. اُلْ آياقْ آشْلادي *ol ayak axladi* — ئۇ ئاياق (قاچا) قادىدى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق (آشْلارْ - آشْلاماقْ *axlar - axlamak*).

اِشْلَدي ixlədi ئىشلىدى. اَرْ اِشْلادي *ər ixlədi* — ئادەم ئىشلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِشْلارْ - اِشْلاماكْ *ixlər - ixləmək*).

اِغْلادي iqladi يىغلىدى. اُغْلانْ اِغْلادي *oqlan iqladi* — بالا يىغلىدى. بۇ سۆز «يِغْلادي *yiqladi*»مۇ دېيىلىدۇ (اِغْلارْ - اِغْلاماقْ *iqlar - iqlamak*).

آڤْلادي avladi ئوۋلىدى؛ ئولاشتى. بَكْ اَڤْ آڤْلادي *bəg av avladi* — بەگ ئوۋ ئوۋلىدى. آنْكارْ كِشي آڤْلادي *aŋar kixi avladi* — ئاڭا كىشى ئولاشتى (آڤْلارْ - آڤْلاماقْ *avlar - avlamak*).

اُكْلِيدِي üklidi كـوپـەيدى. اُكْلِيدِي نَانْكْ — üklidi nəŋ
كوپەيگەن نەرسە (اُكْلِيرْ - اُكْلِيمَاكْ üklir - üklimək).

اكلادِي iglədi چىگدىدى. اُلْ يِيرِكْ اكلادِي — ol yərig
iglədi ئۇ يەرنى چىگدىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اكلار-
اكلاماك iglər - igləmək).

اِكْلادِي iglədi يىگلىدى، كېسەل بولدى. اَرْ اِكْلادِي — ər
iglədi ئادەم كېسەل بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(اِكْلارْ - اِكْلاماكْ iglər - igləmək).

آمْلادِمْ əmlədim ئەملىدىم، داۋالىدىم. مَنْ اَنِي آمْلادِمْ — mən
ani əmlədim مەن ئۇنى ئەملىدىم (آمْلارمَنْ - آمْلاماكْ
əmlərmən - əmləmək).

اِمْلادِمْ imlədim ئىملىدىم، ئىشارەت قىلدىم. مَنْ اَنكارْ اِمْلادِمْ
mən aŋar imlədim — مەن ئاڭا ئىملىدىم، يەنى
ئاڭا قول ياكى كوز بىلەن ئىشارەت قىلدىم
(اِمْلارْمَنْ - اِمْلاماكْ imlərmən - imləmək). ماقالىدا
مۇنداق كەلگەن: آيْ تلُونْ بُلْسا اَلكِنْ اِمْلاماسْ
ay tolun bolsa əlkin imləməs — ئاي تولۇن بولسا،
قول بىلەن ئىملەنمەس. بۇ ماقال ھەممىگە ئايان بولغان
نەرسىلەر ھەققىدە ئېيتىلىدۇ.

آذْنادِي aźnadi ئاينىدى، ئۆزگەردى، باشقا تۈسكە كىردى.
يِيرْ آذْنادِي yər aźnadi — يەر ئۆزگەردى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (آذْنارْ - آذْناماقْ aźnar - aźnamak).
اُرْنادِمْ ornadīm ئورنىدىم، ئورناشتىم. مَنْ بُو يِيرْدا اُرْنادِمْ
mən bu yərdə ornadīm — مەن بۇ يەردە ئورناشتىم.
اُرْنادِي نانْكْ ornadi nəŋ — ئورنىغان نەرسە. كُونْ اُرْنادِي
kün ornadi — كۈن ئولتۇردى (اُرْنارْ - اُرْناماقْ ornar-
ornamak).
اُزْنادِي əznədi يانىدى، قارشى چىقتى. اُغُلْ آتاقا اُزْنادِي
oqul ataka əznədi — ئوغۇل ئاتىسىغا يانىدى
(اُزْنارْ - اُزْناماكْ əznər - əznəmək).
آسْنادِي əsnədi شامال چىقتى؛ ئەسنىدى. آسِنْ آسْنادِي əsin —
əsnədi شامال چىقتى. آرْ آسْنادِي ər əsnədi — ئادەم
ئەسنىدى (آسْنارْ - آسْناماكْ əsnər - əsnəmək).
اُسْنادِي üsnədi ئوخشىدى. بِيرْ نانْكْ بِير نانْكْكا اُسْنادِي bir —
nəŋ bir nəŋgə üsnədi بىر نەرسە بىر نەرسىگە ئوخ-
شىدى (اُسْنارْ - اُسْناماكْ üsnər - üsnəmək).
آغْنادِي aoqnadi ئېغىنىدى؛ دۈدۈقلىدى. آتْ آغْنادِي at —

aoqnadi ئات ئېغىنىدى. آر آغنادى ər aoqnadi — ئادەم دۇدۇقلىدى (آغنار - آغناماق aoqnar - aoqnamak).

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

ئۆرنگەردى ərŋərdi ئۆگدى، ئاقاردى. ئۆرنگەردى نانىڭ ərŋərdi nəŋ — ئۆگگەن نەرسە (ئۆرنگەرۈر - ئۆرنگەرمەك ərŋərür - ərŋərmək).

آسنگاردى asŋardi ئېسەنكىرىدى. آر آسنگاردى ər asŋardi — ئادەم ئېسەنكىرىدى (آسنگارار - آسنگارماق asŋarar - asŋarmak).

آنگراشدى aŋraxdi ئىڭراشتى. اغلان آنگراشدى oqlan — aŋraxdi بالىلار ئىڭراشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آنگراشۇر - آنگراشماق aŋraxur - aŋraxmak).

اِنگراندى iŋrandi ئىڭرىدى. اِنكان اِنگراندى ingən — iŋrandi ھىنگان ئىڭرىدى (اِنگرانۇر - اِنگرانماق iŋranur - iŋranmak).

ئۆنگلەندى əŋləndi ئۆك ئالدى، رەڭ تۈزدى. ازم ئۆنگلەندى üzüm əŋləndi — ئۈزۈم رەڭ تۈزدى. ئادەم كېسەلدىن ساقىيىپ ئۆڭى تۈزەلسىمۇ، شۇنداق دېيىلىدۇ

(ئۆڭلۆنۆر - ئۆڭلۆنمەك *øŋlənür - øŋlənmək*).

ئەڭتۈردى əŋtürdi ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئەرنى ئەڭتۈردى — *ərni əŋtürdi* — ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى (ئەڭتۈرۈر - ئەڭتۈرمەك *əŋtürür - əŋtürmək*).

ئۈڭتۈردى üŋtürdi تەشتۇردى، بۇرغىلاتتى. ئول ئاڭار يىغاچ ئۈڭتۈردى — *ol aŋar yïqaq üŋtürdi* — ئۇ ئاڭا ياغاچ تەشتۇردى (ئۈڭتۈرۈر - ئۈڭتۈرمەك *üŋtürür - üŋtürmək*).

غۇنۇللىكلەرنىڭ باشقا بىر تۈرى

ئاڭلادى aŋladï چۈشەندى. ئول سۆزۈگ ئاڭلادى — *ol søzüg aŋladï* — ئۇ سۆزنى چۈشەندى. ئوغۇزچە. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق (ئاڭلار - ئاڭلاماق *aŋlar - aŋlamak*).

تۆت ھەرپلىكلەر بابى تۈگىدى.

بەش ھەرپلكلەر باپلرى

اُڤتغرْدي uvutoqardi ئۇۋاتقۇزدى ~ ئۇيالدۇردى. اُلْ مَني اُڤتغَردي — *ol məni uvutoqardi* ئۇ مېنى ئۇۋاتقۇز-دى (اُڤتغرر - اُڤتغرماق *uvutoqarur - uvutoqarmak*).

اِسرْكَنْدي isirkəndi ئىسسىقلىق ئۇرلىدى. اَنِڭْ بَشي اِسرْكَندي — *aniŋ baxi isirkəndi* ئۇنىڭ بېشىغا (ئۇزۇنغىچە چېچىنى ئالدۇرمىغاچقا، ئىسسىتما سەۋەبىدىن) ئىسسىقلىق ئۇرلىدى (اِسرْكَنُورْ - اِسرْكَنْماكْ *isirkənür - isirkənmək*).

آسرْكَنْدي əsirkəndi ئېسىركەندى، ئېچىندى. اَرْ تَڤارِنكا اَسرْكَنْدي — *ər tavariŋa əsirkəndi* ئادەم (قولىدىن كەتكەن) تاۋىرىغا ئېسىركەندى (آسرْكَنُرْ - آسرْكَنْماكْ *əsirkənür - əsirkənmək*).

اُڤتلَنْدي uvutlandi ئۇۋاتتى ~ ئۇيالدى. اَرْ اُڤتلَنْدي — *ər uvutlandi* ئادەم ئۇيالدى. ئوغۇزلار بىرقانچە ھەرپنى بىراقلا چۈشۈرۈپ، «اُتَنْدي *utandi*» دەيدۇ (اُڤتلَنُر - اُڤتلَنْماق *uvutlanur - uvutlanmak*).

اَكَتْلَنْدِي əgətləndi ئېگەتلەندى. قىز اَكَتْلَنْدِي *kiz əgətləndi* —
قىز ئېگەتلىك بولدى، يەنى كېلىن بولغۇچى قىز
ئۆزى بىلەن بارىدىغان خىزمەتچىگە ئىگە بولدى
(اَكَتْلَنُرْ - اَكَتْلَنْماكْ *əgətlənür - əgətlənmək*).

اَشِجْلَنْدِي axïqlandï قازانلىق بولدى. اَرْ اَشِجْلَنْدِي *ər* —
axïqlandï ئادەم قازانلىق بولدى (اَشِجْلَنُورْ - اَشِجْلَنْماكْ
axïqlanur - axïqlanmak[1]).

اَنْجُلَنْدِي ənüqləndi پەردە ئۆستى. اَنِكْ كُوزِي اَنْجُلَنْدِي
ənüqləndi anïŋ kəzi — ئۇنىڭ كۆزىگە پەردە ئۆستى
(اَنْجُلَنُرْ - اَنْجُلَنْماكْ *ənüqlənür - ənüqlənmək*).

اَغِرْلَنْدِي aqïrlandï قەدىرلەندى، يۇقۇرى باھالاندى.
اَرْ اَغِرْلَنْدِي *ər aqïrlandï* — ئادەم قەدىرلەندى.
بۇنىڭدىكى «ن - *n*» ھەرپى «ل - *l*» ئورنىغا ئالماشقان.
اُلْ بُو اَتْنِي اَغِرْلَنْدِي *ol bu atnï aqïrlandï* — ئۇ بۇ
ئاتنى قىممەت كۆردى (اَغِرْلَنُورْ - اَغِرْلَنْماقْ - *aqïrlanur* -

[1] بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اَشِجْلَنْماكْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ
پېئىل «اَشِجْ *ax* + *ïq* — قازان» دېگەن ئىسىمدىن ياسالغان.
شۇڭا بىز بۇ سۆزنىڭ يىلتىزىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە
تۇتۇپ، «*axïqlanmak*» دەپ ئالدۇق.

(aoqïrlanmak)· بىر ئەرسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

اُغرَلَنْدِي oqurlandï: اغرلَنْدى ئانىڭ oqurlandï nəŋ — ۋاقتى - سائىتى كەلگەن نەرسە. يول اغرلَنْدى yol — oqurlandï يول ئۇگۈشلۈق بولدى. اتْ اغرلَنْدى at — oqurlandï (ئەقدىم قىلىنغان) ئاتنىڭ بەدىلى تولەندى. ئو- غۇزچە (اغرلنور - اغرلنماق oqurlanur - oqurlanmak).

اُكرَلَنْدِي ügürləndi ئۇيۇرلەندى. يند اكرلَنْدى yund — ügürləndi يىلقا ئۇيۇرلەندى، يەنى ئايغىرلىق بولدى (اكرلنر - اكرلَنماك ügürlənür - ügürlənmək). ئۇيۇر بولۇپ توپلىشىپ ياشايدىغان باشقا هايۋانلارغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

اَتِزلَنْدِي atïzlandï ئېتىزلاندى. يىر اَتِزلَنْدى yər atïzlandï — يەر ئېتىزلاندى (اَتِزلنر-اَتِزلنماكق[1] atïzlanur - atïzlanmak).

اُجزلَنْدِي uquzlandï ئەرزەن كوردى؛ كەمسىتتى. ال بو

---

[1] بۇ پېئىل بۇ يەردە ئاۋال «اَتِزلَنْماك» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن «اَتِزلَنْماكق» شەكلىدە تۈزىتىلگەن. يازما نۇسخا 152 - بەت 13 - قۇردا بۇ سوز «اَتِزلاماق» شەكلىدە يېزىلغان. شۇڭغا ئاساسەن بىز بۇ سوزنى «atïzlanmak» دەپ ئالدۇق.

ئۇ بۇ نانگنى اجزلندى — ol bu nəŋni uquzlandi
ئەرسىنى ئەرزەن كوردى (اجزلنر - اجزلنماق uquzlanur -
uquzlanmak).

آذزلندى əżizləndi ئېگىز كوردى. ال تاغنى آذزلندى — ol
taqni əżizləndi — ئۇ تاغنى ئېگىز كوردى، يەنى
چوك توسالغۇ دەپ ھساپلىدى (آذزلنر - آذزلنماك
əżizlənür - əżizlənmək).

اسزلندى əsizləndi ياماننلاشتى، ئەسكىلەشتى. اغلان
اسزلندى oqlan əsizləndi — بالا ئەسكىلشىپ كەتتى
(اسزلنر - اسزلنماك əsizlənür - əsizlənmək).

اغزلندى ooquzlandi ئوغۇزلاشتى. ئوغۇز قىياپىتىگە كىردى.
آر اغزلندى ər ooquzlandi — ئادەم ئوغۇزلاشتى،
يەنى ئوغۇز قىياپىتىگە كىردى (اغزلنر - اغزلنماق
ooquzlanur - ooquzlanmak).

اكزلندى ɵküzləndi ئۆكۈزلۈك بولدى. آر اكزلندى ər —
ɵküzləndi — ئادەم ئۆكۈزلۈك بولدى، يەنى ئۆكۈزگە ئىگە
بولدى (اكزلنر - اكزلنماك ɵküzlənür - ɵküzlənmək).

اغشلندى ooquxlandi ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، ئۇرۇق - جەمەت -

لىك بولدى. اَرْ اُغْشَلَنْدِي *ər oquxlandī* — ئادەم

ئويلۇك - ئوچاقلىق، ئۇرۇق - جەمەتلىك بولدى (اُغْشَلَنُرْ -

اُغْشَلَنْماق *oquxlanur - oquxlanmak*).

اُرْغَلَنْدِي uruoqlandī ئۇرۇقلاندى، دان تۇتتى. تَرِغْ اُرْغَلَنْدِي

tarīq uruoqlandī — ئاشلىق دان تۇتتى. كَبازْ اُرْغَلَنْدِي

kəpəz uruoqlandī — كېۋەز غوزىلىدى. ھەر قانداق

مۆدىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُرْغَلَنُرْ - اُرْغَلَنْماق - *uruoqlanur*

uruoqlanmak).

اُجَقْلَنْدِي oqaklandī ئوچاقلىق بولدى. اَقْ اُجَقْلَنْدِي *əv* —

oqaklandī ئۆي ئوچاقلىق بولدى (اُجَقْلَنُرْ - اُجَقْلَنْماق

oqaklanur - oqaklanmak).

اَذَقْلَنْدِي ažaklandī ئاياقلاندى، ئاياقلىق بولدى. اَذَقْلَنْدِي

نانْكْ *ažaklandī nəŋ* — ئاياقلىق بولغان نەرسە. ماقالدا

مۇنداق كەلگەن: اَلِمْ كِيجْ قَلْسا اَذَقْلَنُرْ *alīm kəq* —

kalsa ažaklanur ئېلىم كەچ قالسا، ئۇنىڭغا پۇت چى-

قىدۇ، يەنى قەرز ئىگىسى قەرزنى ئۇندۇرۇش ئۈچۈن

ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ (اَذَقْلَنُرْ - اَذَقْلَنْماق - *ažaklanur*

ažaklanmak).

اَرِقْلَنْدِي ariklandī ئېرىق چىقىرىشۋالدى. سُوفْ اَرِقْلَنْدِي

suv ariklandī — سۇ ئېرىق چىقىرىپ ئاقتى. سۇنىڭ

يەرلەرنى يۇيۇپ كېتىپ، جىرا ۋە ئېقىن پەيدا قىلىشقىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (ارِقلَنۇر - ارِقلَنماق - *ariklanur*
ariklanmak).

ازُقلَندى azuklandi ئوزۇقلۇق بولدى. ار ازُقلَندى — *ər*
azuklandi ئادەم ئوزۇقلۇق بولدى (ازُقلَنۇر - ازُقلَنماق
azuklanur - *azuklanmak*).

اتَكلَندى ətəkləndi ئېتەكلەندى، ئېتەك سېلىندى. تون
اتَكلَندى *ton ətəkləndi* — تون ئېتەكلەندى، يەنى
تونغا ئېتەك سېلىندى (اتَكلَنۇر - اتَكلَنماك - *ətəklənür*
ətəklənmək).

اتُكلَندى ətükləndi ئۇتۇكلۇك بولدى. ار اتُكلَندى *ər* —
ətükləndi ئادەم ئۇتۇكلۇك بولدى (اتُكلَنۇر - اتُكلَنماك
ətüklənür - *ətüklənmək*).

اركَلَندى ərükləndi مۇڭلاندى، مۇڭلۇق بولدى. يِغاچ
اركَلَندى *yiqaq ərükləndi* — دەرەخ مۇڭلاندى
(اركَلَنۇر - اركَلَنماك *ərüklənmək* - *ərüklənür*).

اِسكَلَندى isigləndi: اُل بو اُغردا بَرماقا اِسكَلَندى *ol* —
bu oqurda barmakka isigləndi — ئۇ مېگىشقا بۇ ۋاقىتتا
نى بەك ئىسسىق كوردى (اِسكَلَنۇر - اِسكَلَنماك - *isiglənür*
isiglənmək).

اَنْكْلَنْدِي ənükləndi كۇچۇكلۇك بولدى. اِتْ اَنُكْلَنْدِي — ئىت كۈچۈكلۈك بولدى (اَنُكْلَنُرْ ـ اَنُكْلَنْماكْ it ənükləndi (ənüklənür ـ ənüklənmək).

اَتَنْلَنْدِي atanlandi ئاتانلىق (ئاپتان تۇگىلىك) بولدى. اَرْ اَتَنْلَنْدِي ər atanlandi — ئادەم ئاتانلىق بولدى (اَتَنْلَنُرْ ـ اَتَنْلَنْماق atanlanur ـ atanlanmak).

اُزْمْلَنْدِي üzümləndi ئۈزۈملەندى، ئۈزۈملۈك بولدى، ئۈزۈم چۈشتى. بَذِج اُزْمْلَنْدِي baziq üzümləndi — بېدىش ئۈزۈملەندى، يەنى بېدىشتە ئۈزۈم چۈشتى (اُزْمْلَنُرْ ـ اُزْمْلَنْماكْ üzümlənür ـ üzümlənmək).

بۇ باپتىكى كەم ئىشلىتىلىدىغان مۇزائەفلەر

اُبْلَلْدِي üpləldi تالاندى، بۇلاندى. اَرْ تَفَارِي اُبْلَلْدِي ər tavari üpləldi — ئادەمنىڭ تاۋىرى تالاندى، يەنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى (اُبْلَلُورْ ـ اُبْلَلْماكْ üplələr ـ üpləlmək).

اَتْلَلْدِي ətləldi گوش قىلىندى. قُويْ اَتْلَلْدِي koy ətləldi — قوي گوش قىلىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَتْلَلُورْ ـ

اَتْلَلْماكْ *ǝtlǝlür - ǝtlǝlmǝk*).

آذْلَلْدي ǝzlǝldi ياخشىلاندى. آذْلَلْدى نانْكْ *ǝzlǝldi* — *nǝŋ* ياخشىلانغان نەرسە، بىر نەرسىنى ئىزلەشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (آذْلَلُورْ - آذْلَلْماكْ *ǝzlǝlür - ǝzlǝlmǝk*).

اَشْلَلْدي axlaldi قادالدى. اَياقْ اَشْلَلْدى *ayak axlaldi* — ئاياق قادالدى، يەنى چىنە قادالدى (اَشْلَلُرْ - اَشْلَلْماقْ *axlalur - axlalmak*).

اِشْلَلْدي ixlǝldi ئىشلەندى. اِيشْ اِشْلَلْدى *īx ixlǝldi* — ئىش ئىشلەندى (اِشْلَلُرْ - اِشْلَلْماكْ *ixlǝlür - ixlǝlmǝk*).

آقْلَلْدي avlaldi ئوۋلاندى. كَيِكْ اَقْلَلْدى *kǝyik avlaldi* — كىيىك (ئوۋ) ئوۋلاندى (اَقْلَلُورْ - اَقْلَلْماقْ *avlalur - avlalmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَقْلَلُورْ اُوزُمْ اَنِكْ تُوزِنكا
اَمْلَلُرْ كُوزُمْ اَنِكْ تُوزِنكا

avlalur ɵzüm aniŋ tüzüŋǝ
ǝmlǝlür kɵzüm aniŋ tozïŋa

[ئۇنىڭ تۈزلۈكى (گۈزەللىكى) بىلەن كۆڭلۈم ئوۋلىنىدۇ، ئۇنىڭ (ئاياق) توزىنى بىلەن كوزۇم ئەملىنىدۇ.]

شائىر سويۇملۇكىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ

ھۈسنى - جامالى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئوۋلىۋالدۇ، ئۇنىڭ
ئايىغىدىن چىققان توزاڭ بىلەن كۆزۈم ئەملىنىدۇ.

اِگْلَلْدِي iglǝldi يىگىلىدى، كېسەل بولدى، ئاغرىدى. تَگْما تُرْلُكْ اِيكْ اِكْلَلْدِي *tǝgmǝ türlüg ig iglǝldi* — ھەر تۈرلۈك كېسەللەر بىلەن ئاغرىدى (اِكْلَلُرْ - اِكْلَلْماكْ *iglǝlür - iglǝlmǝk*).

آمْلَلْدِي ǝmlǝldi ئەملەندى، داۋالاندى. اِكْلِكْ آمْلَلْدِي *iglik ǝmlǝldi* — كېسەل ئەملەندى (آمْلَلُرْ - آمْلَلْماكْ *ǝmlǝlür - ǝmlǝlmǝk*).

اِمْلَلْدِي imlǝldi ئىملاندى. كِشي اِمْلَلْدي *kixi imlǝldi* — كىشى ئىملاندى، يەنى كىشىگە كۆز ياكى باشقا ئەزالار ھەركىتى بىلەن ئىشارەت قىلىندى (اِمْلَلُرْ - اِمْلَلْماكْ *imlǝlür - imlǝlmǝk*).

مەنقۇسلاردىن بەش ھەرپلىكلەر

آرْبَلَنْدِي arpalandi ئارپىلىق بولدى. آتْ آرْبَلَنْدِي *at arpalandi* — ئات ئارپىلىق بولدى، يەنى ئاتنىڭ يەيدىغان ئارپىسى بار بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آرْبالَنُرْ - آرْبَلَنْماق *arpalanur - arpalanmak*).

اُرْدُلَنْدِي ordulandi ئوردا قىلىندى، قارارگاھ قىلىندى.

بَاكْ بِرْ يِيرِكْ اُرْدُلَنْدِي *bəg bir yərig ordulandï* —
بەگ بىر يەرنى ئۆزىگە ئوردا (قارارگاھ) قىلدى
(اُرْدُلَنُرْ - اُرْدُلَنْمَاقْ *ordulanur - ordulanmaḳ*).

اُتْرُلَنْدِي utrulandï ئۇتتۇرىلاندى، يۈزمۇ - يۈز كەلدى.
اُلْ اَنْكَرْ اُتْرُلَنْدِي *ol aŋar utrulandï* — ئۇ ئاڭا
ئۇتتۇرىلاندى (اُتْرُلَنُرْ - اُتْرُلَنْمَاقْ *utrulanur - utrulanmaḳ*).

اَرْقَلَنْدِي arkalandï تاياندى، يۆلەندى، ھىمات قىلدى.
اُلْ مَنِي اَرْقَلَنْدِي *ol məni arḳalandï* — ئۇ مېنى ھىمات
قىلدى. اُلْ تَاغْنِي اَرْقَلَنْدِي *ol taɣnï arḳalandï* —
ئۇ تاغقا يۆلەندى (اَرْقَلَنُرْ - اَرْقَلَنْمَاقْ *arḳalanur -*
arḳalanmk).

اُزُمْلَنْدِي üzümləndi ئۈزۈملەندى. يِغَاجْ اُزُمْلَنْدِي *yïɣaq* —
üzümləndi دەرەخ ئۈزۈملەندى، يەنى ئۈزۈمە دەرەختە ئۈزۈمە
بولدى (اُزُمْلَنُرْ - اُزُمْلَنْمَاكْ *üzümlənür - üzümlənmək*).

بۇ باپتىكى باشقا تۈر

اُوتْلَنْدِي otlandï ئوت بولۇپ كەتتى، قىزىپ كەتتى. اَتْ اُوتْلَنْدِي
at otlandï — ئات (مىڭىپ) قىزىپ كەتتى. اَرْ اُوتْلَنْدِي

خەزەپلەندى، يەنى كەتتى، قىزىپ ئادەم — ər otlandi

(ئوتلانۇر - ئوتلانماق otlanur - otlanmak).

ئازلاندى āzlandi ئاز كوردى، ئاز ساندى. ئل بو يرماقىغ

ئازلاندى āzlandi yarmakïq bu ol — ئۇ بۇ يارماقنى

ئاز كوردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئازلانۇر - ئازلانماق

āzlanur - ālanmak).

ئوزلاندى uzlandi ئۇزلاندى، ئۇستىلىق كورسەتتى. ار

ئوزلاندى uzlandi ər — ئادەم (ھۇنەر - سەنئەتتە) ئۇستى-

لىق كورسەتتى (ئوزلانۇر - ئوزلانماق uzlanur - uzlanmak).

ايشلاندى ixləndi: ار ايشلاندى ər ixləndi — ئادەم ئوزىنى

ئىشلەۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى[1].

ايسلاندى ïslandi ئىسلاندى. اۋ ايسلاندى əv ïslandi —

ئۆي ئىسلاندى، يەنى ئىستىن قارايدى. كىيىم ۋە شۇ-

نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىستىن قارىيىشىغىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (ايسلانۇر - ايسلانماق ïslanur - ïslanmak).

اۋلاندى āvlandi ئوۋلىدى، ئوۋ قىلدى. ار اوزىنگا اۋلاندى

---

[1] يازما نۇسخىدا «ايشلاندى» سوزىنىڭ مەستەر شەكلى كېيىنكى «ايسلاندى ïslandi» سوزى بىلەن قوشۇپلا «ايسلانور - ايسلانماق» قىلىپ بېرىلگەن.

ər ɵziņə āvlandi — ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئوۋ قىلدى (اَاڤْلَنُر - اَاڤْلَنْماق āvlanur - āvlanmak).

اُوكْلَنْدِي ɵgləndi ھاردۇق چىقاردى، دەم ئالدى. اَرُق اَر اُوكْلَنْدِي aruk ər ɵgləndi — ھارغان ئادەم ھاردۇق چىقاردى. بالىنىڭ چوڭىيىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُوكْلَنُر - اُوكْلَنْماك ɵglənür - ɵglənmək).

بۇ باپتىكى توت ھەرپلىكلەر

اَذْتْلادِي ażutladi ئوچۇملىدى. اَزْ يَرْماق اَذْتْلادِي ər yarmak ażutladi — ئادەم يارماق ئوچۇملىدى. سۇنى ئوچۇملاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اَذْتْلار - اَذْتْلاماق ażutlar - ażutlamak).

اُزْتْلادِي üzütlədi بېخىل كوردى. اُلْ اَنِي اُزْتْلادِي ol ani üzütlədi — ئۇ ئۇنى بېخىل كوردى (اُزْتْلار - اُزْتْلاماك üzütlər - üzütləmək).

اُكْتْلادِي ɵgütlədi ئۆگۈت - نەسىھەت قىلدى. اُلْ اُغْلِنْ اُكْتْلادِي ol oqlin ɵgütlədi — ئۇ ئوغلىغا ئۆگۈت - نەسىھەت قىلدى (اُكْتْلار - اُكْتْلاماك ɵgütlər - ɵgütləmək).

اَكْتْلادِي əgətlədi: اُلْ قِيزِنْ اَكْتْلادِي ol kizin əgətlədi — ئۇ قىزىنى ئېگەتلىك قىلدى، يەنى قىزىغا ئايال خىزمەت-

چى قوشۇپ بەردى (اَكَتْلارْ - اَكْتلاماكْ əgətlər - əgətləmək).

اُلْتْلادي ɵlütlədi جان تىكتى. اَرْ اُلْتْلادى ər ɵlütlədi — ئادەم جان تىكىپ ئۇرۇشتى، يەنى ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان دەرىجىگە يەتتى (اُلْتْلارْ - اُلْتْلاماكْ ɵlütlər - ɵlütləmək).

اَمَجْلادي amaqladi قارىغا ئالدى، نىشانلىدى. اَرْ قشْغ اَمَجْلادى ər kuxuoq amaqladi — ئادەم قۇشنى قارىغا ئالدى (اَمَجْلارْ - اَمَجْلاماقْ amaqlar - amaqlamak).

اَنْجلادي ənüqlədi: اُتاجى كُوزُكْ اَنْجْلادى otaqi kɵzüg ənüqlədi — تېۋىپ كۆز پەردىسىنى داۋالىدى، يەنى كۆز پەردىسىگە دورا سۈردى (اَنْجلارْ - اَنْجلاماكْ ənüqlər - ənüqləmək).

اَذَرْلادي əẑərlədi ئېگەرلىدى. اَرْ اَتْ اَذَرْلادى ər at əẑərlədi — ئادەم ئات ئېگەرلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اَذَرْلارْ - اَذَرْلاماكْ əẑərlər - əẑərləmək).

آغِرْلادي aqïrladï قەدىرلىدى، ئەزىز قىلدى. تَنْكْرى مَنى اَغِرْلادى təŋri məni aqïrladï — تەڭرى مېنى ئەزىز قىلدى. بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشقىنىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اَغِرْلارْ - اَغِرْلاماقْ aqïrlar - aqïrlamak).

اُغْرْلادي ooqurladï: اَرْ اِيشِنْ اُغْرْلادى ər ïxïn ooqurladï —

ئادەم ئىشنى دەل پەيتىدە قىلدى (اغرلار - اغرلاماق
oqurlar - oqurlamak). شۇنىڭدەك «ار توار اغرلادى
ər tawar oqurladi — ئادەم مال ئوغرىلىدى»مۇ دېيى-
لىدۇ. چۈنكى ئوغرى ۋاقىت ۋە پۇرسەت كۈتىدۇ. بۇنداق
مەنىدە كېلىشىگە باشقا بىر سەۋەپ بار، «اغرى *oqri*»
سۆزى «ئوغرىلىغۇچى» مەنىسىدە بولۇپ، يۇقۇرىدىكى
پېئىل ئەشۇ سۆزدىن ياسالغان، لېكىن يېنىكلىتىش ئۈچۈن
ئاخىرىدىكى «ى - يا» ھەرپى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان.
بۇ ئەھۋال ماڭا ناھايىتى ياقىدۇ، ئىككىلىنىسەمۇ چىرايلىق.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بكم اوزن اغرلادى
يرغ بيلب اغرلادى
الغ تنكرى اغرلادى
انن قت قف ترى تغدى

bəgim ozin oqurladi
yaraq bilip oqurladi
uluq təŋri aqirladi
anin kut ˚kiv təri tuqdi

[بېگىم ئۆزىنى دالدىغا ئالدى،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلدى،
ئۇلۇغ تەڭرى ئەزىزلىدى،
شۇنىڭ بىلەن بەخت-سائادەتنى تۇغۇلدى.]

تاگفۇت بېگىنىڭ دۈشمەندىن يوشۇرۇنۇشىنى تەسۋىر-لەپ شۇنداق دېيىلگەن: بېگىم پۇرسەت كۈتۈپ، ئەسكەر-لەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يوشۇرۇندى، تەگرى ئۇنى غەلىبە بىلەن ئەزىز قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەختى-دۆلىتى يۈكسەلدى.

اَتِزْلادِي atïzladï ئېتىزلاشتۇردى. اَرْ يِيرِنْ اَتِزْلادِي ər yərin atïzladï — ئادەم يېرىنى ئېتىزلاشتۇردى، يەنى چوڭەكلەپ، قىر تارتىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا لايىق قىلدى (اَتِزْلارْ-اَتِزْلاماقْ atïzlar - atïzlamak).

اُجُزْلادِي uquzladï كەمسىتتى، خارلىدى. بَكْ اَنِي اُجُزْلادِي bəg anï uquzladï — بەگ ئۇنى كەمسىتتى (اُجُزْلارْ - اُجُزْلاماقْ uquzlar - uquzlamak).

اُذُزْلادِي uẑuzladï: اَلْ اَنِي اُذُزْلادِي ol anï uẑuzladï — ئۇ ئۇنىڭ قوتۇرىنى داۋالىدى (اُذُزْلارْ-اُذُزْلاماكْ uẑuzlar - uẑuzlamak[1]).

---

① بۇ پېيىلنىڭ مەستىرى يازما نۇسخا 152 - بەتتە «اُذُزْلار-اُذُزْلاماكْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز يازما نۇسخا 84- بەتتىكى «اُذُزلُغ uẑuzluq — قوتۇر كېسىلى بار» سۆزىگە ئاساسەن، بۇ سۆزنىڭ يازما نۇسخا 39 - بەتتىكى تومۇرىنى «uẑuz»، بۇ يەر-دىكى كەلگۈسى زامان ۋە مەستىرىنى «uẑuzlar - uẑuzlamak» دەپ ئالدۇق.

ئاغزلادى aoqïzladï: ال ارقنى آغزلادى — ol arïknï aoqïzladï ئۇ ئېرىقتا ئېقىز (ئېچىق) ئاچتى. ال قولىن آغزلادى — ol kulïn aoqïzladï ئۇ قولىنىڭ ئاغزىنى سالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آغزلار - آغزلاماق (aoqïzlar - aoqïzlamak).

اُغزلادى ooquzladï: ال منى اغزلادى — ol məni ooquzladï ئۇ مېنى ئوغۇزغا ئوخشاتتى (اُغزلار - اُغزلاماق ooquzlar - ooquzlamak).

اُقتسادى okïtsadï ئوقۇتقۇسى كەلدى. ال بتك اقتسادى — ol bitik okïtsadï ئۇنىڭ خەت ئوقۇتقۇسى كەلدى. بىر كىمنى قىچقىرغۇسى كەلگەنلىكمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُقتسار - اقتساماق okïtsar - okïtsamak).

اُكتسادى ügitsədi ئۆن تارتقۇزغۇسى كەلدى. ال ترغ اُكتسادى — ol tarïq ügitsədi ئۇنىڭ بۇغداينى ئۆن تارتقۇزغۇسى كەلدى (اُكتسار - اُكتساماك ügitsər - ügitsəmək).

آكرسادى əgirsədi ئېگىرسىردى، ئېگىر يىگۇسى كەلدى. آر آكرسادى — ər əgirsədi ئادەم ئېگىرسىردى، يەنى ئېگىر بىلەن داۋالانغۇسى كەلدى (آكرسار - آكرساماك (əgirsər - əgirsəmək).

اَكِرْسادي əgirsədi : اُراغْتْ يِبْ اَكِرْسادي *uraqut yïp əgirsədi* — خوتۇنىنىڭ يىپ ئىگىرگۈسى كەلدى. بَگْ كَنْدْ اَكِرْسادي *bəg kənd əgirsədi* — بەگنىڭ كەنتنى ئوراپ ئالغۇسى كەلدى (اَكِرْسارْ - اَكِرْساماكْ *əgirsər - əgirsəmək*).

آجِغْسادي aqïoqsadi ئاچچىقسىرىدى، ئاچچىق نەرسە يىگۈسى كەلدى. اَرْ آجِغْسادي *ər aqïoqsadi* — ئادەمنىڭ ئاچچىق نەرسە يىگۈسى كەلدى (آجِغْسارْ - آجِغْساماقْ - *aqïoqsar - aqïoqsamak*).

اُلْغْسادي uluoqsadi : اَرْ آتّا اُلْغْسادي *ər atta uluoqsadi* — ئادەمنىڭ زور ئاتقا ئىگە بولغۇسى كەلدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ چوڭىنى ئىستەشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اُلْغْسارْ - اُلْغْساماقْ *uluoqsar - uluoqsamak*).

آرُكْسادي ərüksədi ئورۇكسىرىدى. اَرْ آرُكْسادي *ər ərüksədi* — ئادەم ئورۇكسىرىدى، يەنى ئادەمنىڭ ئورۇك - شاپتۇل يىگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آرُكْسارْ - آرُكْساماكْ *ərüksər - ərüksəmək*).

اُلْكْسادي əlügsədi ئولگۈسى كەلدى. اَرْ اُلْكْسادي *ər əlügsədi* — ئادەمنىڭ ئولگۈسى كەلدى (اُلْكْسارْ - اُلْكْساماكْ *əlügsər - əlügsəmək*).

اُكْشْلادي **üküxlədi** كوپسندي، كوپ دەپ هسساپلىدى.

اَرْ تَوارِنْ اُكْشْلادي *ər tawarïn üküxlədi* — ئادەم مىلىنى كوپ دەپ هسساپلىدى (اُكْشْلارْ - اُكْشْلاماكْ *üküxlər - üküxləmək*).

آرِغْلادي **arïoqladï** : اَلْ قُزِي اَرِغْلادي *ol kozï arïoqladï* — ئۇ قوزىنى پىچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَلْ يَرْماقِغْ اَرِغْلادي *ol yarmakïoq arïoqladï* — ئۇ يارماقنى خىلىلىدى، يەنى پۇلنىڭ ياخشىسىنى تاللىدى. بىر نەرسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَرِغْلارْ - اَرِغْلاماقْ *arïoqlar - arïoqlamak*).

آرِغْلادي **arïoqladï** ئېرىغلىدى. اُلْ كَبازْ اَرِغْلادي *ol kəpəz arïoqladï* — ئۇ كېۋەز ئېرىغلىدى، يەنى پاختىنى چىگىتىدىن ئاجراتتى. ھەرقانداق مۇنىڭ ئۇرۇغىنى ئايرىشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (اَرِغْلارْ - اَرِغْلاماقْ *arïoqlar - arïoqlamak*).

آزِغْلادي **azïoqladï** : تُنكُزْ اَتِغْ اَزِغْلادي *toŋuz atïoq azïoqladï* — توڭغۇز ئاتنى مەرگەن چىشى بىلەن ئۇرۇپ يارىلىدى. مَنْ تُنكُزْنِي اَزِغْلادِمْ *mən toŋuznï azïoqladïm* — مەن توڭغۇزنى مەرگەن چىشىغا ئۇردۇم. بۇ سوز ئىككى تەرد-

پىدە مەرگەن چىشى بار يىرتقۇچ ھايۋانلارغىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ (اَزِغلارْ ـ اَزِغلاماقْ *azïoqlar - azïoqlamak*).

اُلْغلادِي uluoqladï ئۇلۇغلىدى. تَنْكْرِي مَنِي اُلْغلادِي — *təŋri məni uluoqladï* تەڭرى مېنى ئۇلۇغلىدى، يەنى ماڭا ئۇلۇغلۇقنى ئاتا قىلدى. بَكْ مَنِي اُلْغلادِي — *bəg məni uluoqladï* بەگ مېنى ئۇلۇغلىدى، يەنى مېنى ئۇلۇغلار قاتارىدا كوردى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُلْغنِي اُلْغلاسا قُتْ بُلُورْ — *uluoqni uluoqlasa kut bulur* ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار (اُلْغلارْ ـ اُلْغلاماقْ *uluoqlar - uluoqlamak*).

اَذَقْلادِي ażakladï يۇتقا ئۇردى. اُلْ اَنِي اَذَقْلادِي — *ol anï ażakladï* ئۇ ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇردى (اَذَقْلارْ ـ اَذَقْلاماقْ *ażaklar - ażaklamak*).

اَذُقْلادِي ażukladï ئەجەپلەندى، قىزىقسىندى. اُلْ اَنِي اَذُقْلادِي — *ol anï ażukladï* ئۇ ئۇنى (كورۇپ) ئەجەپلەندى (اَذُقْلارْ ـ اَذُقْلاماقْ *ażuklar - ażuklamak*).

اَرُقْلادِي arukladï ھاردۇق ئالدى. بَكْ اَرُقْلادِي — *bəg arukladï* بەگ ھاردۇق ئالدى. بۇ سوز خاقانىيە تىلىدا «ئۇخ-لاش»نى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە «ھارغانلىقتىن دەم ئالدى» دىگەن سوز (اَرُقْلارْ ـ اَرُقْلاماقْ *aruklar - aruklamak*).

اَشُقْلادِي axukladī ئۇشۇغىغا ئۇردى. اُلْ اَنِي اَشُقْلادِي ol anī axukladī — ئۇ ئۇنىڭ ئۇشۇغىغا ئۇردى (اَشُقْلارْ - اَشُقْلاماقْ axuklar - axuklamak).

اَشَقْلادِي axakladī پەس كوردى، سەل چاغلىدى. اُلْ اَنِي اَشَقْلادِي ol anī axakladī — ئۇ ئۇنى پەس كوردى.

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَغِينِي اَشَقْلاسا بَشْقا چِقارْ yaoqīnī axaklasa baxka qīkar — يېغىنى سەل چاغلىسا، باشقا چىقار. بۇ ماقال «ھۇشيار بول، دۇشمەننى سەل چاغلىما، بېشىڭنى يەيدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

اُشَقْلادِي uxakladī ئۇششاقلىدى، بۇرمىلىدى. اُلْ مَنِكْ سوزُمْنِي اُشَقْلادِي ol mənin sözümni uxakladī — ئۇ مېنىڭ سوزۇمنى بۇرمىلىدى (اُشَقْلارْ - اُشَقْلاماقْ uxaklar - uxaklamak).

اَنُقْلادِي anukladī تەييار پېتى ئالدى. اُلْ اَنُقْلادِي نانْكْنِي ol anukladī nənni — ئۇ نەرسىنى تەييار پېتى تېپىۋالدى (اَنُقْلارْ - اَنُقْلاماقْ anuklar - anuklamak).

اِجُكْلادِي iqükladi ئىچىكلىدى. اُلْ تُونُغْ اِجُكْلادِي ol tonuoq iqükladi — ئۇ تونىنى ئىچىكلىدى، يەنى تونىنىڭ ئىچىگە بۇلغۇن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلدى (اِجُكْلارْ -

اِجُكْلاماكْ *iqüklǝmǝk* - *iqüklǝr*).

آرُكْلادي ǝrüklǝdi ئاشلىدى. اُلْ تَرِي آرُكْلادي *ol tǝri* —
ǝrüklǝdi ئۇ تېرە ئاشلىدى (آرُكْلار - آرُكْلاماكْ - *ǝrüklǝr*
ǝrüklǝmǝk).

اُزَكْلادي ǝzǝklǝdi ئۆزەك تومۇرىنى كەستى. اُلْ قويُغْ اُزَكْلادي
ol koyuq ǝzǝklǝdi — ئۇ قويىنىڭ ئۆزەك تومۇرىنى
كەستى. گۆرەن تومۇرىغا ئۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتە-
لىدۇ (اُزَكْلار - اُزَكْلاماكْ *ǝzǝklǝmǝk* - *ǝzǝklǝr*).

اِسِكْلادي isiglǝdi : اَرْ اِسِكْلادي *ǝr isiglǝdi* — ئادەم ئىسسىقتا
يول يۈردى (اِسِكْلار - اِسِكْلاماكْ *isiglǝmǝk* - *isiglǝr*).

اُسُكْلادي ǝsüglǝdi : اُلْ كِرِتْلِكْ اُسُكْلادي *ol kiritlik* —
ǝsüglǝdi ئۇ قۇلۇپنى ئاچقۇچ سالماي پەم بىلەن
ئاچتى (اُسُكْلار - اُسُكْلاماكْ *ǝsüglǝmǝk* - *ǝsüglǝr*). كەنچەكچە.

آسِرْكادي ǝsirkǝdi ئېسىركىدى، ئېچىندى. اُلْ آسِرْكادي
نانْكْنِي *ol ǝsirkǝdi nǝŋni* — ئۇ نەرسىنى ئېسىركىدى،
يەنى نەرسىنىڭ يوقالغىنىغا ئېچىندى (آسِرْكار - آسِرْكاماكْ
ǝsirkǝr - *ǝsirkǝmǝk*).

اُشْكْلادي üxiklǝdi ئۇششۇك پېتى تۇتتى. اُلْ كِيكْنِي اِشْكْلادي

ol kəyikni üxiklədi — ئۇ كېيىكنى ئۈششۈپ تۇرغان
ۋاقتىدا تۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُشكْلارْ - اِشكْلاماكْ
(üxiklər - üxikləmək).

آكَكْلادِي əkəklədi تىللىدى. آرْ اُراغُتْنِي آكَكْلادِي
ər uraqutni əkəklədi — ئادەم خوتۇنىنى تىللىدى،
يەنى ئۇنىڭ ئەسكىلىكىدىن نەپرەتلەندى (آكَكْلارْ - آكَكْلاماكْ
(əkəklər - əkəkləmək).

اُكَكْلادِي ükəklədi ئۆكەك سالدى. اُلْ تامِغْ اُكَكْلادِي
ol tamïq ükəklədi — ئۇ سېپىل ئۈستىگە ئۆكەك
(قاراۋۇل تۇرا) ياسىدى. ھەرقانداق بىر نەرسىگە ئۆكەك
سېلىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (اُكَكْلارْ - اُكَكْلاماكْ
(ükəklər - ükəkləmək).

آلُكْلادِي əlüklədi زاڭلىق قىلدى، مەسخىرە قىلدى. اُلْ آنِي
آلُكْلادِي *ol ani əlüklədi* — ئۇ ئۇنى زاڭلىق قىلدى
(آلُكْلارْ - آلُكْلاماكْ *əlüklər - əlükləmək*). شېئىردا مۇنداق
كەلگەن:

تَنُكْتْ سُوسِنْ اُشكْلادِي

كِشِي اِيشِنْ آلُكْلادِي

آرِنْ آتِنْ بِلُكْلادِي

بِلِنْ بُولِب بَشِي تِغدِي

taŋut süsin üxiklədi
kixi ixin əlüklədi
ərin atïn bəliklədi
bulun bolïp baxï tïoqdï[1]

[تاڭغۇت قوشۇنىنى ئۇششۇپ تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى،
ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى،
(تاڭغۇتلار) ئەسىر بولۇپ، بېشىنى ئەگدى.]

چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ، قاتتىق سوغاقتا، ئۇلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىندى، ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى، ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوغا قىلدى، غەم - قايغۇغا پېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

اَمِكْلادي əmiklədi : اَرْ اُراغُتْني اَمِكْلادي *ər uraqutni əmiklədi* — ئادەم خوتۇنىنىڭ ئەمچىكىگە ئۈردى (اَمِكْلارْ - اَمِكْلاماكْ *əmiklər - əmikləmək*).

آنُكْلادي ənüklədi كۈچۈكلىدى. اِتْ آنُكْلادي *ït ənüklədi* — ئىت كۈچۈكلىدى. اَرْسْلانْ آنُكْلادي *arslan ənüklədi* —

[1] بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىكى «تىغدى» سۆزى بۇ يەردە ھەرىكىسىز بېرىلگەن. بىز يازما نۇسخا 271 - بەتتىكى «تىغماق *tïoqmak* — قايرىماق» پېئىلىغا ئاساسەن، «*tïoqdï*» دەپ ئالدۇق.

ئارسلان كۈچۈكلىدى (اَنُكْلارْ - اَنُكْلاماكْ *ənüklər* - *ənükləmək*).

اَسَنْلادِي əsənlədi ئېسەنلەشتى. اُلْ مَنكا اَسَنْلادِي *ol maŋa əsənlədi* — ئۇ مەن بىلەن ئېسەنلەشتى (اَسَنْلارْ - اَسَنْلاماكْ *əsənlər* - *əsənləmək*).

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

اُذُولادِي użuladi ئەگەشتى. اُلْ اَنِي اُذُولادِي *ol anï użuladi* — ئۇ ئۇنى ئەگەشتى (اُذُولارْ - اُذُولاماقْ *użular* - *użulamak*).

اَرالادِي araladi ئارىلىدى، ئارىچىلىدى، ياراشتۇردى. اُلْ اِكِّي كِشِي اُتْرا اَرالادِي *ol ikki kixi otra araladi* — ئۇ ئىككى كىشىنى ئارىچىلىدى. ئىككى كىشى ياكى ئىككى ئەرسە، ئارىسىدىن ئارىلاپ ئۆتۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. «ياراشتۇردى» سۆزى بەزىدە ئاۋام خەلقىنىڭ جانلىق تەلەپپۇزىدا «اَرِيلادِي *arïladi*» دېيىلسىمۇ، لېكىن «اَرالادِي *araladi*» شەكلى توغرا (اَرالارْ - اَرالاماقْ *aralar* - *aralamak*).

اُرِيلادِي urïladi ھۆررالىدى، ۋاقىرىدى. اَرْ اُرِيلادِي *ər* —

urïladï ئادەم ۋاقىرىدى، يەنى ھوكىرىدى (اُرِيلاَرْ - اُرِيلاماقْ

.(*urïlar - urïlamak*

اُرِيلادِي urïladi — *ər urïladï* اَرْ اُرِيلادِي. ئادەم كورەڭلەپ كەتتى (اُرِيلاَرْ - اُرِيلاماقْ *urïlar - urïlamak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُزِنْ اكِنب اُرِيلادِي
يِرَق يِيرِكْ قرِيلادِي
اتِغ كمشب اُرِيلادِي
اُفت بولب تِبو اغدِي

əzin əgnüp urïladï
yïrak yərig karïladï
atïoq kəmxip urïladï
ulut bolup təpü aqdï

[ئۆزىنى ماختاپ كورەڭلىدى،
يىراق يەرنى گەزلەپ كەلدى،
ئاتنى دېۋىتىپ ھۇررا سالدى،
رەسۋا بولۇپ توپە ئاشتى.]

ئوز ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بىر باتۇرنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ كورەڭلەپ، ھەددىدىن ئاشتى، ئوزىنى سالاپەتلىك كورسىتىپ، خۇددى يەرنىڭ

ئاناۋىنى ئارتىدىغاندەك، ئات بىلەن ھەممە قىلىپ كېلىۋىدى،
ئاخىرى شەرمەندە بولۇپ، دوگدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى.

ئۆرۈلادى ərülədi ئورە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىدى. ئول قونىغ ئۆرۈلادى — *ol konuoq ərülədi* ئۇ قوينى ئورە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىدى (ئۆرۈلار - ئۆرۈلاماك *ərülər - ərüləmək*).

ئاغولادى aoquladi ئوغىلىدى، زەھەرلىدى. ئول ئاشىن ئاغولادى — *ol axin aoquladi* ئۇ ئېشىنى ئوغىلىدى. باشقا نەرسىلەرنى زەھەرلەشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (ئاغولار - ئاغولاماق *aoqular - aoqulamak*).

ئاۋالادى avaladi ئولاشتى، توپلاندى. ئانىڭ تەگرا كىشى ئاۋالادى — *aniŋ təgrə kixi avaladi* ئۇنىڭ چورىسىگە كىشى ئولاشتى. «ئاۋالادى» سوزى ئاساسەن چۇقان-سۈرەن، ماجىراغا قارىتىلىدۇ، باشقا ئورۇندا «ئاۋدى» *āvdi* سوزى ئىشلىتىلىدۇ (ئاۋالار - ئاۋالاماق *avalar - avalamak*).

ئاقىلادى akiladi سېخى ھىساپلىدى، سېخى كوردى. ئول مەنى ئاقىلادى — *ol məni akiladi* ئۇ مېنى سېخى ھىساپلىدى (ئاقىلار - ئاقىلاماق *akilar - akilamak*).

ئاكالادى əgələdi ئاچىلىدى، ئېگىچىلىدى، «ئېگىچە» دېدى.

اُلْ اَنى اَكالادى *ol ani əgələdi* — ئۇ ئۇنى ئاچىلىدى
(اَكالارْ - اَكالاماكْ *əgələr - əgələmək*).

اُكالادى øgələdi كاتتا هساپلىدى. اُلْ اَنى اُكالادى *ol — ani øgələdi* ئۇ ئۇنى يۇرت كاتتىسى هساپلىدى (اُكالارْ - اُكالاماكْ *øgələr - øgələmək*).

آنالادى analadi ئانىلىدى. اُلْ اَنى آنالادى *ol ani analadi* — ئۇ ئۇنى ئانىلىدى، يەنى ئانىسى ئورنىدا كوردى (آنالارْ - آنالاماقْ *analar - analamak*).

بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

آڭْدىدى aŋdidi ماردى، پېيىگە چۈشتى. آۋْچى كَيِكْنى آڭْدىدى *avqi kəyikni aŋdidi* — ئوۋچى كېيىكنىڭ پېيىگە چۈشتى، يەنى ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ماراپ يۈردى. اُلْ اَنى آڭْدىدى *ol ani aŋdidi* — ئۇ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى (آڭْدىرْ - آڭْدىماقْ *aŋdir - aŋdimak*).

بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

آنكيلادى aŋiladi هاگرىدى. آشْياكْ آنكيلادى *əxyək* —

anïladi ئېشەك ھاڭرىدى (اَنكيلار - اَنكيلاماق *anïlar* - *anïlamak*).

بۇ باپتىكى يەنە بىر تۇر

ئۆنككلەندى θŋikləndi چاچ سالدى. ئوراغت ئۆنككلەندى *uraqut θŋikləndi* — خوتۇن چاچ سالدى، يەنى ئوچكە چۇپۇردىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى (ئۆنككلەنۇر - ئۆنككلىماق *θŋiklənür* - *θŋiklənmək*①).

بۇ باپتىكى بەش ھەرپلىكلەر

اَغرقندى aqrïkandi ئاغرىق تارتتى. اَر اَغرقندى *ər aqrïkandi* — ئادەم ئاغرىقىدىن زارلاندى (اَغرقنُر - اَغرقنماق *aqrïkanur* - *aqrïkanmak*).

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «ئۆنككلىماق» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ سوزنىڭ تەركىۋىدە «ك - *k*» تاۋۇشىنىڭ بارلىقىنى ۋە يازما نۇسخا 80 - بەتتە «ياسالما چاچ» مەنىسىدە كەلگەن «ئۆنكك» سوزىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*θŋiklənmək*» دەپ ئالدۇق.

بۇ باپتىكى ئىككى ساكىنلىقلار

اَندغردم andoqardim ئاتت ئىچكۈزدۇم، قەسەم قىلدۇردۇم.

مَن اَنى اَندغردم *mən ani andoqardim* — مەن ئۇنى قەسەم قىلدۇردۇم (اَندغررمن - اَندغرماق *andoqarurmən* - *andoqarmak*).

بۇ باپتىكى ئالتە ھەرپلىكلەر

اَرمتلَندى armutlandi: يىغاچ اَرمتلاندى *yioqaq armutlandi* — ئامۇت دەرىخى مىۋىلىدى (ارمتلنر - ارمتلنماق *a·mutlanur* - *armutlanmak*).

اَرتجلَندى artuqlandi: تاغ اَرتجلَندى *iaoq artuqlandi* — تاغ ئارتۇچ دەرىخى بىلەن قاپلاندى، يەنى تاغدا ئارتۇچ دەرىخى كۆپەيدى (ارتجلنر - اَرتجلانماق *artuqlanur* - *artuqlanmak*).

اُركُجلَندى өrküqləndi ئۇركەشلەندى. سُوق اُركُجلَندى *suv өrküqləndi* — سۇ ئۇركەشلەندى (اُركجلنر - اركجلنماك *өrküqlənür* - *ө·küqlənmək*).

اُركُجلَندى өrgüqləndi ئۇرۇمە چاچلىق بولدى. قيز اُركجلندى

kiz ərgüqləndi — قىزنىڭ چېچى ئۆرۈمگە كىردى، يەنى قىز ئۆرۈمە چاچلىق بولدى (ئۆركۈچلەر - ئۆركۈچلەنماك - *ərgüqlənür* - *ərgüqlənmək*).

ئۆركۈچلەندى ərküqləndi : ئاشىق ئۆركۈچلەندى *axiq ərküqləndi* — قازان ئۈچ پۇتلۇق ئۇچاققا ئېسىلدى (ئۆركۈچلەر - ئۆركۈچلەنماك *ərküqlənür* - *ərküqlənmək*).

ئاذغرلەندى ażoqirlandi : تاي ئاذغرلەندى *tay ażoqirlandi* — تاي ئايغىرلاندى، يەنى ئايغىر قىلىقى كىردى. بايتاللار ئايغىرلىق بولسىمۇ، شۇنداق دېيىلىدۇ (ئاذغرلەر - ئاذغرلەنماق *ażoqirlanur* - *ażoqirlanmak*).

ئذمقلەندى użmaklandi شاگىرتلىق بولدى. ئەر ئذمقلەندى *ər użmaklandi* — ئادەم شاگىرتلىق بولدى (ئذمقلەر - ئذمقلەنماق *użmaklanur* - *użmaklanmak*).

ئارتقلەندى artuklandi ھەددىدىن ئاشتى. ئەر ئارتقلەندى *ər artuklandi* ئادەم ھەددىدىن ئاشتى (ئارتقلەر - ئارتقلەنماق *artuklanur* - *artuklanmak*).

ئژمقلەندى izmaklandi شور ئورلىدى. تاز بشى ئژمقلەندى *taz baxi izmaklandi* — تازنىڭ بېشىدا شور ئورلىدى. يېر ئژمقلەندى *yər izmaklandi* — يەر شورلاشتى. باش-قىلاردىمۇ شۇنداق (ئژمقلەر - ئژمقلەنماق *izmaklanur* - *izmaklanmak*).

آغرقلندي aoqruklandi ئېغىرسىندى. اول بو ايشغ اغرقلندي ol bu ixiq aoqruklandi — ئۇ بۇ ئىشنى ئېغىرسىندى. يۈكنى ئېغىر كۆرۈشكىنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اغرقلنر - اغرقلنماق aoqruklanur - aoqruklanmak).

اغرقلندي ooqraklandi ئوغراقلاشتى. ار اغرقلندي ər — ooqraklandi ئادەم ئوغراقلاشتى (اغرقلنر - اغرقلنماق ooqraklanur - ooqraklanmak). ئوغراق — بىر تۈرك قەبىلىسى.

اتمكلندي ətməkləndi نانلىق بولدى، نانغا ئىگە بولدى. ار اتمكلندي ər ətməkləndi — ئادەم نانلىق بولدى (اتمكلنر - اتمكلنماك ətməklənür - ətməklənmək).

بۇ خىل پېئىللار كۆپ، بۇلار ئىسىمدىن ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەرەب تىلىدىنمۇ مىسال كۆپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئەرەبچىدە «اَلْبَنَ الرَّجُلُ» دېگەن سۆز «ئادەم سۈتلۈك بولدى»، «اَسْحَى» دېگەن سۆز «خەت-چەكلەرنى باغلايدىغان شوينىسى كۆپەيدى» دېگەن بولىدۇ.

اجمكلندي iqməkləndi ئىچىكلىك بولدى. ار اجمكلندي ər iqməkləndi — ئادەم ئىچىكلىك بولدى، يەنى ئىچمەك كىيدى. ئىچىككە ئىگە بولۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اجمكلنر - اجمكلنماك iqməklənür - iqməklənmək).

ارسكلندي ərsəkləndi ئەرسىردى. اشلار ارسكلندي ixlər —

ərsəkləndi خوتۇن ئەرسىردى. (ئەرسەكلەنۇر - ئەرسەكلەنمەك ərsəklənür - ərsəklənmək).

ئۆكمەكلەندى ɵkməkləndi زىرىلىك بولدى، ھالقىغا ئىگە بولدى.

ئۇراغۇت ئۆكمەكلەندى uraqut ɵkməkləndi — خوتۇن زىرىلىك بولدى (ئۆكمەكلەنۇر - ئۆكمەكلەنمەك ɵkməklənür - ɵkməklənmək).

ئەگرىملەندى əgrimləndi ئەگرىملەندى، قايناپ ھاسىل قىلدى.

سۇۋ ئەگرىملەندى suv əgrimləndi — سۇ ئەگرىملەندى. يەنى سۇ قايناپ ھاسىل قىلىپ، ئەگىلىپ ئاقتى (ئەگرىملەنۇر - ئەگرىملەنمەك əgrimlənür - əgrimlənmək).

ئىشتەنلەندى ïxtonlandï نىشتانلىق بولدى. ئەر ئىشتەنلەندى ər — ïxtonlandï ئادەم نىشتانلىق بولدى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «ئىچتەنلەندى iqtonlandï» بولۇپ، «ش - x» بىلەن «چ - q» تاۋۇشلىرىنىڭ چىقىش ئورۇنلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولغاچقا «چ - q» ھەرپى «ش - x» غا ئالماشقان (ئىشتەنلەنۇر. ئىشتەنلەنماق ïxtonlanur - ïxtonlanmak).

بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

ئارقۇقلەندى arkuklandï باش تارتتى، بوينىتاۋلىق قىلدى. ئەر

ارقىقلانْدى *ər arkuklandi* — ئادەم بويۇنتاۋلۇق قىلدى

(ارقىقلانُر - ارقىقلانْماق *arkuklanur - arkuklanmak*).

امگَكلانْدى əmgəkləndi ئىپفىر كوردى. الْ بو ايشِغ امگَكلانْدى *ol bu ixiq əmgəkləndi* — ئۇ بۇ ئىشنى ئىپفىر كوردى (امگَكلانُر - امگَكلانْماك *əmgəklənür - əmgəklənmək*).

اشكَكلانْدى əxkəkləndi ئېشەكلىك بولدى. ار اشكَكلانْدى *ər əxkəkləndi* — ئادەم ئېشەكلىك بولدى. ئىككى تىلنىڭ بىرىدە (اشكَكلانُر - اشكَكلانْماك *əxkəklənür - əxkəklənmək*).

اركَكلانْدى ərkəkləndi: سُوقْ اركَكلانْدى *suv ərkəkləndi* — سۇ مەۋجلەندى. انِكْ يَنى اركَكلانْدى *anin yəni ərkəkləndi* — ئۇنىڭ تۇكلىرى ھۇرپەيدى (اركَكلانُر - اركَكلانْماك *ərkəklənür - ərkəklənmək*). بۇ سوز «ئەركەكلىك قىلدى» دىگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ باپتىكى توت ھەرپلىكلەر

اربالادى arpaladi: الْ اتِنْ اربالادى *ol atin arpaladi* — ئۇ ئېتىغا ئارپا بەردى (اربالار - اربالاماق *arpalar - arpalamak*).

ارتولادى ortuladi: ار ياشِنْ ارتولادى *ər yaxin ortuladi* — ئادەم ئوتتۇرا ياشلىق بولدى (ارتولار - ارتولاماق *ortular - ortulamak*).

ئِرْتالادي ərtələdi : ئَرْ ئِشقا ئِرْتالادي *ər ïxka ərtələdi* — ئادەم ئىشقا ئەتىگەن كىرىشتى (ئِرْتالارْ - ئِرْتالاماك - *ərtələr* *ərtələmək*).

ئَسْرِيلادي asrïladï : ئُلْ كِذْزِنِي ئَسْرِيلادي *ol kizizni* — *asrïladï* ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالا - چىپار گۈل باستى (ئَسْرِيلارْ - ئَسْرِيلاماق *asrïlar - asrïlamak*).

ئُغْرِيلادي ooqrïladï ئوغرىلىدى. ئُلْ نانْكْ ئُغْرِيلادي *ol* — *nəŋ ooqrïladï* ئۇ بىر نەرسە ئوغرىلىدى. ئاۋام خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا بۇ سوزدىكى «ر - r» ھەرپى ساكىنلىق، يەنى «ئُغْرْلادي *ooqurladï*» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس (ئُغْرْلارْ - ئُغْرْلاماق① (*ooqrïlar - ooqrïlamak*)

ئِكْتُولادي iktülədi باقتى، ئوت - بوغۇز بەردى. ئُلْ قوِي ئِكْتُولادي *ol koy iktülədi* — ئۇ قوي باقتى. باشقا ھايۋانلارغا ئوت - چوپ بېرىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (ئِكْتُولارْ - ئِكْتُولاماكْ *iktülər - iktüləmək*).

---

① بۇ سوزنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى يازما نۇسخىدا «ئُغْرْلارْ - ئُغْرْلاماق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز ئاپتورنىڭ «ر - r» نى ساكىنلىق ئوقۇش توغرا ئەمەس دېگىنىگە قاراپ «*ooqrïlar - ooqrïlamak*» دەپ ئالدۇق.

ارغولادى aroquladī يېرىپ ئۆتتى. ال اكي كشي آرا آرغولادى — ئۇ ئىككى كىشى ol ikki kixi ara aroquladī ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتتى (ارغولار - آرغولاماق، aroqular- aroqulamak).

ابكلادى ɵpkələdi : ال انكر ابكلادى — ol aŋar ɵpkələdi ئۇ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى (ابكلار - ابكلاماك ɵpkələr- ɵpkələmək).

ابكيلادى ɵpkilədi ئۆپكىلىدى. ال آندن ابكيلادى — ol andïn ɵpkilədi ئۇ ئۇنىڭدىن ئۆپكىلىدى، يەنى يامانلاپ قالدى (ابكيلار - ابكيلاماك ɵpkilər - ɵpkiləmək).

قائىدىلەر ئۆز جايىدا سۆزلىنىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ھەمزىلەر بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كويۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

سالىم ئىسىملار بولۇمى

ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

تَبْ tap يېتەرلىك، كۆپايە. بُو اَشْ مَنكا تَبْ bu ax maŋa tap — بۇ ئاش ماڭا يېتەرلىك. تَبْ بُلْدِي tap boldī — يېتەرلىك بولدى.

تُبْ top بىر خىل يېمەكلىك. بۇغداي سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئارپا خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قاچىغا سېلىنىپ، ئىسسىق يەردە بولدۇرۇلىدۇ، بولغاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ.

جَبْجَبْ qap qap چىپ-چىپ، شوپ-شوپ. بىر نەرسە يېگەندە ياكى قامچا ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋازنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز. اُلْ اَرُكْ جَبْجَبْ يِيدِي ol ərük —

ئۇ ئورۇكنى شوپۇلدىتىپ يىدى. *qap qap yədi*

جُبْ qөp دۇغ، تىلىپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ دۇغى. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، پەس كىشىلەرمۇ «جُبْ جَبْ كِشِيلَرْ *qөp qəp kixilər*» دېيىلىدۇ.

جِبْ qїp چىۋىق، ئىنچىكە ياش نوتا. بۇ سوز «جِبِقْ *qїbїk*» سوزىدىن قىسقارتىلغان. خۇددى «تُبْ *top*» سوزى «تُبِقْ *topїk*» سوزىدىن قىسقارتىلغانغا ئوخشاش.

جُبْ qөp چوپ، كەسمە. بِرْ جُبْ يِكِلْ *bir qөp yəgil* — بىر تال چوپ يىگىن. ئۇگرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

زَبْ زَبْ zəp zəp شىپ-شىپ، تېز، يۇمشاق قەدەم تاشلىغاندا چىققان ئاۋاز. زَبْ زَبْ بَرْغِلْ *zəp zəp barqїl* — شىپ-شىپ ماگفىن، تېز ماڭ.

سَبْ səp سەپ، كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئوي جاھازلىرى.

سِبْ sїp ئىككى ياشقا ماڭغان تاي.

شَبْ xap شاپ، پات، تېز، چاپسان. ئەرەبچىدىكى «هَلَّا» دېگەن سوزگە ئوخشاش. شَبْ كَلْ *xap kəl* — پات كەل.

قُبْ kop «خوپ، خوي، خېلى» دېگەندەك تەكىتلەش، ئاشۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سوز. اُغُلْ قُبْ بَدُودِي

oqul kop bədüdi — ئوغۇل خېلى چوڭ بولدى.
قُبْ اَذْكُو نانْكْ kop əzgü nəŋ — خوپ ياخشى نەرسە.

كُبْ kəp : كُبْ نانْكْ kəp nəŋ — كوپ نەرسە، بۈك-باراقسان نەرسە. كُبْ سَجْ kəp saq — كوپ (قويۇق، ئۆسكىلەڭ) چاچ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

كُبْ سُكُتْكا قُشْ قُنارْ
كُرْكْلُوكْ كِشِيكا سُوزْ كَلِيرْ

kəp səgütkə kux konar
kərklüg kixigə səz kəlir

بۈك-باراقسان سوگەتكە قۇش قونار،
چىرايلىق قىزغا سوز كېلەر.

بۇنىڭ «يِغاجْ اُوِجنكا يِيلْ تكير كُرْكْلُكْ كِشِيكا سُوزْ كَلِيرْ — yïoaq uqïŋa yəl təgir kərklüg kixigə səz kəlir دەرەخ ئۇچىغا يەل تېگەر، چىرايلىق قىزغا سوز كېلەر» دېگەن تۇرىمۇ بار. بۇ ماقال ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بَتْ pat چوكمە، دۇر.

بَتْ pat پات، چاپسان. بَتْ كَلْ pat kəl — پات كەل. «شَبْ كَلْ xap kəl» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. ئېغىر بىر نەرسە يەرگە

«پاق» قىلىپ چۈشسە، ئۇمۇ «پَتْ تُشْتِي» *pat tüxdi* دېيىلىدۇ.

پِتْ pït پىت. بۇغدايغا چۈشىدىغان ئۇششاق قۇرۇتقا «تَرِغْ پِتِي» *tariq pïti* دېيىلىدۇ.

چَتْ qat جاق-جۇق، جالاق-جۇلۇق. بىر نەرسە يەرگە چۈشكەندە چىققان ئاۋازنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز. چَتْ چَتْ اُرْدِي *qat qat urdi* — جاق-جۇق ئۇردى، يەنى ئۇرغاندا جالاق-جۇلۇق قىلغان ئاۋاز چىقتى.

چِتْ qït چىت. قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان چىت.

خَتْ xat جۈرئەت، جاسارەت. اَنِكْ نا خَتِي بار *aniŋ nə xati bar* — ئۇنىڭ نېمە جاسارىتى بار؟ بۇ سۆز بىلەن بىر كىمنىڭ يۈرەكسىز، جاسارەتسىز ئىكەنلىكىگە ئىما قىلىنىدۇ.

قَتْ kat قات، قەۋەت. تُونْ قَتِي *ton kati* — تون قېتى، قەۋىتى. تاغ قاتلاملىرىنى «قَدْراق» *kadrak* دېيىشمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

قَتْ kat قات، قاش، يان، ئوغۇزچە. بَكْ قَتِنْدا *bəg katinda* — بەگ قېشىدا، بەگ يېنىدا.

قُتْ kut قۇت، بەخت، دۆلەت. «قُتْلُغْ» *kutluq* سۆزىمۇ شۇنىڭدىن ياسالغان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُتْ قُفْغْ بِرْسا اِذِمْ قُولِنكا
كُنْدا اِشِي يُكْسَبَنْ يُوقارْ آغارْ

kut kuvıq bərsə izim kuliŋa
kündə ixi yüksəpən yukar aqar

[بەخت-دولەت بەرسە ئىگەم قولىغا،
كۈندە ئىشى يۈكسىلىپ يۇقۇرى ئۆرلەر.]

كُتْ kət كوت، قوڭ.

مَتْ mat//mət شۇندااق. تەكىت ئۇلانمىسى. آنْدَغْ مَتْ *andaq mat* — ھە، شۇنداق.

سَجْ saq چاچ.

سُجْ suq سۇس، گال. بىر نەرسىنىڭ ئىشقا يارامسىزلىقى.

قِلِجْ سُجْ قِلْدِي *kiliq suq kildi* — قىلىچ گاللىق قىلدى.

آرْ سُجْ قِلْدِي *ər suq kildi* — ئادەم سۇسلۇق قىلدى، يەنى ئىشنى ئۇستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى.

قَجْ kaq قانچە. سوراق ئالمىشى. قَجْ يرْماقْ بِيرْدِي *kaq yarmak bərdi* — قانچە يارماق بەردى؟

قُجْ koq قوچقار، ئوغۇزچە. ئەسلى «قُجْنكارْ *koqŋar*».

قَجْ kaq قاىچە. قَجْ قَتا اَيْدِمْ kaq kata aydïm — قاىچە قاتا ئېيتتىم.

كُجْ kөq كوچ. سُو كُجْتِي sü kөqti — قوشۇن كوچتى.

كُجْ kөq دەم، پەيت، كەز. بِيرْ كُجْ كُذْكِلْ bir kөq küzgil — بىردەم كۈتكىن، بىر ئاز كۈت.

هَجْهَجْ həq həq تىك - تىك. ئات بېشىنى تۇتقۇزماي شاشلىق قىلغاندا يۇۋاشلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز. بۇ ئەرەپچىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ سۆزدە تۈركى تىل قائىدىسىگە يات «ھ - h» ھەرپى بار؛ تۈركى تىلدا بۇ ھەرپ يوق.

كَذْ kəd بۇ سۆز «د - d» بىلەنمۇ، «ذ - ż» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكىتلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن «قالتىس» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كَذْ اَتْ kəż at — قالتىس ئات. كَذْ نانْكْ kəż nəŋ — قالتىس نەرسە.

بِرْ bir بىر، سانلىق سان. بِرْ يَرْمَاقْ bir yarmak — بىر يارماق. بۇ سۆزنى مەنقۇس بابىغا كىرگۈزۈپ، «بِيرْ bīr» دەپ سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق سۆزلەر ئاز ئەمەس. لېكىن تۈركى تىلدا سۆز ئېيتىلىشتا ئەپلىك، يېزىلىشتا ئىخچام بولغىنى ياخشى.

تَرْ tər تەر، تېرىكىش. اَرْ تَرْ بُلْدِي ər tər boldï — ئادەم

تەر بولدى، يەنى تېرىكتى. بۇ سوز «اِرْ بُلْدِى īr boldi» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

جَرْ qər بەدەننىڭ ئېغىرلاشقانلىغىنى بىلدۈرىدىغان بىر سوز. اَرْ جَرْلَنْدِى ər qərləndi ــــ ئادەمنىڭ بەدىنى ئېغىرلاشتى. خاقانىيە تىلىدا.

جَرْ qər ۋاقىت، چاغ، ئوغۇزچە. بُو جَرْلِكْ دا كَلْ bu qərlikdə kəl ــــ بۇ ۋاقىتتا كەل.

جَرْ qər يۈزمۇ ـ يۈز، ئۇدۇل. اَنِكْ اَفِي بُو جَرْلِكْ دا anin̡ əvi bu qərlikdə ــــ ئۇنىڭ ئۆيى ئۇدۇل تەرەپتە. جەڭدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى تىزىلغان سەپلەرمۇ «جَرِكْ qərik» دېيىلىدۇ.

جِرْ qir جىرت. كىيىم يىرتىلغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. اُلْ تُونِنْ جِرْ يِرْتِي ol tonïn qir yirtti ــــ ئۇ تونىنى جىرت قىلىپ يىرتتى.

جُرْ qür مەنپەئەت، نەپ. اُلْ اَنْدِنْ نَانْكْ جُرْلَادِي ol andïn nən̡ qürlədi ــــ ئۇ ئۇنىڭدىن نەرسە ئۇندۇردى، نەپ ئالدى.

جُرْجُرْ qor qor چور ـ چور. سۈت ساققاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسىنىڭ ئاققان ئاۋازىمۇ مۇشۇ سوز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

جِرْ qir ياغ. آشِجْتا جِرْ يُوقْ *axïqta qir yok* —— قازاندا ياغ يوق. بُو آتّا جِرْ يُوقْ *bu ətta qir yok* —— بۇ ئەتتە (گوشتە) ياغ يوق.

جَرجُرْ qar qur شاپ - شۇپ. اُلْ جَرجُرْ يِيدِي *ol qarqur yədi* —— ئۇ شاپ - شۇپلا يەۋەتتى.

سِرْ sïr چىر - چىر. چېكەتكىنىڭ ئاۋازى. سِرْ سِرْ اِتّي *sïr* —— *sïr ətti* چىرىلدىدى. قەلەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە-لەردىن چىققان ئاۋازمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سِرْ sïr سىر. چىنىلىقلار قاچىنى نەقىشلەپ سىرلايدىغان بىر خىل يېلىملىق بوياق. سِرلِغْ آياقْ *sïrlïq ayak* —— سىرلىق ئاياق (قاچا).

شَرْشَرْ xar xar شار - شار. قاتتىق يامغۇر ئاۋازى. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسىنىڭ ئاققان ئاۋازىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن بىلدۈ-رۈلىدۇ. بۇ سۆزدىكى «ش - *x*» تاۋۇشى «ج - *q*» دىن ئالماشقان.

قَرْقُرْ : kar kur قَرْقُرْ اِتّي قَرِنْ *kar kur ətti karïn* —— قېرىن (قوساق) غورۇلدىدى. بۇ سۆز ئېيتىلىش جەھەتتىنمۇ، مەنە جەھەتتىنمۇ ئەرەپچە سۆزدەك قىلىدۇ.

قُرْ kur قۇر، مەرتىۋە. مَنِكْ قُرِمْ الُغْ *məniŋ kurïm uluq* —— مېنىڭ مەرتىۋەم ئۇلۇغ (يۇقىرى).

قُرْ kur قۇر، بەلۋاغ. اِجْ قُرْ *iq kur* — ئىشتانباغ، بوقۇچ.

قِرْ kïr: قِرْ يَغِي *kïr yaƣi* — قىر يېغى، ئەشەددى ياۋ.

قِرْ kïr: قِرْ آتْ *kïr at* — بوز ئات.

قِرْ kïr قىر، تىرگەن.

قِرْ kïr قىر، توپىلىك، دوڭ.

كُرْ kür جەسۇر. كُرْ آرْ *kür ər* — جەسۇر ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كِمْ كُرْ بُلْسَا كُڤَازْ بُلُورْ — *kim kür bolsa kəvəz bolur* كىم جەسۇر بولسا، شۇ مەغرۇر بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آرْتِشْ سُڤِي يِمَاكِي
سِتْغَبْ تُتَرْ بِلاَكِي
كُرْمَتْ اَنِكْ يُرَاكِي
كَلْكَالِمَتْ اِرْكِشُورْ

ərtix suvï yəməki
sïtoƣap tutar biləki
kürmət aniŋ yürəki
kəlgəlimət irkixür

[ئېرتىش سۈيى (بويىدىكى) يەمەكلەر،
بىلەكلىرىنى شىمايلاۋاتىدۇ،
(ئۇلار) يۈرەكلىرىنى قاپتەك قىلىشىپ،
(بىزگە) كەلگىلى توپلىنىشماقتا.]

يەمەك — قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى. شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار بىلەكلىرىنى چىڭ تۈرۈپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىشكە توپلانماقتا.

بِزْ biz بىز. بِزْ كَلْدِيمِزْ *biz kəldimiz* — بىز كەلدۇق.

تُزْ tüz تۈز. تُزْ يِيرْ *tüz yər* — تۈز يەر.

جُزْ qüz زەرباپ. چىندا ئىشلەنگەن، قىزىل رەڭلىك، زەر بېسىلغان يىپەك رەخت.

قُزْ kuz قۇز، تەسكەي. قُزْ تَاغْ *kuz taq* — تەسكەي تاغ. كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ئاپتاپ تېگمەيدىغان تاغ. ئۇ كۈننىڭ سول تەرىپىدە قالىدۇ. ئۇنىڭدا ھېمىشە قار ئۇكسۇمەيدۇ ۋە سوغاق بولىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قُزْدَا قَارْ آكْسُومَاسْ قُويْدَا يَاغْ آكْسُومَاسْ — *kuzda kar əksümas koyda yaq əksümas* تەسكەيدە قار ئۇكسۇمەس، قويدا ياغ ئۇكسۇمەس.

قِزْ kiz قىممەت. قِزْ نَانْكْ *kiz nəŋ* — قىممەت نەرسە. بُو آتْ قِزْ آلْدِيمْ *bu at kiz aldim* — بۇ ئاتنى قىممەت ئالدىم.

قِزْ kïz چورە. قِزْ قِرْقِنْ *kïz kïrkïn* — چورىلەر.

قِزْ kïz : مَنِنكْ قِزِمْ *mən.ŋ kïzïm* — مېنىڭ قىزىم. اُوْ قِزِی *əw kïzï* — ئۇ قىزى. يِنْجْكا قِزْ *yinqkə kïz* — بويىغا يەتكەن قىز. بۇ سۆز ئازات قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چورىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە «بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز» دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئېيتىلغان كۆچمە مەنىلەردۇر.

قِزْ kïz : قِزْ قُشْ *kïz kux* — كۆكتاغاق. ئادەمنىڭ ئۈستىگە قونمىغاندەك پەس ئۇچىدىغان قۇش.

قِزْ kïz : قِزْ كِشِی *kïz kixi* — بېخىل كىشى. ئارغۇچە ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِزْ كِشِی سَاوِی يُورِغْلِی بُلْمَاسْ — *kïz kixi savï yorïqlï bolmas* — بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس. بۇ ماقال كىشىلەرنى ياخشى نام چىقىرىپ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن، سېخى بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

كَزْ kəz كېيىن، ئارقا. اُقْ كَزِی *ok kəzi* — ئوقنىڭ كەينى.

گَزْ kəz گەز. سۆت ۋە ئۇنىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن قازان تېگىگە يېپىشىپ قالىدىغان گەز. اَشِجْ كَزِی — *axïq kəzi* — قازان گېزى.

گَزْ kəz كەس. چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت.

كُزْ küz كۈز، كۈز پەسلى.

كِزْ kiz قۇتا، قاپچۇق، ساندۇق قاتارلىق نەرسىلەر. كِزْداكِى كِزْ يِپارْ *kizdəki kin yipar*① — قۇتىدىكى كىندىك ئىپار، قۇتىدا ساقلانغان كىندىك ئىپار. بۇ ماقال خوتۇن-قىزلارنىڭ ئاغزىنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئىپارغا ئوخشاتقاندا ئېيتىلىدۇ.

مِزْ miz بىز. بۇ سۆزدىكى «م - *m*» ھەرپى «ب - *b*»نىڭ ئورنىغا ئالماشقان، «ب - *b*» ھەرپى پەقەت سۆز بېشىدىلا كېلىدۇ. مەسىلەن: بِزْ بَرْدِمِزْ *biz bardimiz* — بىز باردۇق؛ «كَلْدِمِزْ *kəldimiz*» سۆزىمۇ «كەلدۇق» دېگەن بولىدۇ. بۇ قائىدە ھەممە ئىسىملار ۋە پېئىللارغا بىردەك ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: «آتِمِزْ *atimiz* — (مىنىدىغان) ئېتىمىز» دېگەنگە ئوخشاش.

بِسْ bis دۇغ. تۇلۇم ۋە چاناچلارنىڭ تېگىگە ئولتۇرۇپ قالغان لايقا.

تَسْ təs ئاشۇرۇش قوشۇمچىسى. ئوغۇزچە. ئوغۇزلار يۇمۇلاق

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە «كِزْ يِپارْ» شەكلىدە يېزىلىپ، «نافِجَةُ مِسْكْ — كىندىك ئىپار» دەپ ئىزاھلانغان. بىز بۇ سۆزنىڭ يازما نۇسخا 171 - بەت 12 - قۇردا «كِنْ يِپارْ» دەپ يېزىلىپ، يەنىلا «نافِجَةُ مِسْكْ — كىندىك ئىپار» دەپ ئىزاھلانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*kin yipar*» دەپ ئالدۇق.

ئەرسىنى مۇبالىغە قىلىپ سوزلىمەكچى بولسا، «تَشْ تَگِرْما «təs təgirmə» دەيدۇ. بۇ «يۇپ - يۇمىۇلاق» دىگەن بو-لىدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپ. چۈنكى ئەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى كوپئىتۇرۇپ سوزلىمەكچى بولغاندا، سوزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا «ب - p» ھەرپىنى قوشۇش پۈتۈن تۈركى تىللاردا ئورتاق قائىدە. ئوغۇزلار «ب - p» ئورنىغا «م - m» ھەرپىنى قوشىدۇ. قېنىق كوك رەڭلىك ئەرسىنى تۈركلەر «كُبْ كُوكْ» kəp kək» دىسە، ئوغۇزلار «كُمْ كُوكْ kəm kək» دەيدۇ. يەنى تۈركلەر «كوك» سوزىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا «ب - p» ھەرپىنى قوشۇپ، «كُبْ kəp» شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئاشۇرۇش قو-شۇمچىسى. بۇنىڭدىن كېيىن رەڭنىڭ ئىسمىنى كەلتۈرۇپ، «كُبْ كُوكْ» دەيدۇ. ئوغۇزلار «ب - p» ھەرپىنى «م - m» غا ئالماشتۇرۇپ، «كُمْ كُوكْ» دەيدۇ. بۇ «قېنىق كوك» دىگەن بولىدۇ.

سېرىق ئەرسە «سَرِغْ sarïq»، توق سېرىق ئەرسە «سَبْ سَرِغْ sap sarïq» دىيىلىدۇ. بۇنىڭدا «سَرِغْ» سوزىنىڭ «س - s» ھەرپى ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا «ب - p» ھەرپى قوشۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇرۇش قوشۇمچىسى ياسالغان. ئاندىن رەڭنى بىلدۈرىدىغان سوز كەلتۈرۈلگەن. خۇددى شۇنىڭدەك، بوش، ئوچۇق يەر «يَزِي yazi — يېزىق» دىيىلىدۇ. بۇنىڭ سۇپىتىنى ئاشۇرۇپ كورسەتمەك-

چى بولغاندا، «يَبْ يَزِى *yap yazï*» دېيىلىدۇ. ھەممە ئاشۇرما سۆپەتلەر مۇشۇ يول بىلەن ياسىلىدۇ. لېكىن «ب ـ *p*» ھەرپىنى «س ـ *s*» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇش قائىدىگە ياتتۇر.

تَسْ tas يامان، پەس نەرسە. ئوغۇزچە. بُو اَتْ تَسْ تَگُلْ *bu at tas təgül* — بۇ ئات يامان ئەمەس.

تُسْ تُسْ tus tus تاس ـ تۇس. كىگىز ۋە تونغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەرنى ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. تُسْ تُسْ اُرْدِى *tus tus urdï* — تاس ـ تۇس ئۇردى.

كَسْ kəs كېسىم، توغرام. ھەرقانداق نەرسىنىڭ پارچىسى. بِيرْ كَسْ اَتْمَاكْ *bir kəs ətmək* — بىر توغرام نان.

كَسْ kəs كېسەك، چالما. تەرەت سىندۇرغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

كِسْ kis خوتۇن، ئۆي كىشىسى. اَنِكْ كِسِى *aniŋ kisi* — ئۇنىڭ خوتۇنى. بەزىلەر بۇ سۆزنى ئىزافەتلىك قىلىپ (تارتىم قوشۇمچىسى قوشۇپ)، «اُلْ كِسِى اَلْدِى *ol kisi aldï* — ئۇ خوتۇن ئالدى» دەپ ئىشلىتىدۇ.

بُشْ box بوش. بُشْ يِلْقِى *box yïlkï* — بوش يىلقا. بۇ سۆزدىن ئېلىنىپ «اُلْ اِشْلَارْ بُشْ *ol ixlər box*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇ خوتۇن بوش، يەنى قويۇۋېتىلگەن»

دېگەن بولىدۇ. اُلْ قُلْ بُشْ قِلْدِي *ol kul box kildi* — ئۇ قۇلنى بوشاتتى، ئازات قىلدى. ئومۇمەن، «ئەركىن، ئازات» دېگەن مەنە «بُشْ» *box* دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: بُشْ نَانْكْكَا اِذِي بُلْمَاسْ *box nəŋgə izi bolmas* — بوش (تۇرغان) نەرسىگە ئىگە بولماس. بۇ ماقال ئۆز مىلىتىنى ئوبدان ساقلاشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

تُشْ tüx تۈش ~ چۈش. سەپەردە دەم ئالىدىغان ئورۇن ياكى ۋاقىت. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ «تُشْ اُوذِي» *tüx uzi* دېيىلىدۇ. بۇ «چۈشۈش ۋاقتى»، «چۈش ۋاقتى» دېگەن بولىدۇ.

جَشْ qəx چەش. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَرَتِّي يَشِلْ جَشْ
سَوُرْدِي اُرُنْكْ قَشْ
تِزِلْدِي قَرَا قُشْ
تُنْ كُنْ اُزَا يُرْكَنُورْ

yaratti yaxil qəx
savurdi ürüŋ kax
tizildi kara kux
tün kün üzə yərgənür

[يېشىل چەش (ئاسمان) ياراتتى،
(ئۇنىڭغا) ئاق قاشتېشىنى چاچتى،
قارا قۇش (مىزان يۇلتۇزى) تىزىلدى،
تۈن كۈنگە يۆگىلىدۇ.]

ئاسماننى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تەڭرى ئاسماننى چەش رەڭگىدە ياراتتى، ئۇنى ئۈزۈككە كۆز قىلىنغاندەك ئۈرۈڭ قاش (تاش) تەك يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدى؛ مىزان يۇلتۇز (تۈركلەر ئۇنى «قارا قۇش» دەيدۇ) تىزىلدى. كېچە بىلەن كۈندۈز بىر-بىرىنى يۆگىدى، ئورىۋالدى.

چِشْچِشْ qix qix چىش-چىش. ئاياللار بالىنى سىيدۈرمەكچى بولغاندا ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز. ئات مىنگەن كىشىمۇ ئاتنى مىنىپ كەلگەندىن كېيىن سىيدۈرمەكچى بولغاندا شۇنداق دەيدۇ.

سِشْ sïx شىش، زىخ. چۈپ خېمىرى تىزىلىدىغان نەرسىمۇ «سِشْ sïx» دېيىلىدۇ.

قُشْ kux قۇش. بۇ تۈرداش ئىسىم، كېيىن ئايرىم سۆزلەر قوشۇلۇپ ئۇلار بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلىدۇ. ئُرُنْكْ قُشْ ürüŋ kux — ئاق لاچىن. قَرا قُشْ kara kux — قارىقۇش. تَڤَى قُشْ təvə kux — تۆگىقۇش. يُنْ قُشْ yun küx — تۇز. اِيلْ قُشْ əl kux — تاسقارا.[1] ئاندىن قالسا، مۇشتەرى يۇلتۇزىمۇ «قَرا قُشْ kara kux»

دېيىلىدۇ. مۇشتەرى يۇلتۇزى چىقسا، «قَرا قُشْ تُغْدى *kara kux tuqdi*» دېيىلىدۇ. بۇ يۇلتۇز ئۇ ياقلاردا تاڭ ۋاقتىدا چىقىدۇ. ئوغۇزلار توگە يۇتلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ «قَرا قُشْ *kara kux*» دەيدۇ. قِزْ قُشْ *kiz kux* — پەيلىرىنىڭ رەڭگى خامىلىيونغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل قۇش.

قِشْ kix قىش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِشْ قُنُقِي اوُتْ *kix konuki ot* — قىشنىڭ زىياپىتى ئوت.

تَفْ təf ھىلە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَقْجِي نَجا اَلْ بِلْسا اَذِغْ اَنْجا يُولْ بِلِيرْ *avqi nəqə al bilsə aziq anqa yol bilir*[①] ئوۋچى قانچە ھىلە بىلسە، ئېيىق شۇنچە يول بىلىدۇ.

جِفْ qif چىپ. شاراپ كوزىدا بۇژۇلداپ قايناۋاتقاندا چىققان ئاۋاز.

قِڤْ kiv بەخت، دۆلەت.

تُقْ tok : تُقْ كِشِي *tok kixi* — توق ئادەم. تُقْ اَرْ *tok ər* — چېچىنى تۇرۇكلەر قويغاندەك قويغان تىقىر باشى ئادەم. تُقْ يِلْقِي *tok yilki* — توقال (مۈڭگۈزسىز) ھايۋان.

---

① بۇ ماقال «تَفْ» سۆزىگە مىسال قىلىپ ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «تَفْ» ئورنىغا «ھىلە، ئادام» مەنىسىدىكى «اَلْ *al*» سۆزى يېزىلغان.

تُقْ تُقْ اَتّي *toķ toķ ətti* — (تاش تاشقا ئۇرۇلغانداك)
توق - توق قىلدى. اَرْ كِشّي بِرْلا تُقْ تُقْ بُلْدي *ər* —
kissi birlə toķ toķ boldï ئەر خوتۇنى بىلەن دوق قى-
لىشتى، يەنى تاكاللىشىپ قالدى.

جَقْ qaķ «دەل، خۇددى» دىگەنگە ئوخشاش بىر نەرسە-
نىڭ نەق ئۆزىنى بىلدۈرىدىغان سوز. جَقْ اُلْ اَتْني
تُتْغِلْ *qaķ ol atnï tutqïl* — دەل شۇ ئاتنى تۇتقىن.
جَقْ اَمَجْني اُرْغِلْ *qaķ amaqnï urqïl* — دەل نىشانغا
ئۇرغىن.

جَقْ جُقْ qaķ quķ چاق - چۇق، قارس - قۇرس. ئوتۇن، سو-
گەك ۋە ياغاققا ئوخشاش نەرسىلەر سۇندۇرۇلغاندا چىقىدىغان
ئاۋاز. «جَقْ جُقْ اَتّي *qaķ quķ ətti* — چاق - چۇق
قىلدى» دىگەنگە ئوخشاش.

جَقْ qaķ غىلىڭ. بۇمۇ ئاۋازنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سوز.
اُلْ اَنّي اُرْدي جَقْ اَتْمَدي *ol anï urdï qaķ* —
ətmədi ئۇ ئۇنى ئۇردى، (ئۇ) غىلىڭ قىلمىدى.

زَقْ زَقْ zaķ zaķ زاق - زاق، جاق - جاق. قوچقارلارنى ئۈ-
سۈشۈشكە ئۈندىگەندە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سوز.

سَقْ سَقْ saķ saķ ساق بول، سەگەك بول. دۈشمەندىن قەلئە،

قورغان ۋە ئاتلارنى ساقلايدىغان نوۋەتچى ۋە كۆ-
زەتچىلەرنى سەگەك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدىغان سۆز.
«سَقْ سَقْ» *sak sak* دېگەن «ھۇشيار بولۇڭلار» دېگەن
بولىدۇ. ھۇشيار، سەگەك ئادەممۇ «سَقْ اَرْ» *sak ər*»
دېيىلىدۇ.

سُقْ suk : سُقْ يَلْنُكُوسْ اَرْ *suk yalŋus ər* — ياپ-يالغۇز ئادەم، ياردەمچىسى ۋە ھەمراسى يوق ئادەم.

بَكْ bək بەك، چىڭ. بَكْ نانْكْ *bək nəŋ* — بەك نەرسە.

بُكْ bük بۈك، بۈك-باراقسانلىق.

بُكْ bük بۆلۈك، بۆرجەك. ئارغۇچە.

تَكْ tək مۇنداقلا، ئانچىكىم؛ تېچ، شۈك. تَكْ كَلْدِمْ *tək kəldim* — ھېچبىر مەقسەتسىز، مۇنداقلا كەلدىم. تَكْ تُرْ *tək tur* — تېچ تۇر، شۈك تۇر. ئوغۇزچە.

جَلْ جُلْ qal qul چال-چۇل رەخت.

جُكْ جُكْ qөk qөk چۆك-چۆك. توگىنى چۆكتۈرۈشتە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

جِكْ جِكْ qik qik چىك-چىك. ئوغلاقنى قىچقارغاندا ياكى ھەيدىگەندە ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

جِكْ qik چىك، چىككە، ئوشۇق ئويۇنىدا ئوشۇق ئوڭدا ياتسا،

«جاكْ تُرْدِي qik turdï» دېيىلىدۇ.

دُكْ dük: دُكْ اُرْدِي dük urdï — دۈك ئۇردى، مۇشت بىلەن ئاستا ئۇردى.

دُكْ dük: دُكْ مِنْكْ dük miŋ — مىڭلارچە. دُكْ مِنْكْ يَرْماقْ dük miŋ yarmak — مىڭلارچە يارماق.

دِكْ dik تىك. دِكْ تُرْدِي dik turdï — تىك تۇردى.

سِكْ sik ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى. مەھمۇت ئېيتىدۇكى: ئەدەپ ساقلاش ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ كىتاۋىغا ھورمەت بىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىلىمسىز ئەرلەر ۋە ئاياللار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇغان كىشى «وَآتَتْ كُلَّ وَاحِدَةٍ مِنْهُنَّ سِكِّينًا»، «مَا يَفْتَحِ اللّٰهُ لِلنَّاسِ مِنْ رَحْمَةٍ فَلَا مُمْسِكَ لَهَا وَمَا يُمْسِكْ فَلَا مُرْسِلَ لَهُ مِنْ بَعْدِهِ» ئايەتلىرىنى پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىغانلىقتىن، بەزى سۆزلەرنى ئۆز تىلىدىكىدەك چۈشىنىپ، كۈلۈۋېتىپ گۇناكار بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە «إِنْ هٰذَا إِلَّا اخْتِلَاقٌ» ئايىتىنى ئوقۇغاندىمۇ ئاۋازنى پەسەيتىش كېرەك. چۈنكى تۈركى تىلدا ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى «تِلَاقْ tïlak» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك بىلىمسىز ئوغۇزلار يېنىدا «ءَأَنْتُمْ أَنْزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ

اَلْمُنْزِلُونَ» ئايىتىنى ئوقۇغاندىمۇ سوراق قوشۇمچىسى بولغان «اَمْ» سوزىنى پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇش كېرەك. چۈنكى ئوغۇزلارنىڭ تىلىدا ئايالـلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى «اَمْ *əm* » دېيىلىدۇ. سوزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنەلـمىگەنلەر ئالدىدا بۇ ئايەتلەرنى قائىدىگە ئۇيغۇن ئوقۇسا بولىدۇ.

شُكْ xük شۈك. تىنجىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سوز. تۈرك-لەر «جىم تۇر» دېگەننى «شُكْ تُرْ *xük tur*» دەيدۇ.

مُكْ mük مۈكچەيدى. اُلْ مُكْ تُرْدِي *ol mük turdi* — ئۇ مۈكچىيىپ تۇردى.

بُلْ bul بۇل. بُلْ آتْ *bul at* — ئاق پاچاق ئات. پىشانە-سىدە قاشقىسى بار ئات «اَغَرْ بُلْ *uqar bul*» دېيىلىدۇ. ئۈزۈن يىللار تۇرۇپ قېلىپ تەمى بۇزۇلغان بۇغداي «بُلْ تَرِغْ *bul tariq*» دېيىلىدۇ. يامغۇردا قېلىپ نەم ئوتۇپ كەتكەن بۇغدايمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. زامانىنىڭ ئوتۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان نەرسىلەرمۇ «بُلْ *bul*» دېيىلىدۇ. بۇ سوز تەلەپپۇزدا ۋە مەنىدە ئەرەپچىگە يېقىن. چىرىگەن نەرسە ئەرەپچىدە «بَلِيّ» دېيىلسە، تۈركچىدە «بُلْ» دېيىلىدۇ.

تِلْ tïl تىل. اُلْ اَنكَرْ تِلْ تَكُرْدِي *ol aŋar tïl təgürdi* — ئۇ ئۇنىڭغا تىل تەككۈزدى.

تِلْ til تىل. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَرْدَمْ بَشِي تِلْ
ərdəm baxī til — ئەدەپ ـ ئەردەم بېشى تىل. بۇ
ماقال ئەرەبچىدىكى «اَلْمَرْءُ مَخْبُوٌّ تَحْتَ لِسَانِهِ»
دىگەن ماقالغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە «ياخشى سۆز»
نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

تِلْ til تىل، سۆز، لۇغەت. مەسىلەن: «اُغُزْ تِلِي *oquz*
tili — ئوغۇز تىلى»، «يَبَاقُو تِلِي *yabaku tili* —
ياباقۇ تىلى» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن
ئەرەبچىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئەرەبچىدە «لىسان»
سۆزى «سۆز ۋە لۇغەت» مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن «اِنِّي اَتَتْنِي لِسَانٌ لاَاُسَرُّ بِهَامِنْ عُلْوٍ لاَعَجَبٌ
فِيهَا وَلاَسَخَرٌ» دىگەن مىسالدا «لىسان» سۆزى «سۆز»
دىگەن مەنىدە كەلگەن.

تِلْ til تىل. دۈشمەندىن ئېلىنغان ئەسىر. تِلْ تُتْتِيمْ
til tuttim — تىل تۇتتۇم، يەنى دۈشمەن ئەھۋالىنى
بىلىش ئۈچۈن ئەسىر تۇتتۇم.

جِلْ qil كوك، تاياق ئىزى، تېرىگە چۈشكەن تاياق ئىزى.

شَلْ شُلْ xəl xül : شَلْ شُلْ اَلِكْلِكْ *xəl xül əliklig* —
قولى قولاشمايدىغان ئادەم، يارامسىز ئادەم.

قُلْ kul قۇل. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُلْ يَغِي اِتْ بُرِي

kul yaqi īt bori — قۇل يىغا، ئىت بورە. قۇل ئۆز ئىگىسىنىڭ ئېلىنى قولغا كىرگۈزسە، يوقۇتۇۋېتىدۇ؛ پۇرسەت تاپسىلا قېچىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئىتمۇ ئۆي ئىگىسى ئۈچۈن بورىدۇر. چۈنكى ئۇ يەيدىغان نەرسە تاپسا، ئۇ-نىڭدىن ئۆزىنى تىيالمايدۇ. بۇ ماقال قۇلنىڭ خوجايىنىغا ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

قِلْ kīl قىل، تۈك. ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تۈكى.

قِلْ قُشْ kīl kux — ئەتىيازدا كېلىدىغان، ئودەككە ئوخشاش بىر خىل قۇش. بەگلەر ئەتىيازدا ئۇنى بىر-بىرىگە سوغا قىلىدۇ. ئۇنى «قِلْ قُدْرُق kil kuẓruk — قىل قۇي-رۇق» دەپمۇ ئاتايدۇ.

كُلْ kül كۆل. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُلْ اُرْكُنْجا كُوز اُرْسا يِياكْ kül ürgünqə kəz ürsə yəg — كۆل پۈۋلىگۈچە، چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك. بۇ ماقال كىشىلەرنى كىچىك ئىشنى تاشلاپ، چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تَمْ təm دەم، تىرەك. قَبُغْ تَمْلَتِى kapuq təmlədi① — قوۋۇق دەملىدى، يەنى ئىشىككە دەم سالدى.

---

① بېسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئەسلىدە «تَملدى» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن خاتا تۈزىتىلىپ «تَملتى» قىلىپ قويۇلغان.

تُمْ tum سوغاق، تۇم ـ سوغاق. بۇ سوز ئەسلىدە «سوغاق» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، لېكىن «سوغاق ۋە سوغ نەرسە» دېگەن مەنىلەردە «تُمْلُغْ tumluq» سوزىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تُمْ tum تۇم. ھايۋانلارنىڭ رەڭگىنى بىلدۇرۇشتە «تۇق» دېگەن مەنىنى بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى سوز. تُمْ قَرَا اَتْ *tum kara at* — تۇم قارا ئات. تُمْ تُرُغْ اَتْ *tum toruq at* — تۇم توروق ئات.

جِمْ qīm بەك، راسا، تازا، بىر نەرسىنىڭ ياش ياكى خام ئىكەنلىكىنى ئاشۇرۇپ كورسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سوز. جِمْ يِيكْ اَتْ *qīm yik ət* — بەك خام گوش؛ جِمْ اُلْ تُونْ *qīm əl ton* — تازا ھول تون.

جِمْ qīm چىم. يەردىن ئورۇۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، تۇتۇرۇق قىلىنىدىغان ئوت. جِمْ بِجْتِي *qīm piqti* — چىم چاپتى.

سُمْ süm بەك. سُمْ سُجُكْ نَانْكْ *süm süqük nəŋ* — بەك تاتلىق نەرسە. ئوغۇزچە.

قُمْ kum قۇم. چىگىلچە. بۇنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ.

كَمْ kəm كېسەل. اَتْ كَمْلَنْدِي *at kəmləndi* — ئات كېسەل بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

كُمْ kɵm كوك رەڭگىنى ئاشۇرۇپ كورسىتىش قوشۇمچىسى.
كُمْ كُوكْ *kɵm kɵk* — كوپ - كوك. ئوغۇزچە.

كِمْ kim كىم. سوراق ئالمىشى. ئەرەپچىدە بۇنىڭ تەگدىشى «مَنْ». بُو كِيمْ *bu kim* — بۇ كىم؟ بۇ سوز بىرلىك ۋە كوپلۇك ئۈچۈن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. ئوغۇزلار «بُويْ كِيمْ» *boy kim* دەيدۇ. بۇ «قايسى قەبىلە» دىگەن بولىدۇ. «بُويْ» *boy* سوزى تۇرداش ئىسىم.

بَنْ bən مەن. بَنْ بَرْدِمْ *bən bardïm* — مەن باردىم. ئوغۇزچە. تۈركلەر «مَنْ» *mən* دەيدۇ.

تُنْ tün تۈن، كېچە. تُونْلا كَلْدِمْ *tünlə kəldim* — تۈن بىلەن كەلدىم.

تِنْ tïn تىن. تىنىق، نەپەس؛ روھ، جان. اَنِكْ تِنِي كَسِلْدِي *aniŋ tïnï kəsildi* — ئۇنىڭ تىنىقى كېسىلدى، يەنى ئۇ جان ئۈزدى.

تِنْ tin يۈگەن. تِنْ تِزْكِنْ *tin tizgin* — يۈگەن - تىزگىن.

چِنْ qïn چىن، راست. چِنْ سُوزْلَارْ *qïn sozlər* — چىن سوزلەيدۇ، يەنى راست سوزلەيدۇ. چِنْ اَيْدِنْكْ *qïn aydïŋ* — راست ئېيتتىڭ.

سَنْ sən سەن. تۈركلەر بۇ سۆزنى باللارغا، خىزمەتچىلەرگە،
ياشتا ۋە مەرتىۋىدە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە ئىشلىتىدۇ،
ئۆزلىرىدىن چوڭ، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى «سِزْ *siz*»
دەيدۇ. ئوغۇزلار بۇنىڭ ئەتۈرسىچە، چوڭلارنى
«سَن *sən*»، كىچىكلەرنى «سِزْ *siz*» دەيدۇ. كۆپلۈك
ئۈچۈنمۇ «سِزْ *siz*» ئىشلىتىلىدۇ. قائىدىمۇ شۇنداق،
چۈنكى «سِزْ *siz*» كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

قِنْ kin قىن. پىچاق ۋە قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىنى.
قِلِجْ قِينِي *kiliq kini* — قىلىچ قىنى.

كَنْ kən كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا
«كەن *kən*» سۆزى قوشۇلىدۇ. بۇ سۆز «كَنْدْ *kənd*»
سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلىدۇر.

كُنْ kün كۈن، قۇياش. كُنْ تُغْدِي *kün tuqdi* — كۈن
تۇغدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُنْكَا بَقْسا كُوزْ قَمارْ
küngə baksa kəz kamar — كۈنگە باقسا، كۆز قاماشار.

كُنْ kün كۈن — كۈندۈز. بُو كُنْ بَرْغِلْ *bu kün barqil* —
بۇگۈن بارغىن. «كۈن — كۈندۈز» كۈننىڭ نۇرى بىلەن
ھاسىل بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

كِنْ يِپارْ kin yipar كىندىك ئىپار.

مَنْ mən مەن. تۈركچە.

مُنْ mün شورپا. مەن ياغمىلاردىن ئاڭلىدىم: ئۇلار «شورپا كەلتۈر» دېيىشىنىڭ ئورنىغا «مُنْ كَلْدُرْ» «*mün kəldür*» دەيدۇ ۋە ئۇگرىلىك شورپا كەلتۈرىدۇ.

بۇ ئىسىملارنى تۈركى يېزىق بىلەن يازغاندا، بىر هەرپى لىن قوشۇپ يېزىشقىمۇ بولاتتى. لېكىن جانلىق تىلدا مەن يازغاندەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ئىككى هەرپلىك سالىم سوزلەر تۈگىدى.

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعْل fə'l، فُعْل fu'l، فِعْل fi'l شەكىللىرىدە باش ھەرپلىرى ھەر خىل ھەرىكىلىك ۋە ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى

بَرْتْ bart شاراپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان كەمچەن.

يَرْتْ part (yart?)[1] سۇ ئىچىدىغان قاچا. ئوغۇزچە.

يرت يرت part purt (yart yurt?): يَرْتْ يُرْتْ تُتّي — *part purt tutti* كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

بُرْتْ burt قارا بېسىش. شۇنىڭدەك «كىتتى[2] بُرْتْ» دېيىلىدۇ.

---

① بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سوزلەم يازما نۇسخىدا «يَرْتْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز سوزلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە كېلىشىگە ۋە مەنىسىگە ئاساسەن «بَرْتْ» بولۇشى كېرەك، دەپ ھىساپلىدۇق ۋە «*part*» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ يېزىلىشى ئېنىق ئەمەس.

بِرتْ bərt بېرىم. قوُلنىڭ ھەر يىلى قوُل ئىگىسىگە بېرىدىغان بېرىمى. بوُ سوزنى «ى - يا» بىلەن «بِيرتْ» شەكلىدە يازغان توُزوُك.

تِرتْ tirt تىرت. اَنِكْ تونِنْ تِرتْ تِرتْ يِرتِي — aniŋ tonin tirt tirt yirtti ئوُنىڭ تونىنى تىرت - تىرت قىلىپ يىرتتى.

تُرتْ tərt توت. تُرتْ يَرماق tərt yarmak — توت يارماق. بوُ سوزنى «و - ۋاۋ» بىلەن «تُورتْ» شەكلىدە يازغان توُزوُك.

جَرتْ جُرتْ qart qurt ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئوُششىقى، ئوُۋنىقى.

جَرتْ qart بىر ئاز، ئازراقىنا، كىچىككىنە. بِزنِكْ اَنْدا بِيرْ جَرتْ اَلْغوُمِزْ بارْ — bizniŋ anda bir qart aloqumiz bar بىزنىڭ ئوُنىڭدا ئازراقىنا ئىلىشىمىز بار.

جِرتْ qirt چىرت. جِرتْ سوُذْتِي qirt suẑti — چىرت قىلىپ توُكوُردى، يەنى بىركىم چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن «چىرت» قىلىپ توُكوُردى.

سَرتْ sart سودىگەر. بوُ سوز «سَرتْ اَزُقِي اَرِغْ بُلْسا يُلْدا يِيرْ» «sart azuki ariq bolsa yolda yər» دىگەن ما-

قالدىمۇ كەلگەن (بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى بىر نەچچە قېتىم ئېيتىپ ئۆتۈلدى).

سَرْتْ سُرْتْ sart surt چوڭراق ئاياق كىيگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. اَنِڭْ اَذاقِي سَرْتْ سُرْتْ قِلْدِي — anïŋ ażaki sart surt kïldi ئۇنىڭ ئايىغى كولۇپ - كولۇپ قىلدى.

سِرْتْ sïrt قىل، يال. ئوغۇزلار تۆپە ۋە ئېدىر - جىلغىلارنىمۇ «سِرْتْ» sïrt دەيدۇ.

قَرْتْ kart يارا. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ مەجەز - خۇلقى ئەسكى ئادەم «قَرْتْ آرْ» ḳart ər دېيىلىدۇ.

قُرْتْ kurt قۇرۇت، ھاشارەت. تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى شۇنداق دەيدۇ. ئوغۇزلارلا بۆرىنى «قُرْتْ» ḳurt دەيدۇ.

قَرْتْ قُرْتْ kart kurt قارس - قۇرس. اَلِكْ قَرْتْ قُرْتْ اَتِّي — əlik ḳart ḳurt ətti بارماقلار قارسىلدىدى.

قِرْتْ kïrt قىرت. قِرْتْ اُتْ — kïrt ot قىسقا ئوت، پاكار ئوت. شۇنىڭدەك كالتە چاچ «قِرْتْ سَچْ» kïrt saq دېيىلىدۇ. بېخىل ۋە خۇلقى يامان ئادەم «قِرْتْ كِشِي» kïrt kixi دېيىلىدۇ.

كُرْتْ كُرْتْ kürt kürt كۈرت - كۈرت. ئات يەم يېگەندە

چىقىدىغان ئاۋاز. اَتْ اَرْبَانِي كُرْتْ كُرْتْ يِيدِي *at*—
arpani kürt kürt yədi ئات ئارپىنى كۈرت - كۈرت
يېدى. شۇنىڭدەك ئادەم تەرخەمەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى
يېگەندە چىقىدىغان ئاۋازمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

كُرْتْ kürt ئىرغاي. تاغ دەرىخى. بۇنىڭدىن ئوقيا، قامچا سېپى
ۋە ھاسىغا ئوخشاش نەرسىلەر ياسىلىدۇ.

قَرْجْ قُرْجْ karq kurq گاچ - گاچ. اَرْ تُرْمُزْنِي قَرْجْ قُرْجْ
يِيدِي *ər turmuzni karq kurq yədi* — ئادەم تەر-
خەمەكنى گاچ - گاچ يېدى.

قُرْجْ kurq قۇيۇچ، پولات. قُرْجْ تَمُرْ *kurq təmür* —
قۇيۇچ. چىداملىق، پىششىق ئادەملەر «قُرْجْ اَرَنْ *kurq ərən*»
دېيىلىدۇ. ھەرقانداق چىڭ ۋە قاتتىق نەرسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ.

مُرْجْ murq مۇچ، قارىمۇچ.

كَنْدْ kənd كەنت، شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر
«اُرْدُو كَنْدْ *ordu kənd*» دېيىلىدۇ. بۇ «خان تۇرى-
دىغان شەھەر، مەركەز» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ
شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ
يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۇۋەن چىنىدۇر. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن:

كَلْنِكِزْ لَيُو اَقْتِمِزْ
كَنْدْلَرْ اُزا چِقْتِمِزْ
فُرْخَنْ اَفِنْ يِقْتِمِزْ
بُرْخَنْ اُزا سِچْتِمِزْ

kəlŋizləyü aktïmïz
kəndlər üzə qiktïmïz
furhan əvin yiktïmïz
burhan üzə siqtïmïz

[كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق.]

ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ باردۇق، شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە، ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ.

كَنْدْ kənd ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا «يېزا - كەنت» دېگەن بولىدۇ، زور كۆپچىلىك

تۈرك خەلقلىرى تىلىدا «شەھەر» دىگەن بولىدۇ. شۇنىڭ-دىن ئېلىنىپ، فەرغانە شەھىرىگە «ئوزْ كَنْدْ oz kənd» نامى بېرىلگەن، بۇ «ئوز شەھىرىمىز» دىگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك «سَمِزْ كَنْدْ səmiz kənd»مۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇنى پارسلار «سَمَرْ قَنْدْ səmər kənd» دەيدۇ.

بَرْسْ bars يولۋاس.

بَرْسْ bars بارس، يولۋاس. تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى مۆچەلدىن بىرىنىڭ نامى. تۈركلەر ئون ئىككى خىل هايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان، ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ھۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھىساپلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دىگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلىچەك ئەۋلاتلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھىساۋى شۇ يىللارنىڭ

ئايلىنىشى بىلەن ھىساپلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۇۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۆزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋال «سِچْغَانْ — *sïqoɣan* — چاشقان» ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، «سِچْغَانْ يِلِي *sïqoɣan yïlï* — چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان:

ئُودْ يِلِي *ud yïlï* — ئۆي يىلى (كالا يىلى).

بَرْسْ يِلِي *bars yïlï* — بارس يىلى (يولۋاس يىلى).

تَفْشْغَانْ يِلِي *tavïxoɣan yïlï* — توشقان يىلى.

نَكْ يِلِي *nak yïlï* — لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى).

يِلانْ يِلِي *yïlan yïlï* — يىلان يىلى.

يُنْدْ يِلِي *yund yïli* — ئات يىلى.

قُويْ يِلِي *koy yïli* — قوي يىلى.

بِجِنْ يِلِي *biqin yïli* — مايمۇن يىلى.

تَقاغُو يِلِي *takaqu yïli* — توخۇ يىلى.

اِتْ يِلِي *it yïli* — ئىت يىلى.

تُنْكُزْ يِلِي — *tonuz yïli* — توڭگۇز يىلى.

توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساپ يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى ئېيتىدۇكى: بۇ كىتاپنى يازغان يىلىمىز تۆت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ، يىلان يىلى كىرگەن ئىدى. بۇ يىل ئۆتۈپ تۆت يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا، ئات يىلى كىرىدۇ. يىل ھېساۋى بىز كۆرسەتكەن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ.

تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەر بىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە، ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر-بىرى بىلەن كۆپ ئۈسۈشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە، ئوزۇق-تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت-چاۋالارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ. لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھول-يېغىن كۆ-

پېيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ، سوغاق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە - پاسات كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا، ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتى يوق. چۈنكى «ھەپتە» دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم بولدى.

ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك، شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ. كۆچمەن تۈرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «اغْلاقْ اَىْ *ooqlak ay*» دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «اُلْغْ اغْلاقْ اَىْ *uluq ooqlak ay*» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «اُلْغْ اَىْ *uluq ay*» دەيدۇ، چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر - يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال - ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. كۆپ ئىشلىتىلمىگەچكە، قالغان ئاي ئىسىملىرىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئۆزەڭ بىلىۋال.

بَرْسْ bars قاپارتقۇ. پىت، پاشا چېقىشتىن ياكى يەل تېشىشتىن پەيدا بولغان ئىششىق. اَنِكْ اَتِى بَرْسْ بُلْدِى *anïŋ ati bars boldi* — ئۇنىڭ ئېتى (بەدىنى) قاپاردى.

تَرْسْ tərs تەس، قىيىن. ھەرقانداق تەس ئىش «تَرْسْ ئِيشْ
tərs īx» دېيىلىدۇ.

جَرْسْ جَرْسْ qars qars چارس - چارس. ئُلْ ئَانِي جَرْسْ
جَرْسْ ئُرْدِي ol anī qars qars urdi — ئۇ ئۇنى
چارس - چارس ئۇردى. «تَرْسْ تَرْسْ ئُرْدِي tars —
tars urdi تارس - تارس ئۇردى» تۇشمۇ - تۇشتىن
تارسىلدىتىپ ئۇرسا، شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَرْسْ kars يۇڭ چەكمەن چاپان، تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن
ئىشلەنگەن كىيىم.

قَرْسْ قَرْسْ kars kars قارس - قارس. چاۋاك ئاۋازى.
قَرْسْ قَرْسْ ئَيَا يَبْتِي kars kars aya yapti — قار-
سىلدىتىپ چاۋاك چالدى.

كُلْفْ kəlf گۇپ. تامْ كُلْفْ يِقِلْدِي tam kəlf yīkīldi — تام
گۇپ قىلىپ يىقىلدى.

بَرْقْ bark: ئَقْ بَرْقْ əv bark — ئوي - ۋاق. «بَرْقْ bark»
سۆزى يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، «ئَقْ əv» سۆزى بىلەن جۈپ-
لەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

تُرْقْ turk تۇرق، تەق - تۇرق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈزۈند-
لۈغى، بويى. بِيرْ سُنْكُو تُرْقِي bir süngü turkī —

بىر نەيزە بويى، بىر نەيزە ئۇزۇنلۇغىدا. يېرْ اِينىْ تُرْقىْ yər əni turkï — يەرنىڭ ئېنى ۋە بويى.

جُلْقْ qulk : جُلْقْ اَسْكُرُكْ qulk əsgürük — غەرق مەس، پۈتۈنلەي ھوشسىز.

جَلْقْ جُلْقْ qalk qulk جالاق - جۇلۇق. ئىتتىرىش ياكى ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز. جَلْقْ جُلْقْ يدرقلدى *qalk qulk yudruklïdï*[1] — جالاق - جۇلۇق مۇشتلىدى.

قِرْقْ kïrk قىرىق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِرْقْ يِلْقا تِگِين بايْ چِغايْ تُزْلُنُرْ — *kïrk yïlka təgin bay qïqay tüzlinür* قىرىق يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشىدۇ. ئولۇم - يىتىم ياكى زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، قىرىق يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشىپ قالىدۇ.

بَرْكْ bərk بەك، چىڭ. بَرْكْ نانْكْ *bərk nəŋ* — بەك زەرسە. ئەسلى «بَكْ *bək*» بولۇپ «ر - *r*» كېيىن قوشۇلغان.

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا چېكىتسىز ۋە ھەرىكىسىز بېرىلگەن. بىز بۇ سوزنىڭ بۇ يەردە «مۇشتلىدى» دىگەن مەنىدە كەلگەنلىگىنى ۋە يازما نۇسخا 462 - بەتتە «يُدْرُقْ *yudruk* — مۇشت»، 492 - بەتتە «يُدْرُقْلَنْدى *yudruklandï* — مۇشتلاندى» دەپ كەلگەنلىگىنى، شۇنىڭدەك بىر مۇنچە تۈركى تىللاردا بۇ سوزنىڭ بارلىغىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*yudruklïdï*» دەپ ئالدۇق.

بُرْكْ bөrk بۆك. تاتسِزْ تُرْكْ بُلْماسْ باشْسِزْ بُرْكْ بُلْماسْ — *tatsiz türk bolmas baxsiz bөrk bolmas* — تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. باشسىز بۆك بولمىغاندەك، پارسلاردىن خالىي تۈركمۇ بولمايدۇ.

تُرْكْ türk تۈرك. تۈرك شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

تَرْكْ tərk تېز. تَرْكْ كَلْ *tərk kəl* — تېز كەل. ھەرقانداق بىر ئىشنى تېز قىلىشقا ئۈندەشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تَرْكْ قِلْ *tərk kil* — تېز قىل.

تُرْكْ türk تۈرك. تەڭرى يارلىقىغۇچى نۇھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ — نۇھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ «تۈرك» دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭرىنىڭ «هَلْ اَتَى عَلَى الْاِنْسانِ حِينٌ مِنَ الدَّهْرِ» ئايىتىدە «اِنْسانْ» سۆزى «بىرلا ئادەم»نى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «لَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسانَ فِي اَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْناهُ اَسْفَلَ سافِلِينَ. اِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصّالِحاتِ» ئايىتىدە بولسا، «اِنْسانْ» سۆزى «كۆپ ئادەم»نى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ يەردە ئىستىسنا بار، پەقەت كۆپلۈكتىنلا ئىستىسنا قىلىش مۇمكىن. «تۈرك» سۆزى نۇھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە، بىرلا كىشىنى بىلدۈرىدۇ، نۇھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە، «بَشَرْ — ئادەمزات» سۆزىگە

ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «رۇم» سۆزى تەگرى يارلىقىغۇچى ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسۇغا ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا ئىسىم بولغىنىدەك، رۇم دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. «تۈرك» سۆزىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق.

بىز «"تۈرك" دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغ تەگرى ئۆزى قويغان» دېدۇق. چۈنكى اَلشَّيخ الإِمام الزَّاهِد الحُسين بْن خَلَف الكاشْغَرِي — قەشقەرلىق خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىننىڭ «اِبْن الغَرقِي» دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، «اِبْن اَبِي الدُّنْيا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان اَلشَّيخ اَبُوبَكْر المُفِيد الجرجرائي — جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتاۋىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «يَقُولُ اللّٰه جَلَّ وعَزَّ اِنَّ لِي جُنْدًا سَمَّيتُهُم التُّرْك وَ اَسْكَنْتُهُم المَشْرِق فَاِذا غَضِبْتُ عَلٰى قَوْمٍ سَلَّطْتُهُم عَلَيْهِم — ئۇلۇغ تەگرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن».

بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا تەڭ-

رى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئوز قوشۇنۇم» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزۇركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قىزلارنى ھورمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددى - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرت ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَجَنْ كُرْسا اَنِي تُرْكْ
بُذُنْ اَنْغا اَنِكْ اَيْدَجِي
مُنْكَرْ تَكِرْ اُلُغْلُقْ
مُنْدا نَرُو كَسْلِنُورْ

kaqan kərsə anï türk
bożun anqa anïŋ aydaqï
muŋar təgir uluqluk
munda nərü kəslinür

[قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.]

بىر كىشىنى ماختاپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا، خەلق جەزمەن «ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىق بۇ ئادەمگە يارىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىغا ئاشمايدۇ» دەيدۇ.

«تۈرك» سۆزى بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىلىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «كِمْ سَنْ kim sən — كىم سەن؟» دېگۈچىگە «تُرْكْ مَنْ türk mən — تۈرك مەن» دەپ جاۋاپ بەرسە، بۇ بىرلىك بولىدۇ. «تُرْكْ سُوسِي اَتْلَنْدِي türk süsi atlandi — تۈرك قوشۇنى ئاتلاندى» دېيىلگەندە، كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

تُرْكْ türk ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «تازا يېتىلگەن ۋاقتى» دېگەن مەنىدە. تُرْكْ اُزُمْ اُودِي türk üzüm ödi — تازا ئۈزۈم پىشىشىغى. تُرْكْ قِيَاشْ اُودِي türk kuyax ödi — تازا چىڭقا چۈش ۋاقتى. تُرْكْ يِكِتْ türk yigit — تازا ياش قۇرامىغا يەتكەن يىگىت.

سَرْكْ sərk چاق-چۇق. ساپال قاچا ۋە ئۈنىڭ سۇنۇقلىرى.

سُرْكْ sərk: اَنِكْ اَذَاقِي سُرْكْ بُوزْتَكْ anïŋ ażaki sərk buztəg — ئۈنىڭ ئايىغى مۇزدەك سوغاق. بۇ سۆز پەقەت مۇشۇ ئورۇندىلا ئىشلىتىلىدۇ.

كُرْكْ kürk كۆرك، جۇۋا.

كُرْكْ kərk كۆرك، گۈزەللىك. كُرْكْلُكْ kərklüg — كۆركەم، چىرايلىق.

ئوتتۇرىسى ساكىنلىق سۆزلەر بابى تۈگىدى.

ئۆتتۇرا ھەرپى ھەرخىل ھەرىكىلىك فَعَلْ fəəl، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil شەكىللىرىدىكى

سۆزلەر بابى

كَلَبْ kələp كېلەپ، تۈرك يايلاقلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت؛ ماللارنى تېز سەمرىتىدۇ.

بَسُتْ basut ياردەمچى، يۆلىگۈچى؛ كويۇنگۈچى.

بَسُتْ basut بوسۇت، ياردەم. اُلْ مَنكا بَسُتْ بِرْدى ol — maŋa basut bərdi ئۇ ماڭا ياردەم بەردى. يۇقۇرقى ئىككى سۆز بىر - بىرىگە يېقىن.

بُلِتْ bulït بۇلۇت. قَرا بُلِتْ kara bulït — قارا بۇلۇت. اَقْ بُلِتْ ak bulït — ئاق بۇلۇت. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قَرا بُلِتغْ يِيلْ اَجارْ اُرُنْجْ بِلا اِيلْ اَجارْ — kara bulïtïq yəl aqar urunq bilə əl aqar قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار، ھوكۇمەت ئىشىكىنى پارا ئاچار. قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىۋالغاندا، ئۇنى شامال تارقىتىدۇ، ھوكۇمەت ئىشىكىنى پارا ئاچىدۇ. بۇ ماقال ئىشنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مال - مۈلۈكنى ئايىماسلىقنى ئۇندەپ

ئېيتىلىدۇ. قويۇق چاچمۇ بۇلۇتقا ئوخشىتىلىدۇ. بُلِتْ تَكْ سَجِي *bulït təg saqï* — بۇلۇتتەك چېچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَغْدِي بُلِتْ كُكْرَيُو
يَغْمُرْ تُلِي سَكْرِيُو
قَلِقْ اَنِي اُكْرِيُو
قَنْچَا بَرِيرْ بَلْكُوسُوزْ

aoqdï bulït kəkrəyü
yaoqmur tolï səkriyü
ķalïķ anï ügriyü
ķanqa barïr bəlgüsüz

[بۇلۇت گۈلدۈرلەپ (چاقماق چېقىپ) ئۆرلىدى،
يامغۇر، تولى سەكرىشىپ (ياغدى)،
شامال ئۇنى تەۋرىتىپ (قوغلىدى)،
نەگە بارار؟ بەلگىسىز.]

چاقماق چېقىپ، بۇلۇت كۆتۈرۈلدى، يامغۇر ۋە تولى ياغماقتا، شامال بۇلۇتلارنى قوغلاپ سۈرمەكتە، ئۇلار-نىڭ نەگە بېرىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تُبُتْ tübüt تۈبۈت. تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپار كېيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كېيىكنىڭ

كىندىكى كېسىۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ ئەرسە «كىندىك ئېپار» دېيىلىدۇ. تۇبۇتلەر «ثابت» ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورنىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن مىڭ بەش يۈز پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىند دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەپچىنىڭ تەسىرى بار، «ئانا»نى «اُما *uma*»، «ئاتا»نى «آبا *aba*» دەيدۇ.

تكِتْ təgit «تَكِينْ *təgin*» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. بۇ سۆز ئەسلىدە «قۇل» دېگەن مەنىدە ئىدى. كېيىن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ قالغان. بۇنداق كۆپلۈك شەكلى قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ. اُكا تِكِتْ *ogə təgit*— ئاددى خەلقنىڭ چوڭلىرى بىلەن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكلىرىگە بېرىلىدىغان نام. بۇ ئىككى سۆز دائىم بىللە ئىشلىتىلىدۇ. «اُكا *ogə*» سۆزى زۇلقەرنەيىن زامانىدا، زۇلقەرنەيىن بىلەن تۈركلەر يارىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى ئارىسىدا تۇتقۇنۇش يۈز بەرگەندە مەيدانغا كەلگەن.

جُكُتْ qəküt پاكار، پەتەك. جُكُتْ كِشي *qəküt kixi* — پاكار ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

جِكِتْ qigit چىگىت. ئارغۇچە.

سِبُتْ sipüt سۇۋۇت، يۇمغاقسۇت. قەشقەرچە.

سُغُتْ soqut سوغۇت، قېتىق پىشلىقى. قارلۇقچە.

سُغُتْ soqut ھېسىپ. ئۈچەي ئىچىگە گۆرۈچ، گۆش ۋە دورا-دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك.

سِغِتْ siqit يىغا-زېرە.

سُكُتْ søgüt سۆگەت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سُكُتْ سُولِنكا قَدِنْك قاسِنكا *søgüt süliŋə kaziŋ kasiŋa* — سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار. بۇ ماقال «ھەر بىر نەرسە ئۆز ئەسلىگە تارتقىنى ياخشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قَجُتْ kaqut تۇتۇشۇش. جەڭدە ۋە غوغادا يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىشى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قَرِتْ karit ئوغرىلاش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش. تۈركمەنچە. بۇ سۆز ئەرەپچە «غارتْ» سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك.

قُرُتْ kurut قۇرۇت. سۈتتىن ئىشلەنگەن قۇرۇت.

قَنَتْ kanat قانات.

قُنَتْ konat قاياش، خولۇم-خوشنا، بىر-بىرى بىلەن ئۆم ئۆتىدىغان كىشىلەر توپى. اُلْ مَنِنكْ قُنَاتِمْ اُلْ —*ol mənin konatïm ol* ئۇ مېنىڭ قاياشىم ئۇ.

كَبِتْ kəbit دۇكان، هاراق دۇكىنى.

كُجَتْ kəqət كوچەت. خارەزمدە ياشايدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى.

كُجُتْ kəqüt ئات-ئۇلاق.

كَذُتْ kəžüt كىيىت. كوپىنچە تويدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم-كېچەك، يەنى كۈيئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوغا قىلىپ كىيدۈرۈلىدىغان كىيىم-كېچەك. كَذُتْ بِرْدِي *kəžüt bərdi* — كىيىت قويدى.

كِرِتْ kirit كىلىت، ئاچقۇچ. بۇ سوز ئەرەبچىگە يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئەرەبچىسى «اِقْلِيدْ» دۇر. بۇ سوزدىكى «ق-*k*» ھەرپى «ك-*k*» گە، «ل-*l*» ھەرپى «ر-*r*» غا، «د-*d*» ھەرپى «ت-*t*» غا ئالماشقان، «ا-ئېلىف» چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

كُلُتْ külüt كۈلكە. خەلق ئارىسىدا كۈلكە بولغان نەرسە.

بُقَجْ bukaq ساپال قاچا. اَشِغْ بُقَجْ *axiq bukaq* — قازان-قومۇچ. بۇ ئىككى سوز بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

بَكَجْ bəkəq تىگىنلەرنىڭ لەقىمى. «بَكَجْ اَرْسْلاَنْ تِكِينْ bəkəq arslan təgin» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز يۇمشاق «ك - g» بىلەن ئېيتىلسا، «بەگ» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «ئەمىر» مەنىسىدىكى «بَكْ bəg» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق «ك - g» دۇر.

بُلُجْ boluq بولۇچ. ئەرلەر ئىسمى.

تُقُجْ tokuq توقاچ. بۇ سۆز «تُقْ اَرْ tok ər — توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «تُقْ tok» سۆزىدىن ياسالغان. چۈنكى توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ.

تِكُجْ tiküq تۈكۈچ، چەككۈچ.

جَنَجْ qanaq زەيپانە؛ جۇرئەتسىز، قورقۇنچاق ئادەم.

سَنَجْ sanaq چاناچ. سَنَجْ كِسرلُو sanaq kəsürgü[①] — چاناچ - تولۇم.

قَقَجْ kakaq قاقاچ، كىر. تُونْ قَقَجْ بُلْدِى ton kakaq boldï — تون كىر بولدى.

---

① بۇ سۆز بۇ ئورۇندا «كِسرلُو» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن دىۋاننىڭ يازما نۇسخا 245 - بېتىدە «كَسُركُو» شەكلىدە يېزىلىپ، يەنە «تولۇم» دەپ مەنە بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ سۆزنى «kəsürgü» دەپ ئالدۇق.

قُلُوْج kuluq قۇلۇچ. ئەرلەر ئىسمى.

قُلَاْج kulaq غۇلاچ. بۇنىڭ ئەسلى «قُلْ اَاْج kol āq — قولنى ئاچ» دىگەن بولىدۇ. بِيرْ قُلَاْج بَرْجِنْ bir — kulaq barqïn بىر غۇلاچ تاۋار.

قِلِجْ kïlïq قىلىچ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُشْ قِلِجْ قِنْقا سِغْماسْ kox kïlïq kïnka sïqmas — قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس. بۇ ماقال ئىككى ئادەم بىر ئىشقا ئىنتىلگەندە ياكى ئىككى ئادەم بىر قىزنى ئالماقچى بولغاندا ئېيتىلىدۇ. خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ مۇشۇ سوز بىلەن ئات قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «قِلِجْ خَانْ kïlïq han» دىگەندەك. بۇ «ئىش - ھەركەتتە قىلىچتەك ئوتكۇر خاقان» دىگەن بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرَنْ اَلْبِى اُقِشْتِيلَرْ
قِنكَرْ كُوزِنْ بَقِشْتِيلَرْ
قِمِغْ تُلْمِنْ تَقِشْتِيلَرْ
قِلِجْ قِنْقَا كُوجِنْ سِغْدِي

ərən alpi okïxtïlar
kiŋïr kozin bakïxtïlar

kamuq tolmun tɵkixtilar
kilīq kinka küqin siɵdī

[باتۇر ئەرلەر (بىر-بىرىنى جەڭگە) چاقىرىشتى،
قىڭغىر كوز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.]

بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلار بىر-بىرىنى چاقىرىشتى، غەزەپلىك كوزلەر بىلەن قاراشتى، ھەممە قوراللارنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلدى، ئۇرغۇن قان ئۇيۇپ قالغانلىقتىن، قىلىچلار قىنىغا ئاران سىغدى.

قَمِجْ kamiq چومۇچ، ساپلىق.

كُتِجْ kɵtiq كوتلەش. ياش باللارنى تەللىغاندا ئىشلىتىلىدىغان سوز. بۇ «كوتكە ئوخشاش سېسىق» دېگەن بولىدۇ.

كُزَجْ kɵzəq كوزا. بۇ سوز ئەرەپچىگە ئوخشايدۇ، پەقەت «ج-q» ھەرپى «ھ-h» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

كُذَجْ kɵżəq يۇقۇرقىغا ئوخشاش، «كوزا» دېگەن بولىدۇ. ئارغۇچە. «ذ-ż» بىلەن «ز-z» ھەرپلىرى خۇددى ئەرەپچىدىكىگە ئوخشاش بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىگەن. ئەرەپلەر «يازدى» سوزىنى «ذَبَرَ» دەپ يازغاندەك «زَبَرَ» دەپمۇ يازىدۇ. «شور سۇ»نى «ماءٌ ذُعاقٌ» دەپ يازغاندەك «ماءٌ زُعاقٌ» دەپمۇ يازىدۇ.

كُمَجْ kəmәq كومەچ. كۈلگە كومۇپ پىشۇرۇلغان نان.

كُمُجْ kəmüq كومۈك، كومۇلگەن خەزىنە. اُلْ كُمُجْ بُلْدِي — *ol kəmüq buldi* — ئۇ كومۇلگەن خەزىنە تېپىۋالدى.

مَشِجْ məxiq : مَشِجْ اُزُمْ — *məxiq üzüm* — قارا ئۈزۈم.

بَتُرْ putar «بَرْدِي» *bərdi* دېيىلىدىغان رەختنى توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇش يىپ.

بَدَرْ بَدَرْ bədər bədər : بَدَرْ بَدَرْ يُكُرْدِي *bədər bədər yügürdi* — پاقۇر-پۇقۇر يۈگۈردى، يەنى يۈگۈرگەندە پاقۇر-پۇقۇر ئاۋاز چىقتى.

بَسَرْ basar تاغ سامسقى.

بَغِرْ baqïr بېغىر، جىگەر. ھېچكىمگە بويۇن ئەگمەيدىغان كىشى «بَدُكْ بَغِرْلِغْ» *bədük baqïrlïq* — چوڭ بېغىرلىق دېيىلىدۇ. بۇ «جىگىرى بار» دېگەن بولىدۇ. ئوقيانىڭ ئوتتۇرسى «يا بَغْرِي» *ya baqrï* دېيىلىدۇ.

بَقِرْ bakïr مىس. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بارْ بَقِرْ يوقْ اَلْتُونْ *bar bakïr yok altun* — باردا مىس، يوقتا ئالتۇن. بار بولسا مىستەك قەدىرسىز، يوق بولسا ئالتۇندەك قەدىرلىك بولىدۇ. بۇ ماقال ئورۇق-تۇققانلىرى ئارىسىدا خارلىنىپ يۈرگەن كىشى ئارىدىن يوقالغاندا، ئۇنىڭ قەدرى ئوتتۇلگەنگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بَقِرْ bakïr چىندا قويۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئىسمى.
ئىلىم-سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ.

بَقِرْ سُقِمْ bakïr sokïm باقىر سوقىم. مىرىيخ (مارس) يۇلتۇ-
زىنىڭ ئېتى. قىزغۇچلۇقتا مىسقا ئوخشايدۇ.

بُكُرْ bøgür بۆرەك.

بُكُرْ bügür بۈگۈر. كۇچا شەھىرى بىلەن ئۈيغۇر ئېلى ئارىلى-
قىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا.

تَبَرْ tapar تاپار. قىپچاق خانلىرىدىن «اِنَالْ اُوزْ *inal oz*»
نىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى.

تَتِرْ tatïr تېتىر، تېقىر. تَتِرْ يِىرْ *tatïr yər* — تېتىر يەر، سۇ-
سىز ۋە دەرەخسىز يەر.

تِتِرْ titir ھىنگان توگىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

تَقِرْ تَقِرْ takïr takïr تاقىر-تۇقۇر. اَتْ اَذَاقِى تَقِرْ تَقِرْ اِتِّى
at ažakï takïr takïr ətti — ئات ئايىغى تاقىر-تۇقۇر قىلدى.

تِكِرْ تِكِرْ tikir tikir : «تِكِرْ تِكِرْ اِتِّى *tikir tikir ətti*» بۇ-
نىڭ مەنىسى يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

تَمُرْ təmür تۆمۈر. بۇ سۆز «كُوكْ تَمُرْ كِرُو تُرْمَاسْ *køk təmür*
kərü turmas» دېگەن ماقالدىمۇ كەلگەن. بۇ «كۆك تۆمۈر
بىكار تۇرمايدۇ، تەككەن يېرىنى يارىلايدۇ» دېگەن

بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كوندىلەڭ قويىدۇ-دە، «بو كوك كِرسون قِزِل چِقسون» «*bu kɵk kirsün kizil qiksun*» دەيدۇ. بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا، قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دىگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

تَمُر tamur تۆمۈر. ئوغۇزلار بۇ سۆزدىكى «م-*m*» نى فەتھەلىك قىلىپ سۆزلەپ، «تَمَر *tamar*» دەيدۇ. ئۇلار سۆزنى ھەمىشە يېنىكلىتىپ سۆزلەيدۇ. فەتھە ھەرىكىلەر ئىچىدە ئەڭ يېنىكى بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە فەتھە بىلەن سۆزلەشكە مايىل كېلىدۇ.

تَفَر tavar تاۋار. جانلىق ۋە جانسىز ماللار. ئوغۇزلار ۋە باشقىلار بۇ سۆزنى «و-ۋاۋ» بىلەن «تَوَر *tawar*» دەيدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَفَر كِمِنْكْ اُكْلِسا بَكْلِكْ اَنكَر كَرْكَيُور
تَفَرسِزِنْ قَلِبْ بَكْ اَرَنسِزِنْ اَمْكَيُور

tavar kimiŋ üklisə bəglik aŋar kərgəyür
tavarsizin kalip bəg ərənsizin əmgəyür

[كىمنىڭ مېلى كۆپەيسە، بەگلىك ئاڭا يارىشىدۇ،
بەگ مالسىز قالسا، ئادەمسىزلىكتىن ئەمگىلىدۇ.]

كىمنىڭ مېلى كۆپەيسە، ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشىغا لايىقراق بولىدۇ؛ مالسىز قالغان بەگ ئۆز ئەتراپىغا ئادەم يىغالماي قىينىلىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا مېلىنى دەپ خىزمەت قىلىدۇ.

جُبُرْ qupur چۇپۇر، ئوچكە چۇپۇرى. ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، كېرەكسىز نەرسىلەرنى «جُبُرْ جَبُرْ *qupur qapur*» دېيىشمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

جُتُرْ qutur بەتخۇي. جُتُرْ كِشِي *qutur kixi* — بەتخۇي ئادەم، مىجەزى ئەسكى ئادەم.

جَغِرْ qaƣir شىرنە.

جَغِرْ qaƣir ھاراق، شاراپ. بۇ ئىككى سۆز بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

جَغِرْ qaƣir چىغىر يول.

جَقِرْ qakir چېقىر، چېقىر كۆز. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

اِتْ جَقِرِي اَتْقا تَكِيرْ اَتْ جَقِرِي اِتْقا تَكْماسْ — *it*

چېقىر كوز *qakïri atka təgir, at qakïri ïtka təgməs*
ئىت ئاتقا باراۋەر كېلەر، چېقىر كوز ئات ئىتقىمۇ بارا-
ۋەر كەلمەس. چۈنكى، چېقىر كوز ئاتنىڭ كوزى ياخشى
كورمەيدۇ. بۇ ماقال ئۇنداق ئاتقا يېقىن يولىماسلىققا ئۈندەپ
ئېيتىلىدۇ.

جِكِرْ جِكِرْ qigir qigir گىچىر-گىچىر. قوم ئارىلىشىپ قالغان
نانىنى چاينىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

سُغُرْ suoqur سۇغۇر. بۇنىڭ تېرىسىدىن يامغۇرلۇق قىلىنىدۇ.

سِغِرْ sïoqïr خانلارنىڭ كوپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل
ئوۋى. بۇنىڭدا، خاننىڭ ئادەملىرى ئورمانلارغا ۋە قىر-
لارغا تارقىلىپ، ياۋا ھايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە
قوغلاپ كېلىدۇ، خان ئالدىغا كەلگەن ھايۋانلارنى ھېچ
ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ.

سِغِرْ sïoqïr سىيىر، كالا. سُوْ سِغِري *suv sïoqïri* — سۇ
كالىسى.

قَتِرْ katïr قېچىر.

قَدِرْ kadïr قىيىن، جاپالىق. قَدِرْ نـَـنْـكْ *kadïr nəŋ* — قىيىن
نەرسە. قَدِرْ يِيرْ *kadïr yər* — تاغلاردا قار ۋە مۇز
قېلىن بولغانلىقتىن، ئوتۇش قىيىن بولغان يەر.

قَدِرْ kadir : قَدِرْ قُشْ *kadir kix* — قارا قۇش، قەھرىستان قۇش.

قَدِرْ kadir قەيسەر، كەسكىن. خاقانىيە خانلىرىنى «قَدِرْخانْ *kadirhan*» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن ئەرەبچىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قەيسەرلىك، كەسكىنلىك كۈچ-قۇدرەتتىن كېلىدۇ. قەيسەر، كەسكىن ئادەم خالىغان ئىشنى قىلالايدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ.

قِسِرْ kisir قىسىر. تۇغمايدىغان خوتۇن ياكى ھايۋان. «قىسىر بايتال» مەنىسىدىكى «قِسِرْ قِسْراقْ *kisir kisrak*» سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن.

كَلَرْ kələr كېلەر.

بُغُزْ boqaz بوغۇز، كېكىرتەك.

تَبِزْ təpiz شورتاك يەر. تَبِزْ كِشِي *təpiz kixi* — ھەسەتخور ئادەم، ئىچى قوتۇر ئادەم.

تُبُزْ topuz : تُبُزْ يُكْ *topuz yük* — ئۈستىگە مىنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كېلەڭسىز ئارتىلغان يۈك.

تِتِزْ titiz : تِتِزْ نَانْكْ *titiz nəŋ* — قىرتاق نەرسە، ھېلىلىدەك قىرتاق نەرسە.

تُكُزْ tüküz : تُكُزْ اَتْ tüküz at — پشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات، قاشقا ئات.

سَغِزْ saqïz سېغىز، چاينايدىغان سېغىز. سَغِزْ تُبْراقْ saqïz — toprak سېغىز توپراق، سېغىز توپا.

سَقِزْ sakïz كىيىمگە يۇقىقان شالتاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرسىلەر، داغ.

سَكِزْ səkiz سەككىز. بۇ «سَكِّزْ səkkiz» نىڭ يېنىكلىتىلگەن شەكلى.

سَمِزْ səmiz سېمىز. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ سېمىزى. بۇ سوزدە ئەرەپچىگە ئوخشاشلىق بار. بىرلا پەرقى ئەرەپچىدىكى «ن - n» ھەرپى تۈركچىدە «ز - z» غا ئالماشتۇرۇلغان. بۇ تۈركى تىللاردا بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال. «سَنْ sən» ۋە «سِزْ siz» سوزلىرىدە «ز - z» ھەرپى «ن - n» بىلەن ئالماشقىنىغا ئوخشاش.

قُبُزْ kubuz قوبۇز. ئۇد (باربىت)قا ئوخشايدىغان تارلىق چالغۇ ئەسۋاۋى.

قُتُزْ kotuz قوتاز.

قُتُزْ اِتْ kutuz ït قۇتۇرغان ئىت، غالجىر ئىت.

قَدِزْ kazïz قوۋزاق، دەرەخ پوستى.

قُدُزْ kużuz چوكان، سىپكىلەك.

قِمِزْ kïmïz قىمىز. تۇلۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى.

قِمِزْ اَلْمِلا *kïmïz almïla* — قىمىز ئالما، بىر خىل ئاچچىق-چۈچۈك ئالما.

كُكُزْ kөküz كوكس، كوكرەك.

كِذِزْ kiźiz كىگىز.

كِفِزْ kiviz گىلەم.

كُفِزْ küviz (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن) قىرى سوگەتكە ئوخشاش ئوتتۇرىسى چىرىگەن پور دەرەخ.

كُفِزْ küviz : كُفِزْ تُرْما *küviz turma* — پور تۇرما، يەنى سىپسىپ، تەمى بۇزۇلغان تۇرۇپ. تەمى بۇزۇلغان ھەرقانداق نەرسىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

تَرُسْ tarus تورۇس.

تَلَسْ talas ئات بەيگىسىدە ۋە چوگەن ئويۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان ئارغامچا.

تَلَسْ talas تالاس. «طِراز *tïraz*» دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى

«ئۇلۇغ تَلاس *uluoq talas* — چوڭ تالاس» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا بولۇپ، «كَمِي تَلاس *kəmi talas* — كىچىك تالاس» دېيىلىدۇ.

تُلَس tulas : تُلَس يُوز *tulas yüz* — تاتارغان يۈز، سورۇن چىراي.

بِجِش piqix يىرتىش. چوڭلارنىڭ زىياپىتىگە ياكى بوشۇك تويىغا كەلگەنلەرگە تارتۇق قىلىش ئۈچۈن يىرتىلغان يىپەك رەخت.

بُرِش bürix پۇرۇم. تېرىدە ۋە كىيىمدە پەيدا بولغان قورۇق.

بَغِش baqix بېغىش. بارماقلارنىڭ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بوغۇمى. قومۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بوغۇممۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَقِش bakix بېقىش، قاراش، بىر-بىرىگە قاراش.

بِلِش bilix بىلىش، تونۇش-بىلىش. بۇ سوز بۇ يەردە سۇپەت، مەستەر ئەمەس.

بُلُش bulux پايدا. قىلغان ئىشتىن ئېلىنغان پايدا.

بُلُش bolux بولۇشۇش، سوز بىلەن ياردەم قىلىش. ئُلْ مَنكا بُلُش قِلْدِي *ol maŋa bolux kildi* — ئۇ ماڭا بولۇشتى.

تَبِش tapix تاپىلاش. ئىككى ئادەمنىڭ بىر-بىرىگە ئىش

تاپشۇرۇشى، هاۋالە قىلىشى.

تُتُشْ tutux كايىش، قاتتىق گەپ قىلىش. بۇ سۆز قاتتىق-راق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

تُتُشْ tutux تۇتۇش. ئەرلەر ئىسمى.

تَفُشْ tavux ھىس-تۇيغۇ؛ تىنۋش، شەپە.

تُقِشْ tokïx توقۇنۇش، ئۇرۇش، جەڭ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُقِيشْ اِچْرا اُرِشْتِمْ
اُلُغْ بِرْلا قَرِشْتِمْ
تُكُزْ اَتِنْ يَرِشْتِمْ
اَيْدِمْ اَمْدِي اَلْ اُتار

tokïx iqrə urïxtïm
uluoq birlə karïxtïm
tükür atïn yarïxtïm
aydïm əmdi al utar

[توقۇنۇش ئىچىدە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغ بىلەن قېرىشتىم،
قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،
ئۇتارا ئەمدى ئال، دېدىم.]

جەڭدە ئەلنىڭ چوڭى بىلەن ئۇرۇشتۇم، قاشقا

ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردىم؛ «ئەي، ئۇتار! بۇنى ئال» دەپ ئوق ئاتتىم. ئۇتار — بىر ئادەمنىڭ ئىسمى.

تُقِش tokïx توقۇش. ئادەم ئىسمى.

تَكِش təgix ئاش ئىچىش، بىر-بىرىگە لوقما يېدۈرۈش.

تَكِش təgix ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، تۈگىشى.

تَكِش təkix تەكىش. ئەرلەر ئىسمى.

جَبِش qəbix چىۋىش. ئالتە ئايلىق چىشى ئوغلاق.

جَقُش qavux چاۋۇش. جەڭلەردە سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلمىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان ئەفسەر.

جِقِش qïkïx چىقىش، پايدا، مەنپەئەت. اُلْ اِيشْتا جِقِش يُوق ol ïxta qïkïx yok — ئۇ ئىشتا پايدا يوق، بۇ ئىش چىقىش قىلمىدى.

جَلِيش qalïx چېلىش، كۈرەش.

سُرُش sürüx چۈرۈش. بۇغداي باشىقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ، ئوتتا پۇچۇلاپ، يانچىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك.

سِقِش sïkïx سىقىش، بىر-بىرىنى ئىتتىرىش، تارچىلىق، تىقمىلىق.

سۆكۈش sөküx سوكۇش، تىللاش.

سۆگۈش sügüx (يۇمشاق «گ - g» بىلەن) گاۋاپ قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوزا ۋە ئوغلاق گوشى. ئوغۇزچە.

سىكىش sikix سىكىش، جىنسىي ئالاقە.

قاپىش kapïx بۇلاش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش.

قاپۇش kapux قاپۇش. ئارغۇ ئېلىدە بىر يەر نامى.

قاچىش kaqïx قېچىش، قاچ - قاچ. خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ھۈركۈش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن. قاچىش بولسا قىيا كۆرمەس — *kaqïx bolsa kïya kərməs* — قاچ - قاچ بولسا، ھېچكىم بىر - بىرىگە قارىماس.

قۇچۇش kuqux قۇچۇش، قۇچاقلاش.

قازاش każax قاياش، يېقىن تۇققان.

قازىش każïx قېيىش. ھايۋان تېرىسىدىن تىلىنغان تاسما.

قارىش karïx غېرىچ. بىر قارىش *bir karïx* — بىر غېرىچ.

قوغۇش kooqux ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرە.

قوغۇش kooqux قوغۇش، قوش، نور. تەگىرمان قوغۇشى — *təgirmən kooquxi* — تۈگمەن نورى.

قُغُشْ kuƣux ئوقنى سىلىغلاش ۋە تەكشىلەش (بىر خىل ئۈلچەمگە كەلتۈرۈش) ئەسۋاۋى.

قَمِشْ kamïx قومۇش.

كَجِشْ kəqix دەريا ۋە ئېقىندىن ئۆتىدىغان كېچىك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُلْ كَجِشْنِي سُوْقْ اِلَتّي —*ol kəqixni suv ələtti* ئۇ كېچىكنى سۇ ئېلىپ كەتتى. بۇ ماقال «بولار ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كَرِشْ kərix ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان تاغ چوققىسى. ئوغۇزچە.

كَرِشْ kərix ئاتنىڭ گەجگىسى، ئۇچىسى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كَرِشْ يَغِرِي اُغْلُقا قَلِيرْ — *kərix yaƣïri oƣulka kalïr* گەجگە يېغىرى ئوغۇلغا قالار. بۇ سىگىرلار تويلانغان يەر بولغاچقا، بۇ يەردىكى يېغىر ئاسان ساقايمايدۇ. بۇ ماقال شۇنداق يېغىردىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

كَرِشْ kərix ئۇرۇش ۋە جاڭجالدا تاقابىل تۇرۇش، قارشىلىق كورسىتىش.

كُرُشْ kөrüx كوز تىكىشىش.

كِرِشْ kirix كىرىچ، ئوقيا كىرىچى.

كِرِشْ kirix كىرىش، كىرىم. بىر ئادەمنىڭ ئۆز مۈلكىدىن كىرگەن كىرىمى.

كَرِشْ kərix تەركىشىش، ئۇرۇشۇش. نالِكْ كَرِشْتِنِكْ nəlik kərixtiŋ — نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭ؟

كَلِشْ kəlix كېلىش. كَلِشْ بَرِشْ kəlix barïx — كېلىش-بېرىش. مېھمانخانىنى «كَلِشْ لِكْ بَرِشْلِغْ اَڤْ kəlixlig barïxlïq əv» دېيىشمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن.

كُمُشْ kümüx كۈمۈش. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَلْبْ اَرَنْنِي اُزْرْدُمْ
بُيْنِنْ اَنِكْ قَذِرْدِمْ
اَلْتُنْ كُمُشْ يُذُرْدُمْ
سُوسِي قَلِنْ كِيمْ اُتَرْ

alp ərənni ɵzürdüm
boynïn aniŋ kažïrdïm
altun kümüx yužurdum
süsi kalïn kim ɵtər

[باتۇر ئەرلەرنى ئايرىدىم،
ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدىم،
ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئالدىم،
قوشۇنى كوپ كىم ئۆتەلەيدۇ؟]

بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىدىم، غەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئالدىم، دۈشمەن ئەسكىرى كىشى ئۆتەلمەستەك دەرىجىدە كوپ ئىدى.

كُمُشْ kümüx تەڭگە. چۈنكى تەڭگىنىڭ تەركىۋىدە كۈمۈش بار.

كُمُشْ kümüx كۈمۈش. دىدەكلەر ئىسمى.

بَتغْ patïoq پېتىق. دەريا ۋە ئېقىنلارنىڭ چوڭقۇر يېرى.

بِجِغْ piqïoq پىچىم، ۋەدە، ئەھدە. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا بِجِغْ قِلْدِي *ol məniŋ birlə piqïoq kïldï* — ئۇ مېنىڭ بىلەن پىچىمغا كەلدى.

بَرِغْ barïoq: اُلْ بَرِغْ بَرْدِي *ol barïoq bardï* — ئۇ ھېچ- نىمىگە قارىماي بېرىۋەردى.

بَرِغْ barïoq سېسىق نەرسە. بۇ سوز يالغۇز ئىشلىتىلمەي، «سَسِغْ بَرِغْ *sasïoq barïoq*» شەكلىدە جۈپ سوز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «سېسىق، بەخسقان» دېگەن بولىدۇ.

بَسِغْ basïoq كېچىسى قونىدىغان جاي. اُلْ اَنِي بَسِغِنْدا تُتْتِي *ol anï basïoqïnda tuttï* — ئۇ ئۇنى قونغان يېرىدە تۇتتى.

بُسُغْ pusuoq بوكتۇرمە، پىستىرما.

بُشُغْ boxuoq رۇخسەت. خان تەرىپىدىن ئەلچىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە بېرىلگەن رۇخسەت (قەغزى). ئەلچىگە بېرىلگەن سوغىسىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوز ئەرەپچە «سُفْرَةَ» دىگەن سوزگە ئوخشايدۇ. «سُفْرَةَ» ئەسلىدە «مىھمانغا تەييارلانغان تائام» دىگەن مەنىنى بىلدۇرسىمۇ، كېيىنچىرەك يىمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان «تېرە سۇپرا» (داستىخان) مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭدەك ئوز قېرىنداشلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يىراقتىن كەلگەن ئادەم قايتىپ كېتىدىغان چاغدا ھەممە ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ، ئاندىن بىرمۇنچە سوغاتلار بىلەن ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلىدۇ، ئەنە شۇ زىياپەتكىمۇ «بُشُغْ آشِي *boxuoq axï* — رۇخسەت ئېشى» دىيىلىدۇ.

بِشِغْ pïxïoq پىشىشىق. بِشِغْ آشْ *pïxïoq ax* — پىشىشىق ئاش. پىشقان ھەرقانداق نەرسىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. بِشِغْ كَرْبِجْ *pïxïoq kərpiq* — پىشىشىق كىرپىچ، پىشىشىق خىش. بِشِغْ سُجُوكْ *pïxïoq süqük* — قاينىتىلغان شاراپ.

بَقِغْ bakïoq بېقىش، قاراش، كورۇش. آنِكْ بَقِغِي كُر *anïŋ bakïoqï kər* — ئۇنىڭ بېقىشىنى كور.

مېنىڭ تىلىگىم، بۇ كىتاپتا بۇ خىلدىكى مەسەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت كوپ قوللىنىلىدىغانلىرىنىلا بېرىشتۇر.

بشغ puxuoq ئىچ پۇشۇغى. بشغ بشدي — *puxuoq puxdi* ئىچى پۇشتى، يەنى كوڭلى بىارام بولدى، خاپا بولدى.

تبغ tapuoq خىزمەت، خىزمەت قىلماق.

تبغ tapuoq تېۋىنىش، تائەت - ئىبادەت. تنكري تبغي *tənri tapuoqi* — تەڭرىگە تېۋىنىش.

تتغ tutuoq تۇتۇق، گورە، رەنە.

تتغ tutuoq تۇتقاقلىق. انك تتغي بار — *anïŋ tutuoqï bar* ئۇنىڭ تۇتقاقلىقى بار.

تذغ tïzïoq تىيىق، بىر ئىشتىن تىيىش، توساش، مەنئى قىلىش.

ترغ tarïoq ئاشلىق. بۇ دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمى ئىسمى.

ترغ tarïoq بۇ كوپچىلىك تۇرك خەلقلىرى تىلىدا «بۇغداي» دىگەن بولىدۇ، يالغۇز ئوغۇزلار بۇ سوزنى «تېرىق» دىگەن مەنىدە قوللىنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇغداينى «اشلق *axlïk*» دەيدۇ.

ترغ turuoq تۇراق؛ تۇرا، تاغ تۇرا.

ترغ toruoq تورۇق. بو اغلانغ بير ترغقا الدم — *bu ooqlanïoq bir toruoqka aldïm* بۇ بالىنى بىر تورۇق (ئات)قا ئالدىم. بەزىدە كىنايە تەرىقىسىدە توگە ۋە كالىلارمۇ مۇشۇ ئىسىم بىلەن يۇرگۈزۈلىدۇ. ترغ ات

تورۇق ئات — *toruq at*

تْرِغْ toriq : تُرِغْ اَرْتْ تِيزْ *toriq art təz* — تورغات. قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى[1].

جَفِغْ qaviq قامچا ئۇچى.

سَبِغْ sapiq چېدىرنىڭ ئېتىگى.

سَتِغْ satiq سېتىق، سودا ـ سېتىق.

سِذِغْ siziq پەش، كىيىمنىڭ پېشى. سِذِغْ يَبِبْ الْتُرْدِي *siziq yapip olturdi* — پېشىنى يېپىپ ئولتۇردى، يەنى يەكتەكىنىڭ ئىككى پېشىنى قىستۇرۇپ ئولتۇردى. مۇنداق قىلىش نازاكەت ھىساپلىنىدۇ.

سِذِغْ siziq چىش ئارىچى. بىرەر ئادەمگە سىر ساقلاشنى تاپىلىغاندا، «بُو سزْنِي سِذِغْدِنْ سِزِتْما — *bu sozni siziqdin sizitma* بۇ سوزنى چىشىڭنىڭ ئارىچىدىن چىقارما» دېيىلىدۇ.

سَرِغْ sariq سېرىق. توق سېرىق نەرسە «سَبْ سَرِغْ *sap sariq*» دېيىلىدۇ. ئادەمدە بولىدىغان ئوت كېسىلى يەنى سەپرامۇ «سَرِغْ *sariq*» دېيىلىدۇ.

---

① ئۇلۇغچات تاغ ئىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تورغات داۋىنىدىن چۈشىدىغان تورغات دەرياسىنىڭ بويى بولسا كېرەك. ھازىر بۇ يەردە تورغات مەھەللىسى بار.

سَرِغْ sarïq: سَرِغْ سُوْڤ — sarïq suv سېرىق سۇ، قېرىندا تۇپلىنىدىغان سېرىق سۇ. سېرىق رەڭلىك ھەرقانداق نەرسە «سَرِغْ سُرِغْ sarïq surïq» دېگەن جۈپ سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

سُرُغْ soruq سۇرۇشتە. سُرُغْ قِلْدِي soruq kildi — (يۈتكەن نەرسىنى) سۇرۇشتە قىلدى.

جَلِغْ qalïq بۇ سۆزمۇ يوقالغان نەرسىنى «سۇرۇشتۇرۇش، ئاختۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەگلەرنىڭ يېزا خەلقى ۋە كۆچمەنلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بىر مۇھىم ئىشقا چاقىرىشىغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

قَبُغْ kapuq قوۋۇق، قاپقا، ئىشىك.

قَتِغْ katïq قاتتىق. ھەر نەرسىنىڭ قاتتىقى.

قَذِغْ każïq قېيىق، قېيىپ تىكىش.

قُذُغْ kużuq قۇدۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُذُغْدَا سُوْڤ بَارْ اِتْ بُرْنِي تَكْمَاسْ — kużuqda suv bar it burnï təgməs قۇدۇقتا سۇ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس. بۇ ماقال ئارزۇ قىلغان ئىشقا قولى يەتمەيدىغان ياكى بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ئاشقا كۆزى چۈشسىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قِذِغْ kïzïoq قىرغاق. دېڭىز، دەريا، ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارنىڭ قىرغىقى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ چېتى، قىرغىقىمۇ مۇشۇ سوز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. اَرِقْ قِذِغِي arïk kïzïoqï — ئېرىق قىرغىقى. اَيَقْ قِذِغِي ayak kïzïoqï — ئاياق (قاچا) قىرغىقى. يارْ قِذِغِي yar kïzïoqï — يار قىرغىقى.

قُرُغْ kuruoq قۇرۇق، بوش. قُرُغْ اَقْ kuruoq əv — (ئادەم ئولتۇرمايدىغان) قۇرۇق ئۆي. ئىچىدە نەرسە - كېرەك يوق ئۆيمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. قُرُغْ اُلْما kuruoq ulma — قۇرۇق كوزا. ئىچى بوش قاچىلارمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

قُرُغْ kuruoq قۇرۇق (ھولنىڭ ئەكسى). ئاۋالقى ئۇقۇم شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

قُرِغْ koriöq قورۇق. بەگلەرنىڭ مال باقىدىغان مەخسۇس يايلىقى. قورۇغدىلىدىغان ۋە كۆزىتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَسِغْ kasïoq قوۋۇز. ئېغىزنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى بوشلۇق.

قِسِغْ kïsïoq قاماقخانە، تۈرمە. اُلْ بَكْ قِسِغِنْدا قَلْدِي ol bəg kïsïoqïnda kaldï — ئۇ (بىر ئىش سەۋەبىدىن) بەگنىڭ قاماقخانىسىدا قالدى.

قُسِغْ kusïƣ قۇسۇق. اَنِي قُسِغْ تُتِّي —anï kusïƣ tuttï
ئۇنى قۇسۇق تۇتتى، يەنى ئۇنىڭ قۇسقۇسى كەلدى.

قُشْغُ koxuƣ قوشاق، شېئىر، قەسىدە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُرْكَنْ قَتُنْ قَتِينكا تَكُرْ مِنْدِنْ قُشْغُ
اَيْغِلْ سِزِنْكْ تَبغْجِي اُتْنُرْ يَنْكِي تَبُغْ

türkən katun katïŋa təgür məndin koxuƣ
ayƣïl siziŋ tapuƣqï ɵtnür yaŋï tapuƣ

[تۈركەن خوتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز،
سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈندۈ، دېگىن.]

خانىڭ خوتۇنى ھۇزۇرىغا مەندىن قوشاق (قەسىدە) يەتكۈز، سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەتلەرنى ئۈمىت قىلدىدۇ، دېگىن.

قَقِغْ kakïƣ ئاچچىق، غەزەپ، قېرىشىش. مَنْ اَنِكْ قَقِغِنْدا بُو اِيشْ قِلْدِمْ —mən aniŋ kakïƣïnda bu ix kïldïm
مەن ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ بۇ ئىشنى قىلدىم.

قَمُغْ kamuƣ ھەممە. قَمُغْ كِشِي تُوزْ اَرْمَاسْ —kamuƣ kixi tüz ərməs
ھەممە كىشى تەكشى بولماس.

قَنِغْ kanïƣ تەشنالىق، ئارزۇ - ئارمان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُتْجِی یَغَرْ بُلِیتِی اَلْتُنْ تَمَارْ اَرِغْ
اَقْسا اَنِنْكْ اَقِینِی قَنْدِی مَنِكْ قَنِغْ

tutqï yaoʇar bulïtï aʇtun tamar arïoʇ
aksa anïŋ akïnï kandï məniŋ kanïoʇ

[(ئۈنىڭ) بولۇتى ئۈزۈلمەي يېغىۋاتىدۇ،
(ئۈنىڭدىن) ئېرىغ (ساپلا) ئالتۇن تېمىۋاتىدۇ،
ئۈنىڭ ئېقىنى ئاقسا، مېنىڭ تەشنالىقىم قاندى.]

ئايال پادىشانىڭ ئېھسانلىرىنى تەرىپلەپ شۇنىداق دېيىلىدۇ: ئۈنىڭ ساخاۋەت بۇلۇتىدىن ساپ ئالتۇن ياغىدۇ، ئەگەر ئۈنىڭ سەل - ئېقىنى بىزگە قاراپ كەلسە، شاتلىقىم تېشىپ، تەشنالىقىم قاناتتى.

بُتِقْ putik پۇتاق، شاخ. ھەر نەرسىنىڭ پۇتىقى.

بُتِقْ putik كىچىك تۇلۇم. قەشقەرچە.

بُتِقْ putik ئاتىنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم. ئۈنىڭدا قىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ساقلىنىدۇ.

بُتَقْ putak پۇتاق. بىر دىيالېكتتا. بۇ سوزدىكى «ت - t» ھەرپىنىڭ فەتھەلىك ئوقۇلىدىغان تۈرى بولغانىدەك، كەسرىلىك ئوقۇلىدىغان تۈرىمۇ بار. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كِمْ اَيِبْ اِشْتُرْ قُلاقْ
اَيْ اَڤِي اَرْتُجْ بُتاقْ

kim ayïp əxtür kulak
ay əvi artuq putak

[كىم ئېيتىپ، (قانداق) قۇلاق ئىشىتكەنكى،
ئاينىڭ ئۆيى ئارتۇچ پۇتىقى، (دەپ).]

شائىر سۆيۈملۈگىنىڭ يۈزىنى ئايغا، بويىنى ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاينىڭ ئۆيىمۇ، تۇرار جايىمۇ ئارتۇچ دەرىخىنىڭلا پۇتىقى دەپ كىم ئېيتقان ۋە ئۇنى قايسى قۇلاق ئىشىتكەن؟

بُجُقْ puquk پۇچۇق، كەمتۈك، كېسىلگەن، پۇچۇلغان نەرسە. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېرىمىمۇ «بُجُقْ *puquk*» دېيىلىدۇ. بُجُقْ يَرْماقْ *puquk yarmak* — پۇچۇق يارماق.

بِذِقْ bïzïk بۇرۇت.

بَرَقْ barak يۇڭى پاخپايغان ئوۋ ئىتى. تۈركلەرنىڭ ئېيتقىدىچە، بۈركۈت قېرىغاندا ئىككى تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇلارنى باسارمىش؛ تۇخۇملارنىڭ بىرىدىن باراق ئاتلىق كۈچۈك چىقارمىش. ئىتلارنىڭ ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغىنى ۋە ھەممىدىن ئوبدان ئوۋ قىلالايدىغىنى شۇ باراق ئىتى بولار-

مىش. ئىككىنچى تۇخۇمدىن بۇركۇتنىڭ چۈجىسى چىقار-
مىش، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈجىسى بولارمىش.

يُرِقْ yorik يورۇق، خۇي - پەيل، يۇرۇش - تۇرۇش، خۇلق.

بَكْ يُرِقِي نَتَكْ bəg yorikī nətəg — بەگنىڭ خۇي -
پەيلى قانداق؟

بِرُقْ bïruk بۇيرۇق. خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي - جايىغا
ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى، پەرمانچى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى
«بيرق buyruk» تۇر، چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلارنى شۇ-
نىڭغا بۇيرۇيدۇ.

بزُقْ buzuk بۇزۇق، بۇزۇلغان. بزُق اَفْ buzuk əv — بۇ-
زۇق ئوي. بۇزۇلغان، يىقىلغان ھەرقانداق نەرسىگىمۇ
مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

بَشَقْ baxak باشاق. ئوق ۋە نەيزە ئۇچىدىكى تومۇر.

بَشَقْ baxak باشماق، كەش، پوپۇچ. چىگىلچە. ئوغۇز ۋە قىپ-
چاقلار بىر «م - m»نى قوشۇپ «بَشْمَقْ baxmak» دەي-
دۇ. مۇنداق ھەرپ قوشۇش ئەرەپ تىلىدىمۇ بار. مەسىلەن:
«تَمَدْ رَعَتِ الْمَرْأةُ» دىگەن ئىبارىدىكى «تَمَدْ رَعَتْ»
سوزى ئەسلىدە «تَدَرَّعَتْ» بولۇپ، «دِرْع» سوزىدىن كەل-
گەن. «تَمَسْكَنَ الرَّجُلُ» دىگەن ئىبارىدىكى «تَمَسْكَنَ»

سۆزىمۇ ئەسلىدە «تَسَگَنَ» بولۇپ، «سُكُونْ» سۆزىدىن كەلگەن.

بُشَقْ puxak غەمكىن، ئىچى پۇشقاق. بُشَقْ آرْ *puxak ər* — ئىچى پۇشقاق ئادەم. ئوغۇز ۋە باشقىلارنىڭ تىلىدا.

بِشِقْ pīxīk پىششىق. بِشِقْ آتْ *pīxīk ət* — پىششىق گۆش. ياغمىلار «بَشِقْ *baxīk*» دەيدۇ.

بَلِقْ balīk بېلىق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بَلِقْ سُفْدا كُوزِي تَشْتِنْ *balīk suvda kozi taxtīn* — بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا. بۇ ماقال بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالىدىغان ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بَلِقْ balīk لاي. ئارغۇلار ۋە بىر قىسىم ئوغۇزلار تىلىدا. ئارغۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈچ ساكىنلىق تاۋۇشنى يانمۇ-يان كەلتۈرۈپ، «بالْقْ *balk*» دەيدۇ. تۈرك تىلىدا پەقەت ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلەلەيدۇ. ئارغۇلارنىڭ تىلى سەل بۇزۇلغان.

بَلِقْ balīk ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى «بِيشْ بَلِقْ *bəx balīk*» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر

شەھرى «يَنكِي بَلِقْ yaŋï balïk» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «يېڭى شەھەر» دېگەن بولىدۇ.

بُلَقْ bulak : بُلَقْ اَتْ bulak at — بويى قىسقا، ئۇچىسى كەڭ ئات.

بُلَقْ bulak بۇلاق. بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. ئۇلارنى قىپچاقلار ئەسىر ئالغان ئىدى، كېيىن ئۇلۇغ تەگرى ئۇلارنى قۇتقازدى ۋە ئۇلار «اَلْكَا بُلَقْ alka bulak» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ سوز «بُلَقْ» ۋە «بُلَاقْ» شەكىللىرىدە يېزىلىشىمۇ مۇمكىن.

بَمُقْ pamuk پاختا. ئوغۇزچە.

تُبِقْ topïk توپۇق. چوگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپۇق توپ.

تُبِقْ topïk توپۇق. تُبِقْ سُنْكُوكْ topïk sөŋük — قوينىڭ توپۇق سوڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا.

تُتُقْ tutuk پىچۇۋېتىلگەن، ئاختا.

تُرُقْ turuk ئورۇق. ھەر نەرسىنىڭ ئورۇقى.

اَرُقْ aruk : اَرُقْ تُرُقْ aruk turuk — ئارۇق تۇرۇق. قەشقەر بىلەن فەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى قىيىن ئوتكەل، داۋان.

تُزَقْ tuzak تۇزاق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اِكْلَدِى مانِكْ اَذاقْ
كُرْمَذِبْ اُغْرِى تُزاقْ
اِكْلَدِمْ اَنْدِنْ اُزاقْ
اَمْلَكِلْ اَمْدِى تُزاقْ

iglədi məniŋ ažak
kərməžip oqrī tuzak
iglədim andīn uzak
əmləgil əmdi tuzak

[مېنىڭ ئايىغىم ئاغرىدى،
يوشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي (ئىلىنىپ قېلىپ)،
ئاندىن ئۇزاق ئاغرىق تارتتىم،
سويۇملۇگۇم، ئەمدى ئەملىگىن.]

يوشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئايىغىم ئىلىندى، مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇزاق ئاغرىدىم، ئەي سويۇملۇگۇم، ئەمدى مېنى ئۇزەك ئەملىگىن.

تُزَقْ tuzak ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ ئېيتىلىدىغان سۆز. بۇ سۆز «سويۇملۇگۇم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئاخىرىغا «ى-يا» قوشۇلۇپ، «تُزاقِى *tuzaki*» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

تَشَقْ taxak تاشاق. بىر - بىرىگە يېقىن جايلاشقانلىقى سەۋە-
ۋىدىن زەكەرمۇ «تَشَقْ *taxak*» دېيىلىدۇ.

تُتُقْ tutuk تۇتۇق. ئەرلەر ئىسمى.

تَنُقْ tanuk تونۇق، گۇۋاھ.

جَبَقْ qabak تۈرك كولىدە بولىدىغان بىر خىل كىچىك بېلىق.
شۇنىڭغا ئوخشىتىپ پەسكەش ئادەملەرمۇ «جَبَقْ اَرْ *qabak ər*» دېيىلىدۇ.

جِبِقْ qibik چىۋىق، ھول چىۋىق.

جُجُقْ qoquk تورۇشەن، چوچقا كۈچۈكى.

جَرُقْ qaruk چورۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَذاغْ آتِي
جَرُقْ كُوجِي اَزُقْ *yažaoq ati qaruk küqi azuk* —
ياياقنىڭ ئېتى چورۇق، كۈچى ئوزۇق. بۇ ماقال يولدا
يۈتىنى قاپارتىۋېلىشتىن ۋە ھالسىزلىنىشتىن ساقلىنىش
ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى نەرسىنى تەييارلاشقا ئۈندەپ
ئېيتىلىدۇ.

جَرُقْ qaruk چارۇق. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار «بَرْجُقْ
barquk» شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ. «بَرْجُقْ *barquk*»
ئافراسياپ شەھەرلىرىدىن بىرى. ئۇ يەردە «بُخْتُ نَصَّرْ
buhtu nəssər»نىڭ ئوغلى «بَتْزَنْ *bətzən*» قامالغان.

جُلُقْ qoluk چولاق.

جِلُقْ qulik چۇلۇق. چوڭلۇغى پاختەكچىلىك كېلىدىغان، سۇدا ياشايدىغان ئالا قۇش.

جُمَقْ qomak چوماق، توقماق.

جُمَقْ qomak ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ھەممە خەلق مۇسۇلمانلارنى «جُمَقْ آرِي *qomak əri*» دەيدۇ. بۇ «مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم» دىگەن بولىدۇ.

جَنَقْ qanak چاناق. ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۇزلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاچىلار.

جَنَقْ qanak چاناق، قاچا، ئوغۇزچە.

سَجُوقْ saquk چېچەق. سَجُوقْ نَانْكْ *saquk nəŋ* — چېچەق نەرسە.

سُذُقْ suzuk تۈكۈرۈك.

سِرُقْ siruk تىرەك، چېدىر تىرىگى.

سَسِقْ sasik تەشتەك، ساپال قاچا. ئۇچ ۋە ئۇنىڭ ئېرىقى تەرىپىدە تۇرىدىغانلارنىڭ تىلىدا.

سُسِقْ susik سوغا، ياغاچ چېلەك. بۇ سوزنى پەقەت بىر قەبىلىدىلا ئاڭلىدىم.

قَبَقْ kapak قاپاق. كُوزْ قَبَقِي *køz kapaki* — كوز قاپىقى.

قَبَقْ kapak قاپاق. قاتىمغان ۋاقتىدا يېپىلىدىغان ھول قاپاق.

قَبَقْ kapak قىزلىق، قىزنىڭ قىزلىقى. قِيزْ قَبَقِي سِيدِي *kïz* — *kapaki sïdï* قىزنىڭ قىزلىقى ئېلىندى.

قَتِقْ katïk تۇتماچ (چوپ) قا قېتىلىدىغان قېتىق، سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

قَتِقْ katïk قېتىق. ھەرقانداق نەرسىگە قېتىلغان (قوشۇلغان) نەرسە.

قُجَقْ kuqak قۇچاق. بِيرْ قُجَقْ بُوزْ *bir kuqak bøz* — بىر قۇچاق بوز.

قَذِقْ kaźïk قېيىق. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان نەرسە، ئارغۇچە.

قَرَقْ karak قاراق. كوز قارىغى. قَرَا قَرَقْ *kara karak* — كوز قارىسى. اُرُنْكْ قَرَقْ *ürüŋ karak* — كوز ئېقى. اُوتْ قَرَقْ *ot karak* — كوز قارىچۇغى.

قِرُقْ kïruk : قِرُقْ آرْ *kïruk ər* — قولى سوغۇلۇپ كەتكەن ئادەم. قِرُقْ آذَاقْ *kïruk aźak* — سوغۇلۇپ كەتكەن ئاياق.

قَزُقْ kazuk : قَزُقْ اَرِقْ *kazuk arïk* — قېزىلغان ئېرىق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قَسُقْ kasuk تورسۇق، ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم، ئىچىگە سۈت ۋە قىمىزغا ئوخشاش نەرسىلەر قاچىلىنىدۇ.

قَسُقْ kasuk قاسراق، دەرەخ پوستى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «قَسْ» *kas* بولۇپ، ئاخىرىدىكى «ق - *k*» كېيىن قوشۇلغان.

قُسِقْ kosīk چىلغۇزا. بۇ سوز ئايالLارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ.

قَشَقْ kaxak بىر خىل قومۇش.

قَشُقْ kaxuk قوشۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُرُقْ قَشُقْ آغِزْقا يَرَماسْ قُرُقْ سُوزْ قُلاقَا يَقِشْماسْ — *kuruk kaxuk aqīzka yaramas kuruk soz kulakka yakīxmas* قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس، قۇرۇق سوز قۇلاققا ياقماس. بۇ ماقال بىركىمدىن بىرەر ياردەم سورىماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر پايدا يەتكۈزۈش زورۇرلۇكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

قَڤَقْ : kavak قَڤَقْ اَرْتْ — *kavak art* قاۋاق ئارت، ئوزكەند بىلەن قەشقەر ئارىسىدا ئوتتۇش قىيىن بولغان بىر داۋان.

قُڤُقْ : kovuk قُڤُقْ نانْكْ — *kovuk nəŋ* كاۋاك نەرسە.

قَڤُقْ kavuk قوۋۇق، دوۋسۇن.

قَڤِقْ kavīk قوۋۇق، كېپەك. قوناق ۋە تېرىق كېپىكى.

قَلِقْ kalïk هاۋا، هاۋا بوشلۇغى؛ ئاسمان.

قُلَقْ kulak قۇلاق. بەزىلەر «قُلْخاقْ kulhak»، بەزىلەر «قُلْقاق kulkak» دەيدۇ. ئاۋالقىسى (قُلَقْ) توغرا.

قُلَقْ kulak: قُلَقْ تُونْ kulak ton — قىسقا يەڭلىك تون.

قِلِقْ kïlïk قىلىق، مىجەز، خۇي. ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە تەرزى. «ل - l» ھەرپى ساكىنلىق قىلىنىپ «قِلْقْ kïlk» مۇ دېيىلىدۇ.

قُمُقْ komuk قومۇق. بەگلەردىن بىرىنىڭ ئىسمى. مەن بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان.

قَمُقْ kamuk ئات تېزىكى. بۇ سۆز پەقەت شۇنىڭغىلا خاس.

قَنَقْ kanak قايماق. ئارغۇ ۋە بۇلغار تىللىرىدا. بۇ سۆزدە «ن - n» ھەرپى «ى - يا» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

قُنُقْ konuk مېھمان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْدِي اَرَنْ قُنُقْ بُلِبْ قُتْقا سَقارْ

قَلْدِي اَلِغْ اُيُقْ كُرُبْ اَفْنِي يِقارْ

bardï ərən konuk bulïp kutka sakar

kaldi aliot uyuk kərüp əvni yïkar

[مېھمان كەلسە، قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى،
قارا كورۇپ ئۆيىنى چۇۋار پەسلەر قالدى.]

مېھمان كېلىشىنى بەخت - سائادەت دەپ بىلىدىغان ئەرلەر دۇنيادىن ئۆتتى، يىراقتىن بىر قارا كورۇنسە، مېھمان كېلىپ قالمىسۇن دەپ كىگىز ئۆيىنى چۇۋۇپ كۆچۈپ كېتىدىغان پەس ئادەملەر قالدى.

قَنَقْ konak چۆژگۈن قوناق. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قَنَقْ بَشِي سَذْرَكِي يِيَكْ — *konak baxï səźrəki yəg* قوناق بېشىنىڭ سېيرەك بولغىنى ياخشى. چۈنكى سېيرەك بولسا، دېنى چوڭ - چوڭ بولىدۇ، قېلىن بولسا، دېنى ئۇش- شاق بولىدۇ. بۇ ماقال كۆتكەن مەقسىتىگە ئاز زەخمەت چېكىش بىلەن يەتمەكچى بولغانلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بِتِكْ bitik پۈتۈك، كىتاب، مەكتۇپ، يېزىلغان نەرسە.

بِتِكْ bitik يېزىش. بۇ سوز مەستەردۇر. آنِكْ بِتِكِي بَلْكُولُكْ — *anïŋ bitiki bəlgülüg* ئۇنىڭ يېزىقى (خېتى) بەل- گىلىك.

بِتِكْ bitik تۇمار، ئۇغۇزچە.

بِجَكْ piqək پىچاق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: نَجَا يِتِكْ بِجَاكْ اَرْسَا اُوز سَابِنْ يُنُوماسْ — *nəqə yitig piqək ərsə öz sabïn yonumas* پىچاق ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ، ئۆز سېپىنى يونۇيالماس. بۇ ماقال ئۆز ئىشىنىڭ ھوددى-

سىدىن چىقالماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشى ھەققىدە چوڭ گەپ قىلغۇچىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بَدُكْ bədük بۈيۈك، چوڭ. ھەر نەرسىنىڭ چوڭى. بَدُكْ تَڤِي *bədük təvi* — چوڭ تۆگە.

بُرُكْ bürük خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغىدىغان بوغقۇچ، ئىشتانباغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

بَزَكْ bəzək بېزەك، نەقىش. بىر شۆبىدە.

بَزِكْ bəzik بەزگەك، تىترەك. اُلْ بَزِكْ بَزْدِي *ol bəzik bəzdi* — ئۇ قاتتىق تىترىدى.

بُسُكْ püsük : اُلْ قُلِنْ بُسُكْ بُسْدِي *ol kulīn püsük püsdi* — ئۇ قۇلىنى قاتتىق بېكىندۇردى. قۇلىنى قاتتىق تۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بُلُكْ bølük بۆلۈك، بۆلۈم. ھايۋانلارنىڭ بىر بۆلۈكى، تۈپى. بِيرْ بُلُكْ قُويْ *bir bølük koy* — بىر بۆلۈك قوي. بِيرْ بُلُكْ كِشِي *bir bølük kixi* — بىر بۆلۈك كىشى، يەنى بىر تۈپ كىشى. بۇ سۆز «خەلق، تۆگە» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا تۈپنى بىلدۈرىدىغان تۇرداش ئىسىمدۇر.

بِلَكْ bilək بىلەك.

بَلَكْ bələk بولەك. سەپەرگە چىققان كىشى ئۆز تۇغقانلىرىغا

ئېلىپ بارىدىغان ياكى بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە كەلتۈرۈلىدىغان سوغا ـ سالام.

بَلِكْ bəlik پىلىك، چىراق پىلىكى.

بَلِكْ bəlik پىلىك. يارا تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ.

بِلِكْ bilik بىلىم، ئىلىم. بِلِكْ اُكْرَنْ *bilik øgrən* — بىلىم ئۆگەن.

بِلِكْ bilik ھېكمەت. اُزاقِي بِلْكالاَرْ *ozaki bilgələr* — بۇرۇنقى ھېكمەتلەر (دانىشمەنلەر).

بِلِكْ bilik ئەقىل. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اُغْلاَنْ بِلِكْسِزْ *ooqlan biliksiz* — بالا ئەقىلسىز، يەنى بالىدا ئەقىل يوق.

بَنَكْ bənək پىنەك، دان، ئۇرۇق. ئارغۇ ۋە بەزى قەبىلىلەر تىلىدا.

بَنَكْ bənək يارماق، مىس پۇل.

تَپُكْ təpük تەپكۈچ. دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ توشۇگىگە ئۆچكە چۈپۈرىنى ئۆتكۈزۈپ، بالىلار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق.

تَپُكْ təpük تېپىك. اُلْ قُلِنْ تَپُكْ تَپْدِي *ol kulïn təpük təpdi* — ئۇ قۇلىنى قاتتىق تەپتى.

تِتِكْ titik ئاغرىق. باشْ تِتِكْ تِتِي *bax titik titti* — يارا بەك ئاغرىدى. بۇ شەكىلدىكى سۆزلەر پەقەت تەكىتلەش

مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ال ارك ارغ اردى ol ərig — ئۇ ئادەمنى قاتتىق ئۇردى. ال قجغ قجدى uruoq urdi — ئۇ قاتتىق قاچتى. ol kaqioq kaqdi

تتك tütək ئۆرۈق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ جوغىسى.

تتك titik لاي، پاتقاق.

ترك tirig تىرىك. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ تىرىكى.

تزك təzək تېزەك. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تزك قاردا يتماس اذكو ايسيز قتماس — təzək karda yatmas əzgü əsiz katmas تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى - يامان قېتىلماس. چۈنكى، تېزەك ئۆز ئىسسىقى بىلەن قارنى ئېرىتىۋېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بىر - بىرىگە ئوخشى-مىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى بىلەن يامان بىر - بىرىگە قېتىلمايدۇ.

ترك təzik تېزىپ كەتمەك. خەلق ئارىسىدا يۈز بەرگەن تېزىش، ۋەھىمە. ترك كشي təzik kixi — ئىشتىن قاچە-دىغان كىشى.

تزك tizik تىزىق، قاتار، سەپ. بير تزك تراك —bir tizik tərək بىر قاتار تېرەك. بير تزك ينجو —bir tizik yinqü بىر تىزىق ئۈنچە.

تَزِكْ təzik تاجىك (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن).

تَشُكْ təxük توشۇك، يېرىق؛ سېرىق ئەت يېرىغى، چىقۇق. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تَشُكْ سُفْدا بَلْكُرارْ *təxük suvda bəlgürər* — توشۇك سۇدا بىلىنەر. بۇ ماقال بىرەر ئىشنى قىلىشتا ماختانغۇچى ئادەمگە قارىتا «ئىشنىڭ ياخشى - يامانلىقى كېيىن بىلىنىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئېيتىلىدۇ.

تَشِكْ təxik ئاچكۆز، قارنى تويمىسمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئادەم.

تُشُكْ tüxük چۈشكۈن، هورۇن، لامزەللە. تُشُكْ كِشِي *tüxük kixi* — هورۇن كىشى.

تُشَكْ töxək توشەك، ئورۇن - كۆرپە.

تِشَكْ tixək ئىككى چىشلىق قوي.

تُلَكْ tələk ئېغىر بېسىق، خاتىرجەم، بىخەم. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَقْ اِفَكْ تُقْ تُلَكْ *aq əvək tok tələk* — ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بىخەم. ئوغۇزچە.

تُلَكْ tülək هايۋانلار تۈلەيدىغان ۋاقىت. اُلْ قُوىْ تُلاكِنْدا كَلْدِى *ol koy tüləkində kəldi* — ئۇ قوي تۈلەيدىغان چاغدا كەلدى.

تَلِكْ təlik ئېغىز، توشۇك؛ جىرا.

تُڤَكْ tüvək تۈپەك. سوگەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەرەخلەر- نىڭ نوتىسىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق مىلتىق. بالىلار نوتىنىڭ ياغىچىنى پوستىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، نەي- چىسىگە كۆمۈلاچ تىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇشقاچ ئېتىپ ئوينايدۇ. قۇشقاچ ئاتىدىغان مىلتىق. ئۇ ياغاچنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىپ ئويۇش يولى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. چىگىلچە.

جُبَكْ qübək چوچاق. بالىلارنىڭ چوچىقى.

جِبَكْ qibək : جِبَكْ قُرْغُوىْ *qibək kurquy* — چىۋ قۇرغۇي.

جَتُكْ qətük مۈشۈك. ئوغۇزچە. كُوكْ جَتُكْ *küwük qətük* — ئەر- كەك مۈشۈك.

جَجَكْ qəqək چېچەك، گۈل.

جَكَكْ qəkək چېچەك كېسىلى. چىگىلچە.

جَرِكْ qərik ئۇرۇش سېپى؛ قوشۇن، چېرىك. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آلْپْ جَرِكْدا بِلْكا تِرِكْدا *alp qərikdə bilgə tərikdə* — باتۇر سەپتە سىنىلار، دانا يىغىندا.

جَرِكْ qərik ھەر نەرسىنىڭ قارشىسى، قارشى تەرىپى. ئوغۇز- چە. ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى، نۆۋىتى.

جُرَكْ qörək توقاچ.

جِلِكْ جِلِكْ qilik qilik چىك - چىك. ئۇچكىنى قىچقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سوز.

جُنُكْ qünük چۈلۈك. چىنارنىڭ بىر خىلى.

جُشَكْ qüxək يەم - خەشەك. سوغدىچە.

دُلَكْ dülək ئاغزى پۈچۈلغان ساپال قاچا، ئاغزى كەمتۈك كوزا.

سِبَكْ sibək سوۋەك. تۇگمەننىڭ كىپنى، تۇگمەن تېشىنى چوگىلىتىدىغان تومۇر.

سِبَكْ sibēk شۇمەك. سۈيدۈك يىپىلىپ كەتمىسۇن دەپ بالا بۆشۈككە قويۇلىدىغان نەيچە.

سِدُكْ sidük سۈيدۈك. بۇ سوز سۈيدۈكنىڭ ھەممە تۈرى ئۈچۈن ئورتاق.

سِذِكْ siżik چاپاننىڭ بىر پېشى. بۇ سوز «سِذِغْ *siziq*» سوزگە قارىغاندا چىرايلىقراق ئاڭلىنىدۇ.

سُرُكْ sürük سۈرۈك. ھايۋانلار توپى. بِيرْ سُرُكْ قوى بىر توپ قوي — *bir sürük koy*. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُكُزْ سُرُكْ قُوىْ تَفِي بِنْدِي بِلا

يمرليو اَرْكَنِنْ سوتِنْ سَغارْ

ügür süzük koy təvi yundi bilə
yumurlayu ərkənin sütin saoqar

[ئۈيۈر - سۈزۈك قوي، توگە، يىلقا بولسا گەر،
يىغىپ كېلىپ ئۆز ئەركىچە سۈتنى ساغار.]

بىر كىمنىڭ قوي، توگە، يىلقا پادىلىرى بولسا، ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە يىغىپ كېلىپ، سۈتىنى ساغىدۇ.

سُزُكْ süzüg سۈزۈك. سُزُكْ سُوڤْ *süzüg suv* — سۈزۈك سۇ. سۈزۈلگەن، تازىلانغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ياقۇت ۋە ياقۇتقا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «سُزُكْ *süzüg*» دېيىلىدۇ.

سَشُكْ səxüg شېشىك ~ يېشىك. باغلاقتىن بوشىتىلغان جانۋار. سَشُكْ آتْ *səxüg at* — يېشىك ئات، باغلاقتىن بوشىتىلغان ئات، بوش ئات.

سَڤُكْ səvüg: سَڤُكْ نانْكْ *səvüg nəŋ* — سۆيۈملۈك نەرسە.

سِلِكْ silik سىلىق. سِلِكْ آرْ *silik ər* — سىلىق ئادەم؛ پاكىزە، زېرەك، يېقىملىق، شېرىن سۆزلۈك ئادەم.

شُبِكْ xөpik شوپۇك. يېيىلگەن مېۋىنىڭ تاشلاندۇق قىسمى. بۇ سۆزدە «ش - *x*» ھەرپى «ج - *q*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

شُتُكْ xütük كالا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دۈۋەت.

شُتُكْ xütük : شُتُكْ سَقالْ xütük sakal — ئوچكه ساقال. بۇ سوز يۇقۇرىدىكى «دۇۋەت»كه ئوخشىتىپ ئېيتىلغان.

شُنُكْ xünük چۈلۈك. چىنارنىڭ بىر خىلى. بۇ سوزده «ش - x» هەرپى «ج - q» هەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

كَبَكْ kəpək كېپەك. ئۇششاق مەرۋايىت «كَبَكْ يِنْجو *kəpək yinqü*» دېيىلىدۇ.

كَبَكْ kəpək كېپەك. باش كېپىكى.

كُبُكْ køpük كوپۈك ~ كوۋۈك. سۇ كوۋۈگى.

كُبُكْ køpük كوپۈك ~ كوۋۈك. قازان قاينىغاندا سۇنىڭ يۈزىگه ئورلەپ چىقىدىغان كوپۈك، شورپا كوپۈگى.

كَجِكْ kəqik كېچىك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَيْنارْ اُكُزْ كَجِكْ سِيزْ بُلْماسْ — *kaynar øgüz kəqiksiz bolmas* قاينام دەريا كېچىكسىز بولماس. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا چارىسىزلىقتىن تېڭىرقاپ قالغان كىشىگه تەسەللى بېرىش ئۈچۈن «بۇ ئىشنىڭمۇ چارىسى تېپىلىپ قالار» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

كجك køqük ساغرا؛ مىنگىشىش.

كِجِكْ kiqik كىچىك. ھەر نەرسىنىڭ كىچىگى.

كَذُكْ kəzük يامغۇرلۇق.

كَدُكْ kədük يۇڭدىن توقۇلۇپ، دوبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان بىر خىل باش كىيىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دوبۇلغىغا ئوخشايدۇ.

كُدُكْ küdük : اِيشْ كُدُكْ *ix küdük* — «ئىش-كۈش» دېگەن مەنىدىكى جۈپ سۆز بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز ھەر ۋاقىت بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

كَرَكْ kərək كېرەك. «بُو كَرَكْمُو *bu kərəkmu* — بۇ كېرەكمۇ» دېگەن سۆزگە جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان سۆز.

كُرُكْ kɵrük كورۈك ~ كويەك. تۆمۈرچىنىڭ كورۈگى.

كُزَكْ kɵzək كامان. بوز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئورۇشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاپ.

كَزِكْ kəzik كېزىك. بەدەندە تىترەك پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ئىسسىتما.

كَزِكْ kəzik : سَرِغْ كَزِكْ *sarïq kəzik* — سېرىق كېسەل.

كَزِكْ kəzik كېزەك، نۆۋەت. سَنِكْ كَزِيكِينْكْ كَلْدِي *səniŋ kəzikiŋ kəldi* — سېنىڭ كېزىگىڭ كەلدى.

كَزِكْ kəzik جۈرئەت. بُو اِيشْتَا سَنْكَا كَزِكْ كَرَاكْ *bu ixta saŋa kəzik kərək* — بۇ ئىشتا ساڭا جۈرئەت كېرەك. بۇ يەردىمۇ ئاساسىي مەنە يەنە يۇقۇرىدىكىدەك «كېزەك، نۆۋەت» دېگەندىن ئىبارەت.

كُزِكْ küzik كوكۆلا چاچ. ئارغۇچە.

كَسَكْ kəsək كېسەك، توغرام. بىر نەرسىنىڭ بولۇگى.

بِرْ كَسَكْ اَتْمَاكْ bir kəsək ətmək — بىر توغرام نان.

كَڤَكْ kəvəg (يۇمشاق «ك - g» بىلەن) بۇرۇن كومۇرچىكى.

كُڤُكْ: küvük كُڤُكْ مُوشْ küvük mux — ئەركەك مۈشۈك.

چىگىلىچە.

كُلُكْ: külük كُلُكْ نَانْكْ külük nəŋ — ئوتنە ئېلىنغان نەرسە.

كُلُكْ kəlük ئۇچا، دۈمبە؛ كولۇك. يۈك ئارتىلىدىغان ئۇلاق.

كَمَكْ kəmək بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت. بۇنىڭدىن يېپىنچا قىلىنىدۇ. قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ.

كُنَكْ kənək ئىۈرىق.

مَزَكْ məzək (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن)؛ اِتْ مَزَكِي it məzəki — ئىت پوقى.

نَتَكْ nətəg «قانداق» دىگەن سوراق ئالمىشى. نَتَكْ سَنْ nətəg sən — قانداق سەن؟

نَچُكْ nəqük نېچۈك، نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا. نَچُكْ بَرْدِنْكْ nəqük bardiŋ — نېمە ئۈچۈن باردىڭ؟ ياباقۇچە.

نَلُكْ nəlük نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا، باشقا قەبىلىلەر تىلىدا.

نَرَكْ nərək نېمىگە كېرەك، نېمە ئۈچۈن كېرەك. بُو سَنكا نَرَكْ *bu saŋa nərək* — بۇ ساڭا نېمە ئۈچۈن كېرەك. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «ناكَراكْ *nə kərək*» بولۇپ، ئىككى ھەرپ چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

بَجَلْ pəqəl پىچىلغان، سۈنئەت قىلىنغان خوتۇن، ئاختا قىلىنغان ئەركەك، پىچىپ تاشلانغان ئات ۋە باشقا ھايۋانلار.

بَشِلْ baxil ئالا باش. بَشِلْ قُوىْ *baxil koy* — ئالا باش قوي، بىر شەۋندە.

بَدَلْ آرْتْ bədəl art بەدەل ئارت. ئۈچ بىلەن بارسغان ئارد-لىغىدىكى بىر داۋان①.

تَسَلْ tasal چوگەن ئويۇنىدا مەيدان دائىرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن سىزىلغان سىزىق. بۇ سوز «تَلاسْ *talas*» دىگەن سوز-دىن ئوزگەرگەن. بۇ خۇددى ئەرەپچە «مافِي الاَرْضِ عَلاَق» دىگەن ئىبارىدىكى «ئوتلاق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «عَلاَقْ» سوزىنىڭ «لَعاَقْ» دەپمۇ ئوقۇلغىنىغا ئوخشايدۇ.

تَكُلْ təgül تۈگۈل، ئوغۇزچە. بۇ سوز ئارغۇلارنىڭ «داغْ اُلْ

① ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتى بىلەن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىدىكى داۋان.

daƣ ol» دېگەن سۆزىدىن كەلگەن. ئوغۇزلار بۇ سۆز-
دىكى ئىككى «ا - ئېلىپ» نى چۈشۈرۈپ قويغان ۋە «د -
d» ھەرپىنى «ت - t» غا، «غ - ƣ» ھەرپىنى «ك - g»
گە ئالماشتۇرۇپ قويغان.

جِغِلْ تِغِلْ qiƣil tiƣil : اُقْ كِيشْ اِجْرا جِغِلْ تِغِلْ قِلْدِي
ok kix iqrə qiƣil tiƣil kildi — ئوق ساداق ئىچىدە
چىغىل - چىغىل (غىچىر - غىچىر) قىلدى.

جِكِلْ qigil چىگىل. ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى: بىرىنچىسى
بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «قُياسْ kuyas» شەھەر-
چىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر. ئىككىنچىسى، «طراز — تا-
لاس» شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلار-
مۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ «چىگىل» دەپ
ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ مۇنداق ئىمىش: زۇلقەرنەيىن ئارغۇ
ئېلىگە كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار ماڭغۇسىز
دەرىجىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن
پارس تىلىدا «اين چەكل است — نېمىدېگەن يامان پات-
قاق» دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سال-
دۇرۇپتۇ، بۇ قورغان «چىگىل» دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن، ئۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ،
«جِكِلِي qigili» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىنچە
ئەتراپلارغا يېيىلغان ئىكەن. ئوغۇزلارمۇ شۇ ئەتراپلاردا
ياشىغان ۋە چىگىللەر بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان، ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلى-

نىپ كەلگەن. ئوغۇزلار چىگىل شەكلىگە كىرىۋالغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىمۇ «چِگِلْ *qigil*» دەپ ئاتايدۇ. ئوغۇزلار يەنە جەيھۇندىن يۇقۇرى چىنىچە بولغان يەرلەردە ياشى-غۇچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «چِگِلْ *qigil*» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خاتا. ئۇچىنچىسى، قەشقەردىكى بىر-مۇنچە يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ «چِگِلْ *qigil*» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارمۇ بىر يەردىن تارقالغان.

جُمُلْ qomul چومۇل. تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

سُگَلْ səgəl كېسەل، ئاغرىق. ئوغۇزچە.

سِكِلْ sigil سوگەل.

قِزِلْ kïzïl قىزىل. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قِلِنُو بِلْسا قِزِلْ كَذارْ يَرانُو بِلْسا يَشِلْ كَذارْ — *kïlïnu bilsə kïzïl kəżər yaranu bilsə yaxïl kəżər* قىلىقلىناي دىسە قىزىل كىيەر، ياراي دىسە يېشىل كىيەر. يەنى خوتۇنلار ئېرى بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولماقچى بولسا، قىزىل يەپەك كىيىم كىيىدۇ؛ غىلجىڭلىق قىلماقچى بولسا، يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ. بۇ ماقال خوتۇنلارنى ئېرىگە دائىم خۇش مۇئامىلىلىك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قِزِلْ kïzïl قىزىل. قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قِزِلْ سَرِغْ اَرْقِشِبْ
يِبكِنْ يَشِلْ يُزْكَشِبْ
بِرْ بِرْ كَرُو يُرْكَشِبْ
يَلِنكُقْ اَنِي تَنْكْلَشُورْ

kizil sariq arkaxip
yipkin yaxil yüzkəxip
bir bir kərü yərgəxip
yalinuk ani tanlaxur

[قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر - بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار كۆتىرىلىپ چىقىپ،
بىر - بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.]

قىزىل، سېرىق چېچەكلەر قات - قات ئېچىلىپ، يېشىل رەيھانلار بىر - بىرىگە يۆمىشىپ كەتتى، كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ تاڭ قېلىشتى.

كَفَلْ kəvəl يورغا. كَفَلْ اَتْ *kəvəl at* — يورغا ئات.

بِيجِمْ piqim پىچىم، تىلىم. بِيرْ بِيجِمْ قاغُونْ *bir piqim kaqun* بىر تىلىم قوغۇن. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بُغِمْ boqim بوغۇم. بارماقلارنىڭ بوغۇمى، قومۇش ۋە بامبۇك-نىڭ بوغۇمىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بُكُمْ büküm : بُكُمْ اَتُكْ *büküm ətük* — ئايالچە ئۆتۈك، ئوغۇزچە. باشقا تۈرك قەبىلىلىرى بۇ سوزنى «مُكِمْ *mükim*» ياكى «مُكِنْ *mükin*» دەيدۇ. بۇنىڭدا «ب - *b*» ھەرپى ئورنىغا «م - *m*» ھەرپى، «م - *m*» ھەرپى ئورنىغا «ن - *n*» ھەرپى ئالمىشىپ كەلگەن. مېنىڭچە بۇ سوز ساپ تۈركچە ئەمەس. لېكىن قىپچاق ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاۋام خەلقى بۇ سوزنى شۇنداق ئىشلىتىدۇ.

تَرِمْ tarim تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سوز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقۇرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سوز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا - خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا «اَلْتُنْ تَرِمْ *altun tarim*» دېگەن سوز ئىشلىتىلىدۇ.

تَرِمْ tarim كول ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى (تارماق دەريا).

تَرِمْ tarim تارىم. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى «كُجا *kuqa* — كۇچا» دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر «اسمى تَرِمْ *usmi tarim*»مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ «تَرِمْ *tarim*» دېيىلىدۇ.

تُرُمْ turum بويلام، ئادەم بويى كېلىدىغان ئېگىزلىك ياكى
چوڭقۇرلۇق ئۆلچىمى. بِيرْ اَرْ تُرُمِى سُوْ *bir ər turumi* —
suv (چوڭقۇرلۇغى) ئادەم بويى كېلىدىغان سۇ. باشقىلار-
دىمۇ شۇنداق.

تُرُمْ torum بوتا، بوتىلاق. تِيشِى تُرُمْ *tixi torum* — چىـ
شى بوتىلاق.

تِزِمْ tizim تىزىم، تىزىق. بِيرْ تِزِمْ يِنْجُو *bir tizim* —
yinqü بىر تىزىق ئۈنچە.

تُقُمْ tokum سويۇلىدىغان مال. بۇ سوز كوپىنچە سويۇلىدى-
غان ئاتقا ئىشلىتىلىدۇ.

تِكِمْ təgim تېگىم، پارچە. بِيرْ تِكِمْ تُرْمَاكْ *bir* —
təgim türmək بىر پارچە تۈرمەل.

تَلِمْ təlim تولا، كوپ. تَلِمْ يَرْمَاقْ *təlim yarmak* —
كوپ يارماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَلِمْ بَشْلَرْ يِقِلْدِيمَتْ
يَغِي اَنْدِنْ يِقِلْدِيمِتْ
كُجِي اَنِنْكْ كَقِلْدِيمَتْ
قِلِچْ قِنْقَا كُجِنْ سِغْدِي

təlim baxlar yuvaldïmat
yaoïï andïn yavaldīmat
küqi anïŋ kəvəldimət
kïlïq kīnka küqün sïoqdī

[تالاي باشلار دومۇلدى،
يېغا ئاندىن يۇۋاشلاندى،
كۈچى ئۇنىڭ ئاجىزلاشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.]

بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۈزىگە قاتقان قاننىڭ كۆپلۈكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.

تُلُمْ tolum ئۇرۇش قوراللىرى. بۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم.

تِلِمْ tīlim تىلىم. بِيرْ تِيلِمْ آتْ *bir tīlim ət* — بىر تىلىم گۆش. ئۇزۇنىغا كېسىلگەن ياكى تىلىنغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

دِدِمْ didim نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئوتۇغات، تاج.

سَرِمْ sarim سۈزگۈچ. ئۇرسىق ۋە كوزىغا ئوخشاش قاچىلاردىكى ئىچىملىكنى سۈزۈپ قۇيۇش ئۈچۈن، شۇ قاچىلارنىڭ ئاغزىغا باغلانغان يىپەك سۈزگۈچ.

سَغِمْ saoqïm سېغىم. بِير سَغِمْ سُوتْ — *bir saoqïm süt* بىر سېغىم سۈت.

سُقِمْ sokïm ئوقيا ئوقىنىڭ ياغاچتىن قىلىنغان قوۋرۇغى. بۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: بىر پارچە ياغاچ ئۈچى ئۈچلۈق، تۈۋى تۇم قىلىپ يونۇلۇپ، ئىچى كاۋاك قىلىنىدۇ ۋە ئۈچ تەرىپىدىن تېشىپ ئوققا كىيدۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوق ۋىڭىلداپ ئۈچىدىغان بولىدۇ.

بَقِرْ سُقِمْ bakïr sokïm «مەرىيخ *mirrih* — مارس» يۇلتۇزىنىڭ ئېتى.

قُجَمْ kuqam قۇچاق. بِير قُجَمْ نانْكْ — *bir kuqam nəŋ* بىر قۇچاق نەرسە.

قُرُمْ korum قورام تاش، قىياتاش. توپلانغان مال - مۈلۈكمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ قُرُمْ بُلْدِي — *ol korum buldï* ئۇ نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئىگە بولدى، يەنى نۇرغۇن مال تاپتى.

كَرَمْ kərəm گەرەم، گەمە. يۇقۇرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تىلىدا.

كَرِمْ kərim تامغا تارتىلىدىغان گۈللۈك چارشاپ. تامْ كَرِمِي — *tam kərimi* تام چارشىپى.

بُتُنْ pütün ئىشەنچلىك، چىنپۈتكىلى بولىدىغان. جِيِنْ بُتُنْ

كِشِي qin pütün kixi — چىن پۈتكىلى بولىدىغان كىشى.

بُتُنْ pütün پۈتۈن، ساق، مۇكەممەل. بُتُنْ يَرْمَاقْ pütün yarmak — پۈتۈن يارماق، پۇچۇلمىغان يارماق.

بُذُنْ bozun خەلق، ئامما، ئاھالە، چېگىلچە.

بُرُنْ burun بۇرۇن.

بُرُنْ burun بۇرۇن، تۇمشۇق. تَاغْ بُرْنِي taoq burnī — تاغ تۇمشۇغى. ھەرقانىداق نەرسىنىڭ باش بۇرنىمۇ شۇن- داق دېيىلىدۇ.

بُرُنْ burun بۇرۇن، ئىلگىرى. اُلْ مَنْدِنْ بُرُنْ بَرْدِي ol— mandin burun bardī ئۇ مەندىن بۇرۇن كەتتى. بۇ سوز پەقەت مەنە جەھەتتە ئەرەپچىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بُزِنْ buzīn (ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بىر خىل زەھەرلىك ئوتنىڭ ئىسمى.

بَسَنْ basan ئارقا ئاش، ئۇلۇك كومۇلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، نەزىر ئېشى«يُوغْ بَسَنْ yooq basan » دېيىلىدۇ.

بُغُنْ booqun بوغۇم. قومۇش بوغۇمى، بارماق بوغۇمى. بۇ سوزدىكى «ن - n» ھەرپى «م - m» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇ قائىدىگە ماس كېلىدۇ. شېردا مۇنداق كەلگەن:

يَارُبَّ جَعْدٍ فِيهِمْ لَوْ تَدْرِينَ
يَضْرِبُ ضَرْبَ السَّبْطِ الْمَقَادِيمَ

خۇددى ئەرەپ تىلىدا بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بولغان «لَمْ»نىڭ «لَنْ» بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش.

بَقَنْ bakan بويۇن ھالقا، چەمبەر. ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا «اَلْتُنْ بَقَنْ «altun bakan» دېيىلىدۇ.

بِقِنْ bīkin بىقىن.

بُكِنْ bükin ئەرلىگى يوق ئادەم، ئەرلىگى زەئىپ كىشى.

بُكَنْ bügən سوقۇر ئۈچەي.

بُكَنْ bükən ھىند قوغۇنى.

بُلُنْ bulun تۇتقۇن، ئەسىر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَبَنِكْ قُلْسامْ اُذُو بارِبْ
تُتَرْ اَرْدِمْ سُسِنْ تارِبْ
بُلُنْ قِيلِبْ بَشِي يارِبْ
يُلُغْ بَرْجا مَنِكا يِغَدِي

abaŋ kolsam użu barīp
tutar ərdim süsin tarīp
bulun kīlīp baxī yarīp
yuluoq barqa maŋa yīoqdī

[ئەگەر خالىسام قوغلاپ بېرىپ،
قوشۇننى تارمار قىلىپ تۇتاتتىم،
ئەسىر قىلىپ بېشىنى ياراتتىم،
ماڭا بار-يوق نېمىسىنى تولەم مال قىلىپ قويدى.]

يېڭىلگەن بىر كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر مەن خالىسام، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، قوشۇنىنى تارمار قىلار ئىدىم ۋە ئوزىنى تۇتقۇن قىلىپ، باش-كوزىنى يارار ئىدىم؛ لېكىن، جېنىنى قۇتقۇزۇۋۇش ئۈچۈن ئالدىمغا نۇرغۇن مال قويىدى، مەن ئۇنى قويۇپ بېرىپ ئوزەمدىن مىننەتدار قىلدىم.

تَبَنْ tapan توگىتاپىنى (ئوسۇملۈك).

تُبُنْ tüpün ئاشنىڭ تۇۋى، قازان تۇۋى. غىزا-تاماقنىڭ قالدۇغى. ئۇچلۇقلار تىلىدا.

تَزُنْ tazun تايىنچا. ئىككى ياشلىق كالا. بۇنىڭ چىشىسى «تِشِي تَزُنْ» «*tixi tazun*» دېيىلىدۇ.

تُزُنْ tuzun يېزا ئاقساقىلى، يېزا باشلىقى؛ كوكۋېشى.

تُتُنْ tütün تۇتۇن، ئىس. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اُوتْ

تُتُنْ سُزْ بُلْماسْ يِكِتْ يازُقْ سُزْ بُلْماسْ ot ——
tütünsüz bolmas yigit yazuksuz bolmas ئوت تۈ-
تۈتۈنسىز بولماس، يىگىت گۇناسىز بولماس.

تُكُنْ tügün تۈگۈن.

تِكَنْ tikən تىكەن. بۇ سۆزنىڭ يېزىلىش ۋە قىسقا شەكلى شۇنداق. قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇ سۆز ئىككى «ك» بىلەن «تِكَّنْ tikkən» بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى بۇ سۆز «تىكمەك، قادىماق، سانچىماق» مەنىلىرىدىكى «تِكْدِى tikdi» سۆزىدىن ئېلىنغان. «تِكَّنْ tikkən» سۆزىدىكى بىرىنچى «ك» سۆزنىڭ ئەسلى تومۇرىدىكى «ك» بولۇپ، ئىككىنچى «ك» سۈپەت ياساشقا لازىم بولغىنى ئۈچۈن كېيىن قوشۇلغان. مەسىلەن: «گوشنى زىققا تارتتى» مەنىسىدىكى «تَفْدِى اَتْنِى təvdi ətni» دېگەن جۈملىنى سۈپەتلەشتۈرمىز دېسەك، «اَتْنِى تَفْكانْ ətni təvgən» دەيمىز.

دېمەك، بىر سۆزدىن سۈپەت ياساشتا، ئۇنىڭغا بىر «ك» ھەرپى قوشۇلىدۇ. «اَرْ جُمْدِى سُفْدا ər qəmdi suvda —— ئادەم سۇغا چۆمدى» جۈملىسىدىكى «جُمْدِى qəmdi» سۆزىدىن سۈپەت ياسىغاندا «سُفْقا جُمْكانْ اَرْ suvka qəmgən ər» بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ سۆزنىڭ تومۇ-

رىغا بىر «ك» قوشۇلغان. ئەگەر سۆزنىڭ ئۆزىدە «ك» بولغان تەقدىردىمۇ، سۆپەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر «ك» قوشۇپ، قاتلاپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «ار اراغتنى سكتى ər uraqutni sikti — ئەر خوتۇنىنى سىكتى» دېگەن جۈملىنى سۆپەتلەشتۈرمەكچى بولساق، «سككان ار sikkən ər» دەيمەن. «تككن tikkən» سۆزىمۇ شۇنداق. يېنىكلىتىش ئۈچۈن كېيىنكى «ك» چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان.

تلن tulun چېكە. ئادەمنىڭ چېكىسى. ئىككى تىلنىڭ بىرىدە.

تلن tulun يۈگەننىڭ ئوڭ ۋە سول چېكىلەكلىرىدىكى نەرسىلەر.

تلن tolun تولۇن. تلن اى tolun ay — تولۇن ئاي، ئون تۆت كۈنلۈك ئاي.

تمن tümən تۈمەن. قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى.

تمن təmən تومۇنە. تمن ينكنا təmən y.ŋnə — تومۇنە.

تمن tümən تۈمەن، كۆپ، نۇرغۇن. تمن ترلك سوزلادى tümən türlüg sözlədi — تۈرلۈك - تۈمەن سۆزلەرنى قىلدى.

تَمَنْ tümən تۈمەن. تُمَنْ مِنْكْ tümən miŋ — مىڭ كەررە مىڭ، يەنى بىر مىليون. تُمَنْ مِنْكْ يَرْمَاقْ tümən miŋ yarmak — بىر مىليون يارماق.

تُسُنْ tosun توسۇن، مىنىلمىگەن تاي.

جُبَنْ qoban يېزا ئاقساقىلىنىڭ ياردەمچىسى.

جِقَنْ qīkan جىيەن بالا. ھامماچىنىڭ ئوغلى.

جَكُنْ qəkün مولۇن ئاسلىنى.

جُكَنْ qөgən چوگەن، چوگەن ئويۇنى.

سَبَنْ sapan ساپان، قوش.

سَبَنْ sapan تېرىقچىلىق، يەر تېرىش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سَبَنْدَا سَنْدِرِشْ بُلْسَا اُرْتْكُنْدَا اِرْتَشْ بُلْمَاسْ — *sapanda sandīrīx bolsa ortkündə irtəx bolmas* ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس. بۇ ماقال كېيىن جاڭجال چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئىشنى باشتا پىششىق ئىشلەش لازىملىقىغا ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

سَغُنْ saoqun قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان. تۈرك تېۋپىلىرى «اَتَا سَغُنْ *ata saoqun*» دېيىلىدۇ.

سِغَنْ sïǫan: سِغَنْ سَجْ sïǫan saq — سىلىق چاچ، بۇدرە ئەمەس چاچ.

سُكَنْ sükən سۈكەن.

قَجَنْ kaqan قاچان. قَجَنْ كَلْدِنْكْ kaqan kəldiŋ — قاچان كەلدىڭ؟ بۇ سوز بەزىدە ۋاقىت ياكى شەرت ياردەمچىسى مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: «قَجَنْ بَرْسَا سَنْ kaqan barsa sən — قاچان بارىدىغان بولساڭ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سوز يەنە «ناۋادا» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. لېكىن ئاساسىي مەنىسى بىرىنچى مەنىدۇر.

قَذِنْ każïn «قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا» دېگەن سوزلەردىكى «قېيىن». قىپچاقلار بۇ سوزنى «ز - z» بىلەن ئېيتىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَدَشْ تِيمِشْ قَيْمَدُقْ قَذِنْ تِيمِشْ قَيْمِشْ *kadax təmix kaymaduk każïn təmix kaymïx* — قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ. بۇ ماقال تۇغقانلار ئارىسىدا قۇدىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قَرِنْ karïn قېرىن. قَرِنْ اَتْمَاقْ *karïn atmak* — قېرىن ئاتماق، قېرىننى قارىغا ئېلىپ ئېتىش. بۇنىڭدا سويۇلغان مالنىڭ قېرىنىنى نىشان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلىدۇ. تەككۈزەلىگەن كىشى گۆشتىن بىر پارچە ئالىدۇ.

قُرُنْ korun قۇرۇم. تـۈرخۇن، تام ياكى ئوچاقـقـا چاپـلـشـپ قالغان ئىس.

قُقُنْ kokun ئۇچـقـۇن.

قَلِنْ kalïn قـېـلـىـن؛ نۇرغۇن. قَـلِـنْ سُو *kalïn sü* — نۇر- غۇن قوشۇن.

قُلُنْ kulun قۇلۇن.

قُلَنْ kolan توشلۇك، توشۋاغ. قُلَنْ اَتِي *kolan əti* — ئاتنىڭ توشلۇك تۇرىدىغان يېرى.

كَتَنْ kətən جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، يوقسۇللۇق. جاپا- مۇشەققەت چەككەن كىشىگە «كَتَنْ كُرْدِي كَرَاكُو يُزْتِي «*kətən kərdi kərəgü yüzti*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «كەمبەغەللىكتىن شۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەت تارتتىكى، ھەتتا كىگىز ئۆيىنى ئۆزى يۈدۈپ يۈرىدىغان ھالغا يەتتى» دېمەكتۇر.

كُدَنْ küdən بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى.

كُبَنْ kübən توگىنىڭ چومى، ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇمى قاتار- لىق ئات - ئۇلاق جابدۇقلىرى. ئوغۇزچە.

كُرِنْ kürin كوشۇك. قوغۇن - تاۋۇز، تەرخەمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنى تېرىشۇيدىغان كاجۇۋا.

كُزَنْ küzən سېسىق كۈزەن. قۇچقاچ، ئىتىز چاشقىنى ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش جانىۋارلارنى ئوۋلايدىغان، چاشقان جىنسى-
دىن بولغان بىر خىل ھايۋان.

كُسَنْ küsən كۈسەن. «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ
يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان.

كَلِنْ kəlin كېلىن.

مۇشۇ باپلاردىكى بۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئوتتۇرا ھەرپى فەتھەلىك بولغانلىرىنى تۈركى يېزىقتا يازماقچى بولساق، فەتھەنى «ا-ئېلىف» بىلەن يېزىش لازىم ئىدى. مەسىلەن: «توگىتاپىنى» دېگەن سۆز «تَپَنْ» *tapan* شەكلىدە يېزىلغىنىدەك « » *tapan* شەكلىدىمۇ يېزى-

تا پان

لىشى مۇمكىن. بۇ ھالدا بۇ سۆزنى ئەرەپچە يېزىق بىلەن يازغاندا لازىم بولمايدىغان ئىككى «ا-ئېلىف» قوشۇلغان بولىدۇ. بۇ «ا-ئېلىف»لار فەتھەلەرنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن، ئوتتۇرىسى زەممىلىك بولغان «تُپُنْ» *tüpün* — غىزا-تاماق قالدۇغى» دېگەن سۆز ئىككى «و-ۋاۋ» قوشۇلۇپ «» *tüpün* شەكلىدىمۇ يېزىلىشى مۇمكىن.

تو بون

«كَلِنْ» *kəlin* سۆزى تۈركى يېزىق بىلەن يېزىلغاندا « » *kəlin* بولىدۇ. قائىدە شۇنداق. مەن ھەممىنى

كا ل ى ن

سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ھەرپى مەد بىلەن ھەرپى لىندىن

بىرەرسىنى قوشۇش مۇمكىن بولسىمۇ، توغرىسى ۋە تۈزۈگى كىتاپتا كورسىتىلگىنىدۇر. بۇنىڭ سەۋىۋى شۇكى، «قَتّل» سۆزى «قَتال» سوزىنىڭ، «قُتّل» سوزى «قُتال» سوزىنىڭ «قِتّل» سۆزى «قِتال» سوزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش سوزنىڭ ئەسلىدىن ئۈزاقلىشىپ كەتكەنلىك بولمايدۇ؛ قىسقارتىلسا، سوز يېڭىلىشىدۇ. يېڭىلىك بولغىنى تېخىمۇ توغرا.

مۇجەررەت سوزلەر[1] باپلىرى تۈگىدى.

---

① مۇجەررەت سوزلەر — ئەسلى تەركىۋىدە ھېچقانداق ھەرپ قوشۇلمىغان سوزلەر.

بىرىنچى ھەرپى بىلەن ئىككىنچى ھەرپلىرى ئارىسىغا مەد ھەرپلەر قوشۇلغان سۆزلەر باپلىرى

فاعِلْ fail شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

قاغُتْ kaoqut تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ؛ ئاندىن تۇگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ.

جاتِرْ qatir چېدىر.

جاتِرْ qatir نوشۇدۇر. كۈچا شىۋىسىدە.

جاجِرْ qaqir چېدىر. ئوغۇزلار بۇنى «جاشِرْ *qaxir*» دەيدۇ.

ساتِرْ satir «ھوي ھارىمى» دېگەن مەنىدىكى تىل.

ساغِرْ saqïr ساغىر. تۇۋى تار، ئاغزى كەڭ بىر خىل قاچا. ئۇنىڭدا ئىچىملىك ساقلىنىدۇ.

سِبِزْ sibiz : سِبِزْ كِشِي *sibiz kixi* — قىرلىقتىن دوتلىشىپ كەتكەن كىشى.

تُودَشْ tüdəx : تُودَشْ نانْكْ *tüdəx nəŋ* — تۇرداش نەرسە، بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان، بىر جىنىستىن بولغان نەرسىلەر. بۇ سۆز «تۈك» مەنىسىدىكى «تۇ *tü*» سۆزىدىن كەلگەن. هايۋان ئۈچۈن «بُو آتْ نا تُولُكْ *bu at nə tülüg* — بۇ ئات قانداق رەڭدە» دېيىلىدۇ. «دَشْ *dax*||*dəx*» تەڭداشلىق ۋە يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان بىر قوشۇمچىدۇر. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى بالا «قَرِنْدَشْ *karïndax*» دېيىلىدۇ. چۈنكى «قَرِنْ» *karïn* سۆزىگە «دَشْ *dax*» قوشۇلۇش بىلەن «بىر قىرنىدا ياتقان» دېگەن مەنە ئاڭلىنىدۇ. ئەمچەك «اَمِكْ» *əmik* دېيىلىدۇ، بىر ئەمچەكنى ئەمگەن ئىككى بالا «اَمِكْدَشْ» *əmikdəx* دېيىلىدۇ. بىر يەرلىك بولغان ئىككى كىشى «يِيرْدَشْ *yərdəx*» دېيىلىدۇ. يېقىن بىر تۇققان «قَدَشْ» *kadax* دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قاچا» دېگەن مەنىدىكى «قا *ka*» سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا «دَشْ» *dax* قوشۇلغاندا، «بىر قاچى-

دا يەنى ئانىڭ قارىدا بىللە ياتقان» دېگەن بولىدۇ.

«كُنكُلْدَشْ køŋüldəx» سۆزىمۇ شۇنداق بولۇپ، «قەلب داش، يۈرىكى بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقۇرىدىكى «تُودَشْ tüdəx» سۆزىمۇ شۇنداق ياسالغان بولۇپ، «رەڭگى بىر»، «تۇرداش» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ.

تِيدِشْ tidix تىيىش، توسقۇنلۇق، توسقۇن بولۇش.

كاكُشْ kəküx ئىششىققا سۈرۈلىدىغان دورا، دېۋىرقاي.

بالِغْ baliq يارىدار. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ارْمِشْ اڑُن بسُوغِنْ قِلْمِشْ اَني بالِغْ

اَمْ سَمْ اَنكَرْ تِلانِبْ سِزْدا بُلُرْ يَقِغْ

urmïx azun pusuqïn kïlmïx anï balïq

əm səm aŋar tilənip sizdə bulur yakïq

[دۇنيا تۈزىغىنى قۇرۇپ، ئۇنى يارىدار قىلدى،

ئۇنىڭغا دورا - دەرمان ئىزلىسە، داۋانى سىزدىن تاپىدۇ.]

ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيتىپ شۇنداق دەيدۇ: زامان مېنى جاپا - مۇشەققەت تۈزىغىغا ئىلىندۇرۇپ، يارىدار قىلدى؛ كېيىن چارىسىنى ئىستىدى ۋە سىنىڭ يېنىڭدا دورا - داۋا تاپتى.

تاتِغْ tatïq تاتىق ~ تېتىق؛ تاتلىق. بۇ سۆز «تاتِغْ تالِغْ *tatïq talïq*» دەپ قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

بِيشِكْ bəxik بوشۇك.

دِيدَكْ dədək كېلىنىنىڭ يات كىشىلەرگە كورۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتقان پۈركەنچىسى.

بِيلَكْ bələk بولەك، سوغات، ئارتۇق.

تُونَكْ tünək قاماقخانە، زىندان. بارسغانچە.

سُوجِكْ süqik چۈچۈك، تاتلىق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تاتلىغى.

سُوجِكْ süqik ھاراق، مەي. بۇ سوز بۇ يەردە يۇقۇرقى سوزنىڭ ئەكسىچە بولغان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرى ھاراقنى «قِزِلْ سُوجِكْ *kizil süqik*» دەيدۇ.

سِيزِكْ səzik سېزىك، گۇمان؛ پىكىر.

كُوبِكْ küpik پاختىلىق تون.

كُوشِكْ kɵxik پۈركەنچە، پەردە؛ پانا.

كُولِكْ kɵlik كولەڭگە، سايە.

قاغِلْ kaqil ئۆزۈم نوتىلىرىنى باغلايدىغان تال چىۋىق.

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِلْ ساڤِي قَلْماسْ قاغِلْ باغِي

يَبزِلْماسْ — *kal savï kalmas kaoïïl baoïï yazïlmas*

قېرىلار سوزى بىكار كەتمەس، تال چۋىق باغ يېشىلمەس.

بِيرِمْ bərim بىرىم، قەرز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَلِمجِي

اَرسْلانْ بِيرِمْجِي سِجْغانْ — *alïmqï arslan bərimqi siqoïan*

ئېلىمچى ئارسلان، بىرىمچى چاشقان.

بِيجِنْ biqin مايمۇن.

بِيجِنْ biqin بىچىن (مايمۇن). تۈركلەردە ئون ئىككى مۇچەل

ناملىرىدىن بىرى.

تِيمِنْ təmin ھېلى، بايا. تِيمِنْ كَلْدِمْ — *təmin kəldim*

ھېلى كەلدىم.

جُوذِنْ qozïn جەز. بىر خىل مىس. جُوذِنْ آشِجْ — *qozïn axïq*

مىس قازان.

سُوغُنْ sooïun پىياز. بۇ سوز «سُوغَنْ *sooïan*» دەپمۇ

ئېيتىلىدۇ.

سُوغَنْ sooïan: سُوغَنْ يِلانْ *sooïan yïlan* — بوغما يىلان.

سِيغُنْ sïoïun بۇغا. يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدىغان،

جىنسىي ئاجىزلىققا داۋا بولىدىغان گىيا «سِيغُنْ آتِي

sïoïun oti — ئادەمگىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە

«اسْتَرناك» دېيىلىدۇ. بۇ ئۇتىنىڭ ئەركىگى ۋە چىشىسى بولۇپ، ئەركىگى ئەرلەرگە، چىشىسى ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

سِيغُنْ siqun سوْغۇن. سِيغُنْ سَمُر siqun samur — سىغۇن سامۇر. بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەرنىڭ نامى.

جاذَنْ qazan چايان.

لاجِنْ laqin لاچىن. بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يەـ گىتلەرمۇ «لاجِنْ laqin» دېيىلىدۇ.

فاعوُلْ faul شەكلىدىكى سوزلەر بابى

قاتُونْ katun خوتۇن، خېنىم. ئافراسىياپىنىڭ قىزلىرىغىلا خاس نام. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: خانْ اِيشِي بُلْسا قاتُونْ اِيشِي قَلِيرْ — han ixi bolsa katun ixi kalir خاننىڭ ئىشى بولسا، خېنىمنىڭ ئىشى قېلىپ تۇرار. بۇ ماقال ئەرەپلەرنىڭ «اِذَا جاءَ نَهْرُاللّٰهِ بَطَلَ نَهْرُ عِيسى» دىگەن ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ.

قاغُونْ kaqun قوغۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قاغُونْ قَرْما

بُلْسا اِذیسی اِكّی اَلكِنْ تَكِیرْ — *kaoqun karma bolsa*

izisi ikki əlkin təgir قوغۇن تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى
قولى بىلەن تالار. بۇ ماقال مال ئىگىسىنىڭ ئوز مىلىغا
بولغان ھېرىسلىقىنى كورسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

لاغُونْ laoqun ئىچى چوچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ
ئاياق. ئۇنىڭ بىلەن سۇت، قېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەر ئىچىلىدۇ.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپلىرى ئارىسىغا مەد ۋە لىن ھەرپلىرى قوشۇلغان سۆزلەر بابلىرى

فَعَالْ fəal، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil شەكىللىرىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

بُقَاجْ آرْتْ bukaq art بۇقاچ ئارت. بىر داۋاننىڭ نامى.

بُقَاجْ bukaq ساپال قاچا. «اَشِجْ بُقَاجْ — *axiq bukaq* — قازان - قومۇچ» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

تَتَارْ tatar تاتار. تۈرك خەلقلىرىدىن بىرى.

تَغَارْ taqar تاغار. ئېچىگە بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلەر قاچىلىنىدىغان قاپ.

تَڤَارْ tavar تاۋار، مال.

جَڤَارْ qavar چاۋار، تۇتروق. بۇ سۆز «جَڤَارْ جُڤَارْ — *qavar* —

quvar چاۋار - چاتقال» شەكلدە جۈپ سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

سُقارْ sokar مۈگگۈزسىز هايۋان؛ ئايپاك باش ئادەم. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ مۈگگۈزى يوق قوي، «سُقارْ قُوىْ sokar koy» دېيىلىدۇ.

خُزارْ hozar خوزار. تۈرك ئەللىرىدە بىر يەرنىڭ نامى.

كُفازْ küfəz تەكەببۇر، هاكاۋۇر.

مَرازْ maraz قاراڭغۇ كېچە.

مَرازْ maraz مەدىكار، كۈنلۈكچى. بۇ سۆز ئارغۇ ۋە ياغما تىل-لىرىدا «خِيارْ مَرازْ hïyar maraz» دېيىلىدۇ.

تَشُوغْ taxuoq توشۇق. توشۇشقا بولىدىغان مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

تُشاغْ tuxaoq تۇشاق ~ چۇشەك، ئات چۇشىگى. ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنى چۇشەپ قويىدىغان چۇشەك.

بَجاقْ baqak خىرىستىيانلارنىڭ روزىسى.

تَلاقْ talak تال. ئادەمنىڭ تېلى.

تِلاقْ tïlak ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. چىگىلچە.

سُلاقْ sulak تال. قىپچاقچە. بۇ سۆزدىكى «س - ڭ» هەرپى

«ت ـ *t*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇ ئەرەپچىدىكى «سِتّ» ۋە «سِدْس» سوزلىرىنىڭ «طَشْت» ۋە «طَسّ» سوزلىرىدىن ئوزگەرگىنىگە ئوخشايدۇ. نەھۇ ئالىملىرى بۇنداق ئوزگىرىشكە تووەندىكى شېئىرنى مىسال قىلىپ كور- سىتىدۇ: جَزَى اللّٰهُ بَنِي السِّعْلَاتِ عَمْرًا وَقَابُوسَ شِرَارَ النَّاتِ. بۇ يەردىكى «نات» سوزى «ناس» ئورنىدا كەلگەن.

بُدِيكْ büdik ئۇسۇل. ئويىنايدىغان ئۇسۇل.

بَزَاكْ bəzək بېزەك، زىننەت. بۇ سوز «بَزَكْ *bəzək*» دەپمۇ يېزىلىدۇ.

تِرَاكْ tərək تېرەك.

تِلَاكْ tilək تىلەك.

تُلَاكْ tülək تۈلەك. تُلَاكْ يِلْقِي *tülək yilki* — تۈلىگەن يىلقا، تۈلىگەن مال.

تُكَالْ tügəl تۈگەل، تولۇق. پۈتۈن بولغان نەرسىمۇ «تُكَالْ *tügəl*» دېيىلىدۇ. تُكَالْ آلْقِلْ *tügəl alqil* — تۈگەل ئالغىن.

قِڤَالْ kival: قِڤَالْ بُرُنْ *kival burun* — قاڭشارلىق، چىراي-

لىق قىز بۇرۇن. مۇنداق بۇرۇن ھەممە كىشىگە ياقىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرْدى سَنى قِيزْ
بُودى اَنِكْ تالْ
يَيْلِرْ اَنِكْ اَرْتُجى
بُرْنى تَقِى قِڤالْ

ardï sәni kïz
bodï anïŋ tal
yaylïr anïŋ artuqï
burnï takï kïval

[ھارغۇزدى سېنى قىز،
بويى ئۇنىڭ تال،
يېيىلۇر ئۇنىڭ ئارتۇچى،
بۇرنى تېخى قىز بۇرۇن.]

بىر قىزنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: زىلۋا بويلۇق قىز سېنى ئالداپ كەتتى، ئۇنىڭ بويى خۇددى ئارتۇچ دەرىخىدەك ئېگىلەتتى؛ بۇرنىمۇ قاڭشارلىق، كېلىشكەن بۇرۇن ئىدى.

قُرامْ quram يېنىك ئوق ئېتىش. بۇ ئۇسۇلدا ئېتىلغان ئوق ئادەتتىكى ئوقلاردىنمۇ يىراققا بارىدۇ. ئاتقان ئادەم

ئوگدىسىغا يېتىپ ئاتىدۇ. مۇنداق ئېتىلغان ئوق «جُرامْ اُقي *quram oki*» دېيىلىدۇ.

قُرامْ kuram: قُرامْ كِشيلارْ *kuram kixilər* — خۇددى خاقاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندەك، دەرىجىلىرىگە قاراپ تەرتىپ بىلەن ئولتۇرغان كىشىلەر. «كِشِلارْ قُرامْ اُلْتُرْدِيلارْ *kixilər kuram olturdilar* — كىشىلەر قۇرامىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى» دېيىش ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

بُلانْ bulan بۇلان. قىپچاق ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر خىل يوغان ۋەھشى هايۋان. كىشىلەر ئۇنى ئوۋلايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ئىچى كاۋاك، ئاغزى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان بىر مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قار ۋە يامغۇر سۈيى يىغى-لىپ قالىدۇ، چىشىسى چوكسە ئەركىكى، ئەركىكى چوكسە چىشىسى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ.

تِكينْ təgin بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى «قۇل» دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، رەڭگى كۈمۈشتەك ساپ قۇل «كُمُشْتِكينْ *kümüxtəgin*»، قەھرىمان قۇل «اَلْپْ تِكينْ *alp təgin*»، ئايىغى ياراشقان قۇل «قُتْلُغْ تِكينْ *kutluq təgin*» دېيىلىدۇ. كېيىن بۇ سوز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. كېيىنچە، بۇ سوز بىرەر يىرتقۇچ هايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سوز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن:

«چغری تكین *qaɣri təgin* — قارچىغا تېگىن»، «كۈچ تكین *küq təgin* — كۈچلۈك تېگىن» دېگەنگە ئوخشاشلار.

بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ «قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پۈكۈنى ئۇنداق قىلدى» دەيتتى. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى. باشقا قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئېتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىرەر نەرسە قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

تزون tüzün تۈزۈتلۈك، مۇلايىم، يۇۋاش ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تزن برلا ارش اوتون برلا ترشما — *tüzün birlə urux utun birlə tirəxmə* يۇۋاش بىلەن ئېيتىش. ئېغىرلىقنى كۆتىرەر، ئەسكى بىلەن تەڭ بولما، سېنى يەرگە قارىتار. چۈنكى سېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يۇۋاش ئادەم كۆتىرىپ كېتىدۇ؛ ئەمما ئەسكى ئادەم ساڭا زادى يول قويمايدۇ.

تكن tøkün داغ، تامغا.

تمان tuman تۇمان.

جرون qarun چىنار. ياغمىچە.

جِكِينْ qiḳin چۈژگۈن ئوت. ئۈزۈملۈك باغلاردا ئوسىدىغان بىر خىل باشاقلىق ئوت. ئۇنى ھايۋانلار يەيدۇ.

جِكِين qəḳin : جِكِينْ يِپِي qəkin yipi — چېكىم يىپى، مەشۇت يىپ.

جِكِين qəḳin چەكمە. يىپەك رەختكە زەر بىىىش.

جِكِينْ جِكْنادِي qəkin qəkəndi — (يىپەك رەختكە) زەر بىسىلدى.

سَمانْ saman سامان. چىگىلچە.

قُلانْ ḳulan قۇلان. ياۋا ئىشەك.

قَبانْ ḳaban قابان. ئەرلەر ئىسمى.

قُتانْ ḳutan قۇتان. ئەرلەر ئىسمى.

كُكانْ kөgən كوگەن. سىغىن ۋاقتىدا موزاي ياكى ئوغلاقنىڭ بوينىغا باغلايدىغان ئارغامچا. يِل كُكانْ yəl kөgən — ھەسەن - ھۈسەن.

ئاخىرىغا يەنە ھەرپ قوشۇلغان سالىم سۆزلەر

فَعْلى fə'la، فَعْلُو fə'lu، فَعْلِي fə'li شەكىللىرىدە ئۇتتۇرا ھەرپى ھەرىكىسىز سۆزلەر بابى

تُرْبِي turbī ئەگەشكۈچى، ياردەمچى.

كُرْبا kərpə: كُرْبا اُوتْ *kərpə ot* — كورپە ئوت، قايتا ئۈسكەن ئوت. كُرْبا يِمِشْ *kərpə yəmix* — ئىككىنچى پىشقىنى يېمىش. يازدا تۇغۇلغان ئوغۇلمۇ «كُرْبا اُغُل» *kərpə oɣul* دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك ۋاقتىدىن كېيىن تۇغۇلغان قوزا، ئوغلاق ۋە موزايمۇ «كُرْبا» «*kərpə*» سۆزى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

كِرْبِي kirpi كىرپە، كىرپىنىڭ چوڭى «اُقْلُغْ كِرْبِي *okluq* *kirpi*» دېيىلىدۇ.

قَتْبا qatpa يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىشقا، توغان تۇتۇشقا چىقمىغانلاردىن ئالىدىغان سېلىقى. جىگىلچە.

كَنْبا kənpə كامپا. بىر خىل ئوتنىڭ ئىسمى. كەنچەكچە.

بَرْتُو bartu كىمزول، قىسقا پەلتو.

بُرْتا burta ئالتۇن ۋەرەق، زەر ۋەرەق.

تَخْتُو tahtu ئېگىرىلمىگەن مەشۇت.

سُكْتِى sөkti كېپەك، بارسفانچە.

سُقْتُو soktu ھېسىپنىڭ بىر خىلى. جىگەر بىلەن گوش دورا-
دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇ-
رۇپ يېيىلىدۇ.

قِفْتُو kïftu قايچا، چىگىلچە.

كِرْتُو kirtü قەسەم.

كِرْتُو kirtü ئىشەنچلىك، ھەقىقى، راست؛ توغرىلىق، راستلىق.
ئۆلگەن كىشى توغرىسىدا «اُلْ كِرْتُو يِيرْدا اُلْ *ol kirtü*
yərdə ol» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇ راستلىق جايىدا،
ئۇ توغرىلىق يالغان ئېيتىشقا بولمايدۇ» دېمەكتۇر. شۇنىڭ-
دىن ئېلىنىپ، «اُلْ تَنْكْرِيكا كِرْتِنْدِى *ol tənrigə* —
kirtindi ئۇ تەڭرىگە ئىشەندى، پەيغەمبەرنى تەستىقلىدى»
دېيىلىدۇ.

بَرْجا barqa بارچە، ھەممە. بَرْجا كَلْدِيلارْ *barqa kəldilər*—

ھەممىسنى كەلدى. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قُلْدَجِيقا مِنْڭ يَغاقْ بَرْجا بِلا آيْرُقْ تَياقْ — *koldaqïka miŋ yaoɟak barqa bilə ayruk tayak* تىلەمچىگە بەر مىڭ ياڭاق، تايانغىلى بەر تاياق. تىلەمچىگە مىڭ ياڭاق بېرىش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە تايانغىلى ھاسا تاياقمۇ بېرىمەن.

تَرْجِي tərqi كۈنلۈكچى، مەدىكار.

تُنْجُو tunqu لوقما.

جُمْجا qəmqə چۆمۈچ. ئوغۇزچە.

جِنْجُو jinqü ئۈنچە، مەرۋايىت. ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىدا، بۇ سۆزنىڭ بېشىدىكى «ج-*j*» ھەرپى «ى-يا» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

جَنْجُو qanqu نوغۇچ. خېمىر يايىدىغان ئەسۋاپ.

سِنْجُو sinqü گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما.

شَنْجُو xənqü شەنچۈ. يۇقۇرى چىن يولىدىكى بىر شەھەر. بۇ سۆزنى «ش-*x*» ھەرپىنى سوزۇپ «شانْجُو *xənqü*» ئوقۇش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

قَمْجِي kamqi قامچا. قِلِجْ قَمْجِي *kïliq kamqï* — قىلىچلىق قامچا، ئىچىدە قىلىچى بار قامچا.

قَمْجِي kamqi ئات، كالا ۋە تۆگە قامچىسى، چىۋىقى. بۇ سۆز تولاراق «اَتْ قَمْجِيسِي at kamqïsi — ئات قامچىسى» نى بىلدۈرىدۇ.

كَمْجِي kəvqi كەمچەن. قەشقەردىن ئۇيغۇر ئېلىگە قەدەر بولغان جايلاردا ئاشلىق ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆلچەم. بىر كەۋجى ئون رىتىلگە① تەڭ.

كُمْجُو kømqü كۆمۈك، دۇنيا دەپىنە، كۆمۈلگەن ياكى توپلانغان بايلىق. تَفْغَاجْ كُمْجُوسِي *tavoqaq kømqüsi* — تاۋغاچ خەزىنىسى، قەدىمقى خەزىنە.

مَنْجُو manqu مانجۇ ~ مانچا. كاسىپلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى. باشقا ئىش ھەقلىرىگە مۇنداق دېيىلمەيدۇ.

بُكْدا bøgdə خەنجەر.

بَلْدُو baldu پالتا.

تَمْدُو tamdu ئوت، تۇتروق. بۇ «تَمْدُقْ *tamduk*» مۇ دېيىلىدۇ.

جُكْدِي qøkdi : جُكْدِي اُلْخْسا *qøkdi uluhsa* — زاغاق.

سَمْدا samda سەندەل. پۇتقا كىيىدىغان سەندەل. چىگىلچە.

---

① رىتىل — 306 گىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

سِنْدُو sïndu قايچا. ئۇغۇزچە.

قَمْدُو kamdu بويى تـوت گـەز، ئېنى بـىر غېرىچ كېلـدىغان بىر پارچە بوز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا - سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بوز كونىرىسا، هەر يەتتە يىلـدا بىر قېتىم يـۇيـۇپ، ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ.

قَنْدا kanda «قەيەردە، نەدە» دىگەن مەنىدىكى سوراق ئال-ماش. «قَنْدا آرْدِينْكْ *kanda ərdiŋ* —— قەيەردە ئىدىڭ؟» بۇ سوزنىڭ ئەسلى «قَيْدا *kayda*» بولۇپ، بـۇ يـەردىكى «ن - *n*» هەرپى «ى - يا» هەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان. «قَيْدا *kayda*» سوزى بولسا «قَيُودا *kayuda*»دىن كېلىپ چىققان.

قَرْدُو kardu قـارا سوغاق كۆللىرى ئېقىن سـۇ يۈزىدە پـەيدا بولىدىغان ئۇششاق مۇز دانىچىلىرى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَرْدُونِي يِنْجُو سَقِنْمَانْكْ
تُزْغُونِي مَنْجُو سِزِنْمَانْكْ
بِلْمَادُقْ نَانْكْ كَا سَقِنْمَانْكْ
بِلْكَالَارْ آنِي يِرَارْ

karduni yinqü sakïnmaŋ
tuzoquni manqu səzinməŋ
bulmaduk nəŋgə səvinməŋ
bilgələr ani yərər

[مۈز دانىچىسىنى ئۈنچە ھىساپلىماڭ،
سوغاتنى مانچا دەپ سەزمەڭ،
ئېرىشمىگەن نەرسىگە سۆيۈنمەڭ،
بىلىملىك (كىشى) لەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.]

سۆ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئۇششاق مۈز دانە-چىلىرىنى ئۈنچە - مەرۋايىت دەپ يۈرمە، سوغات قىلىنغان يېمەكنى ئىش ھەققى دەپ سانىما؛ تاپالمىغان نەرسىگە سۆيۈنۈپ يۈرمە، مۇنداق قىلىشنى دانىشمەنلەر ياقتۇرمايدۇ.

كَنْدُو kəndü ئۆزى. اُلْ كَنْدُو اَيْدِي *ol kəndü aydi* — ئۇ ئۆزى ئېيتتى.

كُنْدِي kündi پەس، پەسكەش، رەزىل. ئوغۇزچە. اُلْ كُنْدِي كِشِي اُلْ *ol kündi kixi ol* — ئۇ پەسكەش كىشى ئۇ.

«اُلْ *ol*» سۆزى بەزىدە جۈملە ئاخىرىدا تەكىت ئۇلانمىسى بولۇپ كېلىدۇ.

مُنْدَا munda مۇندا، بۇ يەردە. اُلْ مُنْدَا اُلْ *ol munda ol* — ئۇ مۇندا ئۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَمْكَكْ سِزِنْ تُرْغُو يُوقْ مُنْدَا تَمُو
اَذْكُولُكْكْ كَرْمَذِبْ اَژُنْ چِقَارْ

əmgəksizin turoqu yok munda tamu
əżgü!ükü̧g kəımə̇zip azun qīkar

[بۇ جاھاندا ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا،
ھالاۋەتنى كورمەي تۇرۇپ دۇنيا تۈگەر.]

بۇ دۇنيادا جاپا - مۇشەققەتسىز ياشاش ھېچ مۇمكىن ئەمەس، ھالاۋەت كورگۈچە، دۇنيا (ئومۇر) تۈگەپ قالىدۇ.

مَنْدَا mənda مەندە.

مَنْدُو mandu بىر خىل تۈرك سىركىسىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسىنى كۆپتە ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بُغْرَا buoqra بۇغرا. توگىنىڭ بۇغرىسى. «بُغْرَاخَانْ buoqra han — بۇغراخان» دىگەن ئات شۇنىڭدىن كەلگەن.

بُكْرِي bügri بۈگرى، ئەگرى - بۈگرى.

تَتْرُو tətrü تەتۈر، ھەر نەرسىنىڭ تەتۈرى.

تُغْرُو tuoqru قىلىچ، پىچاق ۋە خەنجەرگە ئوخشاش نەرسىلەر-

ئىلىڭ يىپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىقىپ قويۇلىدىغان ئىنچىكە تۆمۈر زىخچە.

تَكْرا təgrə چەرە، ھالقا، دائىرە، كاجۇۋا. قُدُغْ تَكْرَسِي *kuzuoq təgrəsi* — قۇدۇقنىڭ كاجۇۋىسى.

جُبْرا qupra كونا كىيىم.

جَغْرِي qaoqrï قارچىغا. جَغْرِي بَكْ *qaoqrï bəg* — چاغرى بەگ. ئەرلەر ئىسمى.

جِغْرِي qïoqrï چىغرىق، چاق. كُوكْ جِغْرِيسي *kök qïoqrïsï* — پەلەك چاقى.

جِغْرِي qïoqrï تۆگمەن چاقى، چىغرىق. چاقپىلەك، يىپەك ئېگىرىدىغان چاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غالتەكلەرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

جَغْرِي اَلِبْ اَرْقُنْ مُنُبْ اَرْقَرْ يَتَارْ
اَقْلَرْ كَيِكْ تَيْغَنْ اِذِبْ تِلْكُو تُتَارْ

qaoqrï alïp arkun münüp arkar yətər
avlar kəyik tayoqan ïzïp tilkü tutar[1]

---

① بۇ شېئىر مۇشۇ سۆزدىن بىر سۆز ئالدىن كەلگەن «جَغْرِي *qaoqrï* — قارچىغا» سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن مىسال ئىكەنلىكى ئۆزلۈگىدىن مەلۇم. ئەمما، يازما نۇسخىدا مۇشۇ ئورۇندا بېرىلگىنى ئۈچۈن بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

[قارچىغا ئېلىپ، ئارقۇن (شالغۇت ئات) مىنىپ ئارقارغا يېتەر، كېيىك ئوۋلار، تايغان قويۇپ تۈلكە تۇتار.]

قارچىغىسىنى قوشلىتىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، ئارقار قوغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىدۇ؛ ئۇزۇن قۇلاق، ئىنچىكە بەل تايغىنى بىلەن كېيىك ۋە تۈلكىلەرنىمۇ ئوۋلايدۇ.

سَغْرِى saqrī ساغرا، تېرە. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، يەرنىڭ يۈزى ياكى تېرىسى «يِر سَغْرِسِى *yər saqrīsī*» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك «كِشِى سَغْرِسِى يُوز *kixi saqrīsī yüz* — كىشى ساغرىسى يۈز» دېيىلىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ يۈزى ئىسسىق-سوغاققا كۆپ ئۇچراپ تۇرغاچقا، يۈزنىڭ تېرىسى چىڭ ۋە چىداملىق بولىدۇ.

سِغْرا sïqra ساي. ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى كەڭ ۋادا. ئوغۇزچە.

سُفْرِى süvri قىلىچ، نەيزە، مۇنار ۋە زىققا ئوخشاش ئۇچلۇق نەرسىلەر.

سُقْرُو sukru سوقۇنۇپ، رۇخسەتسىز. اَقْكا سُقْرُو كِرْدِمْ *əvgə sukru kirdim* — ئۆيگە سوقۇنۇپ كىردىم.

كُسْرِى küsri قوۋۇرغا.

كُفْرا küvrə ئۆلگەن ھايۋاننىڭ ئىچى-قارنى تۆكۈپ، گۆشى سۆڭەككە يېپىشقان ھالدا قۇرۇپ قالغان گەۋدىسى.

كَكْرا kəkrə كەكرە. توگە يەيدىغان ئاچچىق ئوت.

بَنْزِي banzi ئۈزۈم ئۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بېدىشتا قېپقال-
غان ئۈزۈم. كەنچەكچە.

سُنْزِي sunzi بۆرگە جىنسىدىكى بىر جانۋار. مەن ئۇنى «پىست»
مىكىن دەپ ئويلايمەن.

جَفْزُو qavzu تاغدا ئۆسىدىغان، غولى، شېخى ۋە مېۋىسى قىزىل
بىر خىل دەرەخ. مېۋىسى ئاچچىق بولىدۇ. خوتۇنلارنىڭ
بارماقلىرى قىزىللىقتا شۇنىڭغا ئوخشىتىلىدۇ.

كَنْزِي kənzi قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى
بىر خىل چىن دۇردۇنى.

بُخْسِي buhsī بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك
مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغدايىنىڭ ئۈس-
تىگە بادام مېغزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت
بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ.
تەييار بولغاندا، بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ.

تُخْسِي tohsī توخسى. قۇياستا ياشايدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى.
«تُخْسِي جِكِل *tohsī qigil*» دەيمۇ ئاتىلىدۇ.

تَفْسِي təvsi داستىخان، شىرە.

تُمْسا tümsə مۇنبەر. ئارغۇچە. بۇ سۆز ساپ تۈركچە ئەمەس.

خَفْسِي hafsi قۇتىچاق، كىچىك قۇتا.

تُتْشِي tutxi تۇتاش، يانداش، خوشنا. اَنِكْ يِيرِي مَنِكْ يِيرگا تُتْشِي اُلْ

— aniŋ yəri məniŋ yərgə tutxi ol

ئۇنىڭ يېرى مېنىڭ يېرىمگە تۇتاش. بۇ سوزدە «ش ـ x» بىلەن «چ ـ q» ھەرپلىرى ئوخشاش كېلىۋېرىدۇ. شۇڭا بەزى شىۋىلەردە «تُتْجِي tutqi» ۋە «تُتَاشِي tutaxi»مۇ دېيىلىدۇ.

مَنْ سَنكا تُتَاشِي بَرِيرْمَنْ —mən saŋa tutaxi barirmən

مەن ساڭا دائىم بارىمەن.

جَخْشُو qahxu كوز ئاغرىغىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت.

بۇ سوز ساپ تۈركچە ئەمەس.

قَرْشِي karxi خان ئوردىسى.

قَرْشِي karxi قارشى، ئەكسى، زىت. تُونْ كُونُكْ قَرْشِيسِي اُلْ

tün künüŋ karxisi ol — تۈن كۈننىڭ قارشىسى ئۇ.

قَرْشِي karxi ئىككى بەگ ئارىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق.

اُلْ بَكْ اَنِكْ بِرْلَا قَرْشِي اُلْ — ol bəg aniŋ birlə

karxi ol ئۇ بەگ ئۇنىڭ بىلەن قارىمۇ ـ قارشى ئۇ.

قَفْشِي kavxi قوشۇما. قَفْشِي قاش kavxi kax — قوشۇما قاش.

بَتْغا patoƣa تۇماق تىكىلىدىغان تېرە ۋە كىگىزنى قويۇپ كېسىدىغان كېسىمچى تاختىسى.

تُزْغو tuzoƣu يولغا چىققان تۇققان ياكى تونۇشلارغا يوللۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان يىمەكلىك.

تَمْغا tamoƣa تامغا. خاقان ۋە پادىشاھلارنىڭ تامغىسى.

تَمْغا tamoƣa تارماق. دېڭىز، كۆل ۋە دەريالارغا قۇيۇلىدىغان سۇنىڭ بىر تارمىقى، قولتۇق. كېمە ياكى قېيىق توختايدىغان يەرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَمْغا سُفِي تَشْرا چِقِبْ تاغِغْ اُتارْ
اَرْتُقْلَرِي تَكْرا اُنُبْ تِزْكِنْ يَتارْ

tamoƣa suvï tuxra qïkïp taƣïƣ ɵtər
artuqlarï təgrə ünüp tizgin yətər

[تامغا سۇيى تېشىپ چىقىپ تاغدىن ئۆتەر،
ئارتۇقلىرى تىزگىن كەبى قاتار ئۆسەر.]

تارماق ئېقىم سۇيى تېشىپ، تاغ ئارىلاپ ئۆتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارتۇچ دەرەخلىرى تىزگىندەك قاتار - قاتار ئۆسىدۇ.

جُفْغا qufoƣa تېز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يولدا ئالماشتۇرىدىغان

ئېتى. مەلۇم مەنزىلگە بارغاندا، ئورنىغا باشقىسىنى مىنىپ
كېتىدۇ.

جُفْغَا qufoqa باشلامچى، يول باشلىغۇچى. قىپچاق ۋە ئوغۇز
تىللىرىدا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَلِنْ قُلانْ جُفْغَاسِزْ
بُلْمَاسْ — *kalïn kulan qufoqasïz bolmas* — قۇلان پادىسى
يول باشلىغۇچىسىز بولماس. بۇ ماقال بىركىمنى باشقىلارغا
ئەگىشىش لازىم بولغان بىر ئىشتا شۇنداق قىلىشقا
ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

سُرْغُو soroqu شورىغۇچ، ھەجامەت. قان ئېلىش (شوراش) ئەس-
ۋاۋى.

سَلْغَا saloqa : سَلْغَا اَتْ *saloqa at* — ئاغزى قاتتىق ئات.

قَبْغَا kapoqa قاپقا، قوۋۇق، دەرۋازا.

قَذْغُو każoqu قايغۇ.

قُدْغُو kudoqu چىۋىن.

قَرْغَا karoqa قارغا ~ قاغا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَرْغَا
قَرِيسِنْ كِمْ بِلِيرْ كِشِي اَلاسِنْ كِمْ تَبَارْ —*karoqa karïsïn*
kim bilir kixi alasïn kim tapar قارغىنىڭ قېرى-
سىنى كىم بىلەر، كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار. قارغى-
نىڭ قېرىسىنى كىم تونۇيالايدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى
كىم بىلەلەيدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَرْغا قَلي بِلْسا مُنِكِنْ اُلْ بُزْ سُقارْ
اَفْجي يَشِبْ تُزَقْ تَبا مَنْككا يَقارْ

ķarƣa ķalï bilsə munïn ol buz soķar
avqï yaxip tuzaķ taba məngə yaķar

[قارغا (ئاچلىق ـ تەشنالىق) دەردىنى بىلسە، ئۇ مۇز چوقۇيدۇ، ئوۋچى يوشۇرۇنۇپ ياتسا، تۇزاقتىكى دانغا يېقىنلىشىدۇ.]

قارغا ئاچلىق ـ تەشنالىق دەردىنى سەزسە، مۇزنى چوقۇيدۇ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئوۋچىنى كورمەي، ئۇنىڭ تۇزىقىدىكى داننى يەيمەن دەپ بالاغا قالىدۇ.

قُرْغُو ķurƣu : قُرْغُو آرْ *ķurƣu ər* — تەنتەك ئادەم، يېنىك تەبىئەتلىك ئادەم.

قَرْغُو ķarƣu قاراۋۇل تۇرا. ئېگىز دوڭلەرگە قۇرۇلغان تۇرا. دۇشمەن كورۇنگەن هامان هەممەيلەننىڭ جەڭگە تەييار بولۇشى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوت يېقىلىدۇ.

قَشْغا ķaxƣa قاشقا. قَشْغا قُوىْ *ķaxƣa ķoy* — قاشقا قوي، پېشانىسىدە ئېقى بولغان قوي. قَشْغا آتْ *ķaxƣa at* — قاشقا ئات، پېشانىسىدە ئېقى بولغان ئات. پېشانىسىدە ئېقى بولغان توگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَشْغا ķaxƣa : قَشْغا بُغْرا *ķaxƣa buƣra* — قاشقا بۇغرا. ئىككى يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى.

قَمْغِي kamoqï قىڭغىر ـ قىيسىق نەرسە. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، يۈزى قىيسىق ئادەمگىمۇ «قَمْغِي يُوزْلُكْ *kamoqï yüzlüg*» — دېيىلىدۇ.

تَلْڤَا təlvə تەلۋە، سارالڭ.

قَلْڤَا kalva ئۆگەنگۈچىلەر ئوقى. تومۇر باشاق ئورنىغا بىر تال يۇمۇلاق ياغاچ بېكىتىلگەن ئوق.

بُرْقِي burkï پۆرۈك. بُرْقِي نَانْكْ *burkï nəŋ* — پۆرۈك نەرسە، ئادەمنىڭ قورۇق باسقان پېشانىسىگە ئوخشاش قورۇلغان ياكى تۈرۈلگەن نەرسە.

تَرْقَا tarka تەركە ئۈزۈم، غوراپ، غورا ئۈزۈم. «تَلْقَا *talka*» مۇ دېيىلىدۇ.

تُرْقُو torku تورقا، تاۋار ـ تورقا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تَفْغَاجْ خَانِنْكْ تُرْقُوسِي تَلِمْ تَنْكْلاَمَذِبْ بِجْمَاسْ

— *tavoqaq hannïŋ torkusï təlim təŋləməzip pïqmas*

تاۋغاچ خانىنىڭ تورقىسى تولا، ئۆلچىمەي پىچماس. بۇ ماقال ھەرقانداق ئىشتا پۇختا بولۇپ، ئىسراپچىلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تَلْقَا talka تەركە ئۈزۈم، غوراپ، غورا ئۈزۈم. بۇ سۆزدە «ل ـ *l*» ھەرپى «ر ـ *r*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

تَلْقُو talku تولغانغان، ئېشىلگەن نەرسە. تَلْقُو يِشِغْ talku yixiq — تولغانغان تانا.

جَنْقَا qanka بىر خىل تۇزاق.

قَتْقِي katki: قَتْقِي كِشِي katki kixi — بوينى قاتتىق كىشى.

قُتْقِي kutki: قُتْقِي اَرْ kutki ər — مۇلايىم ئادەم، كەمتەر ئادەم.

بَرْكَا bərgə ئوغرىنى ياكى ئېشەكنى ئۇرىدىغان قامچا ياكى چىۋىق.

بُرْكَا bürgə بۈرگە. بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان تەنتەك كىشىمۇ «بُرْكَا كِشِي bürgə kixi» دېيىلىدۇ.

بِيرْكُو bərgü بەرگۈ، بېرىش، قەرز. اَنِكْ مَنْكَا بِيرْ اَتْ بِيرْكُوسِي بَارْ *aniŋ maŋa bir at bərgüsi bar* — ئۇنىڭ ماڭا بىر ئات بېرىشى بار.

بَلْكُو bəlgü بەلگە، نىشان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قُتْ بَلْكُوسِي بِلِكْ *kut bəlgüsi bilik* — بەخت بەلگىسى بىلىم.

بِلْكَا bilgə ھېكىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ.

بِلْكَا bilgə ئالىم، بىلىمدان.

بِلْكا bilgə ئاقىل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِلْكا اَرِكْ اَذْكُو تُتُبْ سوزِنْ اِشِتْ
اَرْذَمِنِي اُكْرَنِبَنْ اِشْقا سرا

bilgə ərig əzgü tutup səzin əxit
ərżəmini əgrənipən ïxka sora

[بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سوزىنى ئىشىت، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.]

ئالىم، دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ سوزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت) لىرىنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كورسەت.

بۇ سوز «بِلْكا بَكْ bilgə bəg — بىلگە بەگ» دەپ ئەرلەرنىڭ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ «بىلىملىك بەگ» دىگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر خانى «كُولْ بِلْكاخانْ kol bilgə han» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەقلى سۇ سىغمىغان يەرگە، يەنى كولگە ئوخشاش كەڭ دىگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەقىللىق كىشى «بُكُو بِلْكا bəgü bilgə» دەپ ئاتىلىدۇ.

تِرْكُو tərgü مەزە. داستىخاندىكى ھەرخىل نازۇ ـ نېمەتلەر.

تِرْكِي tərgi داستىخان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تِلِنْ تِرْكِي كا تَكِيرْ tilin tərgigə təgir — تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىد-

شەر، يەنى تىلى يۇمشاق ئادەم نېمەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ماقال «كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن بىلىنە-دۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىكى «اَلْمَرْءُ مَخْبُوٌّ تَحْتَ لِسَانِه» دېگەن ماقالغا ئوخشايدۇ.

تَزْكِي təzgi : تَزْكِي بُلْدِي *təzgi boldi* — (يېغا كەلگەنلىكتىن) خەلق ئارىسىدا تېزىش يۈز بەردى.

تِلْكُو tilkü تۈلكە. بۇ سۆز كىنايە تەرزىدە «قىز بالا» دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر خوتۇن تۇغسا، تۇغۇت ئانىسى-دىن «تِلْكُومُو تُغْدِي اَزُو بُرِيمُو — *tilkümu tuoqdi azu bərimu* تۈلكە تۇغدىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟» دەپ سورىلىدۇ. بۇ «قىز تۇغدىمۇ، ئوغۇلمۇ؟» دېگەن بولىدۇ. قىز بالا ناھايىتى شەيتان ۋە يېلىنچاق بولغىنى ئۈچۈن تۈلكىگە، ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن بۆرىگە ئوخشىتى-لىدۇ.

تِلْكَا tilgə : بِيرْ تِلْكَا اَتْ *bir tilgə at* — بىر تىلىم گۆش. ئۇزۇنىغا كېسىلگەن ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئۇزۇنىغا بولۇنغان بىر پارچە يەرمۇ «بِيرْ تِلْكَا يِيرْ *bir tilgə yər*» دېيىلىدۇ.

جَجْكَا qəqkə بوزچىنىڭ يىپ تارايدىغان تاغىقى.

جُرْكُو qürkü جو-جو. ئۇششاق بالىلاردىن «سىيگۈڭ بارمۇ؟»

دەپ سوراشقا توغرا كەلگەندە، «جۈركۈ بارمۇ qürkü barmu» دېيىلىدۇ.

بتكو pütkü چوك تەرەت. بۇ سوز پەقەت ئۇششاق بالىلارغىلا ئىشلىتىلىپ، «پوق ئېتەمسەن؟» دەپ سوراشقا توغرا كەلگەندە، «بتكو بارمۇ pütkü barmu» دېيىلىدۇ.

جلكو qilgü: جلكو آت qilgü at — شىرغا ئات.

سركا sirkə سىركە. ئۈزۈم سىركىسى.

سركا sirkə سىركە. باشتا بولىدىغان سىركە.

كتكي kətki: كتكي آت kətki at — توشلۇك ئات، بېلى ئىنچىكە، توشى كەڭ ئات.

كتكي ketki دومبەلچەك، توپا دوۋىسى.

كذكو kəzgü كىيىم-كېچەك، ئۈستىۋاش.

كلكو külgü كۈلكە. ئادەمنى تۇيۇقسىز ھۇشتىن كەتكۈزىدىغان تېلىقما (سەكتە) كېسىلىمۇ «كلكو külgü» دېيىلىدۇ. ار كلكو بردي ər külgü bardi — ئادەمنى تېلىقما كېسىلى تۇتتى. بۇ سوز بەزىدە «كلتكو kültkü» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

كركي kərki كەكە.

كركا kerkə ياغاچ ئاياق، ياغاچ تاۋاق. كەنچەكچە.

بتْلو **butlu** بۇيلا، چۇلۇك. توگىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان چۇلۇك.

برْلا **birlə** بىرلە، بىللە، بىلەن. اُلْ مَنِكْ بِرْلا آرْدِي *ol — məniŋ birlə ərdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. بەزىدە سوزنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن «ر - *r*» ھەرپى تاشلىنىپ، «بلا *bilə*» دېيىلىدۇ.

ببْلي **bibli** پىلپىل.

تبْلو **tuplu** گور. بىركىمنى قارغىماقچى بولسا، «تبْلوقا تلْ *tupluka tol*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «گورگە كىر» دېمەكتۇر.

تقْلي **tokli̇** توقلا. ئالتە ئايلىق قوزا.

جفْلي **qafli̇** لاچىن.

جغْلا **qaoqla** چاغلا. ئۈچ شەھىرىنىڭ چېتىدىكى بىر يايلاقنىڭ ئېتى[1].

شغْلو **xooqlu** ئىت ئۈزۈم.

بجْما **piqma** : بجما يرينْجغا *pīqma yorīnqoqa* — ئورۇلغان بىدە. مەجھۇل دەرىجىدىكى سۈپەتداشلارنىڭ ئاخىرىغا «م - *m*» ۋە «ا - ئېلىپ» قوشۇلغاندىن كېيىن، پېئىللىقتىن

---

① ئاقسۇ ئاسۇقنىڭ غەربىدە ئۇچتۇرپان چېگرىسىغا يېقىن يەردىكى ھازىرقى «چاغلاق» رايونى بولۇشى مۇمكىن.

چىقىپ، توغرىدىن-توغرا ئىسىم بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ بايان قىلدىم.

تُتْمَا tutma ساندۇق.

تُرْمَا turma تۇرما، تۇرۇپ. سَرِغْ تُرْمَا *sariq turma* — سەۋزە. ئارغۇلار سەۋزىنى «كېزرى *gizri*» دەيدۇ، ئۇلار بۇ سوزنى پارسچىدە سەۋزە مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «كَزَر *gəzər*» دىگەن سوزدىن ئالغان ۋە بۇنىڭدا «ك» ھەرپى بىر ئاز يۇمشىتىلغان. ئوغۇزلار سەۋزىنى «كَشُرْ *gəxür*» دەيدۇ، بۇ سوزمۇ پارسلاردىن ئېلىنغان. ئوغۇزلار پارسلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرغاچقا، بىرمۇنچە تۈركچە سوزلەرنى ئۇنتۇپ، ئورنىغا پارسچە سوزلەرنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغان. مەسىلەن: تۈركچە «قُمْغانْ *kumoqan*» دىگەن سوزنىڭ ئورنىغا ئۇلار پارسچىدىكى «آفتابَە» سوزىنى «اَفْتَبى *aftabi*» شەكلىدە ئىشلىتىدۇ؛ تۈركچە «بَقَنْ *bakan* — بويۇن ھالقا» دىگەن سوزنىڭ ئورنىغا ئەرەپچىدىكى «قَلاَدَە» سوزىنى «قَلِيدَە» شەكلىدە قوللىنىدۇ.

ئوغۇزلارنىڭ تىلى سىلىق تىل. باشقا تۈرك خەلقلىرى تىلىدا بىرى تۇپ، ئىككىنچىسى ئەگەشمە مەنىدە جۈپ سوز بولۇپ كېلىدىغان ئىسىم ۋە پېئىللارنى ئوغۇزلار جۈپ سوز شەكلىدە ئەمەس، تاق سوز قىلىپ قوللىنىدۇ، يەنى ئەگەشمە سوزنىلا ئىشلىتىدۇ. ھالبۇكى، باشقا تۈرك خەلقلىرى مۇنداق سوزلەرنى تاق ھالدا

ئىشلەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىگە ئارىلىشىپ كەتسە، تۈركلەر «قَتّي قَرْدي *katti kardi*» دەيدۇ. بۇ يەردە «قَتّي *katti*» سۆزى تۆپ سۆز بولۇپ، «قَرْدي *kardi*» ئەگەشمە سۆزدۇر. بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۇيغۇرلار پەقەت «قَرْدي *kardi*» دەيدۇ-دە، تۆپ سۆز بولغان «قَتّي *katti*» سۆزىنى تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك، تۈركلەر «ياخشى-يامان» دىگەننى «اَذْكو يَقْلاق *ɵzgü yavlak*» دەپ جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىدۇ. «يَقْلاق *yavlak*» سۆزىنى يالغۇز قوللانمايدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا، بۇ سۆزنى يالغۇز قوللىنىدۇ.

تِزْما tizmə ئىشتانباغ. تورۋا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى يىغىپ باغلاش ئۈچۈن يىپتىن توقۇلغان بوغۇچ.

تَكْما təgmə ھەممە، ھەرقانداق، ئۇچرىغانلا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَكْما كِشي اُوزْ بُلْماسْ ياتْ يَغُقْ تُوزْ بُلْماسْ — *təgmə kixi ɵz bolmas yat yaqjuk tüz bolmas* ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس، يات بىلەن تۇققان تەك بولماس. ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتىۋەرمە، يات بىلەن تۇققانمۇ تەك بولمايدۇ.

تُكْما tügmə تۈگمە. كويىنەك، چاپان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تۈگمىسى.

تكْما tikmə : تكْما نانْك *tikmə nəŋ* — تىكمە نەرسە.

جَلْما qalma چالما. قوي، توگە ۋە شۇلىڭغا ئوخشاش ماللارنىڭ قىغىدىن قىشتا قالاش ئۈچۈن كېسەكتەك قىلىپ قۇرۇتۇل- غان تېزەك.

سَتْما satma ساتما. كېچىسى باغنى قورۇش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاراۋۇللۇق ساتمىسى.

سزْما süzmə سۈزمە. قېتىق سۈزمىسى.

قَتْما katma : قتْما يُوغا *katma yuqa* — قاتلىما، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان.

قَرْما karma بۇلاڭ-تالاڭ. نانْك قرْمالادى *nəŋ karmaladi* — بىر نېمىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

قِرْما kirma قىرما، كونۇس. ئۈچى ئۈچلۈق، تۆۋى دۈگىلەك نەرسە. قِرْما تُپِق *kirma topik* — ئۈچى ئۈچلۈق، تۆۋى دۈگىلەك پىلدىرلىغۇچ.

كَسْما kəsmə ياپىلاق ئۈچلۈق نەيزە ياكى ئوق باشىغى.

كَسْما kəsmə كەسمە، كوكۈلا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُلا بِلا بَسْتِمِزْ
نَكْما يَنَكْق بُسْتِمِزْ

كَسْمَالَرِنْ كَسْتِمِزْ

مِنْكْلَقْ اَرِنْ بِجْتِمِزْ

tünlə bilə bastïmïz
təgmə yaŋak pustïmïz
kəsmələrin kəstimiz
mïŋlak ərin pïqtïmïz

[تۈن بىلەن باستۇق،
ھەر تەرەپتىن بوكتۇرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.]

ئۇيغۇرلار ئۈستىگە قىلىنغان بىر ھۇجۇم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق، ھەر تەرەپتىن موكۇپ كىرىپ، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئادەملىرىنى ئولتۇردۇق. «مىڭلاق» بىر يەرنىڭ نامى.

بَكْنِي bəgni بۇغداي، تېرىق ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان ئىچىملىك.

بَغْنَا baoqna ۋاخنا، شوتا بالدىقى.

تَغْنَا taoqna : تَغْنَا يَفَا *taoqna yava* — كاسىن دەرىخىنىڭ پوستى. بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ؛ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ.

تَگْنا tәgnә تەگنە.

جُرْنِي qurni تۈرك تېۋىپلىرى ياسىغان بىر خىل سۈرگە دورىسى.

جِكْنا qignә چىنە (باغ تارتىدىغان چىنە). ياغمىچە.

خَسْنِي hasni باللارنى سەمرىتىش ئۈچۈن يالىتىلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ.

قُشْنِي koxni خوشنا ~ قوشنا. ئوغۇزلار «ن-n» ھەرپىنى «ش-x» ھەرپىدىن ئالدىن قويۇپ، «قُنْشِي konxi» دەيدۇ. ھەر ئىككىسى قائىدىگە ئۇيغۇن ۋە توغرا.

فَعْلَانْ fә'lan، فِعْلَانْ fi'lan، فُعْلَانْ fu'lan شەكىللىرىدىكى سۆزلەر بابى

تُرْبُنْ turbun ئاختۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش. اَنِكْ اَفِنْ تُرْبِنْلا — ئۇنىڭ ئۆيى (نەدە ئىكەنلىكى) نى سۈرۈشتۈر. anīŋ әvin turbunla[①]

---

① بۇ سۆز بۇ ئورۇندا «تُرْبِنْلا» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، تۈپ سۆزنىڭ «تُرْبُنْ» شەكلىدە كەلگەنلىكى ۋە يازما نۇسخا 405-بەتتىكى «تُرْبُنْلَنْدِي»گە ئاساسەن «turbunla» دەپ ئالدۇق.

تَرْبِينْ tarbïn تاربىن. تۈركلەردىن بىر گۇرۇھ خەلقنىڭ نامى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر چوڭىغا بويسۇنىدۇ.

تَرْتِينْ tartïn سۇنۇلغان ئاش، باشقا ئۆيدىن كەرگەن تاماق. بەرەر سەۋەپ بىلەن كەلگەن تاۋاق.

تَشْتِينْ taxtïn : اَرْ تَشْتِينْ بَرْدِي ər taxtïn bardï — ئادەم سىرتقا كەتتى.

جِكْتَانْ qiktən ئېگەر يوپۇغى.

قَفْتَانْ kaftan تون.

بَرْجَانْ barqan بارچان. بىر جاينىڭ نامى.

تَبْجَانْ tapqan ئۇچاياق، ئۈستەلگە ئوخشايدىغان بىر سايمان. قول يەتمەيدىغان يەردە قالغان ئۆزۈمنى شۇنىڭغا چىقىپ تۇرۇپ ئۈزىدۇ.

جُرْجَانْ qurqan چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى.

بَرْخَانْ barhan بارخان. تۇۋەندىكى چىننىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان. بۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇن كان بار.

بُرْخَانْ burhan بۇت. ھەيكەلمۇ «بَذَرْ بُرْخَانْ *bəżər burhan*» دېيىلىدۇ.

تَرْخَانْ tarhan تارخان. ئىسلامىيەتتىن ئاۋال «بەگ» مەنە-
سىدىكى بىر مەنسەپ نامى. ئارغۇچە.

چِنْدَانْ qindan چىندان، سەندەل. بىرخىل خۇش پۇراق ياغاچ.
چِنْدَانْ آتْ *qindan at* —— جەدە ئات.

تَفْرَانْ tavran تارلانغان يىپ. ئىشتانباغ ۋە سالغا تۇتقۇش
ئۈچۈن تەخلەپ قويۇلغان يىپ.

سَبْرَانْ sapran ساپران. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
كىشىلەر ئۇ يەرنى «صبران» دەيدۇ. ھالبۇكى تۈركى
تىلدا «ص» ھەرپى يوق.

سُيْرَانْ suyran مۇنار ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئېگىز نەرسە.
ئوغۇزچە.

تُكْسِينْ tügsin تۇت بۇرجەكلىك قىلىپ تۈگۈلىدىغان بىر خىل
تۈگۈچ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكْمَا جَجَاكْ اُكُلْدِى
بِقْقَلَنْبْ بِكُلْدِى
تُكْسِينْ تُكُونْ تُكُلْدِى
بِرْغَالِمَتْ يِرْكَشُورْ

təgmə qəqək ügüldi
bokuklanïp büküldi
tügsin tügün tügüldi
yarojalïmat yərgəxür

[ھەممە چېچەك يىغىلدى،
پۇقالىنىپ پۈكۈلدى (غۇنچىلىدى)،
(خۇددى) توت بۇرجەكلىك تۈگۈن تۈگۈلدى،
ئېچىلىپ (بىر-بىرىگە) يوگىلىشىۋالىدۇ.]

يازنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ھەرخىل گۈل-چېچەكلەر توپلاندى، غۇنچىلىرى خۇددى توت بۇرجەكلىك تۈگۈنلەردەك بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى ۋە ئېچىلاي دەپ قالدى.

تُكْسِيْن tüksin ئاددى خەلقتىن بولۇپ، خاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشى.

تُقْسُوْن toksun توقسەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تُقُوْزْ اُوْنْ *tokuz on* — توققۇز كەررە ئون» بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن.

سَخْسِيْن sahsïn ساخسىن. بۇلغارلارغا يېقىن بىر شەھەر. بۇ شەھەر «سُوَارْ *suwar* — سۇۋار»مۇ دېيىلىدۇ.

سَكْسُوْن səksün سەكسەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «سَكِزْ اُوْنْ *səkiz on* — سەككىز كەررە ئون» بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن.

كُبْسُونْ kөpsün كورپە، توشەك.

كِمْسَانْ kimsən زىننەت ئۈچۈن دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق.

كِرْشَانْ kirxən قوغۇشۇن ئۈپا.

كُكْشِينْ kөkxin كوكۈش. كُكْشِينْ نَانْكْ *kөkxin nəŋ* — كوكۈش نەرسە.

بَرْغَانْ baroqan مىرسىن (ئاس) دەرىخىنىڭ مېۋىسى.

بَشْغَانْ baxoqan ئېغىزلىغى ئەللىك-يۈز رەتىل كېلىدىغان بىر خىل چوڭ بېلىقنىڭ نامى. يۇرت چوڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش «بُدُنْ بَشْغَانِي *bodun baxoqanï*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەلنىڭ باشلىغى» دېگەن بولىدۇ.

تُتْغُونْ tutoqun تۇتقۇن، ئەسىر.

تَدْغُونْ tadoqun تازغۇن[1]. فىرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەريا ۋادىسى (ئېقىنى). بۇ سوز «دەريا» دېگەن مەنىدىكى «اُكُزْ *ögüz*» سوزىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تَلْغَانْ taloqan: تَلْغَانْ اِيكْ *taloqan ig* — تۇتقاق كېسىلى.

سِجْغَانْ siqoqan چاشقان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَلْدَجِي

① تازغۇن — قەشقەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىغىدىكى ئېقىن.

سِجغانْ مُوشْ تَشَقِي قَشِيرْ - *ɵldəqi sïqoƣan mux taxa* —
ki kaxir ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ تاشقىنى
قاشلايدۇ [چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇ-
غىغا ئېسىلىپتۇ]. بۇ ماقال ئەرەبچىدىكى «اَلْباحِثُ عَنِ
الْمُدْيَةِ» دىگەن ماقالغا ئوخشاش، ئۆلۈمى بىر نەرسىگە
باغلىق بولۇپ قالغان كىشىنىڭ شۇ نەرسە ئەتراپىدا
چۆگىلەپ يۈرۈشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

سِجْغانْ sïqoƣan : سِجْغانْ يِلِي *sïqoƣan yïli* — چاشقان يىلى.
تۈركلەردە ئون ئىككى مۆچەلدىن بىرىنىڭ نامى.

سَرْغانْ saroƣan سارىغان. شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر
خىل ئوت. بۇ ئوت ئۆنگەن يەر «سَرْغانْ يِيرْ
saroƣan yər» دېيىلىدۇ. قومۇشلىرى قۇرۇپ كەتكەن چات-
قاللىقمۇ «سَرْغانْ قَمِيشْ *saroƣan kamïx*» دېيىلىدۇ.

قَزْغانْ ķazoƣan : قَزْغانْ يِيرْ *kazoƣan yər* — يېرىق ۋە ئې-
گىز - پەس بولغان پاتقاقلىق يەر. ماقالدا مۇنداق
كەلگەن:

قُشْ يَقْزِي سَغْزِغانْ
يِغاجْ يَقْزِي اَزْغانْ

يِرْ يَوُزِي قَزْغَانْ
بُدُنْ يَوُزِي بَرْسْغَانْ

kux yavuzï saɣzïɣan
yïɣaq yavuzï azɣan
yər yavuzï kazɣan
bodun yavuzï barsɣan

[قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان،
ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان،
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان.]

قۇشلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سېغىزخان بولسا، ئۇسۇملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئازغاندۇر. ئازغان — سېرىق ۋە ئاق چېچەكلەيدىغان، ھالقىغا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قىزىل مېۋىسى بار بىر خىل ئۇسۇملۇك. بىزنىڭ تەرەپلەردە ئۇنى باغنىڭ چۆرىسىگە تېرىيدۇ. ئۇ ئوتۇن قىلىشقا يارىمايدۇ، چۈنكى كۆيگەندە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي بىساتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. يەرنىڭ ئەسكىسى ئويمان - دوڭ ۋە پاتقاق يەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق يەرلەردە چېدىر تىككىلى ۋە زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارسغانلىقتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ.

قُزْغُوْن kuzɣun قۇزغۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بِرِنِكْ

اُرْتَقْ قُزْغُونُكْ يِغَاجْ باشِنْدا - *børiniŋ ortak kuz-*
oqunnuŋ yioqaq baxinda بورىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ
دەرەخ بېشىدا. قاغا - قوزغۇن بورىنىڭ تاپقىنىغا تەڭ
شېرىك بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ تاپقىنىنى بولسا، دەرەخ
بېشىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ. بۇ ماقال ئەرەپلەرنىڭ
«يَرْبِضُ حُجْرَةً وَ يَرْتَعِي وَسَطًا» دىگەن ماقالىغا ئوخشايدۇ.

قُشْغُونْ kuxoqun قوزغۇن. مال يەيدىغان ھول قۇمۇش.

قُشْغُونْ kuxoqun رەۋەن. بۇ سوز «اُشْغُونْ *uxoqun*» دەپمۇ
ئېيتىلىدۇ.

قُمْغَانْ kumoqan قۇمغان.

مُنْغَانْ munoqan : مُنْغَانْ كِشِي *munoqan kixi* — تولا سوزلەيدىغان كىشى، ۋالاقتەككۈر.

بَرْقِنْ barkin : بَرْقِنْ كِشِي *barkin kixi* — ئۆز يولىدىن قايتمايدىغان يولۇچى.

تُرْقُونْ turkun تۇرغۇن. تُرْقُونْ سُوقْ *turkun suv* — تۇرغۇن سۇ.

تَلْقَانْ talkan تالقان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُغْلُمْ اُكُتْ آلْغِلْ بِلِكْ سِزْلِكْ كِتَارْ
تَلْقَانْ كِمِنْكْ بِلْسَا اَنَكَرْ بَكْمَسْ قِتَارْ

oqlum øgüt aloqïl biliksizlik kətər
talkan kimiŋ bolsa aŋar bəkməs katar

[ئوغلۇم ئۈگۈت - نەسىھەت ئالغىن، بىلىمسىزلىكنى (ئۆزەڭدىن) كەتكۈز، كىمنىڭ تالقىنى بولسا، ئۇنىڭغا شىرنا قاتىدۇ.]

ئەي ئوغلۇم ئۈگۈت - نەسىھەتنى قوبۇل قىل، ئۆزەڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛ تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنا قاتىدۇ، ئەقلى بولغان كىشى ئۈگۈت - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ.

جَلْقَنْ qalkan يارنىڭ ئەردىشى، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تارقىلىشى. مەسىلەن: ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئىششىغاندا، تېقىمىغا بەز چۈشكەندەك.

قَلْقَانْ kalkan قالقان. ئىككى تىلنىڭ بىرىدە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قِقْرِبْ اَتِغْ كَمْشَلِمْ
قَلْقَنْ سُنْگُونْ جُمْشَلِمْ
قَيْنَبْ يَنَا يُمْشَلِمْ
قَتِغْ يَغِي يُفْلْسُونْ

kïkrïp atïoq kəmxəlim
kalkan süngün jumxalïm
kaynap yana yumxalïm
katïoq yaoqï yuvïlsun

[قىقراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان ـ نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يېغا بوشىسۇن.]

دۇشمەننىڭ ئۈستىگە سۈرەن ـ شاۋقۇن بىلەن ئات سېلىپ، باستۇرۇپ بارىمىز، قالقان تۇتۇپ، نەيزە بىلەن زەربە بېرىپ، قاتتىق ئېلىشىمىز، كېيىن دۇشمەن يارىشىش ـ نى سورىسا، ئاندىن توختايمىز. شۇنداق قىلساق، قاتتىق دۇشمەن بوشايدۇ.

تَرْكَنْ tərkən تەركەن. بىرەر ۋىلايەت ھوكۇمدارىغا خاقانلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئۇنۋان. بۇ «ھەي، ئىتائەت قىل ـ غۇچى» دىگەن مەنىدىكى سوز بولۇپ، ۋىلايەت ھوكۇمدا ـ رىدىن باشقىلارغا ئېيتىلمايدۇ.

تَرْكِنْ tərkin تېز، چاپسان. تَرْكِنْ كَـلْ tərkin kəl — چاپ ـ سان كەل. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «تېزلىك» دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان «تَـرْكْ tərk» سوزىدۇر.

تَرْكُنْ tərkün توركۈن. ئۇرۇق ـ ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى، ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى؛ ياتلىق قىلىن ـ غان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئويى. قِزْ تَرْكُنِكَا كَلْدِى kiz tərkünigə kəldi — قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئويىگە كەلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْسا اَبَنْكْ تَرْكَنِمْ
اَتِلْكَمَتْ تَرْكُنِمْ
يَذِلْمَغَىْ تَرْكِنِمْ
اَمْدِي جَرِكْ جَرْكَشُورْ

kəlsə abaŋ tərkənim
ətilgəmət tərkünim
yažïlmaqay tərkinim
əmdi qərik qərkəxür

[ئەگەر تەركەنىم كەلسە،
تورگۈنۈم ئۈگشىلىدۇ،
تويۇم (جامائىتىم) چېچىلىپ كەتمەيدۇ،
ئەمدى چېرىك سەپ تارتماقتا.]

خاقاننى ياباقۇ ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىشقا چاقىرىپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر خاقاننىڭ ياردىمى كەلسە، ئىشىمىز ئۈگشىلىدۇ، ئايماقنىڭ ئۆيلىرى يىقىلمايدۇ، ھازىر جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدى، ھەي تەركەنىم، مېنىڭ ئالدىمغا يېتىپ كەل!

تَرْكِنْ : tərkin تَرْكِنْ سُوْقْ *tərkin suv* — تۇرغۇن سۇ، توختام سۇ.

تَرْكِنْ : tərkin تَرْكِنْ سُو *tərkin sü* — توپلانغان قوشۇن.

ھەرقانداق توپلانغا نەرسىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تَشْكَنْ taxkən تاشكەنت. شاش شەھىرىنىڭ نامى. ئەسلى نامى «تاش كَنْدْ *tax kənd*» بولۇپ، «تاش شەھەر» دېمەكتۇر. اَبُوبَكْرِ القَفّالُ الشّاشِي شۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.

تُشْكُنْ tüxkün چۈشكىنە. بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ.

جَتْكانْ qətkən تىزگىن.

جُمْكانْ qümgən چىمەنلىك.

جِفْكِنْ qivgin: جِفْكِنْ آشْ *qivgin ax* — قوساقنى توق تۇتمىدىغان قۇۋۋەتلىك ئاش. مالنى سەمرىتمىدىغان ئوتمۇ «جِفْكِنْ اُتْ *qivgin ot*» دېيىلىدۇ.

سِتْكُونْ sitkün سىتكۈن. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

سُزْكُنْ süzgün سۈگۈن. رەڭگى قارا، ئۆزى تىكەنلىك بىر خىل تاغ دەرىخى.

كِرْكِنْ kirkin توگىنىڭ بۇغرىغا كىرگەن ۋاقتى. بُغْرا كِرْكِنِي كِرْدِي *buoqra kirkini kirdi* — توگە بۇغرىغا كىردى.

كَفْكِنْ kəvgin: كَفْكِنْ آشْ *kəvgin ax* — قوساقتا تۇرمايدىغان، قۇۋۋەتسىز ئاش. مال يەسە سەمرىمەيدىغان ئوتمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سوز «جِفْكِنْ *qivgin*» سوزى بە-
لەن قارىمۇ - قارشىدۇر.

كَلْكِنْ kəlkin كەلكۈن. چوڭ دەريا ياكى دېڭىز سۇلىرىنىڭ
تېشىشى. بۇ «سەل»گە ئوخشاش.

لِمْكَنْ limkən سېرىق بەگە.

بَقْلانْ baklan پاقلان. بَقْلانْ قُزِي *baklan kozi* — پاقلان
بولغان قوزا.

بَكْلانْ bəglən بەگلەن. ئەرلەر ئىسمى.

جُغْلانْ quoqlan چۇغلان. قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوگىلىرىدىن
بىرىنىڭ ئىسمى.

سُكْلِينْ süglin قىرغاۋۇل. بۇ سوز «سُفْلِينْ *süvlin*» دەپمۇ
ئېيتىلىدۇ.

بَتْمانْ patman پاتمان. بِيرْ بَتْمانْ اَتْ *bir patman ət* —
بىر پاتمان ئەت (گوش).

جُقْمِينْ qukmīn هور نائىنىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سىڭىش-
لىك كېلىدۇ.

سُكْمانْ səkmən سوكمەن. باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلار-
نىڭ بىرى. مەنىسى «جەڭدە سەپلەرنى يارغۇچى قىران

كىشى» دېمەكتۇر. بۇ سوز «سُكْتِي ناڭْكْنِي» *søkti* — *nəŋni* بىر نېمىنى سوكتى» دېگەن ئىبارىدىكى «سُكْتِي» *søkti* سوزىدىن ئېلىنغان.

سِقْمانْ sikman سىقىم ۋاقتى. كۆز كۆنلىرى ئۈزۈم سىقىلىدىغان چاغ.

قُرْمانْ kurman ساداق. ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىدا. كِيش قُرْمانْ *kix kurman* — ئوقيا خالتىسى، ئوق ۋە ياسى سالىدىغان قاپ. بۇ سوز «بەلگە كەمەر باغلا» دېگەن مەنىدىكى «قُرْمانْ» *kurman* سوزىدىن ئېلىنغان.

كَتْمانْ kətmən كەتمەن.

كُوزْمانْ køzmən كومەچ.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپلىرى ئارىسىغا مەد ياكى لىن ھەرپلىرى قوشۇلغان سۆزلەر باپلىرى

فَعالا fəala شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

يماتا yamata(?) قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گوشنى قورىغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ.

قَراجِي karaqi قاراچى، ئىشىكمۇ-ئىشىك يۈرىدىغان تىلەمچى، قەلەندەر.

كَلاجُو kələqü سۆز. ئوغۇزچە.

كُمِيجا kümiqə كۈمۈتا.

تَبارُو tabaru : اُلْ مَنِنْكْ تَبارُو كَلْدِي — *ol məniŋ tabaru kəldi* ئۇ مەن تەرەپكە كەلدى. اُلْ اَنِنْكْ تَبارُو بَرْدِي

ئۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە كەتتى، — *ol aniŋ tabaru bardī*
بۇ ئەسلىدە «تەرەپ، يان» دېگەن مەنىلەردىكى «تبا *taba*» سۆزى بولۇپ، «ر - r» بىلەن «و - ۋاۋ» (رو) ھەرپلىرى كېيىن قوشۇلغان.

خمارو humaru مىراس. بونى آتمدن خمارو بلدم *buni atamdan humaru buldīm* — بۇنى ئاتامدىن مىراس قىلىپ ئالدىم.

خمارو humaru يادىكار. ئەستىلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال ياكى نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇنىڭ مىلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە «خمارو *humaru*» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەر ۋە ئاياللارغا ئىسىم بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇزۇن سەپەرگە كەتكەن كىشى قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىغا يادىكارلىققا قالدۇرغان نەرسىمۇ «خمارو *humaru*» دېيىلىدۇ.

نميژا namīza باجا. خوتۇننىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسىنىڭ ئېرى. چىگىلچە.

شلاشو xalaxu شالاشۇ. چىن رەختلىرىنىڭ بىر خىلى.

شموشا xamuxa شۈمشە. يىڭنىلىق بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراق ئوت.

قراغو karaoqu زاغ. بىر خىل قارا بوياق.

قَراغُو karaoqu قارغۇ.

قُرِيغُو kurïoqu : قُرِيغُو نانْكْ *kurïoqu nəŋ* — قۇرۇۋاتقان نەرسە، بىر نەرسىنىڭ قۇراي دەپ قالغان ۋاقتىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قِراغُو kïraoqu قىرو.

بُزاغُو buzaoqu موزاي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَڤْداكِي بُزاغُو اُكُوزْ بُلْماسْ — *əvdəki buzaoqu økuz bolmas* — ئۆيدىكى موزاي ئۆكۈز بولماس. بۇ ماقال ئۆز پەزىلىتى بىلەن يۇقۇرى مەرتىۋىگە يەتسىمۇ، قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرى نەزىرىدە ھامان ياش بالا سانالغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

بُزاغُو buzaoqu : بُزاغُو تِلِي *buzaoqu tïli* — كۆسۈتكە.

بُشُوغُو boxuoqu : اَتْ بُشُوغُو بُلْدِي *at boxuoqu boldï* — ئاتنى باغلاقتىن بوشىتىش ۋاقتى بولدى. باشقا ماللارنى بوشىتىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تُشاغُو tuxaoqu : اَتْ تُشاغُو بُلْدِي *at tuxaoqu boldï* — ئاتنى چۈشەش ۋاقتى بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بُقاغُو buķaoqu بۇقۇغۇ. ئوغرىنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان قوۋۇق.

تَقاغُو taķaoqu توخۇ. توخۇ جىنسىنىڭ ئومۇمى نامى. كېيىن

خوراز «اَرْكَكْ تَقاغُو *ərkək takaoqu*»، مىكيان
«تِيشِي تَقاغُو *tixi takaoqu*»» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن.
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَزِيداقِي سُقْلِينْ اَزْرْكَلِي اَقْداكِي
تَقاغُو اِچْغِنْما — *yazïdaki süvlin əzərgəli əvdəki*
takaoqu ïqoïnma قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئۇۋلايمەن دەپ،
ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما. بۇ ماقال يوق
نەرسىنى دەپ، قولدىكى نەرسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىققا
ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تَقاغُو takaoqu: تَقاغُو يِلِي *takaoqu yïlï* — توخۇ يىلى.
تۈركلەردە ئون ئىككى مۆچەلدىن بىرىنىڭ نامى.

تَلاغُو talaoqu: ئۆتكۈر ئوغا، تېز ئۆلتۈرىدىغان زەھەر. تولغاق
كېسەللىمۇ «تَلاغُو *talaoqu*» دېيىلىدۇ.

تُماغُو tumaoqu تۇمۇ، زۇكام.

قَناغُو kanaoqu قانالغۇ، نەشتەر. قان ئالىدىغان سايمان.

بِتُوكا bütügə پىدىگەن ~ پەتىنگان.

بِلاكُو biləgü بىلەي.

تِراكُو tirəgü تىرەك ~ تىرگەك. ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى تىرەپ
تۇرالايدىغان تۈۋرۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

كَراكُو kərəgü تۈركمەنلەر چېدىرنى، كوچمەنلەر قىشلىق ئۆيىنى «كَراكُو kərəgü» دەيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُكْ كُرْدِي كَراكُو يُڗْتِي — *kək*① *kөrdi kərəgü yüzti* شۇنچىلىك جاپا تارتتىكى، ھەتتا كىگىز ئۆيىنى ئۆزى يۇدۇپ ماڭىدىغان ھالغا يەتتى.

كُزاكُو kөzəgü كۆسەي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُزاكُو ئُزُونْ بُلْسا ئَلِكْ كُيْماسْ — *kөzəgü uzun bolsa əlik kөymas* كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس. بۇ ماقال «ئىشقا يارايدىغان بالا - چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كُشِيكا kөxigə سۇس كۆلەڭگە.

كَلاكُو kələgü لەگمەنتاقتاق. چاشقاننىڭ بىر خىلى.

كُلِيكا kөligə قويۇق كۆلەڭگە.

جُمالِي qüməli چۈمۈلە. چىڭگىلچە.

---

① بۇ سۆزدە «ك» ھەرپىنىڭ ئۈستىدىكى زەممە فەتھەنىڭ ئورنىغا يېڭىلىش قويۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى يەرما نۇسخا 241-، 407-بەتلەردە «كَكْ *kək*» دىگەن سۆزلەم قىيىنچىلىق دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا بىز بۇ سۆزنى «*kək*» دەپ ئالدۇق.

جُمِيلِي qumīlī قىزىق ئاپتاپتا كوزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغان كىشىگە «جُمِيلِي بُلْدِي *qumīlī boldī*» دېيىلىدۇ.

كَبالِي kəpəli كېپىلە، كېپىنەك.

فَعالانْ fəalan، فَعِيلانْ fəilan شەكىللىرىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

قَرِيزانْ karīzan قېرىسال. قېرىپ كۈچتىن قالغان كىشى.

جِبِقانْ qīpīkan چىلان.

جِبِقانْ qīpīkan چىقان. بەدەنگە چىقىدىغان بىر خىل يارا. ئۇنىڭ رەڭگى چىلانغا ئوخشاش قىزىل بولغانلىقتىن، شۇنداق ئاتىلىدۇ.

قَراقانْ karakan قاراغان. تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ.

جُلِيمانْ qulīman چېكىش. جُلِيمانْ اِيشْ *qulīman īx* — چېكىش ئىشى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى «يىغىلىپ قالغان سۇ» دېمەكتۇر. كەنچەكچە.

فَعَنْلِي fəənli شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تَتِنْدِي tatïndï : تَتِنْدِي سُوتْ *tatïndï süt* — تېتىملىق سۈت.

سَجِنْدِي saqïndï : سَجِنْدِي نَانْكْ *saqïndï nəŋ* — چېچىلغان نەرسە.

تَزِنْدِي tïzïndï[1]: تَزِنْدِي نَانْكْ *tïzïndï nəŋ* — تىزىلغان نەرسە، مەنئى قىلىنغان نەرسە.

كَذِنْدِي kəzindi : كَذِنْدِي تُونْ *kəzindi ton* — كوپ كىيىلگەن تون.

سُرِنْدِي süründi : سُرِنْدِي اَرْ *süründi ər* — سۈرۈندى (قوغلاندى) ئادەم، ئۈياقتىن بۇياققا قوغلىنىپ يۈرگەن ئادەم.

قِرِنْدِي kïrïndï قىرىندا. ھەر نەرسىنىڭ قىرىندىسى.

---

[1] بۇ سوز بۇ يەردە «تَزِنْدِي» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 340 - بەتتە «تِذِنْدِي *tïzïndi*» شەكلىدە كەلگەن. بىز ئەرەپچە مەنىسىنىڭ «تىيىش» ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*tïzïndï*» دەپ ئالدۇق.

زَرَنْزا zaranza زاراڭزا. زَرَنْزا اُرغي *zaranza uruqï* — زاراڭزا ئۇرۇغى.

سزندي süzündi : سزندي سوڤ *süzündi suv* — سۈزۈندى سۇ، سۈزۈلگەن سۇ.

قَزِندي kazïndï : قَزِندي تپراق *kazïndï toprak* — قېزىلـ غان تۇپا.

بغندي boqundï دوۋساق، هايۋانلارنىڭ دوۋسىقى (ئىنسانىنىڭ ئەمەس)، سۈيدۈكلۈك.

سَلِندي salïndï : سَلِندي اتنك *salïndï otuŋ* — سەل ئېقـ تىپ كەلگەن ئوتۇن.

سَلِندي salïndï : سَلِندي نانك *salïndï nəŋ* — تاشلانغان نەرسە، تاشلاندۇق نەرسە.

سلندي sulundï ئەر كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋالغان چېچى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «سَلِندي نانك *salïndï nəŋ* — ساڭگىلىغان نەرسە» بولۇپ، بۇ چىرايلىق ئىبارە ئەمەس.

تَمِندي tamïndï : تَمِندي سوڤ *tamïndï suv* — تامغان سۇ.

كمندي kəmündi : كمندي نانك *kəmündi nəŋ* — كۆمۈلـ گەن نەرسە.

پېئىل يىلتىزىغا «ن، د، ى» ھەرپلىرى قوشۇلسا، ئۇ

پېىل ئىسمغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ ئىسىم بىرەر نەرسىنىڭ ئېشىندىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، ياكى مەجھول دەرىجە-دىكى سۈپەتداش بولىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «فُعَالَةٌ *fuala*» ۋەزنىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر شەكلىمۇ باركى، بۇيرۇق پېىلىنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۆتكەن زامان پېىلىنىڭ قوشۇمچىسى بولغان «دى- *di*||*dï*» ھەرپلىرى ئارىسىغا «ن- *n*» ھەرپى قوشۇلسا، بۇ پېىل ئۆزلۈك دەرىجىدىكى سۈپەتداشقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: «سُوْنِي سُزْتِي *suvni süzti*» سۇنى سۈزدى» دېگەن جۈملىدىكى «سۈزتى» پېىلى-نىڭ ئاخىرقى ھەرپى بولغان «ز- *z*» بىلەن ئۆتكەن زامان پېىلىنىڭ بەلگىسى بولغان «ت- *t*» ياكى «د- *d*» ھەرپىنىڭ ئارىسىغا بىر «ن- *n*» ھەرپى قوشۇلسا، «سُوزُنْدِي سُوْ *süzündi suv*» شەكلى ھاسىل بولۇپ، «سۈزۈلگەن سۇ» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. بۇنىڭدا ئىش-ھەرىكەت شۇ ئىسىمنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ، يەنى پېىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى ھاسىل بولىدۇ.

بۇ يەردە مەن ئېيتمىغان باشقا نەرسىلەرنىمۇ مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن قىياس قىلىش مۇمكىن.

فُعْلُلِي fu'luli شەكلىدىكى سۆزلەر بابى

بُسْتُلِي püstüli لويلا. يەگىلى بولىدىغان بىر خىل كوكات.

ئۈچ ھەرپلىكلەر بابلىرى تۈگىدى. ئەمدى (ئۈچ-تىن) ئارتۇق ھەرپلىك سۆزلەر كېلىدۇ.

ئاخىرىغا ھەرپ قوشۇلغان سوزلەر باپلىرى

فَعْلَلْ fə'ləl، فَعْلَالْ fə'lal، فُعْلُلْ fu'lul
شەكىللىرىدە ھەر خىل ھەرىكىلىك
سوزلەر بابى

بُشْغُتْ boxoqut شاگىرت. ھۈنەر ئۆگەنگۈچى شاگىرت.

تَرْمُتْ tarmut جىرا. تاغ تَرْمُتْ كَجْتِمْ — *taoq tarmut kəqtim* تاغ-جىرا كەزدىم.

تَكْشُتْ təgxüt تەشكۈت، بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا بىرىلگەن بەدەل؛ ساختا پۇلنى بىرىپ، ئورنىغا راست پۇلنى ئالغاندەك ئىش.

رَبْجَتْ rəpqət ئالۋاڭ، ھاشار. مەسىلەن: بەگنىڭ خەلقنىڭ ئات-ئۇلاقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەقسىز ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش. كەنچەكچە.

جَبْغُتْ qapoqut كورپە، توشەك.

قَرْشُتْ karxut قارىمۇ-قارشىلىق، كېچە بىلەن كۈندۈزدەك بىر-بىرىگە زىتلىق.

قِزْغُتْ kīzoqut ئىبرەت. باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن
خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا بېرىلىدىغان جازا.

قَفْشُتْ kavxut قوۋۇشماق. يۇرتنىڭ تېچلىقى ئۈچۈن ئىككى
خاننىڭ بىر - بىرى بىلەن قوۋۇشۇشى (كېلىشىپ قېلىشى).

قَفْشُتْ kavxut قاۋشۇت. ئەرلەر ئىسمى.

لُجْنُتْ lüqnüt لۈچنۈت، لاپقۇت. بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
دانلارنى يانچىشتا يېزا خەلقىنىڭ بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى.
ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا بىر - بىرىگە بىرەر ئۇلاق
بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بېرىدۇ. كەنچەكچە.

بِجْغُوجْ pīqoquq قايچا. نەرسىلەرنى كېسىدىغان ئەسۋاب.

بُذْراجْ buźraq بۇدراچ. ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ
ئىسمى. «بَكَجْ آرْسْلانْ تِكِينْ *bəkəq arslan təgin*» زا-
مانىدا بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى.

يَرْكُوجْ yərküq يەر تونۇرىدىكى ناننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۆرۈشقا
ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىچقا ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق
قىلىپ ياسالغان ياغاچ پالاق.

بُسْكاجْ püskəq كاكچا.

تُتْماجْ tutmaq چۈپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن

بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇق-تىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ دەپ قال-غان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بِزْنِي تُتْمَا آچْ bizni tutma aq» دەپ خىتاپ قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرت-لىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەيىن داشىمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قوساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى «تُتْمَاچْ tutmaq» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تُتْمَا آچْ tutma aq» بولۇپ، ئىككى «ا-ئېلىپ»نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «تُتْمَاچْ» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزەڭنى ئاچ تۇتما، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر.

تُتْغُوچْ tutɣuq رەسمىي تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى.

تُدْرِچْ tudriq قىغ، ماياق، تېزەك. ئارغۇچە.

تَلْغُوچْ talɣuq ئۇلغام، ئۇلغۇماچ. ئۇلاقتا ئارتىلغان يۈكنى چىگىتىش ئۈچۈن، يۈك بىلەن ئارغامچا ئارىسىغا قىستۇ-رۇلىدىغان كالتەك. بۇنىڭ بىلەن ئارغامچا بىر قانچە

قىتىم تولغانسا، تېگىق چىگىيدۇ ۋە ئاغمايدىغان بولىدۇ.

تَفْغاجْ tavƣaq تاۋغاچ. «ماچىن» ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن. بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، «تَفْغاجْ *tavƣaq*» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «خِطاىْ *hītay*» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بَرْخانْ *barhan*» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر «تَفْغاجْ» «ماچىن» دەپ، «خِطاىْ» «چىن» دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ.

تَفْغاجْ tavƣaq تاۋغاچ. تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار «تَفْغاجْ» يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ «تَتْ تَفْغاجْ *tat tavƣaq*» دەپ ئاتىلىدۇ. «تات» ئۇيغۇر دېمەكتۇر؛ «تاۋغاچ» چىنلىق دېمەكتۇر.

تَفْغاجْ tavƣaq ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە «تَفْغاجْ آذى *tavƣaq ǝzi*» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «شَيْءٌ عادِيٌّ — ئاد قەبىلىسىنىڭ نەرسىسى» ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ؛ «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «تَفْغاجْ خانْ *tavƣaq han*» دېيىلىدۇ.

تَتْ تَفْغاجْ tat tavƣaq بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا «تَتْ *tat*»

سوزى «پارس» دىگەن مەنىدە، «تَفْغاجْ» سوزى «تۈرك» دىگەن مەنىدە كەلگەن. مىنىڭچە، مەن بەرگەن تەبىر توغ-رىراقتۇر. ئىسلام ئەللىرىدە مەشھۇر بولغان چۈشەنچە مۇ-شۇنداق؛ ئۇ يەرلەردە ئۇنداق. ھەر ئىككىسى تۈزۈك.

تَفْغاجْ tavƣaq : تَفْغاجْ يُداسِى *tavƣaq yudasi* — يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ.

سَرْقَجْ sarkaq كاسىنى، كوكچىچەك.

سُرْقَجْ surkuq[1] سىر دەرىخىنىڭ يېلىمى. بۇ يېلىم قىلىچ ۋە خەنجەر دەستىلىرىنى چاپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

سَرْنِجْ sarniq توگە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تۇلۇم؛ ياغاچ چىلەك.

سَغْدِجْ saƣdiq دوست، بۇرادەر.

سُغْدِجْ suƣdiq قاتار بەزمە. قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ.

سَفْدِجْ səvdiq سېۋەت. ياش نوتىلاردىن توقۇلۇپ، ئىچىگە مىۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سالىدىغان نەرسە.

---

① بۇ سوز بۇ يەردە «سُرْقُجْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخىنىڭ 402 - ۋە 598 - بەتلىرىدە «سُرْقُجْ» شەكلىدە يېزىلىپ، ئوخشاش مەنە بېرىلگەن. شۇڭا بىز «*surkuq*» دەپ ئالدۇق.

سَنْكَجْ sənkəq سەركەچ ئالما. فىندىق ياڭىقى چوڭلۇغىدا بولىدىغان

بىر خىل تاتلىق ئالما. ئۇنىڭ ئاق ۋە قىزىل تۈرلىرى بولىدۇ.

قَتْقِجْ katkiq چايانغا ئوخشاش چاقىدىغان بىر خىل قۇرۇت.

ئارغۇچە.

قِسْغاجْ kisoqaq قىسقاچ.

قُسْغاجْ kusoqaq ئوزى كىچىك، رەڭگى قارا بىر جانىۋار.

ئادەمنى چىشلەيدۇ. ئوغۇزچە.

قُشْغاجْ kuxoqaq قۇشقاچ.

كَرْبِجْ kərpiq كىرپىچ، خىش. بِشِغْ كَرْبِجْ *pixiq kərpiq* —

پىشىشىق خىش.

كِرْتُجْ kirtüq: كِرْتُجْ كِشِي *kirtüq kixi* — ھەسەتخور ۋە

خۇلقى يامان كىشى.

بَشْتَرْ baxtar ئوغاق. ئارغۇچە.

بَكْتُرْ bəktür بەكتۇر. ئەرلەر ئىسمى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «بَكْ تُرْ

bək tur — بەك تۇر، چىڭ تۇر»دۇر.

بُكْتِرْ bөktir بوكتەر. تاغنىڭ ئېگىز - پەس يېرى. شېئىردا

مۇنداق كەلگەن:

اَغا بُکْتِرْ اُزا یُرْدِمْ
بَرِقْ یاقِبْ قِیا کُرْدِمْ
اَنِی بِیلِبْ تَقِی بَرْدِمْ
تُکَلْ یاغِی تُرِی تُغْدِی

aoa bəktir üzə yürdim
barïk yakïp kïya kərdim
anï bilip takï bardïm
tügəl yaoï təri tuodï

[(تاغنى) بوكتۇرگىلەپ يۈردۈم،
يېقىن بېرىپ قارا كۆردۈم،
ئۇنى بىلىپ (تونۇپ) يېقىن باردىم،
دۈشمەننىڭ چاڭ-توزىڭى كۆتىرىلدى.]

ئېگىز-پەس قىرلارنى ئېشىپ، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، يىراقتا بىر قارا كۆردۈم، ئۇنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپ قالدىم، دۈشمەننىڭ چاڭ-توزاڭلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى.

بَلْدِرْ baldïr تۈمشۇق. تاغنىڭ بۇرۇنغا ئوخشاش ئۇسۇپ چىققان يېرى. تاغ بَلْدِرِی *taoı baldïrï* — تاغ تۈمشۇغى.

بَلْدِرْ baldïr ئوگەي. بَلْدِرْ اُغُلْ *baldïr ooul* — ئوگەي ئوغۇل. بَلْدِرْ قِیزْ *baldïr kïz* — ئوگەي قىز.

بَلْدِرْ baldïr بالدۇر. بَلْدِرْ تَرِغْ *baldïr tarïq* — بالدۇر تېرىلغۇ، باش باھاردا تېرىلغان ئاشلىق. ئەڭ ياخشى تېرىم ۋاقتى شۇ ۋاقىتتۇر. باشقىلاردىن بۇرۇن قىلىنغان ئىش ياكى پەيدا بولغان نەرسىگىمۇ «بَلْدِرْ *baldïr*» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. تول ۋاقىتتا تۇنجى تۇغۇلغان قوزىمۇ «بَلْدِرْ قُزِي *baldïr kozi*» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ تۆت سۆزنىڭ ھەممىسىدە «ب» ھەرپى قېلىن ۋە قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

بُلْدُرْ بُلْدُرْ buldur buldur گۆلدۈر - گۆلدۈر. تاشْ قُدْغُقا تُشْتِي بُلْدُرْ بُلْدُرْ اِتِي — *tax kužuoqka tüxti buldur buldur ətti* تاش قۇدۇققا گۆلدۈر - گۆلدۈر قىلىپ چۈشتى.

بِلْدُرْ bïldur بۆلتۈر، ئۆتكەن يىل.

بُلْغَارْ buloqar بۇلغار. ھەممىگە تونۇلغان بىر تۈرك شەھرى.

تُلْفِرْ tülfir كوشۈگە. ئاياللارنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە. بۇ بوز ياكى يىپەك رەختتىن قىلىنىدۇ.

جَلْدِرْ جَلْدِرْ qaldïr qaldïr چالدۇر - چۇلدۇر، شالدۇر - شۇلدۇر. اُقْ كِيشْتَا جَلْدِرْ جَلْدِرْ اِتِي — *ok kixtə qaldïr qaldïr ətti* ئوق ساداقتا شالدۇر - شۇلدۇر قىلدى. شامالدا قۇرۇق ئوتلاردىن چىقىدىغان ئاۋازغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

جَغْمُرْ qaoqmur چامغۇر.

جَمْغُرْ qamoqur چامغۇر. بۇ سوزدە «م - *m*» ھەرپى بىلەن «غ - *oq*» ھەرپىنىڭ ئورنى ئالماشقان.

سَرْكَرْ sərkər قاراقچى، يول توسار. قارلۇقچە.

قَنْدِرْ kandīr سېرىق ئەت. ئاشلاشقا يارايدىغان تېرە سويۇۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان گوشنىڭ پوستى.

كَسْتَرْ kəstər تەشتەك، ئۈچ تىلدا.

كَشْمِيرْ kəxmir كەشمىر. تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەرنى تەگرى يارلىقىغۇچى سۇلايمان پەيغەمبەر سالدۇرغان.

مَنْدارْ mandar ماندار. دەرەخلەرگە ئورۇلۇۋېلىپ، كوپ چاغلاردا دەرەخنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان بىر خىل ئۇسۇملۇك، ئوغۇزچە.

بُرْدُزْ burduz باغ، باغچە، بوستان. بۇ سوز ئەسلى تۈركچە ئەمەس.

بَلْدِزْ baldīz قېيىن سىڭىل، خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى. ئەرنىڭ سىڭلىسى «بَلْدِزْ *baldīz*» دېيىلمەي، «سِنْكِلْ *siŋil*» دېيىلىدۇ.

تَرْمَزْ tarmaz تەرخەمەك.

قتسز kutsuz بەختسىز، ئىشى ئارقىغا كەتكەن ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قتسز قدغقا كرسا قم يغار — *kutsuz kużuoqka kirsə kum yaoqar* بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قۇم ياغار. بۇ ئەرەبلەرنىڭ «اذا اقبل و اذا ادبر دمر» دېگەن ماقالىغا ئوخشايدۇ.

قرقز kïrkïz قىرغىز. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.

قلبز kalbuz قوۋۇز، يۇتۇم. قلبزلادي نانكني — *kalbuzladi nəŋni* بىر نېمىنى يۇتتى.

قندز kunduz قۇندۇز.

قندز kunduz : قندز قيري *kunduz kayri* — قۇندۇز قېيىرى، قۇندۇز تاشقىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل دورا.

كندز kündüz كۈندۈز.

مندز munduz ئاخماق، دوت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
نجا مندز ارسا ايش اذكو نجا اكري ارسا يول اذكو — *nəqə munduz ərsə əx əzgü nəqə əgri ərsə yol əzgü* ھەر قانچە ئاخماق بولسىمۇ، ھەمرا ياخشى؛ ھەر قانچە ئەگرى بولسىمۇ، يول ياخشى. يالغۇزلۇقتىن كۆرە، ئاخماق بولسىمۇ ھەمرا ياخشى؛ چۆلدە بېشى قېيىپ

يۇرگەندىن كورە، ئەگرى - توقاي بولسىمۇ يول ياخشى. چۈنكى، يول بولمىسا، مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ.

مُنْدُزْ munduz : مُنْدُزْ اَقِنْ *munduz akin* — تۈپۈقسىز كەل-گەن سەل، كەلكۈن.

مُنْدُزْ munduz : مُنْدُزْ يُرِيغا اَتْ *munduz yorīqa at* — يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات.

بِجْغاسْ pīqoıas پۈتۈم. ئەل ئارىسىدا قىلىنغان ۋەدە، ئەھدە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِجْغاسْ بِتِكْ قِلُرْلَرْ
اَنْدِ كَي يَما بِرُورْلَرْ
خانْدِنْ بَسُتْ تِلَرْلَرْ
بَسْمِلْ جمُلْ تِرْكَشُورْ

pīqoıas bitik kīlurlar
and kəy yəmə bərürlər
handīn basut tilərlər
basmīl qomul tirkəxür

[ئەھدىنامە (پۈتۈم) تۈزۈشىدۇ،
يەنە قەسەم بېرىشىدۇ،
خاندىن ياردەم تىلىشىدۇ،
(ئەمدى) باسمىل، چومۇللار (بىز بىلەن) تىركەشمەكتە.]

يابافۇ جېڭىدە خاقانغا قارشى چىقماسلىقتا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىلىپ، پۈتۈم تۈزۈلدى، خەلق خا- قاندىن ياردەم سورىدى. باسمىل بىلەن چومۇللار بىرگە قارشى تۇپلىنىۋىدى، خاقان يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلدى.

بَكْمَسْ bəkməs شىرنە. ئوغۇزچە.

قِرْباسْ kïrbas : قىرباس ئَرْ kïrbas ər — تېقىر باش ئادەم.

يُرْباشْ yurbax : يۇرباش ئىش yurbax ïx — چىگىش ئىش، يەنى باش - ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئىش.

بَتْرُشْ patrux : پەترۇش سۇۋ patrux suv — لاي سۇ، دۇغلاشقان سۇ. سۇيى ئازلاپ، قوييۇلۇپ كەتكەن سۇيقاش- قىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

بُلْغاشْ buloqax تەشۋىش. يېغا كېلىش ئالدىدا خەلق ئە- چىگە چۈشكەن ۋەھىمە.

تِرْكاشْ tirkəx قىستا - قىستاڭچىلىق، قىستاڭچىلىقتىن ماگالماي قېلىش. ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ساقىپ چىققان سۇ توختاپ قالغان يەر «سۇۋ تىركاشى suv tirkəxi» دېيىلىدۇ.

جُلْبُشْ qulbux شالتاق. كىيىم - كېچەككە ۋە قولغا يېپىشىپ قالىدىغان مىۋە شىرنىسى.

سَرْمَش sarmax چىرماش. ئەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ ياكى چىرمىشىپ كېتىشى. بىرەر يىغىلىق ۋاقتىدا خەلقنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى «سَرْمَش بُلْدِي *sarmax boldi*» دېيىلىدۇ.

سُفْسُش suvsux بوزىنىڭ قۇۋۋىتى كەتكەن قالدۇق سۈيى. سۇ قوشۇلغان قېتىقمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَتْلِش katlix قېتىلىش. سۇ ئېقىنلىرى ئوز يولىدا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتسە، «سُوْ قَتْلِشْتِي *suv katlixti*» دېيىلىدۇ.

قَتْمِش katmix قاتمىش. ئەرلەر ئىسمى.

قِرْتِش kirtix ئىنسان ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ يۈزى، چىرايى، رەڭگى. كُرْكْلُك قِرْتِشْلِغْ كِشِي *kørklüg kirtixliq kixi* — يۈزىنىڭ رەڭگى چىرايلىق كىشى. يەرنىڭ يۈزىمۇ «يِير قِرْتِشِي *yər kirtixi*» دېيىلىدۇ. لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ يۈزى «قِرْتِش *kirtix*» دېيە-لمەيدۇ.

قَرْغِش karoqix قارغىش، لەنەت. تَنْكْرِي قَرْغِشِي آنِكْ اُزا *tənri karoqixi anin üzə* — تەڭرىنىڭ قارغىشى ئۇ-

نىڭ ئۈستىگە (ياغسۇن). بۇ سۆز بەزىدە سۈپەت مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قَرْغِشْ كِشِي *karqïx kixi* — قارغىش ئادەم، يەنى قارغىش تەككەن ئادەم.

قُلْدَشْ koldax قولداش. بۇ سۆز كۆپىنچە چوڭلارنىڭ خادىملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

كِرْدَشْ kirdəx بىر ھويلىدا بىللە ياشايدىغان خوشنا.

يُرْباغْ yurbaoq ئىشنى كېچىكتۈرۈش، ئىشنى ئارقىغا سۈرەش.

بِرْقِغْ bïrkioq پۇرقۇق. ئات ياكى ئېشەكنىڭ پۇرقۇشى. اَتْ بِرْقِغِي *at bïrkioqï* — ئاتنىڭ پۇرقۇغى.

بُرْقُغْ burkuoq پۇرلىشىش. تېرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ پۇرلىشىشى.

بَشْلاغْ : baxlaoq بَشْلاغْ نانْكْ *baxlaoq nəŋ* — بېشى بوش نەرسە. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، بېشى بوش، باغلانمىغان ياكى تاشلاپ قويۇلغان ئات - ئۇلاق «بَشْلاغْ يِلْقِي *baxlaoq yïlkï*» دېيىلىدۇ.

بِغْرِغْ bïoqrïoq تولدۇرۇلغان تاغار، تۇلۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ پۈكۈلگەن يەرلىرى.

تَبْلاغْ taplaoq رازىلىق. بُو اِيشْدا سَنِنْكْ تَبْلاغِنْكْ بارْمُو

بۇ ئىشتا سېنىڭ — bu ïxda səniŋ taplaoqïŋ barmu
رازىلىقىڭ بارمۇ؟

تَبْزُغْ tapzuoq تېپىشماق. تَبْزُغُقْ تَبُزْدُمْ — tapuzoquk tapuzdum تېپىشماق تاپقۇزدۇم.

تُتْسُغْ tutsuoq ۋەسىيەت. مَنْ اَنكَرْ تُتْسُغْ تُتُزْدُمْ — mən aŋar tutsuoq tutuzdum مەن ئاڭا ۋەسىيەت قىلدىم.

تَرْتِغْ tartīoq تارتىق. يۈكنىڭ تارتىقى.

تَرْتِغْ tartīoq خاقان چاقىرىقى. خاقاننىڭ بىرەر ئىش سەۋەبىدىن چاقىرغان چاقىرىقى. بَكْدَنْ تَرْتِغْجِي كَلْدِي

— bəgdən tartīoqqī kəldi بەگدىن (خاندىن) چاقىرغۇچى كەلدى.

تُرْقُغْ turkuoq تارتىنىش، ئىزا تارتىش. اُلْ مُنْدُنْ تُرْقُغْ بُلْدِي — ol məndən turkuoq boldi ئۇ مەندىن تارتىندى.

تُغْرَاغْ tuoqraoq خاقاننىڭ موھرى (تامغىسى)؛ خان يارلىقى. ئوغۇزچە. بۇنى تۈركلەر بىلمەيدۇ. بۇ سوزنىڭ ئەسلىنى مەنىمۇ بىلمەيمەن.

تُغْزَاغْ tuoqzaoq ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات.

تِلْدَاغْ tīldaoq بانا، سەۋەب. اُلْ اَنكَرْ تِلْدَاغْ قِلُورْ — ol

aŋar tïldaɣ kïlur ئۇ ئاڭا بانا قىلىدۇ. بۇ سوزنىڭ
پارسچىسى «بهانه».

تُغْسُغْ tuɣsuɣ : كُونْ تُغْسُغْ kün tuɣsuɣ — كۈنچىقىش،
شەرق.

بَتْسِغْ patsïɣ : كُونْ بَتْسِغْ kün patsïɣ — كۈنپېتىش، غەرب.

تَلْقِغْ talkïɣ تاغلارنىڭ تۇتاشقان يېرى.

تَلْقِغْ talkïɣ بىرەر ئىشنى كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سۈرەش.

تُمْلِغْ tumlïɣ سوغاق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُمْلِغْ كَلِبْ قَبْسَدِی
قُتْلُغْ يَايِغْ تَپْسَدِی
قَرْلَبْ اَزُنْ يَبْسَدِی
اَتْ يِنْ اُشْبْ اَمْرِشُورْ

tumlïɣ kəlip kapsadï
kutluɣ yayïɣ təpsədi
karlap azun yapsadï
ət yən üxüp əmrixür

[سوغاق كېلىپ قاپسىدى،
قۇتلۇق يازنى قوغلىدى،

قار يېغىپ دۇنيانى قاپلىدى،
ئەت ـ يان ئۇششۇپ تىترىشەر.]

سوغاق كېلىپ ھەممە ياقنى بېسىپ كەتتى؛ ئۇ قۇتلۇق يازغا ھەسەت قىلىپ، قار ياغدۇردى؛ قار جاھاننى قاپلاپ كەتكىلى تۇردى، بەدەن سوغاقتىن چۈمۈلە ماڭغاندەك چىملداپ كەتتى.

«تُملُغ *tumluq*» سوزىنىڭ ئەسلى «تُم *tum*» دۇر. «اُلُگ يُزِى تُملُغ *ølüg yüzi tumluq* — ئۆلۈكنىڭ يۈزى سوغاق». بۇ «كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، يۈزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سوۋۇپ كېتىدىغانلىقىنى» دىگەن بولىدۇ.

سِرْتِغْ sirtïq سىرتىق، خەۋەر، دەرەك؛ مەزمۇن، مەنە. سوزلىگۈچىنىڭ سوزىدىن ئاڭلىشقان ياكى چۈشىنىلگەن تۈپ مەنە. مَنْ بُو سوزْدَنْ سِرْتِغْ بُلْدُمْ *mən bu søzdən sirtïq buldum* — مەن بۇ سوزدىن خەۋەر تاپتىم، يەنى بۇ سوزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم.

سَجْلِغْ saqlïq چاچلىق. سَجْلِغْ اَرْ *saqlïq ər* — چاچلىق ئادەم.

سَرْسِغْ sarsïq سېسىق. سَرْسِغْ سوزْ *sarsïq søz* — سېسىق سوز. بۇ سوز قوپال ئىش ـ ھەركەت ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

سِزْلاغْ sizlaq سىزلاش. سوغاق سۇ ئىچكەندە ياكى مۇز چىشلىگەندە چىشنىڭ سىزلاپ كېتىشى.

سِغْزِغْ sïƣzïƣ زىغىزىق. مەيسە ۋە ئۈتۈككە ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى تىكىشتە ئىككى تىكىش ئارىسىغا قىستۇرۇلىدىغان تېرە تىلىمى.

سِغْزِغْ sïƣzïƣ قادىق. ئىككى نەرسىنى جۈپلەشتۈرگۈچى قاداق.

سِغْزاغْ sïƣzaƣ ئاراچ. تېشْ سِغْزاغى *tïx sïƣzaƣi* — چىش ئارىچى.

سَغْلِغْ saƣlïƣ سانىقلىق. بۇنىڭ ئەسلى «ساغلِغ *saƣlïƣ*» دۇر.

سُقْلاغْ suvlaƣ سۇلاق. مال سۇغۇرۇلىدىغان يەر.

سُقْلاغْ suvlaƣ سۇللاغ[1]. بىر يەرنىڭ نامى.

قُتْلُغْ ⱪutluƣ قۇتلۇق. قُتْلُغْ نانْكْ *ⱪutluƣ nəŋ* — قۇتلۇق نەرسە. بۇ سوز ئەرلەرگە ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ.

قَرْشاغْ ⱪarxaƣ كىيىمنىڭ ئولچىمى، غېرىچى. آنِكْ قَرْشاغى كُوْرْ *anïŋ ⱪarxaƣi kɵr* — ئۇنىڭ تونىنىڭ ئولچىمىنى كور.

قُرْشاغْ ⱪurxaƣ قۇر باغلاش، بەلۋاغ باغلاش.

---

[1] قەشقەر كونىشەرنىڭ غەربىي شىمالىدا هازىرمۇ «سۇللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار.

قْرْشاغْ kurxaoq قۇر، باغ، كاشا. اَقْ قْرْشاغى *əv kurxaoqī* — يۇگدىن بەلۋاقتا ئوخشاش قىلىپ توقۇپ، كىگىز ئوينىڭ چورىسىنى قورشاپ باغلاشتا ئىشلىتىلىدىغان باغ.

قِشْلاغْ kïxlaoq قىشلاق، قىشلايدىغان جاي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُوزْ كُوزْ اِيرْ قِشْلاغْ *oz koz ər kïxlaoq* — ئوز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارغا يولەنمەيدىغان ئادەم قىشلاقتا (تاغنىڭ ئوتى مول، قارى ئاز بولغان كۈنگەي تەرىپىگە ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. مانْ قِشْلاغْ *man kïxlaoq*—مانقىشلاغ. ئوغۇز يۇرتىدا بىر يەرنىڭ نامى.

قُشْلاغْ kuxlaoq قۇشلاق. ئۇچار قۇشلار كوپ بولىدىغان جاي. مۇنداق جايدا ئوۋ قىلىنىدۇ.

قَرْقاغْ karkaoq قىقىر يەر، قاقاس يەر، ئوت-سۇيى يوق يەر، چول.

قُلْسِغْ kulsïoq قۇلسىمان. قُلْسِغْ اَرْ *kulsïoq ər* — قۇلسىمان ئادەم، قىلىقلىرى قۇلغا ئوخشايدىغان ئادەم.

نِژْداغْ nïzdaoq (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن) بىلەي تاش.

بَتْراقْ batrak بايراق. ئۇچىغا بىر پارچە يىپەك رەخت چىگىلگەن تاياق بولۇپ، جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەر ئوزىنى شۇنىڭ بىلەن تونۇتىدۇ.

بْجغاق puqoqak دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن سىزىق. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «يەر بُجغاقى yər puqoqaki — دۇنيانىڭ تەرەپلىرى» دېيىلىدۇ.

بْجغاق puqoqak بۇلۇڭ، بۇلۇڭ - پۇچقاق.

بْجغاق puqoqak پۇچقاق تىرە. بۇنىڭدىن ئاياق كىيىمى ياكى چورۇق قىلىنىدۇ.

بْخسق bohsuk ئەسىر ۋە قۇللارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان زەنجىر.

بْغسق booqsuk «بُخسق bohsuk» سۆزى مەلۇم شىۋىدە مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا «خ - h» ھەرپى «غ - oq» غا ئالماشقان. بۇ ئەرەبچىدىكى «خدر» سۆزىنىڭ «غدر» سۆزىگە ئۆزگەرگىنىگە ئوخشايدۇ.

آخسق بخسق ahsak buhsak ئاقساق - چولاق. ئىككى سۆز بىرىكىپ قوشما سۆز ياسالغان.

بدرق badruk بادرۇق. ئەرلەر ئىسمى.

برجق barquk بارچۇق[1]. ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر.

---

[1] بارچۇق — ھازىرقى مارالۋېشىنىڭ ئەسلى نامى. بۇ نام خەنزۇ تىلىدا تا بۈگۈنگىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «巴楚 — bachu» شەكلىدە ساقلانغان.

ئۇ يەردە «بخْتُ نَصَّرْ» *buhtu nassar* ئىسمىنىڭ ئۇنىملى «بيزَنْ» *bətzən*[1] قامالغان.

بُرْجَقْ burqak پۇرچاق.

بُرْجَقْ burqak تەر تامچىسى. تَرْ بُرْجَقْلَنْدي *tər burqaklandi* تەر پۇرچاقتەك تامچىلىدى.

بُزْلُقْ buzluk مۇزلۇق، مۇزخانا.

بَسْرُقْ basruk باستۇرۇق. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يىرْ بَسْرُقِي تاغْ بُذُونْ بَسْرُقِي باكْ — *yər basruki taɣ bożun basruki bəg* يەر باستۇرۇغى تاغ، خەلق باستۇرۇغى بەگ. بۇ ماقال يەر تاغلار بىلەن، خەلق بەگلەر بىلەن تېچ تۇرىدۇ، چۈنكى خەلقنى بەگلەر يولغا سالىدۇ، دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

بَشْنَقْ baxnak: بَشْنَقْ اَرْ *baxnak ər* — بېشىدا دۇبۇلغىسى، ئۇچىسىدا ساۋۇتى بولمىغان ئادەم.

بشْمَقْ baxmak باشماق، كەش، پويۇچ. ئوغۇزچە.

بغْمَقْ booqmak بوغماق. كوينەك بوقۇچى.

---

[1] بۇ ئورۇندا بۇ سوز «بيزَنْ» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 191 - بەتتە «بَتْزَنْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز كېيىنكىسىنى ئاساس قىلدۇق.

بُغْمَقْ boqmak بوغماق. بۇ نەرسە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە قىممەت باھا تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ، نىكا كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدۇ.

بَلْجِقْ balqïk پالچىق ~ پالچۇق، پاتقاق. ئوغۇزچە.

بُلْغاقْ buloqak تەشۋىش، داۋالغۇش، ئەنسىزلىك، پىتنە-پاسات. دۈشمەن كېلىش بىلەن خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئەنسىزلىك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بُلْغاقْ اُكُشْ بُلْسا قَجَنْ بِلِكِنْكْ يِتارْ
يَنْكْشَقْ تَلِمْ سَيْرَبْ اَنِي تَمْغَقْ قَتارْ

buloqak üküx bolsa kaqan bilikiŋ yitər
yaŋxak təlim sayrap anï tamoqak katar

[قاچانكى ئەنسىزلىك كۆپ بولسا، بىلىمىڭ يوقىلىدۇ،
قۇرۇق گەپنى تولا قىلساڭ، تاماق قاتىدۇ (قۇرۇيدۇ).]

ئەلدە ئەنسىزلىك كۆپىيىپ كەتسە، ئەقىل ئازدىيىپ، توغرا يولدىن تايىدۇ؛ بىھۇدە گەپنى قىلىۋەرسەڭ، ئېڭىكىڭ تېلىپ، ئاغزىڭ قۇرۇيدۇ. بۇ ماقال سۆزنى ئاز قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ①.

① بۇ شېئىر ئەسلىدە مۇشۇ ئورۇندا بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى ئۇ «پىتنە-پاسات» دېگەن مەنىدىكى «بُلْغاقْ *buloqak*» سۆزىگە مىسال قىلىنغان. ئەمما يازما نۇسخىدا كېيىنكى سۆزلەمگە ئۇلاپ، ئورنى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. بىز بۇنى تۈزىتىپ ئۆز ئورنىغا قويدۇق.

بُلْغاقْ buloƣaķ بۇلغاق. ئەرلەر ئىسمى.

تُبْراقْ topraķ توپراق، توپا.

تَبْلُوقْ tapluķ يەر يېرىقلىرى.

تُتْغاقْ tutoƣaķ تىل تۇتقۇچى. كېچىسى دۈشمەننىڭ كۆزەتچە-
لىرى بىلەن ئالدىنقى ئايغاقچىلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن
ئەۋەتىلگەن ئاتلىق قىسىم.

تَرْتُقْ tartuķ تارتۇق. ياغما يۇرتىدا بىر شەھەرنىڭ نامى.

تَرْغاقْ tarƣaķ تاغاق.

تُرْلاقْ turlaķ ئورۇقلاپ كەتكەن مال ياكى هايۋان. ئادەم
قېرىپ، ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

تَرْماقْ tarmaķ تارماق. يىرتقۇچ هايۋان ۋە قۇشلارنىڭ
چاڭگىلى. «قَرْغاقْ تَرْماقِي ķarƣaķ tarmaķi» دېيىلىدىغان
بىر خىل ئۆسۈملۈكمۇ بار.

تُزْلُقْ tuzluķ تۇزلۇق، تۇز قاچىسى.

تُغْراقْ toƣraķ توغراق.

تِغْـراقْ tiƣraķ : تِغْـراقْ آرْ tiƣraķ ər — تايماس، غەيرەت-
لىك، باتۇر ئادەم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

أُغْراقْ آرِى تِغْراقْ

يِيمِى آنِكْ أُغْلاقْ

سُوتِى أُزا سَغْراقْ

يِيرِى تَقِى آغْلاقْ

oƣrak əri tīƣrak
yəmi aniŋ oƣlak
süti üzə saƣrak
yəri taki aƣlak

[ئوغراق ئەرلىرى باتۇر،
ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوغلاق،
سۈتى ئۈستىدە قاچىلىرى تەييار،
يېرى بولسا قاقاسلىق.]

ئوغراق قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى مەرت ۋە باتۇر كېلىدۇ، ئوغلاق گۆشى يەيدۇ، قىمىز تۇلۇمىنىڭ يېنىدا چىنە-ئاياقلىرى دائىم تەييار تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ يېرى ئۇنۇمسىزدۇر. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ مەرتلىكى ۋە باتۇرلۇقى ماختالغان.

تُغْساقْ tuƣsak تۇل، تۇل خوتۇن. بۇ سۆز كۆپ ھاللاردا «تُولْ تُغْساقْ» *tul tuƣsak* شەكلىدە جۈپ سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

تَڤْراقْ tavrak تېز، چاپسان؛ چاققان. تَڤْراقِنْ كَلْ

tavraⱪïn kəl — چاپسان كەل. بۇ سوز سۈپەت بولۇپمۇ

كېلىدۇ. مەسىلەن: تَڤْراقْ اِيشْچي *tavraⱪ ïxqï* —

چاققان ئىشچى، تېز ئىشلەيدىغان ئىشچى.

تُقْلُقْ toⱪluⱪ توقلۇق، باياشاتلىق.

تُقْلُقْ toⱪluⱪ ئادەمنىڭ ئايپاگلىغى، ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزسىزلىگى.

تَلْغُوقْ talƣuⱪ پالتىنىڭ سېپىنى چىڭگىتىدىغان شىنا ياكى مىخ.

تُمْشُقْ tumxuⱪ تۇمشۇق، قۇش تۇمشۇغى.

تَمْغاقْ tamƣaⱪ تاماق.

جَخْشاقْ qahxaⱪ چوخچا تاشلىق. تاغ چوققىلىرىدىكى غىلىڭ

تاشلىق يەر. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: جَخْشاقْ اُزا اُتْ

بُلْماسْ جَغْرَقْ بِلا اُڤُتْ بُلْماسْ *qahxaⱪ üzə ot* —

bolmas qaƣraⱪ bilə uvut bolmas چوخچا تاشتا ئوت

بولماس، تازچاقتا ئۇيات بولماس.

جَخْشاقْ qahxaⱪ ئورۇك قېقى ۋە ئۈزۈم ۋاسالغۇسى. قارلۇقچە.

جارْ جَرْمَقْ qar qarmaⱪ بالا ـ چاقا. بۇ ئىككى سوز بىرلىكتە

ئىشلىتىلىدۇ.

جَمْرَقْ qamraⱪ «جارْ جَرْمَقْ *qar qarmaⱪ*» نىڭ باشقا بىر

شەكلى.

جَغْرُقْ qaƣruⱪ ؛ جَغْرُقْ يِيرْ *qaƣruⱪ yər* — دەسسىلىپ چىگدىلىپ كەتكەن يەر.

جَقْمَاقْ qaⱪmaⱪ چاقماق. ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاقماق تاش. بۇ سۆز ئىسىم بولغىنىدەك مەستەرمۇ بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «جَمَدَتْ» سۆزىدىن كەلگەن «جَمْدْ» ۋە «جَمَدَالْمَاءُ» سۆزىدىن كەلگەن «جَمْدْ» سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ.

جَلْبَقْ qalpaⱪ چالپاق، پاسكىنا؛ چىگىش. جَلْبَقْ اِيشْ *qalpaⱪ īx* — گىچماچ ئىش.

جُمْغُقْ qomƣuⱪ چومگەك. قاغا تىپىدىكى بىر خىل قۇش. ئوغۇزلار «غ - ƣ» نى تاشلاپ، «جُمُقْ» *qomuⱪ* دەيدۇ. تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن ۋە تەركىۋىدە «غ - ƣ» ياكى «ك» ھەرپلىرى بولغان ھەممە سۆزدە مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ بىلگىن.

جَمْغُقْ qamƣuⱪ چېقىمچى. غەيۋەتچى ئادەم «جَمْغُقْ اَرْ *qamƣuⱪ ər*» دېيىلىدۇ.

بَشْغَاقْ baxƣaⱪ قازان سۆگەك.

سَبْلِقْ saplīⱪ ساپلىق، دەستىلىك. قىلىچ، پىچاققا ئوخشاش نەرسىلەرگە ساپ بولۇشقا يارايدىغان نەرسە. ھەرقانداق نەرسىنىڭ سېپى «سَبْلِقْ *saplīⱪ*» دېيىلىدۇ.

سَجْغاقْ saqƣak چاچقاق. دۇنياسىنى چاچىدىغان، ئىسراپ قىلىدىغان كىشى «سَجْغاقْ كِشي saqƣak kixi» دېيىلىدۇ.

سِجْغاقْ siqƣak چېچقاق. بۇ سۆز قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس، قائىدە بويىچە «ق-k» ھەرپىنىڭ ئورنىدا «ن-n» بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى بىر ئىشنى ئۆزمەي قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات «اُزْغانْ آتْ *ozƣan at*» دېيىلىدۇ. جىق ئىش كۆرگەن كىشىمۇ «اُلْ اِيشْ قِلْغانْ اُلْ *ol ix kilƣan ol*— ئۇ جىق ئىش قىلغان ئۇ» دېيىلىدۇ.

سُسْغاقْ susƣak ئۇسساق. چۆمۈچ ۋە نوگايغا ئوخشاش سۇ ئۇسىدىغان ئەسۋاپ. قارلۇق، قىپچاق ۋە پۈتۈن كۆچمەنلەر تىلىدا شۇنداق.

سُغْداقْ soƣdak سوغداق. بالاساغۇنغا كېلىپ جايلاشقان بىر قوۋم. بۇلار «سُغْدْ *soƣd*»لاردىن بولۇپ، بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىسىدا ياشايدۇ. ئۇلار تۈركلىشىپ كەتكەن.

سَغْراقْ saƣrak سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىدىغان قاچا، قەدەھ، كاسا. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: ساۋِنْ سَغْراقْقا تَكِيرْ *savin saƣrakka təgir* — ياخشى سۆز قەدەھكە ئىنگە قىلىدۇ. كىشى چىرايلىق سۆز بىلەن

بەگلەرنىڭ ئىنئامىغا ئىگە بولمدۇ، يەنى ھورمەتلىنىدۇ.

سِرْماقْ sïrmak سىرماق. ئىشەكنىڭ توقۇمى.

سُغْناقْ suoqnak سۇغناق. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى.

سَغْلِقْ saoqlïk ساغلىق. بۇ ئەسلىدە «سېغىلىدىغان ھايۋان» مەنىسىدىكى سوزدۇر.

سُڤْلُقْ suvluk قولياغلىق.

سَقْلِقْ saklïk ساقلىق، سەگەكلىك، ئىشتا ھوشيارلىق.

سُقْلُقْ sokluk تويمىغورلۇق. يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقىلاردىكى ئاچكوزلۇك.

قَبْغاقْ kapoqak قاپقاق. سادائىنىڭ قاپقىقى.

قَبْجَقْ kapqak قوشلاش. سۇ تارماقلىرىنىڭ قوشۇلغان يېرى.

قَدْراقْ kadrak تاغ ئوركەشلىرى، تاغنىڭ يانلىرى.

«قَتْ قَدْراقْ — *kat kadrak* تاغنىڭ قاتلاقلىرى» دىگەن سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

قُدْرُقْ kudruk قۇيرۇق. پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇغى. قوينىڭ قۇيرۇغى «قُوىْ قُدْرُقِي *koy kudruki*»، ئات قۇيرۇغى «اَتْ قُدْرُقِي *at kudruki*» دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُدْرُقْ قَتِغْ تُكْدُمِزْ

تَنْكْرِيكْ-اُكُشْ اُكْدُمِزْ

كَمْشِبْ اَتِغْ تَكْدِمِزْ

اَلْدَبْ يَنَا قَجْتِمِزْ

kudruk katïoq tügdümiz

təŋrig ükük əgdümiz

kəmxip atïoq təgdimiz

aldap yana kaqtïmïz

[(ئات) قۇيرۇغىنى قاتتىق تۈگدۇق،

تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ-سانا ئېيتتۇق،

ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق (ھۇجۇم قىلدۇق)،

ئالداپ يەنە قاچتۇق.]

ئاتلارنىڭ قۇيرۇغىنى قاتتىق تۈگدۇق، تەڭرىگە جىق ھەمدۇ-سانا ئېيتتۇق، يەنى كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلىشتا تەكبىر ئېيتتۇق، ئۇزەڭگىگە قاتتىق دەسسەپ ھۇجۇم قىلدۇق، ئۇلارنى ئالداپ ئارقىمىزغا چۈشۈرۈپ يوقىتىش ئۈچۈن قاچقان بولدۇق.

قُدْرُقْ kudruk : قُشْ قُدْرُقِي *kux kudruki* — قۇش قۇيرۇغى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تُقُمْ بُزُبْ قُدْرُقْتَا بِجَكْ

سيما *tokum yüzüp*[1] *kudrukta piqək sīma* — مالنى سويۇپ قۇيرۇغىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويما. بۇ ئەرەپلەرنىڭ «شَوَّى اَخُوكَ حَتَّى اِذَا اَنْضَجَ رَمَّدَ» دېگەن ماقالىغا ئوخشايدۇ.

قُدْرُقْ kudruk قۇيرۇق. قوڭ، پۈرۈك سۆزلىرىنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى.

قُدْرُقِي اُتْكَانْ كِشِي *kudrukī ətkən kixi* — پەجمى (پۈرۈكى) بوشاپ كەتكەن كىشى.

قَرْسَاقْ karsak قارساق. تۈلكە جىنسىغا كىرىدىغان بىر خىل هايۋان.

قَرْلُقْ karluk قارلۇق. ئۇلار كوچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر. ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ.

قُرْلُقْ korluk تورسۇق. قىمىز قاچىلىنىدىغان كىچىك تۇلۇم.

قَرْنَاقْ karnak قارناق. ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى.

قَرْنَاقْ karnak: قَرْنَاقْ اَرْ *karnak ər* — يوغان قوساق ئادەم.

قِرْنَاقْ kīrnak دىدەك، چۆرە، ياباقۇ، قاي، چومۇل، باسمىل، ئوغۇز، يەمەك ۋە قىپچاق تىللىرىدا.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ بېتىدە «يزُبْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، 470-بېتىدە «يزُدي» دەپ يېزىلغان. بىز كېيىنكىسىنى ئاساس قىلدۇق.

قِزْلاقْ kïzlak : كُتِي قِزْلاقْ *koti kïzlak* —— «قىزىل ئىشتان» دېيىلىدىغان بىر قۇش. ئۇنىڭ قۇيرۇغى قىزىل بولىدۇ.

قِسْراقْ kïsrak تۇغمىغان بايتال. ئوغۇزلار ھەرقانداق باي- تالنى «قِسْراقْ» *kïsrak* دەيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

قِيزْ بِرْلا كُرَشْمَا قِسْراقْ بِرْلا يَرِشْمَا —— *kïz birlə kürəxmə kïsrak birlə yarïxma* قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما. قىز بىلەن چېلىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ؛ تۇغ- مىغان بايتال بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ۋە چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ —— خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى ئىكا كىچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرىلىق چىقىرىلغان بىر ماقال.

قِسْماقْ kïsmak ئۈزەڭگىۋاغ. ئۈزەڭگىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قىيىش. ئۈزەڭگە مۇشۇ قىيىشلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

قِسْماقْ kïsmak قىسماق، تۇزاق.

قُشْلُقْ kuxluk ئاشۋاقتى، چاشكا. ئوغۇزچە.

قِشْلِقْ kïxlïk قىشلىق، قىشلىق ئۆي. قىش ئۈچۈن تەييارلانغان ھەرقانداق نەرسە شۇنداق دېيىلىدۇ.

قُغْشاقْ koqxak : قُغْشاقْ نَانْكْ *koqxak nəŋ* —— پور، ئىچى قوغۇش (كاۋاك) نەرسە.

قِفْجاقْ kifqak قىپچاق. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.

قِفْجاقْ kifqak قىفچاق. قەشقەرگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى[1].

قُلْباقْ kulbak قۇلباق. تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارا تاشقا «تَنْكْرِي قُلِي قُلْباقْ *«təŋri kuli kulbak»* دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن، ئاق تاشقا يازسا، قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن.

قَلْتُقْ kaltuk ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى. ئىچى ئويۇلۇپ قىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

قُلْتِقْ koltik قولتۇق.

قِلْتِقْ kiltik قوماق، باش كېپىكى. باشتا بولىدىغان كېپەك.

قَمْغَقْ kamɣak قامقاق.

قُمْلاقْ kumlak قۇلماق. قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ شاراپ ياسىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۈشۈپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ، ئىچىدىكىلەر ھالاكەت خەۋپىدە قالارمىش.

---

[1] ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا مەيدان دەرياسى بىلەن ئورتۇسۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يېزا.

قَنْجِقْ kanqik قانجىق ~ قانجۇق، چىشى ئىت. ئاياللارنى
تىللىغاندا شۇنىڭغا ئوخشىتىپ «قَنْجِقْ *kanqik* — قانجۇق»
دېيىلىدۇ.

مُنْجُقْ monquk مونچاق. زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان
قىممەتلىك تاشلار.

مُنْجُقْ monquk ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاش،
ئارسلان تىرنىقى ياكى تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر.

مَنْجُقْ manquk ئېگەرگە ئارتىلىدىغان خۇرجۇن، تورۋا ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

مُنْغانْ munƣan : مُنْغانْ كِشِي *munƣan kixi* — ۋالاقتەك-
كۆر، تولا سۆزلەيدىغان كىشى.

بُرْجَكْ bürqək ئادەمنىڭ ماڭلاي چېچى، ئاتنىڭ كوكۇلىسى.

بِتْرِكْ pitrik چىگدىلەك.

بِتْرِكْ pitrik پىستە. ئارغۇچە.

بِسْتِكْ pistik ئېگىرىش ئۈچۈن ئېتىپ تەييارلاپ قويۇلغان
پىلتە، ئۈچ. چىگىلچە.

بستك pistik پىلىك، چىراق پىلىگى. ئارغۇچە.

بُكْسَكْ bəksək ئاياللارنىڭ كوكسى.

بْكْسَكْ bəksək كوكرەكنىڭ يۇقۇرى قىسمى، بويۇن بىلەن كوكرەكنىڭ ئارىلىقى.

تْتْسكْ tütsük : تْتْسكْ كِشى *tütsük kixi* — ئاداۋەت تۇتە-دىغان كىشى.

تَحْجَكْ təhqək بىر خىل چىن يىپىكى.

تْرْبِكْ türpik تۇرپىك، چوپسا. «تْرْبِكو *türpigü*»مۇ دىيىلىدۇ.

تَرْلِكْ tərlik تەرلىك. تەرنى سۇمۇرۇۋېلىش ئۈچۈن توقۇمە-نىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان كىگىز.

تْرْلْكْ türlüg تۈرلۈك. قَچْ تْرْلْكْ نانْكْ — *kaq türlüg nəŋ* بىرقانچە تۈرلۈك نەرسە. قَچْ تْرْلْكْ سوز اَيْدِمْ — *kaq türlüg səz aydïm* بىرقانچە تۈرلۈك سوز ئېيتتىم.

تْرْماكْ türmək تۇرمەل.

تِرْناكْ tərnək دەرنەك. خەلق مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىلىدىغان ئورۇن.

تْشْلْكْ tüxlük : تْشْلْكْ اوذِى *tüxlük əzi* — چۈشكۈن ۋاقتى، يولۇچىنىڭ قونالغۇ ۋاقتى.

تَكْرَكْ təgrək ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ چورىسى، ئەتراپى.

قُدْغ تَكْرَكِي *kużuq tәgrәki* — قۇدۇق چورىسى، قۇ-
دۇق كاجۇۋىسى.

تُكْلُكْ tüklüg تۈكلۈك قارغۇ، كور. تُكْلُكْ كُزْلُكْ *tüklüg kөzlüg* —
كوزى قارغۇ (كىشى).

تَڤْلُكْ tәvlüg ئالدامچى، ھىلىگەر.

جَكْرَكْ: qәkrәk جَكْرَكْ قَبا *qәkrәk kapa* — يۇڭ رەختتىن
تىكىلگەن يانچۇقسىز تون. ئۇنى قۇللار كىيىدۇ.

جَرْلِكْ: qәrlig كُوزِي جَرْلِكْ *kөzi qәrlig* — كوزى چار-
لاشقان ئادەم. كىچىسى كورۇپ كۇندۇزى كورمەيدىغان،
ئۇتۇق كۇندە كورۇپ ئوچۇق كۇندە كورمەيدىغان ئادەم.

جَلْبَكْ qәlpәk چاپاق، كوز چاپىقى.

جِلْدَكْ qildәk ئاتىنىڭ كوكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان.
ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا
ساقىيىدۇ.

سُرْتُكْ: sürtüg سُرْتُكْ اِشْلَارْ *sürtüg ixlәr* — سۇركىشى-
دىغان خوتۇن. ھەر قانداق ئىزىلىدىغان، سۇركىلىدىغان
نەرسىمۇ «سُرْتُكْ *sürtüg*» دېيىلىدۇ.

سَذْرَكْ sәżrәg سىيرەك، شالاڭ. سَذْرَكْ بُوزْ *sәżrәg bөz* —
شالاڭ بوز.

سَذْرَكْ sәźrәg : سَذْرَكْ قَبُغْ *sәźrәg kapuq* — چاخسا ئىشىك.

سُرْجُكْ sürqük مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش. ئوغۇزلار «ج - *q*» ھەرپىنى فەتھىلىك قىلىپ «سُرْجَكْ *sürqәk*» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

سَلْجُكْ sәlqük سەلچۇك. سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى. ئۇ «سَلْجُكْ سُو باشِي *sәlqük sü baxi*» دەپ ئاتىلاتتى.

سِكْرِكْ sәkrik سەكرەتمە، تاغلاردىكى سەكرەپ ئۆتىدىغان يەر.

سُكْرُكْ sügrük خوتۇنلارنىڭ جان يېرى.

كُبْرُكْ kөprük كوۋرۇك.

كُتْلُكْ kөtlük كوتلەش. تىللاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سوز.

تُمْرُكْ tümrük داپ. ئوغۇزچە.

كُبْجُكْ kөpqük كوپچۇك. ئوغۇزچە.

كِرْبِكْ kirpik كىرپىك.

كَرْتُكْ kәrtük كەرتىك. ياغاچقا ئويۇلغان كەرتىك. «كَرْتُكْ كَمْرُكْ *kәrtük kәmrük* — كەرتىك - كەمتۈك» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

كَرْتِكْ kərtik قىناق. نان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
سانىنى بىلىش ئۈچۈن ياغاچقا ئويۇلغان بەلگە.

كۈرْشَاكْ kürxək سوكنى سۇ ياكى سۇتتە قاينىتىپ، ئۈستىگە
ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق.

كَزْلِكْ kəzlik خوتۇنلار كىيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى يېنىدا
ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاق.

كۆزْلۈكْ kəzlük كوزلۇك. بۇ ئات قۇيرۇغىدىن توقۇلغان بىر
خىل تور بولۇپ، كوز ئاغرىغان ياكى قاماشقاندا، كوزگە
تارتىۋېلىنىدۇ.

كۆسْرۈكْ kəsrük چۈشەك. كۆسرۈك تۇشاغ kəsrük tuxaq — ئاد-
نىڭ ئالدى پۇتىغا سېلىنغان چۈشەك.

كَڤْرِكْ kəvrik ئېگىز ئوسىدىغان بىر خىل دەرەخ.

كۈڤْرۈكْ küvrük ئاغرا، دۇمباق.

كَڤْرَكْ kəvrəg كاۋاك. كَڤْرَكْ نانْكْ kəvrəg nəŋ — ئابدى-
مىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غولى بوش ۋە كاۋاك
نەرسىلەر.

كَڤْشَكْ : kəvxəg كَڤْشَكْ نانْكْ kəvxəg nəŋ — يۇمشاق نەرسە.
يۇپقا كىيىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ.

كۆفْشَكْ kəvxəg : كۆفْشَكْ اَتْ kəvxəg ət — يۇمشاق ئەت (گوش)·

كۆفْشَكْ kəvxəg : كۆفْشَكْ اَتْماكْ kəvxəg ətmək — بولدۇرغان نان·

كۆڤْلُكْ küvlük لاي ساقا· بۇ ھول پىتى ياكى قۇرۇتۇلۇپ سالغىدا ئىشلىتىلىدۇ·

كَكْلِكْ kəklik كەكلىك·

كَكْمَكْ kəkmək : كَكْمَكْ اَرْ kəkmək ər — بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق كوپ ئۆتكەن، قىيىنچىلىقلاردا پىشقان ئادەم· ئەسلى «كَكْ kək» بولۇپ، «قىيىنچىلىق» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ· بۇ سوز سۈپەت بولۇپ، ئاز ئۇچرايدۇ، قائىدىگە ئاساسلانغاندا «كَكْمانْ kəkmən» بولۇشى كېرەك·

كَمْرُكْ kəmrük : كَمْرُكْ سُنْكُوكْ kəmrük səŋük — گوشى شىلىنىۋېلىنغان سۆڭەك·

كُنْجُكْ kənqük كونچۇك، ياقا· ئوغۇزلار «ج - q» ھەرپىنى قەتئىي قىلىپ «كُنْجَكْ kənqək» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ·

كَنْجاكْ kənqək كەنچەك· تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى·

كَنْجاكْ سَنكِرْ kənqək səŋir كەنچەك سەڭىر· تىرازغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى· بۇ يەر قىپچاق چېگرىسىدۇر·

كَنْدُكْ kəndük كوندۇك. ساپالدىن ياسالغان، كۆپكە ئوخشايدىغان قاچا. بۇنىڭغا ئۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سېلىنىدۇ. كەنچەكچە.

كُنْلُكْ künlük كۈنلۈك. كۈن ھىساۋى بىلەن قىلىنغان ئىش.

كُنْلُكْ : künlük كُنْلُكْ يِمْ künlük yəm — كۈنلۈك يەم، كۈنلۈك ئوزۇق. بۇ سوز ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

مَرْدَكْ mərdək ئېيىق كۆچۈكى. «اَذِغْ مَرْدَكِي azïq mərdəki — ئېيىق كۆچۈكى»مۇ دېيىلىدۇ. بەزى تۈرك خەلقلىرى توڭغۇز تورۇشىنىنى «تُنْكُزْ مَرْدَكِي toŋuz mərdəki» دەيدۇ.

مَلْدَكْ məldək مالتاق. مَلْدَكْ نانْكْ məldək nəŋ — مالتاق نەرسە، چىڭىشلىشىپ، كاللەك بولۇپ قالغان نەرسە.

بِجْغِلْ piqqïl قول ۋە پۇتتىكى يېرىقلار. يەرنىڭ يېرىقلىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَسْبَلْ basbal بىر قىبتىم يىپ.

بَسْمِلْ basmïl[1] باسمىل. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «يَسْمِلْ» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، توغرىسى «بَسْمِلْ» بولغاچقا، بىز «basmïl» دەپ ئالدۇق.

بَشْغِلْ baxoqil ئاق باش. بَشْغِلْ يِلْقِي baxoqil yilki ـــ ئاق باش يىلقا (چارۋا مال).

بَتْمُلْ batmul پىلپىل.

بُشْكالْ pøxkəl پوشكال. بىر خىل يۇپقا نان. خاقانىيە تىلىدا.

بُغْرِلْ boqril بوقۇرۇلغان يەر. تولدۇرۇلغان تۇلۇم ۋە تاغارغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ پۇكۈلگەن يەرلىرى.

بُغْرُلْ boqrul بورۇل. بُغْرُلْ قُوىْ boqrul koy ـــ بورۇل قوي، بوغىزى ئاق قوي.

بُكْتَلْ büktəl: بُكْتَلْ اَرْ büktəl ər ـــ گەۋرى ئادەم. بُكْتَلْ اَتْ büktəl at ـــ ساغرىسى كەڭ ئات.

بُكْرُلْ bəgrül: بُكْرُلْ اَتْ bəgrül at ـــ ئىككى بىقىنى ئاق ئات. ئالا قوي ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بندال bandal① ياغاچتىن چىقىدىغان، تاغاق سوڭىگىگە ئوخشاش تارىشا. بۇنىڭ ئۇچىنى ياندۇرۇپ، كېچىسى باللار بىر-بىرىگە ئېتىپ ئوينايدۇ. بۇ «اُوتْ بندال «ot bandal» دېيىلىدۇ. چوكەن ئويۇنىدا ئوينىلىدۇ.

تَرْغِلْ taroqil تاغىل. تَرْغِلْ يِلْقِي taroqil yilki ـــ تاغىل

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ھەرىكىسىز يېزىلغان. بىز بىروككېلمان ۋە بېسىم ئاتالايىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، «bandal» دەپ ئالدۇق.

هايۋان، دۈمبىسى ئالا ـ تاغىل مال. ئاتتىن باشقا هايۋاد-لارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تْغْرِلْ tooqril توغرۇل. بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، مىڭ ئودەكنى ئۆلتۈرۈپ بىرىنىلا يەيدۇ. بۇ سۆز ئەر كىشىنىڭ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

تْغْرِلْ tooqril قىزا. ئىچىگە دورا ـ دەرمەكلىك گوش تىقىلغان ئۈچەي. كەنچەكچە.

جَشْكالْ qəxkəl ساپال قاچا ۋە ئۇنىڭ سۇنۇقلىرى.

سَنكِلْ səŋil سەپكۈن. يۈزدىكى سەپكۈن، داغ.

سَرْسالْ sarsal سوسەر. بۇلغۇننىڭ بىر خىلى.

قَرْتالْ kartal: قَرْتالْ اَتْ *kartal at* —— پارچىلانغان ئەت (گوش).

قَرْتالْ kartal: قَرْتالْ قُوىْ *kartal koy* —— ئالا قوي.

قِرْغِلْ kïroqïl: قِرْغِلْ آرْ *kïroqïl ər* —— ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم.

قِزْغُلْ kïzoqul: قِزْغُلْ اَتْ *kïzoqul at* —— قىزىل بورۇل ئات.

بَجْكَمْ pəqkəm بەلگە، نىشان. جەڭ كۈنلىرى باتۇرلار جەڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تاقىۋالىدىغان يىپەك رەخت ياكى قوتاز قۇيرۇغى. ئوغۇزلار بۇنى «بَرْجَمْ *bərqəm*» دەيدۇ. شېردا مۇنداق كەلگەن:

بَجْكَمْ اُرُبْ اَتْلَقَا
ايغُرْدقِي تَتْلَقَا
اغْرِى يَفُزْ اتْلَقَا
قُشْلَرْ كَبِي اُجْتِمِزْ

pəqkəm urup atlaka
uyoturdakï tatlaka
oorï yavuz ïtlaka
kuxlar kəbi uqtïmïz

[ئاتلارغا بەلگە تاقاپ،
ئۇيغۇر (ئېلى) دىكى تاتلارغا،
ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.]

ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى تاتلارنىڭ يەنى ياۋۇز ئىتلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى قۇشتەك ئۇچۇپ باردۇق.

بَجْكُمْ pəqküm ئۈينىڭ سۆڭىكى.

بَذْرَمْ bəżrəm بەيرەم ~ بايرام. كىشلەر ئارىسىدىكى شات-خوراملىق، ئويۇن-تاماشا. نۇر ۋە گۈل چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن يەرمۇ «بَذْرَمْ يِرْ bəżrəm yər — كۆڭۈل ئاچىدىغان يەر» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، چۈنكى مەن بۇنى پارسلاردىن ئاڭلىدىم. ئوغۇزلار

ھېيت كۈنىنى «بَيْرَمْ» *bəyrəm* دەيدۇ. بۇ «شات-خۇ-راملىق ۋە ئويۇن-تاماشا كۈنى» دېگەن بولىدۇ. ئوغۇزلار «ذ-ز» ھەرپىنى «ى-يا» غا ئالماشتۇرغان؛ يۇقۇرىدىكـ-گە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايرىم سۆز بولىدۇ.

بِرْتَمْ birtəm بىراقلا. اُلْ يُمُشْقَا بِرْتَمْ بَرْدِي *ol yumuxka birtəm bardi* — ئۇ ئەلچىلىككە بىراقلا، گويا قايتىپ كەلمەيدىغاندەك كەتتى.

بَغْرَمْ baqram: بَغْرَمْ قُمْ *baqram kum* — چوڭ قۇملۇق، قۇم دالىسى. قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قۇملۇقمۇ «بَغْرَمْ قُومِي *baqram kumi*[1]» دېيىلىدۇ.

بُخْسُمْ buhsum بوزا. تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك.

تُمْرُمْ tomrum: تُمْرُمْ يِغَاجْ *tomrum yiƣaq* — مۇزدۇزلارنىڭ ئىش كۈندىسى (ئاختىسى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توغرىسىغا كېسىلگەن ياغاچ كۆندا.

تُشْرُمْ tüxrüm ئېگىرىلگەن بىر كاللەك يىپ. ئارغۇچە.

زُنْكُمْ zünküm چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت.

سِدْرِمْ sïdrïm تاسما، كەمەر. ئوغۇزچە. سِدْرِمْ اِشْلِغْ آرْ

---

① قەشقەر يېڭىسار بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ھازىر «بۇغراقۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇملۇق بار.

sidrim ixliq ər — ئىشنى باشقىلارغا قالدۇرماي سىرىپ ئىشلىۋېتىدىغان ئادەم.

سَرْقِمْ sarkim قىرو.

كُتْرُمْ kətrüm كوتەرمە، سۇپا.

كُجْرُمْ kəqrüm كوچ-كوچ. بىرەر ۋەھىمە سەۋەبىدىن يېزا خەلقىنىڭ شەھەرگە كوچۇپ كېلىشى.

كَدْرِمْ kədrim : كَدْرِمْ اَتْ *kədrim ət* — تېرىدىن ئاجرىتىلىدىغان ئەت (گوش).

كَسْتَمْ kəstəm كېچىسى ئوزى كېلىپ قالغان مېھمانلارغا بېرىلىدىغان زىياپەت.

ھەرپلىرى تەكرارلىنىدىغان سوزلەر بابى

تَرْتَرْ tartar پاختەككە ئوخشايدىغان بىر قۇش.

جُرْجُرْ qorqor : تَفِي اَمِكِي جُرْجُرْ *təvi əmiki qorqor* — توگە سېغىلغاندا، سۇتىنىڭ چېلەككە چۇشكەن ئاۋازى.

قُرْقُرْ kurkur : قَرِنْ قُرْقُرْ اِتِّي *karin kurkur ətti* — قوساق غولدۇرلىدى.

سُكْسُكْ səksək سوكسوك.

سُمْلِمْ sumlīm : سُمْلِمْ تَتْ *sumlīm tat* —— تۈركچە بىلمەيدى-
غان پارس. ئومۇمەن تۈركچە بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ
«سُمْلِمْ *sumlīm*» دېيىلىدۇ.

كُرْكُمْ kürküm زەپىرەڭ. بۇ سۆز ئەرەپچىگە ئوخشايدۇ.
ئەرەپلەرمۇ زەپىرەڭنى «كُرْكُمْ» دەيدۇ. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن:

بَكْلَرْ اَتِنْ اَرْغُرُبْ
قَذْغُو اَنِي تُرْغُرُبْ
مَنْكِزِي يُزِي سَرْغَرِبْ
كُرْكُمْ اَنكَرْ تُرْتُلُورْ

bəglər atïn arɣurup
każɣu anï turɣurup
məŋzi yüzi sarɣarïp
kərküm aŋar türtülür

[بەگلەر ئېتىنى هارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپىرەڭ سۈرتۈلگەندەك بولدى.]

ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ:
بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ كېلىشتى، ئۇلارنى قايغۇ باس-
تى، يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.

فَعَالَلْ fəaləl، فَعَالُلْ fəalul، فَعَالِلْ fəalil
شەكىللەردە ھەر خىل ھەرىكىلىك
سۆزلەر بابى

سَرَاغُجْ saraoquq سارىغۇچ. خوتۇنلار رومىلىنىڭ بىر خىلى.

سِپَاقُرْ sipakur تورۋا. بۇ سۆز «غۇنان ئوقۇرى» دېگەن مەنىدىكى «سِبْ آقُرِي» «sip akuri» سۆزىدىن كەلگەن.

قُلَابُزْ kulabuz يولباشچى، يېتەكچى، باشلامچى؛ قوللانما، دەستۇر. بۇ سۆزدىكى «ب-*b*» ھەرپى «و-ۋاۋ» نىڭ ئورنىدا ئالمىشىپ كەلگەن. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
قَلِنْ قازْ قُلَاوُزْسُوزْ بُلْمَاسْ — *kalïn kaz kulawuzsuz bolmas* غاز توپى باشلامچىسىز بولماس. بۇ ماقال ھەممە ئىشتا ئۆزىگە قارىغاندا يول بىلىدىغان كىشىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

چِجَالَقْ qïqalak چىچىناق ~ چىمچىلاق.

چِجَامُقْ qïqamuk چىچامۇق، ئاتىسىز بارماق، ئۆزۈك سالىدىغان بارماق. بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز.

سُلَامُقْ solamuk سولخاي، تەتۈر.

قَراجُقْ karaquk قاراچۇق. فاراپ شەھىرىنىڭ نامى. بۇ ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر.

قَرامُقْ karamuk قارىمۇق.

قَمجاقْ kamīqak قومچاق.

تُنارِكْ tünərik : تُنارِكْ يِيرْ tünərik yər — قاراڭغۇ يەر. گورنىمۇ «تُنارِكْ tünərik» دەيدۇ. آرْ تُنارِكْكا كِرْدي ər tünərikkə kirdi — ئادەم گورغە كىردى.

جُمارُكْ qümərük شەلۋە كوز. جُمارُكْ كِشي qümərük kixi — كوزى ياشاڭغىراپ ئاجىزلاشقان كىشى.

خُجُوناكْ həqünək خوچۇنەك. قوغۇننىڭ بىر خىلى، خۇش پۇراق، چىپار قوغۇن.

بَجانَكْ pəqənək پەچەنەك. رۇمغا يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى.

بَجانَكْ pəqənək پەجەنەك. ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرى. بۇ سوز «بَجَنَكْ» شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ.

فَعَلْعَلّ ‘fəəl’əl فَعَلُّو fəəllu شەكىللىرىدە ئىككىنچى، ئوتىنچى ھەرپلىرى ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

تَقْلِغْوجْ taviloquq تېۋىلغا.

بغُرْدا buqurda بۇدرە. بغُرْدا سَجْ *buqurda saq* — بۇدرە چاچ.

جنَخْسى qinahsi چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل گۈللۈك يىپەك رەخت.

تبزغو tapuzoqu : تبزغو نانْكْ *tapuzoqu nəŋ* — تېپىشماق.

تتُرغو tuturoqu : تتُرغو نانْكْ *tuturoqu nəŋ* — تۇتۇرۇمى بولغان نەرسە.

سِبزْغو sibizoqu سىبىزغا، نەي.

سِرِجْغا siriqoqa ئەينەك، شىشە.

سَرِجْغا sariqoqa چېكەتكە. ئاجىز ئادەم بۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ «سَرِجْغا ار *sariqoqa ər*» دېيىلىدۇ.

قبُرغا koburoqa ھۇقۇش.

تىرىرقۇ tirīrku : تىرىرقۇ يېر *tirīrku yər* — تېقىر يەر، ئوتى ئاز يەر.

تەتىرغا tatīroqa ئاشلانغان ئاق تېرە.

تەۋىلقۇ tavīlku تېۋىلغا. «تەۋىلغۇج *tavīloquq*»مۇ دېيىلىدۇ.

ئەۋىلقۇ avīlku قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ. مېۋە-سىنىڭ سۈيى ئاشقا قويۇلىدۇ، پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ ۋە كىيىملەر بويىلىدۇ.

توقۇرقا tokurka ئۆردەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ جوغىسى.

توقۇرقا tokurka توقۇرقا. قەشقەر ياىلىغىدىكى بىر يەرنىڭ نامى.

سەقىرقۇ sakīrku ساقاتقا، كانا.

قەسىرقۇ kasīrku قويۇن.

تۈشۈرگۈ tüxürgü چۈشۈرگە. كىچىكرەك سۇنىڭ دەرياغا قوشۇل-غان يېرى، تۆگمەن سۈيىنىڭ دەرياغا قوشۇلغان يېرى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

جەكۈرگا qəkürgə چېكەتكە. ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇ سوزنى ئۇنىڭ ئۇچۇشتىن ئىلگىرىكى ھالىغا قارىتىپ ئېيتىدۇ. ئۇشاق بالىلارنىڭ كوپلۈگى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ جىقلى-

قىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىدۇ. مەسىلەن: جكركاتك سو qəkürgətəg sü — چېكەتكىدەك كۆپ ئەسكەر.

سبركو süpürgü سۈپۈرگە.

كتركو kətürgü كۆتەرگۈ. بىرەر نەرسىنى كۆتىرىدىغان ئەسۋاپ.

كسركو kəsürgü قاپ، خالتا.

كسركا küsürgə كۈسۈتكە. ئېتىمىز چاشقىنىنىڭ بىر تۈرى.

دنشكا dünüxkə بېسىلغاق. بىر خىل سېسىق ئوت. كەنجەكچە.

كمشكا kimixkə قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاز.

تكرما : تكرما نانك təgirmə nəŋ — دۈگىلەك təgirmə نەرسە. توقاچ، تۈگمەن تېشى ۋە تەڭگىگە ئوخشاش دۈگىلەك نەرسە.

سكرما səkirmə سەكرىمە. خوتەن يولىدىكى كىچىك بىر شەھەرنىڭ نامى.

قترما : kuturma قترما برك kuturma bərk — قايرىما بۆك. ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق.

كجرما : keqürmə كجرما اجق keqürmə oquk — كۆچۈرمە ئوچاق، بىر يەردىن ئىككىنچى يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان ئوچاق. كجرما اين keqürmə oyun — «ئون توت»

دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئويۇن. يەرگە قورغان شەك-
لىدە تۆت سىزىق سىزىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئون ئىشىك ئېچىلىپ،
يۇمۇلاق تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇرۇق
قىلىپ ئوينىلىدۇ.

ئىككىنچى ھەرپى ساكىنلىق ۋە ئۈچىنچى ھەرپى فەتھەلىك سۆزلەر

مِنْدَتُو mindətü يىپەك رەختنىڭ نامى.

قُلْنَجِي : kulnaqï : قُلْنَجِي قِسْرَاقْ kulnaqï kïsrak — بوغاز بايتال.

قَرْنَغُو : karnaoqu : قَرْنَغُو آرْ karnaoqu ər — يوغان قوساق ئادەم.

سَغْنَغُو saoqnaoqu قۇرۇق قاپاق.

قُنْدِغُو kundïoqu قىتىلىغۇچ، پاقىراتقۇچ.

قَمْچِيغُو kamqïoqu قاپارتقۇ، كالپۇكقا، بارماقلارغا چىقىدىغان قاپارتقۇ، ئادەتتە ئاغرىتىپ ۋە قىچىشتۇرۇپ چىقىدۇ.

تُرْبِكُو türpigü تۇرپىك، چوپسا.

تَمْرَكُو təmrəgü تەمرەتكە.

سكنكو sügnəgü سەينۇگە ~ سەينەك. تىرناق بىلەن گوشنىڭ

ئارىسىغا چىقىدىغان يارا.

كرشكو kərxəgü : كَرْشَكُو آتْ kərxəgü at — كەجگىسى

يېغىر ئات.

بلغما buloqama ياغسىز ۋە تەمسىز بۇلماق.

جقرما qokrama : جُقْرَما يُلْ qokrama yul — سۇيى ئېتى-

لىپ چىقىدىغان بۇلاق.

بلغنا buloquna بۇلغۇن ~ بالغۇن ~ مالغۇن. بۇلغۇنغا ئوخشاش

پوستى قىزىل بىر خىل چاتقال. بۇنى توگە يەيدۇ. ئۇ

«ملغنا mulоquna» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

فعللي fu'luli شەكلىدىكى سوزلەر بابى

بلدني bulduni ئېچىگە قۇرۇق ياكى ھول ئۈزۈم سېلىپ

تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك. كەنچەكچە.

سندري sunduri دېگىز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آشْيَاكْ

آيُرْ بَشِمْ بُلْسا سُنْدُرِيدا سُوقْ اِچْكَايْ مَنْ əxyək —

ئېشەك ayur baxim bolsa sunduri̇da suv iqkəymən

«بېشىم ئامان بولسا، دېگىزدىن سۇ ئىچىمەن» دەيدىكەن. بۇ سوز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن ئومۇر كورۇش-نى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

مُنْدُرِي munduri[1] كۆيۈغۈل بىلەن كېلىنىنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە.

بُسْتُلِي püstüli لويلا. يىگىلى بولىدىغان بىر خىل كوكات.

كُزْكُنِي küzküni يالتىراق قوڭغۇز. كېچىسى غوڭۇلداپ ئۇچىدۇ.

فُعْلُنْدِي fu'lundi شەكلىدىكى سوزلەر بابى

سُبْرُنْدِي süpründi سۈپۈرۈندە، ئەخلەت.

سَرْقَنْدِي sarkïndi ساقىندا. سَرْقِنْدِي سُوْق —*sarkïndï suv* ساقىندا سۇ.

قُجْغُنْدِي kuqoıundi پىياز. چىگىلچە.

توت ھەرپلىكلەر بابى تۈگىدى.

---

[1] ۋەزن ئېھتىۋارى بىلەن بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى زەممىلىك قىلىپ ئالدۇق.

بەش ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعْلَعَلْ fəəl'əl شەكلىدە ھەر خىل ھەرپكىلىك سوزلەر بابى

سُقْرَلْجْ sukarlaq : سُقَرْلَجْ بُرْكْ *sukarlaq bərk* — كۆلاھ، تۇزۇن قالپاق.

قُغُرْماجْ koqurmaq قوماچ، قورۇلغان بۇغداي. بۇ سوز بىر شىۋىدە يۇمشاق «ۋ - v» بىلەن «قُۋُرْماجْ *kovurmaq*» مۇ دېيىلىدۇ.

يغُرغُوجْ yuoquroquq ئوغۇچ. خېمىر ۋە باشقىلارنى يېيىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

جِغِلْقارْ qiqilvar : جِغِلْقارْ اُقِي *qiqilvar oki* — كىچىك قىسقا ئوق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اتُرُو تُرُبْ يغَدِي اَنكَرْ كيشْ اُقِي جغِلْقارْ
اَيْدِمْ اَسِغْ قِلْغُو اَمَشْ سَنْ تَقِي يَلْقارْ

utru turup yaoqdï aŋar kix okï qïoqïlvar
aydïm asïoq kïloqu əməs sən takï yalvar

[ئۇتتۇرا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ساداقتىن قىسقا ئوقلارنى ياغدۇردۇم،
سەن ئەمدى يالۋۇرساڭمۇ پايدىسى يوق، دېدىم.]

دۈشمەن توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ماڭا يۈزلەن-
گەندە ساداقتىن قىسقا ئوقلارنى يامغۇردەك ياغدۇردۇم،
ئەمدى سېنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشۇڭمۇ پايدىسىز دېدىم.

سمرتغ samurtuoq : سمرتغ ايش *samurtuoq ïx* — چىگىش
ئىش، باش - ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئىش.

قرتلغ kurutluoq : قرتلغ كشي *kurutluoq kixi* — قۇرۇت-
لۇق كىشى، (يەيدىغان) قۇرۇتى بار كىشى. بۇ ئەرەبچە-
مىدىكى «رجل تامر ولابن — خورمىسى ۋە سۈتى بار
ئادەم» دېگەنگە ئوخشاش.

تترلغ tatïrlïoq : تترلغ يير *tatïrlïoq yər* — تېتىر يەر، تۇز
ۋە قاتتىق يەر.

قترلغ katïrlïoq : قترلغ ار *katïrlïoq ər* — خېچىرلىق ئادەم،
خېچىرى بار ئادەم.

بسرلغ basarlïoq : بسرلغ تاغ *basarlïoq taoq* — سامساقلىق
تاغ، سامساق كۆپ بولغان تاغ.

بغرلغ baoqïrlïoq : بغرلغ ار *baoqïrlïoq ər* — جىگەرلىك

ئادەم، ھىچكىمگە باش ئەگمەيدىغان ئادەم. بۇ سوز ئەرەپ-
چىدىكى «اِنّا لَنَحْنُ اَعْظَمُ اَكْبادًا مِنَ الْاِبِلِ» دېگەنگە
ئوخشايدۇ.

جَغِرْلِغْ qaƣirlïƣ : جَغِرْلِغْ اَرْ *qaƣirlïƣ ər* — چاغىرى
(شارابى) بار ئادەم.

سُغُرْلُغْ suƣurluƣ : سُغُرْلُغْ تاغْ *suƣurluƣ taƣ* — سۇغۇر-
لۇق تاغ، سۇغۇر كوپ بولغان تاغ.

سِغِرْلِغْ siƣirlïƣ : سِغِرْلِغْ اَرْ *siƣirlïƣ ər* — سىيىرلىق
ئادەم، سىيىرى بار ئادەم.

تَڤَرْلِغْ tavarlïƣ : تَڤَرْلِغْ اَرْ *tavarlïƣ ər* — تاۋارلىق ئادەم،
مېلى بار ئادەم.

جَڤارْلِغْ qavarlïƣ : جَڤارْلِغْ يِيرْ *qavarlïƣ yər* — چاۋارلىق
يەر، چاۋار كوپ يەر.

بَقِرْلِغْ baⱪirlïƣ باقىرلىغ. بالاساغۇندا يېقىن بىر يەرنىڭ نامى.

بَقِرْلِغْ baⱪirlïƣ : بَقِرْلِغْ تاغْ *baⱪirlïƣ taƣ* — مىسلىق تاغ،
مىس چىقىدىغان تاغ.

تَمِرْلِغْ tamirlïƣ : تَمِرْلِغْ اَتْ *tamirlïƣ ət* — تومۇرلۇق،
سىڭىرلىق گوش، بۇلجۇڭ گوش.

قُبُزْلُغْ ⱪobuzluƣ : قُبُزْلُغْ كِشِي *ⱪobuzluƣ kixi* — قوبۇزلۇق
كىشى، قوبۇزى بار كىشى.

قتزلغ kotuzluoq : قتزلغ آر kotuzluoq ər — قوتازلىق ئادەم، قوتىزى بار ئادەم.

سَغِزلغ saoqïzlïoq : سَغِزلغ آر saoqïzlïoq ər — سېغىزلىق ئادەم، (چاينايدىغان) سېغىزى بار ئادەم.

سَغِزلغ saoqïzlïoq : سَغِزلغ يير saoqïzlïoq yər — سېغىزلىق يەر، سېغىز توپىلىق يەر.

سَقِزلغ sakïzlïoq : سَقِزلغ تون sakïzlïoq ton — داغ تەگ-كەن تون.

قَمِشلغ kamïxlïoq : قَمِشلغ يير kamïxlïoq yər — قومۇش-لۇق يەر، قومۇش كۆپ بولغان يەر.

تبغلغ tapuoqluoq : تبغلغ آر tapuoqluoq ər — خىزمەتلىك ئادەم، خىزمىتى بار ئادەم.

قبغلغ kapuoqluoq : قبغلغ اڤ kapuoqluoq əv — قوۋۇقلۇق ئۆي، قوۋۇغى بار ئۆي.

تَتِغلغ tatïoqlïoq : تَتِغلغ نانك tatïoqlïoq nəŋ — تاتلىق نەرسە. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يېزىلىشى «تاتِغلغ tatïoqlïoq» دۇر.

تتغلغ tutuoqluoq : تتغلغ يير tutuoqluoq yər — جىنلىق يەر. جىن بار يەر، ئۆتكەن كىشىلەرگە جىن چاپلىشىدىغان يەر.

تِذْغلِغْ tïzïoqlïoq : تِذِغلِغْ نانْكْ *tïzïoqlïoq naŋ* — تېيىقلىق نەرسە، يېنىغا بېرىش چەكلەنگەن نەرسە.

قِذْغلِغْ kïżïoqlïoq : قِذِغلِغْ بُرْكْ *kïżïoqlïoq bərk* — قېيىقلىق بۆك، جىيەكلىك بۆك.

قُذْغلُغْ kużuoqluoq : قُذْغلُغْ اَڤْ *kużuoqluoq əv* — قۇدۇقلۇق ئۆي، قۇدۇغى بار ئۆي.

تَرْغلاغْ tarïoqlaoq تېرىلغۇلۇق، ئېتىز، ئېتىزلىق.

تُرْغلاغْ turuoqlaoq : تُرْغلاغْ يِيرْ *turuoqlaoq yər* — تۇرالغۇ يەر، تۇرىدىغان يەر.

تَرِغْلِغْ tarïoqlïoq : تَرِغْلِغْ يِيرْ *tarïoqlïoq yər* — تېرىقلىق يەر. ئېكىنزارلىق. ئاشلىق ئامبىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سَرِغْلِغْ sarïoqlïoq : سَرِغْلِغْ اَرْ *sarïoqlïoq ər* — سېرىق كېسىلى بار ئادەم.

قُرْغلُغْ kuruoqluoq : قُرْغلُغْ يا *kuruoqluoq ya* — قۇرۇقلۇق يا، قۇرۇلغان يا.

بُسْغلُغْ pusuoqluoq : بُسْغلُغْ يَغِي *pusuoqluoq yaoqï* — يوشۇ- رۇنۇغلۇق يىغا.

قَبَقْلِغْ kapaklïoq : قَبَقْلِغْ قِيزْ *kapaklïoq kïz* — بويىغا يەت- كەن، قىزلىقى بار قىز.

قَتِقْلِغْ katïklïoq : قَتِقْلِغْ اَرْ *katïklïoq ər* — شالغۇت ئـادەم، تېگى پەس ئادەم، ئەسلىنى يوقاتقان ئادەم. قېتىقلىق ئادەم يەنى قېتىقى بار ئادەمگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

بَرَقْلِغْ baraklïoq : بَرَقْلِغْ كِشِي *baraklïoq kixi* — باراقلىق كىشى، باراق ئىتى (ئوۋ ئىتى) بار كىشى.

جَرُقْلُغْ qarukluoq : جَرُقْلُغْ اَرْ *qarukluoq ər* — چورۇقلۇق ئادەم، چورۇغى بار ئادەم.

جَرُقْلُغْ qarukluoq چارۇقلۇغ. ئوغۇزلارنىڭ بىر ئۇرۇغى.

قَرَقْلِغْ karaklïoq كوز قارىغى بار. قَرَقْسِزْ تَكْ كِرُورْ *karaksiz-təg kirür* — كوزى يوقتەك (جەڭگە) كىرىدۇ. بۇ سوز باتۇر-لارنىڭ جەڭدە قارشىسىدىكى قىلىچ، نەيزىلەرگە پەرۋا قىلماي، بىر-بىرىگە ھوجۇم قىلىشقا تەمسىل قىلىنىدۇ.

قَسُقْلُغْ kasukluoq : قَسُقْلُغْ اَرْ *kasukluoq ər* — تورسۇقلۇق ئادەم، قىمىز تورسۇغى بار ئادەم.

قُسِقْلِغْ kosïklïoq : قُسِقْلِغْ اَرْ *kosïklïoq ər* — چىلغۇزلىق ئادەم، چىلغۇزىسى بار ئادەم.

بَشَقْلِغْ baxaklïoq : بَشَقْلِغْ سُنْكُو *baxaklïoq süngü* — (تومۇر) باشاقلىق نەيزە. تومۇر باشاقلىق ئوقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

تشقلغ taxakliq : تشقلغ آر *taxakliq ər* — تاشاقلىق ئادەم، تاشقى بار ئادەم.

قشقلغ kaxukluoq : قشقلغ آياق *kaxukluoq ayak* — قوشۇقلۇق ئاياق، قوشۇغى بار ئاياق.

بققلغ bokukluoq : بققلغ آر *bokukluoq ər* — پوقاق ئادەم، پوقىقى بار ئادەم.

تققلغ takukluoq : تققلغ آر *takukluoq ər* — توخۇلۇق ئادەم، توخۇسى بار ئادەم. ئوغۇزچە.

سققلغ sokakliq : سققلغ تاغ *sokakliq taoq* — بوكەنلىك تاغ، بوكەن كوپ تاغ.

بلقلغ balikliq : بلقلغ اكوز *balikliq ɵgüz* — بېلىقلىق دەريا، بېلىقى بار دەريا. ئارغۇلار پاتقاقلىقنى بۇ سوزنى ئىشلىتىدۇ.

قلاقلغ kulakliq : قلاقلغ نانك *kulakliq nəŋ* — قۇلاقلىق نەرسە، قۇلىقى بار نەرسە.

قنقلغ konukluoq : قنقلغ اڤ *konukluoq əv* — مېھمانلىق ئۆي، مېھمىنى بار ئۆي.

ترملغ torumluoq : ترملغ آر *torumluoq ər* — بوتىلاقلىق ئادەم، بوتىلىقى بار ئادەم.

قُرمُلُغْ korumluoq : قُرمُلُغْ تاغ *korumluoq taoq* — قورام-
لىق تاغ، قورام تاشلىق تاغ.

تُلُمْلُغْ tolumluoq : تُلُمْلُغْ أرْ *tolumluoq ər* — قورالىق
ئادەم، قورالى بار ئادەم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

أُونْكُدْنْ نَلُكْ يَلْقَرْمَدِنْكْ قَجْ قَتا بِرْدِنْكْ تَڤارْ

تُلُمْلُغْ بُلُبْ قَتِنْدِنْكْ قانِنْكْ أمْدِي يِيرْ سُڤارْ

əŋdün nəlük yalvarmadiŋ kaq kata bərdiŋ tavar
tolumluoq bolup katīndīŋ kanīŋ əmdi yər suvar

[باشتا نېمىشقا يالۋۇرمىدىڭ، قانچە قېتىم تاۋار (مال) بەردىڭ،
قوراللىنىۋېلىپ غادايدىڭ، ئەمدى قېنىڭ يەرنى سۇغارسۇن.]

بىرنەچچە قېتىم سېلىق تۆلەشتىن بۇرۇن نېمىشقا
يالۋۇرمىدىڭ؟ ئەمدى قوراللىنىپ غادىيىۋالدىڭ. بېرىندى-
غان نەرسەڭنى تېز تەييارلا، بولمىسا، قېنىڭنى يەر ئىچىدۇ.

تَبَنْلِغْ tapanlīoq : تَبَنْلِغْ تَڤِي *tapanlīoq təvi* — تاپانلىق
تۆگە، پايپاقلىق تۆگە.

تُبُنْلُغْ topunluoq : تُبُنْلُغْ تَرِغْ *topunluoq tarīoq* — توپانلىق
بۇغداي، توپىنى بار بۇغداي.

بُدُنْلُغْ بُقُنْلُغْ bodunluoq bokunluoq : بُدُنْلُغْ بُقُنْلُغْ كِشِي
— ئۇرۇق - جەمەتلىك كىشى. *bodunluoq bokunluoq kixi*

بَقَنْلِغْ bakanlïoq : بَقَنْلِغ قَذْش *bakanlïoq kazïx* — هالقىلىق قېيىش.

قَرِنْلِغْ karïnlïoq : بَدُكْ قَرِنْلِغْ اَرْ *bədük karïnlïoq ər* — يوغان قوساق ئادەم.

قُرُنْلُغْ kurunluoq : قُرُنْلُغ اَڤْ *kurunluoq əv* — قوروملۇق ئۆي، قوروم باغلاپ كەتكەن ئۆي.

سَغِنْلِغْ saoqïnlïoq : سَغِنْلِغ اَرْ *saoqïnlïoq ər* — سېغىن مېلى بار ئادەم.

سُغُنْلُغْ sooqunluoq : سُغُنْلُغ تاغْ *sooqunluoq taoq* — سوغۇنلۇق تاغ، ياۋا پىياز ئۆسىدىغان تاغ.

سَمَنْلِغْ samanlïoq : سَمَنْلِغ اَرْ *samanlïoq ər* — سامانلىق ئادەم، سامىنى بار ئادەم.

قَغُنْلُغْ kaoqunluoq : قَغُنْلُغ اَرْ *kaoqunluoq ər* — قوغۇنلۇق ئادەم، قوغۇنى بار ئادەم.

قُقُنْلُغْ kokunluoq : قُقُنْلُغ اوتْ *kokunluoq ot* — ئۈچقۇنلۇق ئوت، ئۈچقۇنى بار ئوت.

قُلُنْلُغْ kulunluoq : قُلُنْلُغ قِسْراقْ *kulunluoq kïsrak* — قۇلۇنلۇق بايتال، قۇلۇنى بار بايتال.

ئاخىرىغا «لِغ *lïoq*» ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئىگە-

لىك (مەزكۇر نەرسىنىڭ ئىگىسى) مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ،
مەفئۇل (قىلىنغان، بېجىرىلگەن ئىش) مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.
بۇ يەنە بىرقانچە ئارماقلارغا بولۇنىدۇ. بۇلار ئېيتىپ
ئوتۇلمىسە، چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۈركۈمگە
كىرىدىغان سۆزلەر ئورۇن - جاي مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئىگىلىك مەنىسىدە كېلىشى: بَدُكْ قَرِنْلِغْ اَرْ
bədük ⱪarïnlïƣ ər — يوغان قوساق ئادەم؛ سَمَنْلِغْ اَرْ
samanlïƣ ər — سامانلىق ئادەم، سامىنى بار ئادەم
دىگەنگە ئوخشاشلار.

ئىككىنچى، مەفئۇل مەنىسىدە كېلىشى: سَرِغْلِغْ اَرْ
sarïƣlïƣ ər — سېرىق كېسەلى بار ئادەم؛ قُرُغْلُغْ يا
ⱪuruƣluƣ ya — قۇرۇقلۇق يا، قۇرۇلغان يا دىگەنگە
ئوخشاشلار.

ئۈچىنچى، ئورۇن - جاي مەنىسىدە كېلىشى: تَرِغْلَاغْ
tarïƣlaƣ — تېرىلغۇلۇق، ئېتىز، ئېتىزلىق؛ تُرُغْلَاغْ
turuƣlaƣ — تۇرالغۇ يەر، تۇرىدىغان يەر دىگەنگە
ئوخشاشلار.

بىلىش كېرەككى، بەش ھەرپلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ-
چىلىگى ئۈچ ھەرپلىك تۈپ ئىسىملاردىن (ھەرپلەرنى
ئارتتۇرۇش يولى بىلەن) ياسالغان.

«غ - *ƣ*» بىلەن «ق - *ⱪ*» ھەرپلىرىنىڭ ھۆكمى
باشقا. «ق - *ⱪ*» بىلەن ئاياقلاشقانلىرى مەن كۆرسەتكەن
مەنىلەردە كېلىدۇ؛ «غ - *ƣ*» بىلەن ئاياقلاشقانلىرى پەقەت

ئورۇن-جايىنلا بىلدۈرىدۇ. تَرِغْلِغْ اَوْ *tarïqlïq* —
əv بۇغدايلىق ئۆي ۋە تَرِغْلِغْ *tarïqlïq* — ئامبار؛
قُرُغْلُغْ يا *kuruqluq ya* — قۇرۇقلۇق يا، قۇرۇلغان يا ۋە
قُرُغْلُغْ *kuruqluq* — يانى سېلىپ قويىدىغان قاپ،
دېگەنگە ئوخشاشلار.

بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. تۈپ ئىسىم بولمىغان سۆزلەردە «لِغْ *lïq*» قوشۇمچىسىنى ئايرىپ يازسىمۇ بولىدۇ. «بَلِقْلِغْ اُكُزْ *balïklïq ɵgüz* — بېلىقلىق دەريا»نى «بَلِقْلِـغْ اُكُزْ» شەكلىدە؛ «بَرَقْلِغْ اَرْ *baraklïq ər* — باراقلىق ئادەم» دېگەن سۆزنى «بَرَقْلِـغْ اَرْ» شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق شەكىل ياخشىراق، چۈنكى ۋەز-نىمۇ، يېزىلىشىمۇ يېنىكلىشىدۇ.

بُرُنْدُقْ burunduk بۇرۇندۇق، چۈلۈك.

بَسِنْجَقْ basïnqak : بَسِنْجَقْ اَرْ *basïnqak ər* — بېسىنچاق ئادەم.

سِغِرْجِقْ sïqïrqïk قارىغۇجا.

قَبِرْحاقْ kabïrqak ساندۇق. بۇ سۆز كۆپىنچە ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنى بىلدۈرىدۇ.

قُدُرْجُقْ kużurquk قوچاق. باللار ئوينايدىغان قوچاق.

قَرِنْجَقْ karïnqak چۈمۈلە. ئۇغۇزچە «قَرِنْجا karïnqa»مۇ دېيىلىدۇ.

بَغِرْجَقْ baqïrqak ئۈچۈلۈك.

تُلَرْسُقْ tolarsuk سۆڭەك، سۆنجاق. ئادەتتە ھايۋانلارنىڭ سۆڭ- جىكى شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَغِرْسَقْ baqïrsak : بَغِرْسَقْ كِشِي baqïrsak kixi — باغرى يۇمشاق كىشى، ئاق كۆڭۈل كىشى.

بَغِرْسُقْ baqïrsuk ئۈچەي.

بَغِرْدَقْ baqïrdak باغىرداق، لىپتىك.

قُرْغُسَقْ kuruoqsak قوساق. قۇشلارنىڭ پوكىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بُتُرْغَاقْ buturoqak بۇدۇشقاق. بۇ پەستە چوكۈلۈغىدىكى تىكەن بولۇپ، كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەرگە چاپلىشىۋالىدۇ.

تَبُزْغُقْ tapuzoquk تېپىشماق.

تُبُلْغَاقْ tobuloqak بىر خىل دورا ئوت.

تُبُلْغَاقْ tobuloqak يەل تولغاق، قولۇنجى. ئاشقازان، ئۈچەيدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل.

سِدِرْغاقْ sïdïroqak سىيراق. ئاچا تۇياق ماللارنىڭ تۇيىقى.

قُدُرْغاقْ kuduroqak چاپاننىڭ ئارقا پەشلىرىدىن بىرى.

قَدِرْغاقْ kazïroqak قاپىرىق. كوپ ئىشلەش جەريانىدا قولدا پەيدا بولغان قاپىرىق.

بَدِجْلِقْ badïqlïk : بَدِجْلِقْ يِغاجْ *badïqlïk yïoqaq* — بىدىشلىق ياغاچ، ئۈزۈم بارىڭى ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ.

جَجَلَقْ (?) qaqalak چىچىلاڭغۇ، پەرىشان①.

بَغِرْلَقْ baqïrlak بىغىرتاق.

تَڤَرْلُقْ tavarluk مال قويۇلىدىغان جاي، خەزىنە.

تُرُقْلُقْ turukluk ئورۇقلۇق، ئاجىزلىق.

تَرِغْلِقْ tarïqlïk ئاشلىق ئامبىرى.

جُبُلْمَقْ qobulmak ئالمىنىڭ بىر پارچىسى، يېرىمى. ئىستىلىق قەبىلىسىنىڭ تىلىدا.

جُمُشْلُقْ qomuxluk چومۇلىدىغان يەر.

جَرُقْلُقْ qarukluk چورۇقلۇق، چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە.

---

① بۇ سۆزنىڭ ئىملاسىدىمۇ، ئىزاھاتىدىمۇ ئېنىقسىزلىق بار.

تَنُقْلُق tanukluk تونۇقلۇق، گۇۋالىق.

تُغاقْلِق tuƣaklik تىقىنلىق. ئىشىكنىڭ ئاغزىنى بېكىتىدىغان تىقىن ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ.

سَتِغْلِق satïƣlik : سَتِغْلِق ناڭ *satïƣlik nəŋ* — سېتىلىدىغان نەرسە.

سَرِغْلِق sarïƣlik سېرىقلىق.

سِرُقْلُق sïrukluk : سِرُقْلُق يِغاچ *sïrukluk yiƣaq* — تۇۋرۇكلۇك ياغاچ.

سُغُقْلُق soƣukluk : سُغُقْلُق ناڭ *soƣukluk nəŋ* — سوغاقلىق نەرسە، سوغاقلىق ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە.

قَبَقْلِق kapaklik قاپاقلىق، قاپاق تېرىلغان يەر.

قَدَشْلِق kadaxlik قاياشلىق.

قُرُغْلُق kuruƣluk قۇرۇقلۇق، قۇرغاقلىق.

قُرِغْلُق kuruƣluk ساداق، ئوق خالتىسى. بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەن «كيِش قُرُغْلُق *kix kuruƣluk*» سۆزىمۇ ساداقنى بىلدۈرىدۇ.

قَشِقْلِق kaxïklik : قَشِقْلِق مُنُكْز *kaxïklik müŋüz* — قوشۇق-

لۇق مۈڭگۈز، قوشۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان مۈڭگۈز.

سَرَنْلِقْ saranlīk بېخىللىق، پىخسىقلىق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

نَنِكِنْ تُتَرْ بَكْلَيُو اُوزِى يِيمَاسْ
سَرَنْلِقِنْ يِيغْلَيُو اَلْتُنْ يِغَارْ

nəŋin tutar bəkləyü ɵzi yəməs
saranlīkin yīɑlayu altun yīɑar

[نەرسىسىنى چىڭ تۇتىدۇ، ئۆزى يىمەيدۇ،
بېخىللىق بىلەن يىغلاپ ـ قاخشاپ ئالتۇن يىغىدۇ.]

بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۆزى يىمەي، پىخسىقلىق قىلىپ، مېلىنى قاتتىق تۇتىدۇ، بېخىللىق بىلەن مال ئۈستىدە يىغلايدۇ، ئالتۇن توپلاپ ئاخىرى تاشلاپ كېتىدۇ.

قْغُنْلُقْ kaqunluk قوغۇنلۇق، قوغۇن تېرىلغان يەر.

قُنُقْلُقْ konukluk : قُنُقْلُقْ اَفْ *konukluk əv* —— قوناقلىق ئۆي، مېھمانخانا.

تَغُزْمَقْ taquzmak : تَغُزْمَقْ اَرْ *taquzmak ər* —— دېقماق ئادەم. بۇ سۆزدىكى «غ ـ *q*» ھەرپى «ق ـ *k*» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

مغزغق muoquzoqak ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدىغان بىر خىل
چىۋىن. ئارغۇچە.

بۇ باپتىكى سۆزلەر بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، پېشىلدىن ياسىلىدىغان ئىسىم: «بۈيۈكلۈك» مەنىسىدىكى «ئۇلغلىق uluoqluk» سۆزى «ئۇلغايدى» دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇلغاذتى uloqazti» سۆزىدىن ئېلىنغان؛ «قۇرۇقلۇق» مەنىسىدىكى «قۇرغلىق kuruoqluk» سۆزىمۇ «قۇرندى نەڭ kurundi nəŋ — قۇرۇغان نەر-سە» سۆزىدىن ئېلىنغان.

ئىككىنچى، باشقا بىر نېمە ياساشقا تەييارلاپ قو-يۇلغان نەرسىنىڭ ئىسمى: «سرقلق يىغاچ suruklük — yiqaq تۈۋرۈكلۈك ياغاچ»، «تقاقلق يىغاچ tukaklik — yiqaq تىقىنلىق ياغاچ» دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئۈچىنچى، بىر نەرسە ئوسۇپ يېتىلىدىغان يەرنىڭ ئىسمى: «قبغلق kapaoqlik — قاپاقلىق، قاپاق تېرىلغان يەر»؛ «قغنلق kaoqunluk — قوغۇنلۇق، قوغۇن تېرىل-غان يەر» دېگەنگە ئوخشاشلار.

تۆتىنچى، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھېچبىرىنى ئىچىگە ئال-ماي، ساپ ئىسىم مەنىسىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر: «بغرلق baoqırlak — بېغىرتاق»؛ «سغرجق sioqirquk — قارى-غۇجا» دېگەنگە ئوخشاشلار.

بەشىنچى، مەستەر ئورنىدا كېلىدىغان سۆزلەر:

«تُرُقْلُقْ turukluk — ئورۇقلۇق، ئاجىزلىق» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ قائىدىلەر شۇ شەكىلدىكى سان-ساناقسىز ئىسىملار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. ئىنچىكىلەپ قارىساق، ھېچقايسى سۆز بۇ قائىدىدىن چەتكە چىقمايدۇ.

كِرِتْلِكْ kiritlig ئېتىكلىك، قۇلۇپلاقلىق. كِرِتْلِكْ قَبُغْ kiritlig — kapuoq ئېتىكلىك قوۋۇق.

كُزَتْلِكْ kəzətlig : كُزَتْلِكْ نانْكْ kəzətlig nəŋ — ساقلاقلىق نەرسە، كۆزىتىلگەن نەرسە.

جُكُتْلُكْ qəkütlük پاكارلىق.

سُكُتْلُكْ səgütlük سۆگەتلىك، سۆگەت ئۆسكەن يەر. سۆز ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «سۆگەت ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كُزُجْلُكْ kəzüqlük : كُزُجْلُكْ تِتِكْ titik kəzüqlük — كوزا ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان سېغىز لاي. سۆز ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «كوزا ئىگىسى»نى بىلدۈرىدۇ.

تَمُرْلُكْ təmürlük تۆمۈر ئېرىتىلىدىغان يەر. سۆز ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «تۆمۈر ئىگىسى»نى بىلدۈرىدۇ.

كُمُرْلُكْ **kəmürlük** كومۇر قىلىش ئۈچۈن كويدۇرۇلگەن ياغاچ ۋە كومۇر قويىدىغان يەر. سۆز ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «كومۇر ئىگىسى»نى بىلدۈرىدۇ.

تَبِزْلِكْ **təpizlik** كورەلمەسلىك، ھەسەت. آنِكْ تَبِزْلِكِي كِمْكا تَلْقار *aniŋ təpizliki kimgə talkar* — ئۇنىڭ كورەلمەسلىكى كىمگە زىيان يەتكۈزەركىن.

تِتِزْلِكْ **titizlik** قىرتاقلىق، قاگسىقلىق. ھىلىلىنىڭ تەمىدەك تەم.

بُشِنْجَكْ **büxinqək** چىرىلىك، ئۈزۈم سېپى. كەنچەكچە.

تَكِرْمَكْ **təgirmək** كاجۇۋا. تۆگىگە ئارتىلىدىغان كاجۇۋا. ئوغۇزلار بۇنى «اُكُرْمَكْ *ügürmək*» دەيدۇ.

شَكِرْتُكْ **xəkirtük** پىستە.

كَبَزْلِكْ **kəpəzlik** كېۋەزلىك، كېۋەز تېرىلغان يەر. كىشى توغرىسىدا ئېيتىلسا، «كَبَزْلِكْ اَرْ *kəpəzlig ər* — كېۋەزى بار ئادەم» دېيىلىدۇ.

بَذِزْلِكْ **bəżizlig** : بَذِزْلِكْ اَفْ *bəżizlig əv* — بېزەكلىك ئوي.

كِذِزْلِكْ **kiżizlik** : كِذِزْلِكْ يُونْكْ *kiżizlik yuŋ* — كىگىزلىك يۇڭ. سۆزنىڭ ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «كىگىز ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تَكُزْلِكْ təküzlik قاشقا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَتْ تَكُزْلِكِي اَيْ بُلْماسْ — *at təküzliki ay bolmas* — ئات قاشقىسى ئاي بولماس. بۇ ماقال كىچىك ئىشنى چوڭ ئىش ئورنىدا كۆرگۈچىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

سَمِزْلِكْ səmizlik سېمىزلىك.

كُڤَزْلِكْ kəvəzlik كۆرەڭلىك، مەغرۇرلۇق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اِشْتِبْ اَتَا اَنَانْكْنِنْكْ سَڤْلَرِنِي قَدِرْمَا
نَنْكْ قُبْ بُلُبْ كُڤَزْلِكْ قِلْنِبْ يَنَا قُتُرْمَا

əxtip ata anaŋnïŋ savlarïnï kadïrma
nəŋ kut bulup kəvəzlik kïlnïp yana kuturma

[ئاتا - ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، (ئۇنى) قايتۇرما، دۇنيا ۋە بەخت تېپىپ قالساڭ، تەكەببۇرلىشىپ، قۇترىما.]

ئاتا - ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، ئۇلارغا سوز يانىدۇرما، مال - مۈلۈك ۋە بەخت تاپساڭ، ھەددىڭدىن ئېشىپ قۇترىما.

جَجَكْلِكْ qəqəklik چېچەكلىك، گۈلزارلىق.

كَبَكْلِكْ kəpəklik كېپەكلىك، خامپا. كېپەك قويۇلغان يەر.

ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «كېپەك ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تُفَكْلِكْ tüvəklik تۈپەكلىك، پاختۇرمەك، پاختىسۋەن مىلتىق.

بِتِكْلِكْ bitiklik : بِتِكْلِكْ نَانْكْ *bitiklik nəŋ* — خەت پۈتۈشكە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «خەت ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كَدُكْلُكْ kədüklük : كَدُكْلُكْ كِذِزْ *kədüklük kiżiz* — يامغۇرلۇق كىگىز، يامغۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان كىگىز. ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «يامغۇرلۇق ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كُذُكْلُكْ küzüklüg : اِشْلِغْ كُذُكْلُكْ اَرْ *ixliq küżüklüg ər* — ئىش - كۈشلۈك ئادەم، ئىشى بار ئادەم. «كُذْكُلْكْ *küżüklüg*» سوزى يالغۇز قوللىنىلمايدۇ.

تِرَكْلِكْ tərəklik تېرەكلىك، تېرەك ئۆسكەن يەر. ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە «تېرەك ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كَرَكْلِكْ kərəklig كېرەكلىك. بُو نَانْكْ اُلْ بِزْكَا كَرَكْلِكْ *bu nəŋ ol bizgə kərəklig* — بۇ بىزگە كېرەكلىك نەرسە.

بَشِكْلِكْ bəxiklig بوشۇكلۇك. بَشِكْلِكْ اُرَاغُتْ *bəxiklig uraqut* — بوشۇكلۇك خوتۇن، ئېمىتىدىغان بالىسى بار ئايال.

تُشَكْلِكْ tөxәklik توشەكلىك. تُشَكْلِكْ بَرْجِنْ *tөxәklik barqїn* — توشەكلىك تاۋار. توشەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە (يوتقان - كورپە) تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان يىپەك رەخت. ئاخىرى يۇمشاق «ك - g» بىلەن كەلسە، «توشەك ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كُشِكْلِكْ kөxiklig : كُشِكْلِكْ يِيرْ *kөxiklig yәr* — كولەڭگىلىك يەر، سايىلىق يەر.

تِكِكْلِكْ tikiklig تىكىكلىك. تِكِكْلِكْ تُونْ *tikiklig ton* — تىكىكلىك تون.

تُكُكْلُكْ tөküklüg : تُكُكْلُكْ تَرِغْ *tөküklüg tarїq* — توكۇكلۇك بۇغداي. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بِلَكْلِكْ bilәklig بىلەكلىك. كُوجْلُكْ بِلَكْلِكْ كِشِي *küqlüg bilәklig kixi* — كۈچلۈك بىلەكلىك كىشى، بىلەگىدە كۈچى بار كىشى.

بِلِكْلِكْ biliklig بىلىملىك. بِلِكْلِكْ كِشِي *biliklig kixi* — بىلىملىك كىشى.

بَلِكْلِكْ bәliklik پىلىكلىك. بَلِكْلِكْ كَبَازْ *bәliklik kәpәz* — پىلىكلىك پاختا، پىلىك قىلىنىدىغان پاختا.

كُلُكْلُكْ kөlüklüg كولۇكلۇك. كُلُكْلُكْ اَرْ *kөlüklüg әr* — كولۇكلۇك ئادەم، مىنىدىغان ۋە يۈك ئارتىدىغان ئۇلىغى بار ئادەم.

كُلْكِلِكْ kəliklig كولەگگۈ. كُلْكْلِكْ يِيرْ — kəliklig yər كولەگگۈ يەر.

بُرُنْجُكْ bürünqük پۈركەنچە.

بِلِنْجَكْ bilinqək تونۇۋېلىنغان. بِلِنْجَكْ نانْكْ — bilinqək nəŋ تونۇۋېلىنغان نەرسە. بِلِنْجَكْ بِلْدِي — bilinqək bildi ئوغرىلانغان مالنى ئىگىسى تونۇۋالدى.

تَرِنْجَكْ tərinqək پەرەنجە. ئوغۇزچە.

بۇ باپتىكى سوزلەر (مەنە جەھەتتىن) بەش خىلغا بولۇنىدۇ:

بىرىنچى، بىر نەرسىنىڭ ئۆنگەن، ئوسكەن جايىنى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «سُكُتْلُكْ sөgütlük — سوگەتلىك، سوگەت ئوسكەن يەر»، «كَپَكْلِكْ kəpəklik — كېپەكلىك، كېپەك قويۇلغان يەر».

ئىككىنچى، باشقا بىر نەرسە ياساشقا تەييارلاپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ: «تُشَكْلِكْ بَرْجِنْ — tөxəklik barqïn تۇشەكلىك تاۋار، يوتقان-كۆرپە تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان يىپەك رەخت»، «بُو يِغَاجْ اُلْ قَپُغْقَا تِرَكْلِكْ — bu yïoaq ol kapuoka tirəklik بۇ قوۋۇققا تىرەك قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ» دىگەنگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، كىشىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى بىلدۈرىدىغان مەستەر مەنىسىدە كېلىدۇ: «كُوَزْلِكْ kөvәzlik — كۆرەڭلىك»، «يِكِتْلِكْ yigitlik — يىگىتلىك، ياشلىق» دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئىسىملار يۇقۇرىقىدەك ئۈچ مەنىدە كەلسە، ھەممە تۈركى تىللاردا ئوخشاشلا قاتتىق «ك - k» قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئېيتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى مەنىسىدە كېلىدۇ: «بِلَكْلِكْ اَرْ bilәklig әr — بىلەكلىك ئادەم، بىلىكىدە كۈچى بار ئادەم»، «بِتِكْلِكْ اَرْ bitiklig әr — (قولىدا) خېتى بار ئادەم» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئەرەبچىدىكى «رَجُلٌ تَامِرٌ وَلَابِنٌ» ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ.

بەشىنچى، مەفئۇل مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: «بِلِكْ كِشِي اَرَا اُلُكْلُكْ اُلْ bilik kixi ara ülüklüg ol — ئەقىل كىشىلەر ئارا ئۈلەشتۈرۈلگەندۇر»، «تُشَكْلِكْ تُشَاكْ tөxәklig tөxәk — سېلىقلىق توشەك» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىسىملار بۇ كېيىنكى ئىككى مەنىدە كەلسە، يۇمشاق «ك - g» قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

بۇ يەردە بايان قىلىنغان يىلتىزى ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملاردىن كېيىنكى بابتا كەلتۈرۈلگەن مىساللار (يەنى تەركىبىدە «ك» ھەرپى بولغان ياكى ئومۇمەن يۇمشاق

سوزلەر)غا «لِكْ» قوشۇلىدۇ. ئالدىنقى باپتا كەلتۈرۈل-
گەن مىساللار (يەنى تەركىبىدە «ق» ھەرپى بول-
مىغان ياكى ئومۇمەن قاتتىق سوزلەر)غا «لِقْ» قوشۇلىدۇ.
بۇ بەش مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆت ھەرپلىك، بەش
ھەرپلىك تۈپ ئىسىملارنىڭ (تەركىبىدە ھەرپى ئىللەت
بولسۇن، بولمىسۇن) «ق» بىلەن تۈزۈلگەنلىرىگە ياكى
ئومۇمەن قاتتىق سوزلەرگە «لِقْ» قوشۇلىدۇ، «ك» بە-
لەن تۈزۈلگەنلىرىگە ياكى ئومۇمەن يۇمشاق سوزلەرگە
«لِكْ» قوشۇلىدۇ. بۇ ھەممە تۈركى تىللار ئۈچۈن ئور-
تاق، ئوزگەرمەس قائىدىدۇر.

فَعَلْلانْ fəəllan شەكلىدە ئىككىنچى ھەرپى ھەرىكىلىك ۋە ئۈچىنچى ھەرپى ساكىنلىق كەلگەن سوزلەر بابى

بَلِقْجِنْ balikqin بىلىقاغۇچ~بىلىقچى (قۇش). بىلىق ئوۋلاي-
دىغان ئاق قۇش. ئەرەپلەر بۇنى «مَالِكُ الْحَزِينْ» دەيدۇ.

جُغُرْدانْ quoqurdan يار، ياردائ.

قُرغُزِينْ koruoqzin (ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز» بىلەن)

قوغۇشۇن. ئوغۇزلار بۇ سۆزدىكى بىرقانچە ھەرپنى تاشلىۋېتىپ، «قُشُونْ *koxun*» دەيدۇ.

بُدُرْسِينْ bədürsin بۈدۈنە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُزُمْ مَنِنْكْ بُدُرْسِينْ
اُوتِي اَنِنْكْ جَقْلَنُورْ

əzüm məniŋ bədürsin
otï anïŋ qaklanur

[مېنىڭ كۆڭلۈم (گويا بىر) بۆدۈنە،
ئۇنىڭ ئوتى چاقنايدۇ.]

مۇھەببەتنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: مەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتى ئەتراپىدا خۇددى بۆدۈنە ئوخشاش چوگىلەيمەن.

تَفِشْغَانْ tavïxoɪan توشقان. تَفِشْغَانْ يِلِي *tavïxoɪan yïlï* — توشقان يىلى. تۈرك خەلقلىرىنىڭ يىل ھېساۋىدا ئون ئىككى مۇچەلدىن بىرىنىڭ ئېتى.

تَفُشْغَانْ tavuxoɪan : تَفُشْغَانْ اُكُزْ *tavuxoɪan ögüz* — توشقان دەرياسى. «اُجْ *uq* — ئۇچ» شەھىرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى.

جَبِتْغَانْ qapïtoɪan چېپىلىدىغان، ئېتىلىدىغان. بُو اِتْ اُلْ كِشِي كا

جَبِتْغانْ *bu ït ol kixigə qapïtoɉan* — بۇ كىشىگە ئېتىلىدى-
غان ئىت.

جَبِتْغانْ qapïtoɉan چاپىدىغان. جَبِتْغانْ اَرْ *qapïtoɉan ər* —
چاپىدىغان ئادەم، جاللات. ئۇيغۇرچە.

سَبِتْغانْ sapïtoɉan شىپاڭشىتىدىغان. بُو آتْ اُلْ قُدْرُقْ سَبِتْغانْ
bu at ol kużruk sapïtoɉan — بۇ قۇيرۇق شىپاڭشى-
تىدىغان ئات. قۇسقى ئاچقاندا ياكى ئىگىسىنى كۆرگەندە
قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىدىغان ئىتقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

قَدِتْغانْ każïtoɉan كاج. قَدِتْغانْ اَرْ *każïtoɉan ər* — ھېچكىمگە
بويسۇنمايدىغان، كاج ئادەم. بوينى قاتتىق ھايۋانلارغىمۇ
مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تَرِتْغانْ tarïtoɉan تېرىتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ تَلِمْ تَرِغْ تَرِتْغانْ
bu ər ol təlim tarïq tarïtoɉan — بۇ تولا ئاشلىق
تېرىتىدىغان ئادەم.

قُرِتْغانْ kurïtoɉan قۇرۇتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ تَلِمْ اُزُمْ قُرِتْغانْ
bu ər ol təlim üzüm kurïtoɉan — بۇ تولا ئۈزۈم
قۇرۇتىدىغان ئادەم. باشقا نەرسىلەرنى قۇرۇتۇشقىمۇ مۇشۇ
سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تُزِتْغانْ tozïtoɉan توزۇتىدىغان. بُو آتْ اُلْ تَلِمْ تُبْراقْ تُزِتْغانْ
bu at ol təlim toprak tozïtoɉan — بۇ تولا توپا
توزۇتىدىغان ئات.

بُشْتُغانْ boxutoqan بوشىتىدىغان. بُو اُتْ اُلْ قَرِنْ بُشْتُغانْ

— *bu ot ol karïn boxutoqan* — بۇ ئىچنى بوشىتىدىغان دورا. قاتتىق نەرسىنى يۇمشىتىپ بوشاشتۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تَشِتْغانْ taxïtoqan توشۇتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَڤِنكا تَلِمْ تَڤَارْ تَشِتْغانْ

— *bu ər ol əviŋə təlim tavar taxïtoqan* — بۇ ئۆيىگە تولا تاۋار توشۇتىدىغان ئادەم. باشقا نەرسىلەرنى توشۇتۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

تَشِتْغانْ taxïtoqan تاشتۇرىدىغان. بُو اُتْ اُلْ اَشِجْ تَشِتْغانْ

— *bu ot ol axïq taxïtoqan* — بۇ قازاننى تاشتۇرىدىغان ئوت.

قَشِتْغانْ kaxïtoqan قاشلىتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَتِنْ قَشِتْغانْ

— *bu ər ol ətin kaxïtoqan* — بۇ بەدىنىنى قاشلىتىدىغان ئادەم.

قَقِتْغانْ kakïtoqan ئاچچىقلاندۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ مَنِي تُتْجِي قَقِتْغانْ

— *bu ər ol məni tutqï kakïtoqan* — بۇ مېنى ئاچچىقلاندۇرۇپلا تۇرىدىغان ئادەم.

قَلِتْغانْ kalïtoqan سەكرىتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَتِنْ تَلِمْ قَلِتْغانْ

— *bu ər ol atïn təlim kalïtoqan* — بۇ ئېتىنى تولا سەكرىتىدىغان ئادەم.

قَمَتْغَانْ kamatoqan قاماشتۇرىدىغان. بُوكُنْ اُلْ كُوزْ قَمَتْغَانْ — *bu kün ol kɵz kamatoqan* — بۇ كوزنى قاماشتۇرىدىغان كۈن.

قُمِتْغَانْ komītoqan سېغىندۇرىدىغان، جەلپ قىلىدىغان. اُغْلْ مَنِي اَفْكَا قُمِتْغَانْ اُلْ — *oqul məni əvgə komītoqan ol* — ئوغۇل ئۆيگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان كۆڭلۈمنى ئو. باشقا نەرسىلەرنى سېغىندۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَنَتْغَانْ kanatoqan قانىتىدىغان. بُو اَتْ اُلْ بُرُنْ قَنَتْغَانْ — *bu ot ol burun kanatoqan* — بۇ بۇرۇننى قانىتىدىغان دورا.

قَنِتْغَانْ kanītoqan قاندۇرىدىغان، ھوزۇرلاندۇرىدىغان. اُكْدِي اُلْ اَرِكْ قَنِتْغَانْ — *ɵgdi ol ərig kanītoqan* — ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ئالقىش ئۇ.

بَتُرْغَانْ paturoqan پاتۇرىدىغان، يوشۇرىدىغان. بُو كِشِي اُلْ سُوزْ بَتُرْغَانْ — *bu kixi ol sɵz paturoqan* — بۇ سۆز يوشۇرىدىغان كىشى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تَتُرْغَانْ taturoqan تېتىتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَشْ تَتُرْغَانْ — *bu ər ol ax taturoqan* — بۇ (مېھمانغا) ئاش تېتىتىدىغان ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرْدِي آشِنْ تَتُرْغَانْ

يَفْلَقْ يَغِغْ قَجُرْغَانْ

اُغْرَقْ سُوسِنْ قَيْتَرْغَانْ

بَسْتِي اُلُمْ اَخْتَرُو

ərdi axïn taturoqan
yavlak yaoqïoq kaquroqan
ooqrak süsin kaytaroqan
bastï əlüm ahtaru

[(ئۇ) ئېشىنى تېتىتىدىغان (ئادەم) ئىدى،
ياۋۇز دۈشمەننى قاچۇرغان ئىدى،
ئۇغراق قوشۇنىنى قايتۇرغان ئىدى،
(ئۇنى) ئۆلۈم ئاغدۇرۇپ باستى (يىقىتتى).]

بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە مەرسىيە ئوقۇپ، شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ مېھمانلارغا دائىم ئاش تارتاتتى، دۈشمەنلەرنى قاچۇراتتى، ئۇغراق قوشۇنىنى قەيسەرلىك بىلەن چېكىندۇرگەن ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۆلۈم ئۇنى يەر قوينىغا ئالدى.

تُپْرْغَانْ topuroqan : تپرغان يېر *topuroqan yər* — توپىلاڭ يەر.

سُبْزْغَانْ subuzoqan گورستان، گۆرلۈك. مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ گۆرلۈكى. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: سبزغاندا اَوْ

بُلْماسْ تُبُرْغانْدا اَقْ بُلْماسْ *subuzƣanda əw bolmas* — گورستاندا ئوي بولماس، تو-
پىلاك (يەر)دا ئوۋ بولماس. ئوۋ ئوتلۇق، سۇلۇق يەرلەردە
بولىدۇ.

قَبَرْغانْ kaparƣan قاپارتقۇ. بۇ بەدەننى قىزىتىپ قىچىش-
تۇرۇپ چىقىدۇ.

قتُرْغانْ katurƣan خوشال بولىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اُكُشْ قتُرْغانْ
bu ər ol üküx katurƣan — بۇ كوپ كۈلىدىغان،
كوپ سويۈنىدىغان ئادەم.

قبُرْغانْ kopurƣan قوپۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ تاشِغْ يِيرْدَنْ
قبُرْغانْ *bu ər ol taxïƣ yərdən kopurƣan* — بۇ
تاشنى يەردىن قوپۇرىدىغان ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تُذُرْغانْ tożurƣan تويدۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَجِغْ تُذُرْغانْ
bu ər ol aqïƣ tożurƣan — بۇ ئاچلارنى تويدۇر-
دىغان ئادەم. ئەسلى «تُذْغُرْغانْ *tożƣurƣan*»دۇر.

سِذِرْغانْ sïżïrƣan تىلىدىغان. بُو اَرْ اُلْ سِذِرِمْ سِذِرْغانْ *bu*—
ər ol sïżrïm sïżïrƣan بۇ تاسما تىلىدىغان (تاس-
مىچى) ئادەم. ھەرقانداق نەرسىنىڭ پوستىنى ئالىدىغان
ئادەمگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

قَيْتَرْغانْ kaytarƣan قايتۇرىدىغان. بُو اَلْپْ اُلْ يَغِيني قَيْتَرْغانْ
bu alp ol yaƣïnï kaytarƣan — بۇ دۈشمەننى قاي-
تۇرىدىغان قەھرىمان.

قَجْرْغانْ kaquroqan قاچۇرىدىغان. بُو اَرْ اُلْ قُنُقْنِي قَجْرْغانْ — *bu ər ol konukni kaquroqan* — بۇ مېھماننى قاچۇ-رىدىغان ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بُو اَرْ اُلْ كِشِنِي قَجْرْغانْ — *bu ər ol kixini kaquroqan* — بۇ ئادەمنى قاچۇرىدىغان كىشى، يەنى ئالدىغا كىشى كەلسە، خۇيى بۇزۇلۇپ ھومىيىدىغان، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان ئادەم.

قَذِرْغانْ kaziroqan قايرىيدىغان. بُو اَرْ اُلْ اَرَنْ بَيْنِنْ قَذِرْغانْ — *bu ər ol ərən boynin kaziroqan* — بۇ ئادەملەرنىڭ بويىنىنى قايرىيدىغان ئادەم.

تَشْرْغانْ taxuroqan تاشتۇرىدىغان. بُو اُتْ اُلْ اَشِيجْ تَشْرْغانْ — *bu ot ol axiq taxuroqan* — بۇ قازاننى تاشتۇرىدىغان ئوت. سەل سۇيىنىڭ كۆلنى تاشتۇرۇپ بۇزۇۋېتىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

قَقْرْغانْ kakuroqan قاتلىما. ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.

قَفْرْغانْ kavuroqan قورۇيدىغان. بُو بِلَازُكْ اُلْ بِلَاكْ قَفْرْغانْ — *bu biləzük ol bilək kavuroqan* — بۇ بىلەكنى قورۇيدىغان بىلەيزۈك.

تَمْرْغانْ tamuroqan تامىدىغان. بُو اُغْلْ اُلْ بُرْنِي تَمْرْغانْ — *bu oqul ol burni tamuroqan* — بۇ بۇرنى تامىدىغان (قانايدىغان) بالا.

سَغْزِغَانْ saoqizoqan سېغىزغان ~ سېغىزخان.

قُذُرْغُونْ kuzuroqun قۇشقۇن.

تُرُشْغَانْ turuxoqan تەڭ تۇرۇشىدىغان، زىتلىشىدىغان. بُو اَرْ اُلْ كِشِي بِرْلَا تُتْجِي تُرُشْغَانْ — *bu ər ol kixi birlə tutqï turuxoqan* بۇ كىشىلەر بىلەن تەڭ تۇرۇشىدىغان ئادەم.

سَتِشْغَانْ اَلِشْغَانْ satïxoqan alïxoqan ئېلىشىپ - سېتىشىدىغان. اُلَارْ اِكِّي تَڤَارْ سَتِشْغَانْ اَلِشْغَانْلَارْ اُلْ — *olar ikki tavar satïxoqan alïxoqanlar ol* ئۇلار ئىككىسى تاۋار ئېلىشىپ - سېتىشىدىغانلار. ئۇ. بۇ سۆزنىڭ «سَتِشْغَانْ تَڤِشْغَانْ» *satïxoqan tavïxoqan* شەكلىمۇ بار. بۇ «سَتِّي —*satti* ساتتى»، «تَڤْدِي *tavdï* — پايدىلاندى» سۆزلىرىدىن ئېلىنغان.

بَقِشْغَانْ bakïxoqan بېقىشىدىغان. اُلْ كِشِي بِرْلَا بَقِشْغَانْ اُلْ — *ol kixi birlə bakïxoqan ol* ئۇ كىشىلەر بىلەن كۆز بېقىشىدىغان ئادەم.

تُقُشْغَانْ tokuxoqan : اُلْ اَرْ اُلْ يَڤْلَاقْ تُقُشْغَانْ — *ol ər ol yavlak tokuxoqan* ئۇ يامان سوقۇشقاق، جېدەلچى ئادەم.

سُڤُشْغَانْ sovuxoqan مەددە قورۇت، شۇ قورۇتتىن بولىدىغان سېرىق كېسەل.

بِجِلْغانْ piqīloqan پىرىق. قول، پۇت ۋە يەردىكى پىرىق.

تبلغانْ topuloqan : كُوكْ تُبُلْغانْ *kөk topuloqan* — بىر قۇش-نىڭ ئېتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدا پولات بار ئىمىش، ئۇ قانىتى بىلەن تاققا بىر ئۇرۇپ، تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش. بۇ سۆزنى ماڭا كۆپ پايدىسى تەككەن بىر ئادەم ئېيتقان ئىدى.

تبلغانْ topuloqan بوسىدىغان، يېرىپ ئۆتىدىغان. بُو آرْ اُلْ جَرِكْ تُبُلْغانْ *bu ər ol qərik topuloqan* — بۇ (جەڭدە) سەپنى يېرىپ ئۆتىدىغان ئادەم. بۇ «تمرْ تُبلْدِى *təmür topuldī* — تۆمۈر (زەربە بىلەن) تېشىلدى» دىگەن سۆزدىن كەلگەن.

قَتِلْغانْ قَرِلْغانْ katīloqan karīloqan قېتىلىدىغان، ئارىلىشى-دىغان. بُو آرْ اُلْ كِشِي بِرْلا تُتْجِي قَتِلْغانْ قَرِلْغانْ *bu ər ol kixi birlə tutqī katīloqan karīloqan* — بۇ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپلا يۈرىدىغان ئادەم.

قرلغانْ koruloqan : بُو آرْ اُلْ سِنكِرِى قُرلْغانْ *bu ər ol siŋiri koruloqan* — بۇ سىڭىرى قورۇلۇپ (تارتىشىپ) قالىدىغان ئادەم.

قتلغانْ kutuloqan قۇتۇلىدىغان. بُو آرْ اُلْ يَغِيدِنْ قُتُلْغانْ *bu ər ol yaoqīdīn kutuloqan* — بۇ دۈشمەندىن

قوتۇلدىغان ئادەم. باشقىلاردىن قوتۇلۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَبْلُغانْ kapuloqan قاپىلىشىپ قالىدىغان. بۇ نانىڭ ئُلْ قَبُغْدا قَبْلُغانْ — bu nəŋ ol kapuqda kapuloqan بۇ قوۋۇقتا قاپىلىشىپ قالىدىغان نەرسە. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قْشْلُغانْ koxuloqan قوشۇلۇۋالىدىغان. بۇ قُزِى ئُلْ سَغْلِقْ بِرْلا قْشْلُغانْ — bu kozi ol saqlik birlə koxuloqan بۇ ساغلىقىغا قوشۇلۇۋالىدىغان قوزا. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

سْغُلْغانْ sooquloqan سوغۇلىدىغان، تارتىلىدىغان. بۇ سُوڤْ ئُلْ تَڤْراقْ سْغُلْغانْ — bu suv ol tavrak sooquloqan بۇ تېز سوغۇلىدىغان سۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ تېز تارتىلىپ كېتىشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَقِلْغانْ سُقْلْغانْ kakiloqan sokuloqan قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرىدىغان. بۇ ئَرْ ئُلْ تَلِمْ قَقِلْغانْ سُقْلْغانْ — bu ər ol təlim kakiloqan sokuloqan بۇ تولا (باشقىلار تەرىپىدىن) قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرىدىغان ئادەم.

تْتْرْقانْ tuturkan گۆرۈچ.

تَشِرْقانْ taxirkan: تَشِرْقانْ كُوزْلُكْ — taxirkan kəzlüg بادراڭ كۆزلۈك.

سِقِرْقانْ sikirkan سېرىقغۇيرۇق، تۈلۈم چاشقان.

بِتِلْكَانْ bitilgən پۈتۈلىدىغان. بُو اَرْ سُوكا بِتِلْكَانْ اُلْ — *bu ər süga bitilgən ol* بۇ ئەسكەرلىككە پۈتۈلۈپ (يېزىلىپ) تۇرىدىغان ئادەم.

تِرِلْكَانْ tərilgən توپلىنىدىغان. بُولَارْ بُوذُنْ اُلْ تُتْجِي تِرِلْكَانْ *bular bożun ol tutqi tərilgən* — بۇلار توپلىنىپلا تۇرىدىغان ئەل. توپلىنىشقا ئادەتلەنگەن باشقا نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كُتُرْكَانْ kətürgən كۆتۈرىدىغان. بُو بُغْرَا اُلْ يُكْ كُتُرْكَان *bu buɣra ol yük kətürgən* — بۇ يۈك كۆتۈرىدىغان بۇغرا. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

كَجُرْكَانْ kəqürgən كەچۈرىدىغان. بُو بَاكْ اُلْ يَازُقْ كَجُرْكَانْ *bu bəg ol yazuk̡ kəqürgən* — بۇ گۇنانى كەچۈرىدىغان بەگ.

كَجُرْكَانْ kəqürgən : بُو اَرْ اُلْ تَلِمْ اِيشْ كَجُرْكَانْ — *bu ər ol təlim ix kəqürgən* بۇ نۇرغۇن ئىشنى ئۆرۈنلىيالايدىغان (قابىل) ئادەم. «اَفْرْكَانْ تَفْرْكَانْ *əvürgən təvürgən* — ئۆرۈيدىغان - چۆرۈيدىغان» دېگەن سۆزمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَغِي اُوتِنْ اِجْرْكَان

تُويِذِنْ اَنِي كَجُرْكَانْ

اِشْلَرْ اُزُبْ كُجُرْكَانْ
تَكْدِي اُقِي اُلْدُرُو

yaoi̇ otïn əqürgən
toydun anï kəqürgən
ïxlar uzup kəqürgən
təgdi okï əldürü

[(ئۇ) يېغا ئوتىنى ئوچۇرگەن،
ئوردىسىدىن ئۇنى كوچۇرگەن،
كېيىپ ئىش قىلىدىغان (ئادەم ئىدى)،
(ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ) ئۆلتۈرگۈچى ئوقى تەگدى.]

ئۆلگەن كىشىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ئۇرۇش ئوتلىرىنى ئوچۇرەتتى، دۈشمەنلەرنى قارارگاھىدىن قوغلاپ چىقىراتتى، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ھەل قىلاتتى، ئۇنىڭغا زاماننىڭ ئۆلتۈرگۈچى ئوقى تەگدى.

جَفُرْكَانْ qəvürgən چۆرۈيدىغان. بُو آرْ اُلْ تَلِمْ اُقْ جَفُرْكَانْ — *bu ər ol təlim ok qəvürgən* — بۇ ئوقنى (تەرنىدە-نىڭ ئۇچىدا) تالاي چۆرىگەن ئادەم.

كُسُرْكَانْ kəsürkən كۆسۈتكە.

تُشُرْكُونْ tüxürkün كېيىكتاپىنى (بىر خىل دەرەخ). بىر شىۋىدە.

كُۋُرْكانْ küvürkən تاغ پېيزى. ئوغۇزلار بۇنى «كُمُرْكانْ
«kümurkən» دەيدۇ.

تَمُرْكانْ təmürkən ئوق باشقى. ئوغۇزچە.

تَكُرْكانْ təgürgən تەككۈزىدىغان، يەتكۈزىدىغان. بُو اَرْ اُلْ
اِشغْ اَذاقا تَكُرْكانْ — bu ər ol ixïq azakka təgürgən
بۇ ئىشنى ئايىغىغا يەتكۈزىدىغان ئادەم.

كَلَرْكانْ kələrgən : بُو اَتْ اُلْ كَلَرْكانْ — bu at ol kələrgən
بۇ قوسىقى ئېسىلىدىغان ۋە يېشىۋالىدىغان ئات.

سُمُرْكانْ sümürgən : بُو اَرْ اُلْ سوتُكْ سُمُرْكانْ — bu ər ol sütüg sümürgən
بۇ سۈتنى سۈمۈرىدىغان ئادەم. باشقا نەرسىلەرنى سۈمۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

سُرُلْكانْ sürülgən : بُو اَرْ اُلْ تَكْما يِيرْدنْ تُتْجِي سُرُلْكانْ
— bu ər ol təgmə yərdən tutqi sürülgən — بۇ ھەممە يەردىن قوغلىنىپلا يۈرىدىغان ئادەم.

كَرِلْكانْ kərilgən : بُو نانْكْ اُلْ كَرِلْكانْ — bu nəŋ ol kərilgən
بۇ كېرىلىدىغان نەرسە. تېرىنىڭ يەرگە كېرىلىشى، تاغ توپىسىدە بۇلۇتنىڭ يېيىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كَرِلْكانْ kərilgən : بُو اَرْ اُلْ تَلِمْ كَرِلْكانْ — bu ər ol təlim kərilgən
بۇ تولا كېرىلىدىغان (ئەسنەيدىغان) ئادەم.

تِرِلْكانْ tirilgən : بُو اَرْ اُلْ اَذْكُو سافِنْ تِرِلْكانْ — bu ər ol

əzgü savïn tirilgən بۇ ياخشىلىقى بىلەن ماختىلىدىغان ئادەم.

تَرِلْكَانْ tərilgən : بُو نَانْكْ اُلْ بِرْ بِرْكَا تَرِلْكَانْ bu nəŋ ol bir birgə tərilgən — بۇ بىر-بىرىگە تىركىلىدىغان نەرسە.

كَسِلْكَانْ kəsilgən : بُو يِبْ اُلْ كَسِلْكَانْ bu yïp ol kəsilgən — بۇ ئۈزۈلىدىغان يىپ.

سَشِلْكَانْ səxilgən : بُو تُكُونْ اُلْ سَشِلْكَانْ bu tügün ol səxilgən — بۇ يېشىلىپ كېتىدىغان تۈگۈن.

تُكُلْكَانْ tügülgən : بُو يِبْ اُلْ تُكُلْكَانْ bu yïp ol tügülgən — بۇ تۈگۈلۈۋالىدىغان يىپ.

تُكُلْكَانْ tügülgən : بُو اَرْ اُلْ تُتْجِي قَاشِي كُوزِي تُكُلْكَانْ bu ər ol tutqï kaxï kəzï tügülgən — بۇ (ئىچ پۇشۇقىدىن) ھەمىشە قاپىقى تۈرۈلۈپلا يۈرىدىغان ئادەم.

يۇقۇرىدىكى «غ - q» ۋە «ك» بابىدا كۆرسىتىلگەن سۆزلەر بەش خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىرىنچى، بىر ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «بُو اُغُلْ اُلْ بُرْنِي يِمُرْغَانْ bu oqul ol burnï tamurqan[1] — بۇ بۇرنى

---

[1] بۇ سۆز بۇ يەردە «يمُرغان» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ باپتا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەمدە «تمُرغان» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ سۆزنىڭ «تامىدىغان» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «tamurqan» دەپ ئالدۇق.

تامىدىغان (قانايدىغان) بالا»، «بُو اَرْ اُلْ اَذْكُو ساڤِنْ تِرِلْكانْ — *bu ər ol əzgü savïn tirilgən* — بۇ ياخشىلىقى بىلەن ماختىلىدىغان ئادەم».

ئىككىنچى، سۆپەتداشلىق سۆپەتلەنگۈچىدىن باشقا نەرسىگە ئۆتىدىغانلىقىنى ۋە سۆپەتداش (سۆپەتداشتا ئىپادە قىلىنغان ھەرىكەت) ئىلىك سۆپەتلەنگۈچىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «بُو اَرْ اُلْ تُونِنْ قُرِتْغانْ — *bu ər ol tonïn kurïtƣan* — بۇ تونىنى قۇرۇتىدىغان ئادەم»، «بُو اَرْ اُلْ سُوقْغْ سُمُرْكانْ — *bu ər ol suvuƣ sümürgən* بۇ سۇنى سۈمۈرىدىغان ئادەم». باشقا نەرسىلەرنى سۈمۈرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ باپتىكى تۆپ ئىسىملار قاتتىق «ك - *k*» بىلەن، سۆپەتلەر يۇمشاق «ك - *g*» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مەجھۇل دەرىجىدە كەلگەن سۆپەتداشلىق مەلۇم شەخسكە سۆپەت بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بُو اَرْ اُلْ قَقِلْغانْ سُقُلْغانْ — *bu ər ol kakïlƣan sokulƣan* بۇ (باشقىلار تەرىپىدىن) قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرىدىغان ئادەم»، «بُو اَرْ اُلْ يِيرْدَنْ يِيرْكا سُرُلْكانْ — *bu ər ol yərdən yərgə sürülgən* — بۇ يەردىن يەرگە قوغلىنىپلا يۈرىدىغان ئادەم».

تۆتىنچى، بىرەر ھەرىكەتنىڭ ئىشلىگۈچىنىڭ خاھىشىدىن تاشقىرى يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «بُو كِشِي اُلْ سُوزُكْ اُنِتْغانْ — *bu kixi ol səzüg*

unitqan بۇ سوزنى ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشى»، «بۇ تۈگۈن
ئۆل سەشىلگان *bu tügün ol səxilgən* — بۇ يېشىلىپ كېتە-
دىغان تۈگۈن».

بەشىنچى، يۇقۇرىدىكى مەنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلدۈرمەستىن، پەقەت تۈپ ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ:
«كۆفۈركان *küvürkən* — تاغ پىيىزى»، «تەفشىغان *tavuxqan* — توشقان» دېگەندەك.

رۇمدىن تارتىپ تاكى چىنغىچە بولغان ئوغۇزلار ۋە كوچمەن خەلقلەر بۇ خىل سوزلەرنى يېزىكلىتىش ئۈچۈن، ئىشىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە «غ - ol» ۋە «ك - g» ھەرپلىرىنى چۈشۈرۈپ قالدۇرىدۇ.

جانلىق تىلدا سۈپەتلەردىكى مۇزەككەر، مۇئەننەس-لىك خۇسۇسىيەتلەر پەرقلەنمەيدۇ. بۇنى پەقەت جۈملىنىڭ ئۇرامىدىن بىلگىلى بولىدۇ. مەن بۇ يەردە كورسىتىپ ئوتكەن سۈپەتلەر، ئىزاھلاپ ئوتكەن ئۇلچەم ۋە قائىدىلەر مۇشۇ بابقىلا خاس ئەمەس، بۇنى كىتابنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچرىغان تۇت ھەرپلىك ۋە ئۇنىڭدىن كوپ ھەرپلىك پېئىللارغىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. خۇدا خالىسا، بۇلار يېقىن ئارىدا تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە سوزنى ئۇزارتىپ ئولتۇرمايمەن.

فَعْلَلْ fi'ləlil ، فَعْلَلْ fə'lələl ۋە فَعْلَلُلْ fə'ləlul شەكىللىرىدە ئىككىنچى ھەرپى ساكىنلىق سۆزلەر بابى

سُنْدِلاجْ sundïlaq سۈندۈك ~ سۈگگۈلۈگۈچ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سُنْدِلاجْ ايشِي اَرْماسْ اُرْتْكُونْ تَبْماكْ *sundïlaq īxī ərməs ərtkün təpmək* — خامان تەپمەك سۈندۈكنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ ماقال كۈچى يەتمەيدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغان ئاجىز ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قَرْغِلاجْ karoqïlaq قالغاچ. بۇ سۆز «قَرْلِغَجْ *karlïqaq*» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

قَرْغَلِغْ karoqalïq قارغالىغ. تىراز شەھىرىگە يېقىن بىر قەلئەنىڭ نامى. ئەسلى «قَرْغالِغْ *karoqalïq*» دۇر.

تَمْغَلِقْ tamoqalïk كىچىك ئىۋرىق.

تَمْغَلِقْ tamoqalïk بىر كىشىلىك داستىخان. ئەسلى «تَمْغالِغْ *tamoqalïq*» بولۇپ، «تامغىلىق، تامغىلانغان» دېمەكتۇر. ئادەتتە پادىشالار ئۆزىگە خاس داستىخان ۋە ئىۋرىق (كوزا) نى «باشقىلار ئىشلەتمىسۇن» دەپ ئۈستىگە تامغا

بىسىپ قويىدۇ، بۇلاردا بىر كىشىلىك شاراپ ۋە تاماق بولىدۇ. كېيىن ھەرقانداق كىچىك ئۆرىنىق ۋە داستىخان «تەمغالىق» tamoqalik دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇ «پادىشادىن باشقا كىشى بۇنىڭ ئۈستىدىكى يىمەكنى يە-ھەسلىگى ئۈچۈن تامغا بېسىپ قويۇشقا تەييارلانغان داستىخان» دېگەن بولىدۇ. تەلەپپۇز قىلىش ئورنى يېقىن بولغانلىقتىن، سۆز ئاخىرىدىكى «غ-q» ھەرپىنى «ق-k» بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئېيتىسىمۇ بولىدۇ.

سرمجق sarmaquk قوشقاچ تىلى ئاش. سۈيقاشىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇغىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

سرمسق sarmusak سامساق.

سمرسق samursak يۇقۇرىدىكى سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى.

قرغلق kuroquluk كالتە پەملىك، تۇتۇرۇمى يوقلۇق.

قزلامق kïzlamuk قىزىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتىغا تېپىپ چىقىدىغان قاپارتقۇ.

قشغلق kaxoqalak قاشقالىداق. ئۆدەكتىن كىچىكرەك سۇ قۇشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَنْكُدا بِلا كُرْسا مِنِي اُرْدَكْ اَتار،

قَلْقا كُرُبْ قَشْغَلَقِي سِقْقا بَتار،

təŋdə bilə kɵrsə məni ɵrdək atar
kalva kɵrüp kaxoƣalaki suvka patar

[مېنى كۆلدە ئۆدەك ئاتقۇچى دەپ (ھېساپلىسا)،
ئوقۇمىنىڭ باشاقسىزلىقىغا قارىماي قاشقالداق سۇغا شۇڭغۇيدۇ.]

ئوۋ قۇشى ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: كۆلدىكى قاشقالداق مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرسە، ئوقۇمىنىڭ باشاقسىزلىقىغا قارىماي، «ئۆدەك ئاتقۇچى كەپتۇ» دەپ سۇغا شۇڭغۇيدۇ.

بَلْكُلْكْ bəlgülüg بەلگىلىك. بَلْكُلْكْ نَانْكْ *bəlgülüg nəŋ* — بەلگىلىك نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بُلْدَاجِي بُزَاغُو اُكُزْ آرَا بَلْكُلْكْ *boldaqi buzaoƣu ɵküz ara bəlgülüg* — ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك. بۇ ماقال كەلگۈسىدە ياخشىلىق ئۈمىت قىلىنىدىغان ياش، قابىل، زېرەك يىگىتلەر ھەققىدە ئېيتىلىدۇ.

كُزْكُنَكْ küzkünək كۈزكۈنەك ~ كۆكىنەك. قارچۇغا، جاغالمايغا ئوخشايدىغان، ھاۋا يۇتىدىغان قۇش.

قَذْنَاغُنْ kaźnaƣun: قَذِنْ قَذْنَاغُنْ *każin każnaƣun* — قۇدا- باجىلار. كۈيئوغۇل ۋە ئېرىنىڭ تۇققانلىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپىنچە جۈپ سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ باپتىكى باشقا بىرتۇر

سَنْدُواجْ sanduwaq بۇلبۇل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سَنْدا قَچَر سُنْدِلاج
مَنْدا تِنَر قَرْغِلاج
تَتْلِغ اُوتَر سَنْدُواجْ
اَرْكَكْ تِشِي اجراشُورْ

səndən kaqar sundïlaq
məndə tïnar karoqïlaq
tatlïoq ɵtər sanduvaq
ərkək tixi uqraxur

[سەندىن قاچار سۇڭگۈلۈگۈچ،
مەندە تىنار قالىغاچ،
نەغمە قىلار بۇلبۇل (قۇش)،
ئەركەك-چىشى ئۈچرىشار.]

ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرە-سىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ياز قىشقا ئېيتىدۇ، سەندىن سۇڭگۈلۈگۈچ قاچىدۇ، مەندە بولسا، قالىغاچلار يايرايدۇ، بۇلبۇللار نەغمە قىلىدۇ، ئەركەك بىلەن چىشى قوشۇلىدۇ.

مُنْدرو mündərü چىمىلدىق. يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كوشۇگە. بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ.

بەش ھەرپلىك سوزلەر بابى توگىدى.

ئالته ھەرپلىكلەر باپلىرى

فَعَلْعَلَلْ fəəl’ələl شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تِزِلْدُرُكْ tizildürük ئۇتتۇكنىڭ تۇمشۇغىغا زىنىنەت ئۇچۇن تاقىلىدىغان تەگىلەر.

كُزُلْدُرُكْ kəzüldürük كوزلۇك. ئاتنىڭ قىلىدىن توقۇلغان شالاڭ توقۇلما. كوز ئاغرىغان ياكى كوز قاماشقاندا كوزگە تارتىلىدۇ. بۇ «كُزْلُكْ kəzlük»مۇ دىيىلىدۇ.

جَنِشْتُرُكْ qənixtürük جىنەستە. بۇنىڭ چوڭلۇغى پىندىقتەك بولۇپ، باش يازدا پىشىدۇ، مىۋىسى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ، يىيىلىدۇ.

كُمُلْدُرُكْ kəmüldürük كەمەلدۇرۇك.

سَقَلْدُرُقْ sakalduruk ساقالدۇرۇق، ئېگەكباغ. بۇ يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، قالپاقنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىگى ئۇچۇن، ئېگەكتىن قوشۇپ باغلاپ قويۇلىدۇ.

قَلَلْدُرُقْ kalalduruk قالالدۇرۇق. ئەرلەر ئىسمى.

يەتتە ھەرپلىكلەر بابى

زَرْغُنْجُمُودْ zaroqunqmud رەيھانى چىنى. خۇش پۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈك. بۇنى پارس تىلىدا «بَلَنْكْ مُشْكْ» دەيدۇ.

سالىم ئىسىملار بولۇمى تۈگىدى.

بىرىنچى توم ئاخىرلاشتى.

تۈركى تىللار دىۋانى

مەھمۇت قەشقەرى

*

«تۈركى تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش
گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا بىرىنچى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

فورمات: 1168 × 850 1/32، باسما تاۋاق: 23.5
1980 - يىلى 8 - ئاي بىرىنچى نەشرى
1981 - يىلى 9 - ئاي بىرىنچى بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M17098·11
باھاسى: 6.66 يۈەن

突厥语大词典（维吾尔文）

麻赫穆德、喀什噶里著

《突厥语大词典》译审小组译审

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本27,852印张　插页12

1980年8月第1版　1981年9月第1次印刷

印数：1——10,000

统一书号：M17098·11　定价：6.66元

[illegible]